رياض الصالحين

# ياخشىلار باغچىسى

## شەرھىسى

1


مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن

تەرجىمە قىلغۇچىلار:

ئىلھام

ھەسسان غازى



تۈركىستان باھارى نەشرىياتى



1

ياخشىلار باغچىسى

شەرھىسى

رياض الصالحين

# ياخشىلار باغچىسى

## شەرھىسى

1


مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن

تەرجىمە قىلغۇچىلار:

ئىلھام

ھەسسان غازى



تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................ 1
ئىمام ئەبۇ زەكەرىيا يەھيا ئىبنى شەرف نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ........................................ 3
پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ........................................ 6
ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھنىڭ كىرىش سۆزى ........................................ 10
**1 ـ باب: ئىخلاس توغرىسىدا ........................................ 14**
1 ـ ھەدىس ........................................ 18
2 ـ ھەدىس ........................................ 33
3 ـ ھەدىس ........................................ 37
4 ـ ھەدىس ........................................ 43
5 ـ ھەدىس ........................................ 47
6 ـ ھەدىس ........................................ 51
7 ـ ھەدىس ........................................ 74
8 ـ ھەدىس ........................................ 79
9 ـ ھەدىس ........................................ 85
10 ـ ھەدىس ........................................ 89
11 ـ ھەدىس ........................................ 92
12 ـ ھەدىس ........................................ 96
**2 ـ باب: تەۋبە توغرىسىدا ........................................ 106**
13 ـ ھەدىس ........................................ 121

14 ـ ھەدىس ........................ 121
15 ـ ھەدىس ........................ 126
16 ـ ھەدىس ........................ 130
17 ـ ھەدىس ........................ 131
18 ـ ھەدىس ........................ 131
19 ـ ھەدىس ........................ 134
20 ـ ھەدىس ........................ 146
21 ـ ھەدىس ........................ 152
22 ـ ھەدىس ........................ 214
23 ـ ھەدىس ........................ 219
24 ـ ھەدىس ........................ 219
**3 ـ باب: سەۋر قىلىش توغرىسىدا ............ 223**
25 ـ ھەدىس ........................ 244
26 ـ ھەدىس ........................ 254
27 ـ ھەدىس ........................ 257
28 ـ ھەدىس ........................ 261
29 ـ ھەدىس ........................ 268
30 ـ ھەدىس ........................ 275
31 ـ ھەدىس ........................ 295
32 ـ ھەدىس ........................ 299
33 ـ ھەدىس ........................ 301
34 ـ ھەدىس ........................ 302

35 ـ ھەدىس ........................................ 305
36 ـ ھەدىس ........................................ 312
37 ـ ھەدىس ........................................ 316
38 ـ ھەدىس ........................................ 316
39 ـ ھەدىس ........................................ 319
40 ـ ھەدىس ........................................ 320
41 ـ ھەدىس ........................................ 327
42 ـ ھەدىس ........................................ 331
43 ـ ھەدىس ........................................ 336
44 ـ ھەدىس ........................................ 339
45 ـ ھەدىس ........................................ 353
46 ـ ھەدىس ........................................ 353
47 ـ ھەدىس ........................................ 356
48 ـ ھەدىس ........................................ 356
49 ـ ھەدىس ........................................ 357
50 ـ ھەدىس ........................................ 359
51 ـ ھەدىس ........................................ 365
52 ـ ھەدىس ........................................ 365
53 ـ ھەدىس ........................................ 371
**4 ـ باب: راستچىللىق توغرىسىدا .............. 378**
54 ـ ھەدىس ........................................ 383
55 ـ ھەدىس ........................................ 391

56 ـ ھەدىس ........................................ 394
57 ـ ھەدىس ........................................ 404
58 ـ ھەدىس ........................................ 409
59 ـ ھەدىس ........................................ 418

# كىرىش سۆز

بارلىق ھەمدۇ-سانالار بىزلەرنى ئىمان نېئمىتى بىلەن نېئمەتلەندۈرگەن اللە قا خاستۇر. رەھمەت ۋە سالاملار پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تاكى قىيامەتكىچە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەن بارلىق مۇئمىن-مۇسۇلمانلارغا بولسۇن!

قولىڭىزدىكى ئۇشبۇ كىتاب دەۋرىمىزدىكى ئاتاقلىق ئۆلىمالاردىن بىرى بولغان مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ شەرھلىگەن «شرح رياض الصالحين» ناملىق كىتابتۇر. بۇ كىتابنىڭ ئەسلىسى نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ تۈزگەن «رياض الصالحين» «ياخشىلار باغچىسى» ناملىق كىتاب بولۇپ، بۇ كىتابنى «ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى»دىكى قېرىنداشلىرىمىز ئىلگىرى تەرجىمە قىلىپ تارقىتىپ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قامدىغان ۋە مەنۋىيىتىنى بېيىتقان ئىدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن مۇبارەك ھەدىسلىرى تېكىستى قىسقا ۋە گۈزەل، مەنىسى كەڭرى ۋە چوڭقۇر بولۇشتەك نۇرغۇن ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىز ھەر ساھەدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەدىسلەرنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنىپ دىنىي چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، كۈندىلىك ئەمەل-ئىبادەتلىرىنى اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىزلەردىن تەلەپ قىلغاندەك ئادا قىلىشىغا ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىدتە «شرح رياض الصالحين» «ياخشىلار باغچىسىنىڭ شەرھىسى» ناملىق بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

قولىڭىزدىكى ئۇشبۇ كىتاب «رياض الصالحين» «ياخشىلار باغچىسى»

نامىلىق كىتابنى چۈشىنىشتىكى ئاساسلىق كىتابلارنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ. ئەسلى كىتابنىڭ ئاپتورى نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ تۈرلۈك تېمىلار ھەققىدە قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەرنى دەلىل سۈپىتىدە كەلتۈرگەن بولۇپ، مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ كىتابتىكى ھەر بىر نۇقتىنى ئاسان ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ قۇرئان ۋە ھەدىستىن دەلىل كەلتۈرۈپ شەرھلىگەن. بۇ كىتاب پەزىلەتلىك ئەمەللەر، ئەدەپ ـ ئەخلاق، نىكاھ ـ تالاق ۋە تىجارەت ئەھكاملىرى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مۇھىم تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، بۇ كىتاب مۇسۇلمان كىشىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىغا ئالاقىدار بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ شەرھىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغاچقا، ئىسلامدىكى ئوخشاش بولمىغان تېمىلار ھەققىدە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم كىتابلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا تۆۋەندىكىلەرنى ئاساس قىلدۇق:

1. ھەدىس تېكىستلىرىنىڭ تەرجىمىسىدە «ياخشىلار باغچىسى»نىڭ ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزىدىكى قېرىنداشلىرىمىز تەرجىمە قىلغان تەرجىمىسىنى ئاساس قىلدۇق.

2. ئايەت تەرجىمىسىدە مۇھەممەد سالىھ داموللام رەھىمەھۇللاھ تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»نى ئاساس قىلدۇق.

3. بىر قىسىم كەم ئۇچرايدىغان دىنىي ئاتالغۇ ۋە يېڭى سۆزلۈكلەرنىڭ ئىزاھاتىنى بەت ئاستىغا ئىزاھات شەكلىدە ئالدۇق.

4. مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ بىر ئورۇندا ئىخچام بايان قىلىپ، يەنە بىر ئورۇندا تەپسىلىي بايان قىلغان مەسىلىلەردە، شۇ مەسىلىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ئۈچۈن تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئورۇنغا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك

بولسا، تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئورۇنغا ئىشارەت قىلىپ قويدۇق.

بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشتا كىتابنىڭ مىسىر پايتەختى قاھىرەدىكى «دار العلمية» نەشرىياتى تەرىپىدىن ھىجرىيە 1436 ـ (مىلادىيە 2016 ـ يىلى) نەشر قىلىنغان تۆت توملۇق ئەرەبچە نۇسخىسى ئاساس قىلىندى. الله نىڭ ياردىمى، ئۇنىڭدىن قالسا قېرىنداشلارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى جەمئىي 12 توم بولۇپ پۈتۈپ چىقتى. كىتابنى تولۇق تەرجىمە قىلىپ پۈتتۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن كىتابنىڭ تەكشۈرۈلۈش، تەھرىرلىنىش ۋە سېلىشتۇرۇلۇش خىزمىتى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرچە 1 ـ تومنى پۈتتۈرۈپ قېرىنداشلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق. قالغان قىسىملىرىنىمۇ الله نىڭ ياردىمى بىلەن ئۇزۇنغا قالماي پۈتتۈرۈپ قېرىنداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە تىرىشىمىز.

تەرجىمە جەريانىدا ئەسلى تېكىستنىڭ مەنە ۋە مەزمۇنىنى ئەينەن يورۇتۇپ بېرىشكە كۆپ تىرىشقان بولساقمۇ، ئىنسان خاتالىقتىن خالىي بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، تەرجىمە ۋە تەكشۈرۈش جەريانىدا بەزى خاتالىقلار كۆرۈلۈپ قالغان بولسا، ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۈزىتىپ بېرىشىنى ۋە سەممىي تەكلىپ بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز.

2024 ـ يىل ئۆكتەبىر

# مۇقەددىمە

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ-سانالار الله تائالاغا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت سورايمىز، نەپسىمىزنىڭ ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. الله ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە الله ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ وَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنْتُمْ مُسْلِمُونَ**﴾ «ئى مۆئمىنلەر! الله قا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار»[①].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَاأَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ مِنْ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالًا كَثِيرًا وَنِسَاءً وَاتَّقُوا اللَّهَ الَّذِي تَسَاءَلُونَ بِهِ وَالْأَرْحَامَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا**﴾ «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۇز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر-ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر-بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان الله تىن قورقۇڭلار، سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»[②].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا**۝ **يُصْلِحْ**

---

① سۈرە ئال ئىمران 102- ئايەت.

② سۈرە نىسا 1- ئايەت.

لَكُمْ أَعْمَالَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيمًا﴾ «ئى مۆئمىنلەر! اللە تىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار [70]. اللە سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ [71]»①.

مەقسەتكە كەلسەك، ئەڭ راستچىل سۆز اللە تائالانىڭ سۆزىدۇر، ئەڭ ياخشى يول مۇھەممەد ﷺ نىڭ يولىدۇر. ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى يېڭى پەيدا بولغان ئىشلاردۇر، ھەرقانداق يېڭى پەيدا بولغان ئىش بىدئەتتۇر، ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر، ھەرقانداق ئازغۇنلۇقنىڭ ئاقىۋىتى دوزاختۇر.

ئىمام مۇھىددىن نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھنىڭ «ياخشىلار باغچىسى» ناملىق بۇ كىتابى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ بۇ كىتابتا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسلىرىنى بابلارغا بۆلۈپ كەلتۈرگەن. ئاپتور بۇ كىتابتىكى ھەدىسلەرنى «سەھىھ بۇخارى»، «سەھىھ مۇسلىم» ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدىن تاللاپ ئالغان بولۇپ، ھەدىسنىڭ پايدىلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ھەدىسلەردىكى مۇرەككەپ سۆزلۈكلەرنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن. بۇ كىتاب ھەربىر مۇسۇلمان ئوقۇپ پايدىلىنالايدىغان، ھەربىر ئالىم-ئۆلىما بىھاجەت بولالمايدىغان مەنپەئەتلىك كىتابتۇر.

بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسلىرىنى شەرھلەپ چىققان زامانىمىزدىكى مەشھۇر ئالىم ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ بۇ كىتابنى تولۇق شەرھلەپ، ھەدىسلەردىن مۇھىم پايدىلارنى يەكۈنلىگەن.

① سۈرە ئەھزاب 70- ۋە 71- ئايەت.

## ئىمام ئەبۇ زەكەرىيا يەھيا ئىبنى شەرەف نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

مۇئەللىپىنىڭ تولۇق ئىسمى شەيخ ئىمام مۇھىددىن ئەبۇ زەكەرىيا يەھيا ئىبنى شەرەف ئىبنى مۇررى ئىبنى ھەسەن ئىبنى ھۈسەين ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى جۇمئە ئىبنى ھىزام. بۇ كىشى دەمەشقنىڭ «ھۆۋران» ناھىيىسى «نەۋا» دېگەن يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، شافىئىي مەزھىبىدىكى فەقىھ، مۇھەددىس، مەشھۇر ئالىملارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ ھىجرىيىنىڭ 631 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، 19 ياشقا كىرگەندە قۇرئاننى يادلاپ تاماملىغان. كېيىن دادىسى ئۇنى دەمەشقكە ئېلىپ بېرىپ، شۇ يەردىكى «راۋاھىيە مەدرىسى» گە ئوقۇشقا بەرگەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىككى يىل ئىچىدە يېتىپ ئۇخلاپ باقمىدىم، يەيدىغان تامىقىم پەقەت مەدرىس ئىچىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تاماق ئىدى. مەن ‹التنبيه› ناملىق كىتابنى تۆت يېرىم ئايدا يادلاپ بولۇپ، قالغان يەتتە يېرىم ئايدا ‹المهذب› ناملىق كىتابنى ئوقۇپ، تۆتتىن بىرىنى يادلاپ بولدۇم. ھىجرىيە 651 ـ يىلى دادام بىلەن ھەج قىلغانىدىم، بۇ ۋاقىتتا ئەرەفاتتا توختاش جۇمە كۈنىگە ئۇدۇللاشقان ئىدى».

ئۇ ھەر كۈنى تۇرلۇك شەيخلەردىن «الوسيط» ناملىق كىتابتىن ئىككى دەرس، «المهذب» ناملىق كىتابتىن بىر دەرس، «الجمع بين الصحيحين» ناملىق كىتابتىن بىر دەرس، «صحيح مسلم» دىن بىر دەرس، ئىبنى جىننىيىنىڭ «اللمع» ناملىق كىتابىدىن بىر دەرس، ئىبنى سىككىتنىڭ «إصلاح المنطق» ناملىق كىتابىدىن بىر دەرس، «التصريف» ناملىق كىتابتىن بىر دەرس، «أصول الفقه» ناملىق كىتابتىن بىر دەرس، بەزىدە ئەبۇ ئىسھاقنىڭ «اللمع» ناملىق كىتابىدىن بىر دەرس ۋە بەزىدە فەخرۇددىننىڭ «المنتخب» ناملىق كىتابىدىن بىر دەرس،

«أسماء الرجال» ناملىق كىتابتىن بىر دەرس، «أصول الدين» ناملىق كىتابتىن بىر دەرس ئالىدىغان بولۇپ، بىر كۈندە جەمئىي 12 خىل دەرس ئالاتتى.

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن مەيلى قىيىن سۆزلۈكلەرنى شەرھلەش بولسۇن ياكى ئىبارىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى مۇقىملاش بولسۇن، ئىزاھلاشقا تېگىشلىك ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئىزاھلاپ قوياتتىم. الله تائالا ۋاقتىمغا بەرىكەت بەرگەن ئىدى. كېيىن قەلبىمگە دوختۇرلۇق ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىش ھەۋىسى كىرىپ قالدى-دە، دوختۇرلۇق توغرىسىدىكى ‹القانون› ناملىق بىر كىتابنى سېتىۋېلىپ، شۇنىڭغا كىرىشىپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن قەلبىم قېتىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم، چۈنكى مۇشۇ كىتاب بىلەن بولۇپ كېتىپ باشقا ئىشلارغا ۋاقىت ئاجرىتالمىغان ئىدىم. كېيىن بۇ ھەقتە ئەستايىدىل ئويلاندىم-دە، بۇنىڭ سەۋەبىنى تاپقاندەك بولۇپ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا بۇ كىتابنى سېتىۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن قەلبىم قايتىدىن نۇرلانغاندەك بولدى».

نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ ئۆز ھاياتىدا «الروضة»، «المنهاج» ناملىق كىتابلارنى يازغان، «شرح المهذب» ناملىق كىتابنى جازانە بابلىرىغىچە يازغان بولۇپ ئۇنىڭغا «المجموع» دەپ نام قويغان. «المنهاج في شرح صحيح مسلم بن الحجاج»، «الأذكار»، «رياض الصالحين» قاتارلىق كىتابلارنى، ھەج پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى «الإيضاح» ۋە «الإيجاز» ناملىق ئىككى كىتابنى، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە ھەج پائالىيەتلىرى توغرىسىدا تۆت پارچە رىسالە يازغان. رەھىمەھۇللاھ يەنە ھەدىس توغرىسىدا «الخلاصة» ناملىق كىتابنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «شرح المهذب» ناملىق كىتابىدا سۆزلەنگەن ھەدىسلەرنى خۇلاسىلىگەن. رەھىمەھۇللاھ يەنە ھەدىس ئىلمى توغرىسىدا «الإرشاد» ناملىق كىتابنى يازغان بولۇپ كېيىن ئۇنى قىسقارتىپ «التقريب والتيسير» ناملىق كىتابنى يازغان. رەھىمەھۇللاھ

يەنە «التبيان في آداب حملة القرآن»، «المبهمات»، «تحرير ألفاظ التنبيه» ۋە «العمدة في تصحيح التنبيه» ناملىق كىتابلارنى يېزىپ چىققان بولۇپ، ئاخىرقى ئىككى كىتاب ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم يازغان كىتابلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرى بار.

ئۇ ھىجرىيە 676- يىلى رەجەب ئېيىنىڭ 14- كۈنى چارشەنبە كېچىسى ۋاپات بولغان ۋە ئۆز يۇرتىدا دەپنە قىلىنغان. اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!

## پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

شەيخ تەمىيم قەبىلىسىدىن بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىن ۋۇھەيبىدۇر. ئۇ ھىجرىيە 1347 ـ يىلى مۇبارەك رامىزان ئېيىنىڭ 27 ـ كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئەنىيزە شەھىرىدە تۇغۇلغان. قۇرئاننى ئانا تەرەپ بوۋىسى ئابدۇراھمان ئىبنى سۇلايمان ئال دامىغ رەھىمەھۇللاھتىن ئۆگىنىپ يادقا ئالغان ۋە يەنە بىر تەرەپتىن ماتېماتىكا ۋە ئەدەبىياتقا ئوخشاش بىر قىسىم پەنلەرنى ئۆگىنىپ ماڭغان. شەيخ ئابدۇراھمان سەئدى رەھىمەھۇللاھ يېڭىدىن ئوقۇش باشلىغان ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بېرىش ئۈچۈن ئىككى ئوقۇغۇچىسىنى ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى قىلىپ تاللىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى شەيخ ئەلى سالىھى، يەنە بىرى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇتەۋۋى ئىدى. ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھتا شەيخ ئابدۇراھمان سەئدىنىڭ «مختصرة العقيدة الواسطية» ناملىق كىتابىنى ۋە شەيخ ئابدۇراھماننىڭ فىقھى ھەققىدىكى «منهاج السالكين» ناملىق كىتابىنى، «الآجرومية» ۋە «الألفية» ناملىق كىتابنى ئوقۇغان. فىقھى ۋە مىراس ئىلىملىرىنى بولسا شەيخ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەۋداندا ئوقۇغان. ئۇ يەنە ئابدۇراھمان ئىبنى ناسىر سەئدى رەھىمەھۇللاھتا ئوقۇغان بولۇپ، بۇ كىشى ئۇنىڭ تۇنجى ئۇستازى دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى شەيخ ئۇنىڭدا تەۋھىد، تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، ئۇسۇل فىقھى، مىراس، ھەدىس ئاتالغۇلىرى، گراماتىكا ۋە مورفولوگىيە ئىلىملىرىدىن تەلىم ئالغان.

شەيخ ئابدۇراھمان سەئدى رەھىمەھۇللاھ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. شەيخ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ تازا بېرىلىپ ئىلىم ئېلىۋاتقان ۋاقىتلارنىڭ بىرىدە دادىسى رىيادقا كۆچۈپ كەتمەكچى بولۇپ، ئۇنى

ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا شەيخ ئابدۇراھمان سەئدى رەھىمەھۇللاھ ئۇنىڭ دادىسىغا: «ھازىر بۇنداق قىلىش تازا لايىق ئەمەس. بىز ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ پايدىلىق ئىلىملەرنى ئىگىلىشىنى خالايمىز» دەپ خەت يازغان.

پەزىلەتلىك شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مەن شەيخ ئابدۇراھمان سەئدى رەھىمەھۇللاھنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈش ئۇسلۇبىدىكى ئىلىمنى مىسال ۋە دەلىللەر ئارقىلىق چۈشىنىشلىك بايان قىلىپ بېرىدىغان ئوقۇتۇش ئۇسلۇبىنى ۋە ئۇستازىنىڭ گۈزەل خۇلقىنى ياقتۇرۇپ قالغاندىم. شەيخ ئابدۇراھمان رەھىمەھۇللاھ كەمتەر، كىچىك پېئىل، ئىلىملىك ۋە تەقۋادار كىشى ئىدى».

ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھتىنمۇ ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ ئىبنى ئۇسەيمىننىڭ ئىككىنچى ئۇستازى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھتا «سەھىھ بۇخارى»نى ۋە شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھنىڭ بەزى رىسالىلىرىنى ۋە بەزى فىقھى كىتابلارنى ئوقۇغان.

ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھنىڭ ھەدىسكە بولغان قىزغىنلىقى، گۈزەل خۇلقى ۋە كەمتەر مۇئامىلىسى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى».

ئۇ ھىجرىيە 1371ـ يىلى رىيادتا ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد نامىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت ئېچىلغاندا، ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا كىردى. شەيخ مۇنداق دېگەن: «مەن ئىككىنچى يىلى شەيخ ئەلى سالىھىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شەيخ ئابدۇراھمان سەئدى رەھىمەھۇللاھتىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن ئىلمىي ئىنستىتۇتقا ئوقۇشقا كىردىم. ئۇ ۋاقىتلاردا ئىلمىي ئىنستىتۇت مەخسۇس كۇرۇس ۋە تولۇق كۇرۇس دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، مەن مەخسۇس

كۆرۈستا ئوقۇغان ئىدىم. ئۇ ۋاقىتتا سىنىپ ئاتلاپ ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلار تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، كېلەركى يىلنىڭ ماتېرىياللىرىنى دەرس قىلىپ ئوقۇيتتى ۋە ئىككىنچى يىلنىڭ بېشىدا ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئېلىناتتى. ئەگەر ئىمتىھاندىن ئۆتەلىسە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىلغا ئۆرلەيتتى. مەن مۇشۇ تەرىقىدە ئوقۇشۇمنى تاماملىغانىدىم».

ئۇ كېيىن شەرىئەت فاكۇلتېتىدا ۋە شەيخ ئابدۇراھمان سەئدى رەھىمەھۇللاھنىڭ قولىدا دەرس ئوقۇشنى تەڭلا ئېلىپ باردى، شۇنداقلا ئىككى يىللىق ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئەنىزە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى.

ئۇستازى ئابدۇراھمان سەئدى رەھىمەھۇللاھ ۋاپات بولغاندا شەيخ ئىنستىتۇتتا دەرس ئۆتۈش بىلەن بىرگە ئەنىيزە خەلقئارالىق مەكتەپلىرىدە مۇدەررىسلىككە ۋە ئەنىيزەدىكى چوڭ مەسجىدنىڭ ئىماملىقىغا تەيىنلەندى. كېيىن شەيخ ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇدنىڭ قەسىيمدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارمىقى بولغان شەرىئەت ۋە ئۇسۇلۇددىن فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا يۆتكەلدى، شەيخ ئۇ يەردە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا قېتىلىپ ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قالدى.

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم رەھىمەھۇللاھ شەيخنى شەرئىي مەھكىمىگە رەئىس ۋە مەھكىمىنىڭ قازىسى قىلىپ تەيىنلىگەن بولسىمۇ، شەيخ قايتا-قايتا ئىستىپا بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىننىڭ قازىلىق ئىستىپانامىسىنى قوبۇل قىلغان ئىدى.

شەيخ ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان كىتاب ۋە رىسالىلەرنى يازغان بولۇپ: «تفسير القرآن العظيم»، «شرح صحيح البخاري»، «شرح صحيح مسلم»، «شرح بلوغ المرام»، «الشرح الممتع على زاد المستقنع»، «فتاوى الحرم المكي»، «فتاوى الحرم المدني»، «لقاءات الباب المفتوح»،

«شرح العقيدة الواسطية»، «شرح رياض الصالحين»، «القول المفيد شرح كتاب التوحيد»، «التعليقات على كشف الشبهات»، «شرح ثلاثة الأصول»، «شرح نزهة النظر»، «شرح منظومة أصول الفقه»، «شرح المنظومة البيقونية»، «عقيدة أهل السنة والجماعة»، «شرح أصول الإيمان» قاتارلىقلار ئۇنىڭ مەشھۇر كىتابلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ ھىجرىيە 1421 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 15 ـ كۈنى چارشەنبە چوڭ ئۈچەي راكى بىلەن ۋاپات بولغان. شەيخ ئۇزۇن مەزگىل شۇ كېسەلنىڭ ئازابىنى تارتقان بولسىمۇ، كېسەلنىڭ چوڭ ئۈچەي راكى ئىكەنلىكى شۇ يىلى رىيادتىكى دۆلەت مۇداپىئەسىگە تەۋە پادىشاھ فەھد دوختۇرخانىسىدا كېسەللىنى تەكشۈرتكەندىن كېيىن ئاشكارا بولغان. دوختۇرلار خىمىيىلىك داۋالاش ئېلىپ بېرىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەندە، سەۋر قىلىش ئارقىلىق الله تىن ساۋاب ئۈمىد قىلماقچى بولۇپ ئۇلارنىڭ پىكرىنى رەت قىلغان. ئەمما مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن داۋالىنىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا بارغان. لېكىن شەيخ دەرس ئۆگىتىش، ئەنىيزە شەھىرىدە ۋە مەككە مۇكەررەمدىكى ھەرەم مەسجىدىدە پەتىۋا بېرىشتىن ئىبارەت ئىلمىي خىزمىتى ۋە ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن تېزلا قايتىپ كەلگەن ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات تاپقان. الله تائالا بۇ ئىمامنى ئۆز رەھمىتىگە ئالسۇن!

## ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھنىڭ كىرىش سۆزى

بارلىق ھەمدۇ-سانالار يەككە-يېگانە، ناھايىتى قۇدرەتلىك، مەرھەمەتلىك، مەغپىرەتى چەكسىز، بۈيۈك ۋە تەڭداشسىز، كىچىنى كۈندۈزگە كىرىشتۈرگەن، پەيغەمبەر ﷺ نى ئالەمگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن، بەندىلەرنى ئۆزىگىلا ئىتائەت قىلىشقا چاقىرغان، غەزىپىگە ۋە ھالاكەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرغان، ئىبادەتلەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلغان الله تائالاغا بولسۇن!

مەن ئۇنى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ گۈزەل سۆزلەر بىلەن مەدھىيەلەيمەن. شۇنداقلا تولىمۇ كەرەملىك، شەپقەتلىك ۋە ناھايىتى مېھرىبان الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ﷺ نىڭ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئۇنىڭ دوستى، توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ۋە توغرا دىنغا دەۋەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. الله نىڭ رەھمىتى ۋە خاتىرجەملىكى ئۇ زاتقا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگە، ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە سالىھ كىشىلەرگە بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ۞ مَا أُرِيدُ مِنْهُمْ مِنْ رِزْقٍ وَمَا أُرِيدُ أَنْ يُطْعِمُونِ۞﴾ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم [56]. ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن [57]»[①]. بۇ ئايەتتىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىنساننىڭ دۇنياغا يارىتىلىشىدىكى بىردىنبىر مەقسەت پەقەت الله قا ئىبادەت قىلىش بولۇپ، ئىنسان دۇنيا ھاياتىنى دەپ ئۆزىنىڭ يارىتىلىشتىكى غايىسىنى ئەستىن چىقارماسلىقى، دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرىنى دەپ ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك نېئمەتلەردىن ئايرىلىپ

---

① سۇرە زارىيات 56- ۋە 57- ئايەت.

قالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، دۇنيا ھاياتى ئۆتكۈنچى ۋە بىردەملىك ھاياتتۇر. ئادەملەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر بولسا بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەن تەقۋادار مۇئمىنلەردۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا مَثَلُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا كَمَاءٍ أَنْزَلْنَاهُ مِنَ السَّمَاءِ فَاخْتَلَطَ بِهِ نَبَاتُ الْأَرْضِ مِمَّا يَأْكُلُ النَّاسُ وَالْأَنْعَامُ حَتَّى إِذَا أَخَذَتِ الْأَرْضُ زُخْرُفَهَا وَازَّيَّنَتْ وَظَنَّ أَهْلُهَا أَنَّهُمْ قَادِرُونَ عَلَيْهَا أَتَاهَا أَمْرُنَا لَيْلًا أَوْ نَهَارًا فَجَعَلْنَاهَا حَصِيدًا كَأَنْ لَمْ تَغْنَ بِالْأَمْسِ كَذَلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾ «ھاياتىي دۇنيانىڭ مىسالى (تېز ئۆزگىرىشىدە، نېئمەتلىرىنىڭ باقاسىزلىقىدا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇر بولۇشىدا) بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن (يامغۇر) سۈيىگە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن زېمىنىنىڭ ئىنسانلار، ھايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى (ئۇنۇپ چىقىپ) بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا جەزم قىلىپ تۇرغان چاغدا، ناگاھان كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا قازايىمىز يەتتى ـ دە، (زىرائەتلەرنى) تونۇگۈن (يەنى ئىلگىرى) يوقتەك، (پۈتۈنلەي) ئورۇپ تاشلانغاندەك قىلىۋەتتۇق (يەنى نابۇت قىلىپ، يوق قىلدۇق)، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز»[1]. قۇرئان كەرىمدە بۇ مەنىلەرنى كۈچلەندۈرىدىغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

تۆۋەندىكى شېئىر نېمىدېگەن توغرا ئېيتىلغان ـ ھە!

الله قا تەقۋادار سالىھ بەندىلەر،

پىتنىلىك ھاياتتىن ياشىدى ئۇزاق.

دۇنيانى ئاخىرەت ھويلىسى ئۈچۈن،

تېگىشىپ ئۆزىدىن قىلىشتى يىراق.

[1] سۈرە يۇنۇس 24 ـ ئايەت.

دېمەك، يارىتىلىشىنىڭ مەقسىتى ۋە دۇنيانىڭ ماھىيىتى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك بولغانلىقى ئۈچۈن ھەربىر مۇئمىن كىشى سالىھلار ماڭغان يولدا مېڭىشى، ياخشى ئەمەللەرگە ھېرىسمەن، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك. ياخشىلار باغچىسىغا قېتىلىپ ياخشىلىقلاردىن نېسىۋە ئالماقچى بولغانلار ئۈچۈن يولباشچىمىز ۋە سەييىدىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە ئىش ـ ئىزلىرى ئەڭ ياخشى ئۆرنەكتۇر. الله نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى ئۇ زاتقا ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە بولسۇن!

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى﴾ «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار»[1]. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «واللَّه في عون العبد ما كان العبد في عون أخيه» «بىر بەندە قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا، الله ئۇ بەندىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ».[2] رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «من دل على خير فله مثل أجر فاعله» «ياخشىلىققا باشلاپ قويغان كىشىگە ياخشىلىقنى قىلغۇچىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ».[3] رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «من دعا إلى هدى كان له من الأجر مثل أجور من تبعه لا ينقص ذلك من أجورهم شيئا» «كىمكى كىشىلەرنى توغرا يولغا چاقىرسا، ئۇ كىشىگە (شۇ توغرا يولغا) ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ. ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجرى ھېچ كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ».[4] رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «فواللَّه ، لأن يهدي اللَّه بك رجلا واحدا خير لك من حمر النعم» «الله بىلەن قەسەمكى، الله نىڭ بىر ئادەمنى سەن سەۋەبلىك ھىدايەت قىلىشى سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىدۇر».[5]

---

[1] سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

[4] مۇسلىم توپلىغان.

[5] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مەن زاھىدلىقتا، روھىي پاكلىقتا، گۈزەل خۇلقتا، سۆز ۋە ئەمەلدىكى دۇرۇسلۇقتا، توغرا يول تېپىشتا سەۋەب بولىدىغان سەھىھ ھەدىسلەرنى توپلاپ بىر كىتاب يېزىش ئۈچۈن اللہ قا تەۋەككۇل قىلدىم. بۇ كىتابقا سەھىھ ھەدىسلەرنى كەلتۈردۈم ۋە ھەربىر بابقا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن دەلىل كەلتۈردۈم. ئېنىقلاشقا ياكى ئاگاھلاندۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان مەنىسى مۈجمەل سۆزلەرنى ئىزاھلىدىم.

مەن بۇ كىتابىمنىڭ، ئوقۇغان ھەربىر كىشىنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىغا ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن چەكلىنىشىگە ۋاستە بولۇشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. بۇ كىتابتىن بىرەر مەنپەئەتكە ئېرىشكەن قېرىنداشىمدىن ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا، ئۇستازلىرىمغا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا دۇئا قىلىپ قويۇشىنى سورايمەن. مەن كەرەملىك اللہ تائالاغىلا تايىنىمەن. ئىشلىرىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۆلىنىمەن. اللہ ماڭا كۇپايە، اللہ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!

# 1 ـ باب: ئىخلاس توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ﴾ «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى الله قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله قىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر»[1]، الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَنْ يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِنْ يَنَالُهُ التَّقْوَى مِنْكُمْ﴾ «الله قا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، الله قا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر»[2]، الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنْ تُخْفُوا مَا فِي صُدُورِكُمْ أَوْ تُبْدُوهُ يَعْلَمْهُ اللَّهُ﴾ «ئېيتقىنكى، <دىلىڭلاردىكىنى مەيلى يوشۇرۇڭلار، مەيلى ئاشكارىلاڭلار، الله ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ>»[3].

## شەرھىسى

بۇ بابتا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە نىيەتنىڭ ساپ ۋە خالىس بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنىدۇ. ھەقىقەتەن، نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتە بولۇپ، ئۇنى تىلدا بايان قىلىپ يۈرۈشنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ناماز، روزا، ھەج، تاھارەت ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان ھەرقانداق بىر ئەمەلنى قىلماقچى بولغاندا نىيەتنى تىلدا تەلەپپۇز قىلغان كىشى الله نىڭ دىنىدا بولمىغان بىدئەت ئىشنى قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەللەرنى قىلغان ۋاقىتتا «ئى الله ! مەن تاھارەت ئېلىشنى نىيەت قىلدىم، ئى الله ! مەن ناماز ئوقۇشنى

---

[1] سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھەج 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئال ئىمران 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نىيەت قىلدىم، ئى الله ! مەن سەدىقە بېرىشنى نىيەت قىلدىم، ئى الله ! مەن روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلدىم، ئى الله ! مەن ھەج قىلىشنى نىيەت قىلدىم» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغانلىقى نەقىل قىلىنمىغان. الله تائالا قەلبتىكى نەرسىلەرنى بىلگۈچى زات بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچبىرنەرسە مەخپىي ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نىيەت قەلبتە ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە ئۇنى بايان قىلىشقا ھېچبىر ھاجەت قالمايدۇ.

مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ: الله تائالانىڭ ﴿قُلْ إِنْ تُخْفُوا مَا فِي صُدُورِكُمْ أَوْ تُبْدُوهُ يَعْلَمْهُ اللَّهُ﴾ «ئېيتقىنكى، <دىلىڭلاردىكىنى مەيلى يوشۇرۇڭلار، مەيلى ئاشكارىلاڭلار، الله ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ>»[1] دېگەن ئايىتىدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: «ئىنسان بارلىق ئىبادەتلىرىدە نىيەتنى الله ئۈچۈن خالىس قىلىشى، ئىبادىتىدە الله رازىلىقى ۋە ئاخىرەت دىيارىدىن باشقا نەرسىنى نىيەت قىلماسلىقى ۋاجىب. الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى بۇنى تېخىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ﴾ <ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى الله قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله قىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى>[2]».

بارلىق ئىبادەتلەردە خالىس نىيەتنى ھازىرلاش كېرەك. مەسىلەن، تاھارەت ئالماقچى بولسا، الله ئۈچۈن ۋە الله نىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تاھارەت ئالىدىغانلىقىنى نىيەت قىلىدۇ. دېمەك، بۇ نىيەتنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى، ئىبادەتنى نىيەت قىلىش؛ ئىككىنچى، تاھارەتنىڭ الله ئۈچۈن بولۇشىنى نىيەت قىلىش؛ ئۈچىنچى، الله نىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 29- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەييىنە 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تاھارەت ئالىدىغانلىقىنى نىيەت قىلىش.

مانا بۇ ئەڭ مۇكەممەل نىيەت بولۇپ، نامازنىڭ نىيەتلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. يەنى، سىز تۈنجى بولۇپ ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ قايسى ناماز ئىكەنلىكىنى كۆڭلىڭىزگە پۈكىسىز، ئىككىنچى قېتىمدا نامازنى پەقەت الله ئۈچۈنلا ئوقۇيدىغانلىقىڭىزنى نىيەت قىلىسىز. الله ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ناماز رىيا ۋە بىرەر مال ـ دۇنيا توپلاشقا ئوخشاش دۇنيا مەقسەتلىرى ئارىلىشىپ قالمىغان نامازنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا الله تائالانىڭ: ﴿أَقِمِ الصَّلَاةَ﴾ «ناماز ئوقۇغىن»[1]، ﴿فَإِذَا اطْمَأْنَنْتُمْ فَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ﴾ «خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى (پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن) مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار»[2]، ﴿وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ﴾ «نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار»[3] دېگەن بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇيدىغانلىقىڭىزنى نىيەت قىلىسىز.

مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ نىيەتنىڭ ئورنى قەلب ئىكەنلىكىگە ۋە الله تائالانىڭ بەندىنىڭ نىيىتىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا قۇرئان كەرىمدىكى بىرقانچە ئايەتلەرنى دەلىل كەلتۈرىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بەندىنىڭ قىلغان ئەمىلى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سالىھ ئەمەلدەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن قەلبىدىكى نىيەت خالىس بولمىغانلىقى تۈپەيلى، ئەمەللىرى باتىل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى، الله تائالا قەلبتىكى نەرسىلەرنى ياخشى بىلىدۇ. ئىنسان قىيامەت كۈنى قەلبىدە پۈككەن نىيىتىگە قاراپ مۇكاپاتلىنىدۇ ياكى جازالىنىدۇ. الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى بۇنىڭغا دەلىلدۇر: ﴿إِنَّهُ عَلَى رَجْعِهِ لَقَادِرٌ ۞ يَوْمَ تُبْلَى السَّرَائِرُ ۞ فَمَا لَهُ مِنْ قُوَّةٍ وَلَا نَاصِرٍ ۞﴾ «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە (يەنى تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر [8]. سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان

---

[1] سۈرە ئىسرا 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۈندە (يەنى قىيامەتتە) [9]، ئۇنىڭدىن (يەنى ئىنساندىن) (ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ھېچ كۈچ ۋە ياردەمچى يوقتۇر [10]»①، الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَلَا يَعْلَمُ إِذَا بُعْثِرَ مَا فِي الْقُبُورِ ۝ وَحُصِّلَ مَا فِي الصُّدُورِ ۝ إِنَّ رَبَّهُمْ بِهِمْ يَوْمَئِذٍ لَخَبِيرٌ ۝﴾ «قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر (سىرتقا) چىقىرىلغان، دىللاردىكى سىرلار ئاشكارا قىلىنغان چاغدا ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەقىقەتەن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى (بۇ نادان ئىنسان) بىلمەمدۇ»②. يۇقىرىقى ئايەتلەردە بايان قىلىنغاندەك، ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە جازالار قەلبتىكى نىيەتكە ئاساسەن بولىدۇ.

ئەمما، دۇنيادا كىشىلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. مانا بۇ بىز كۆپ ئۇچرىتىدىغان سىرتقى كۆرۈنۈش، خالاس. ئەگەر بەندىنىڭ ئاشكارا ئەمەللىرى قەلبتىكى نىيەت بىلەن بىردەك بولسا، قەلب ئىسلاھ بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئاشكارا ئەمەللىرى بىلەن قەلبتىكى نىيەت بىردەك بولمىسا، بۇنداق قەلب ئىسلاھ قىلىشقا موھتاج بولغان كېسەل قەلبتۇر. بۇ نېمىدېگەن خەتەرلىك-ھە؟!

بۇنداق كىشى ئەمەل قىلىپ چارچايدۇ-يۇ، ئەمما بۇ ئەمەلدىن ھېچبىر نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قال الله تعالى: أنا أغنى الشركاء عن الشرك، من عمل عملاً أشرك فيه معي غيري تركته وشركه» «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: <مېنىڭ شېرىككە ھېچ ئېھتىياجىم يوق. كىمكى ماڭا باشقا بىرىنى شېرىك قىلىپ تۇرۇپ بىر ئەمەلنى قىلسا، ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ شېرىكى بىلەن قالدۇرىمەن (يەنى ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئەجىر بەرمەيمەن)>»③.

ئى قېرىنداشلار! الله تائالادىن ھەربىر ئەمەلدە ئىخلاسنى رىزىق قىلىپ

① سۈرە تارىق 8-، 9- ۋە 10- ئايەت.
② سۈرە ئادىيات 9- ۋە 10- ئايەت.
③ مۇسلىم توپلىغان.

بېرىشىنى سورائىلار. ئەمما، سىز بىرەر ياخشى ئەمەلنى قىلماقچى بولغاندا، شەيتان سىزگە ۋەسۋەسە قىلىپ: «سەن بۇ ئەمەلنى رىيا قىلىپ قىلىۋاتىسەن» دەپ ئىرادىڭىزنى سۇسلاشتۇرۇپ، سىزنى ئۇ ئەمەلدىن توسۇپ قويۇشقا ئۇرۇنسا، قىلىۋاتقان ياخشى ئەمىلىڭىزدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەڭ ۋە شەيتانغا بويسۇنماڭ! ھەتتا شەيتان سىزگە: «سەن رىيا قىلىپ ياكى شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن بۇ ئەمەلنى قىلىۋاتىسەن» دەپ ۋەسۋەسە قىلسىمۇ، قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇڭ. چۈنكى، بىر كىشى سىزدىن «سىز ھازىر بۇ ئەمەلنى رىيا قىلىش ياكى شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن قىلدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىسا، سىز ئەلۋەتتە «ياق» دەپ جاۋاب بېرىسىز.

بۇنداق بىھۇدە خىياللار شەيتان قەلبكە تاشلىغان ۋەسۋەسىدۇر. سىز بۇنىڭغا قارىماي، ياخشى ئەمەلنى قىلىۋېرىڭ، ھەرگىزمۇ رىيا قىلىۋاتقان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ قىلىۋاتقان ياخشى ئەمىلىڭىزنى توختىتىپ قويماڭ!

## 1 ـ ھەدىس

وعن أميرِ المؤمِنين أبي حَفْصٍ عمرَ بنِ الخطابِ بنِ نُفَيْلِ بنِ عبدِ العُزّى بن رياحِ بنِ عبدِ اللَّه بن قُرْطِ بن رَزاحِ بنِ عدِي بنِ كعب بنِ لُؤَيِّ بنِ غالبٍ القُرشِيِّ العَدويِّ - رضي اللَّه عنه - قالَ: سَمِعتُ رَسُولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - يقُولُ: «إنَّمَا الأَعْمَالُ بالنِّيّاتِ، وَإِنَّمَا لِكُلِّ امرِىءٍ مَا نَوَى، فَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ إِلَى اللَّه وَرَسُولِهِ، فَهِجْرَتُهُ إِلَى اللَّه وَرَسُولِهِ، ومن كانت هِجْرَتُهُ لِدُنْيَا يُصيبُهَا، أَوْ امْرَأَةٍ يَنْكَحُهَا، فَهِجْرَتُهُ إِلى مَا هَاجَرَ إِلَيْه». مُتَّفَقٌ عَلَى صِحَّتِهِ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق بولۇپ، كىشى پەقەت نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ. كىمكى الله نىڭ رازىلىقى ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ياردەم بېرىشنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ھىجرىتى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى تەرەپكە بولغان بولىدۇ. كىمكى پۇل ـ مالغا

ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ». [1]

## شەرھىسى

بۇ باب ھەرقانداق ھالەتتە، ھەربىر سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتە نىيەتنىڭ الله ئۈچۈن خالىس بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى باب بولغاچقا، مۇئەللىپ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى دەلىل كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى بايان قىلىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «إنما الأعمال بالنيات، وإنما لكل امرىء ما نوى» «بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق بولۇپ، كىشى پەقەت نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ». ئالىملار (ھەدىستىكى) بۇ ئىككى جۈملە ھەققىدە ھەرخىل قاراشتا بولغان. بىر قىسىم ئالىملار «بۇ ئىككى جۈملە بىر مەننى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئىككىنچى جۈملە بىرىنچى جۈملىنى كۈچلەندۈرىدۇ» دەپ قارىغان. بىراق بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، جۈملىلەردىكى ئەسلى قائىدە كۈچلەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل مەننى ئىپادىلەشتۇر. بۇ ئىككى جۈملە ھەققىدە ئويلىنىدىغان بولساق، بۇ ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولىدۇ. بۇ يەردە بىرىنچى جۈملە سەۋەب، ئىككىنچى جۈملە نەتىجىدۇر.

بىرىنچى جۈملە سەۋەب بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدا ھەربىر ئەمەلدە نىيەتنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن. دېمەك، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولغان بىر كىشىنىڭ ھەربىر ئەمەلنى توغرا نىيەت بىلەن قىلىشى ناھايىتى زۆرۈردۇر. ئاقىل كىشىنىڭ نىيەت قىلماستىن بىر ئىشنى قىلىشى

[1] بۇخارى توپلىغان.

مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا بىر قىسىم ئالىملار: «ناۋادا الله تائالا بىزدىن نىيەتسىز ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، تاقەت كەلتۈرەلمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلغان بولاتتى» دېگەن.

مانا بۇ توغرا سۆزدۇر. سىز ئەقلىڭىز جايىدا، مەجبۇرلانماستىن، ئىختىيارلىق ئۆزىڭىزدە تۇرۇپ، نىيەت قىلماستىن قانداقمۇ بىر ئەمەلنى قىلىسىز؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ھەرقانداق ئەمەل نىيەت ـ مەقسەت ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، بىرىنچى جۈملىنىڭ مەنىسى ـــ ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەت نىيەت ۋە مۇددىئا ئارقىلىق قىلىنىدۇ دېگەنلىكتۇر. بىراق ئادەملەردىكى نىيەت ـ مۇددىئالار ماھىيەتلىك پەرقلەرگە ئىگە بولۇپ، ھەتتاكى بەزىلەرنىڭ نىيەتلىرىدىكى پەرقلەر ئاسمان ـ زېمىنچىلىك كېلىشى مۇمكىن.

ئوخشاش بىر ئەمەلنى قىلغان ئىككى ئادەمنىڭ تۇرغان ئورنى ۋە ئەمەللىرى باشتىن ـ ئاخىرى ئوخشاش بولۇپ، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە ھېچبىر پەرقنى تاپالماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئەمما، بۇلارنىڭ قەلبىدىكى نىيەتنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك پەرق بار ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. بۇنىڭ ھەممىسى نىيەتنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىكتۇر. قائىدە شۇكى، ھەرقانداق بىر ئەمەلدە نىيەتنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. بىراق نىيەتلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان روشەن پەرقلەرگە ئىگە بولىدۇ.

بۇ سەۋەبىنىڭ نەتىجىسى بولسا «وإنما لكل امرىء ما نوى» «كىشى پەقەت نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ». ئەگەر ئىنسان شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغان ھەربىر ئەمەللىرىدە الله تىن ئەجىر ـ ساۋاب ئۈمىد قىلسا ۋە ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىسە، قىلغان نىيىتىنىڭ نەتىجىسىگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر دۇنيانى نىيەت قىلسا بەزىدە ئېرىشىدۇ، بەزىدە ئېرىشەلمەيدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ كَانَ يُرِيدُ الْعَاجِلَةَ عَجَّلْنَا لَهُ فِيهَا مَا نَشَاءُ لِمَنْ نُرِيدُ﴾ «بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز»[1]. الله تائالا بۇ ئايەتتە دۇنيالىقتىن نېسىۋە ئىزدىگەن كىشىلەرگە خالىغان نەرسىنى بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلماستىن، بەلكى ﴿عَجَّلْنَا لَهُ فِيهَا مَا نَشَاءُ﴾ «(ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز» دېگەن. يەنى، كىشىنىڭ دۇنيالىقنى تەلەپ قىلىپ ئېرىشكەن نەرسىسى، ئايەتتە ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك ﴿لِمَنْ نُرِيدُ﴾ «خالىغان ئادەمگە»، الله نىڭ خالىغىنى بويىچە بولىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار ئىچىدە بەزى كىشىلەر دۇنيادىن خالىغىنىغا ئېرىشىدۇ، بەزىلىرى دۇنيادىن ئازغىنە نەرسىگە ئېرىشىدۇ، بەزىلىرى مەڭگۈ ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئەمما، الله تائالانىڭ: ﴿وَمَنْ أَرَادَ الْآخِرَةَ وَسَعَى لَهَا سَعْيَهَا وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَئِكَ كَانَ سَعْيُهُمْ مَشْكُورًا﴾ «كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۇئمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (الله نىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ»[2] دېگەن ئايىتىدىن شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، الله رازىلىقى ئۇچۇن ئەمەل قىلغان كىشى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ.

يۇقىرىدا ئىزاھلاپ ئۆتكەن «إنما الأعمال بالنيات، وإنما لكل امرىء ما نوى» «بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق بولۇپ، كىشى پەقەت نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ» دېگەن بۇ ئىككى جۈملە قەلب ئەمەلىگە باغلىنىشلىق بولغان بارچە ئەمەللەرنى ئۆلچەيدىغان مىزان بولسا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىس ئىنساننىڭ بەدەن ئەزالىرىدا ئەكس ئېتىدىغان ئاشكارا

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەنى ئىسرائىل 19 ـ ئايەت.

ئەمەللىرىنىڭ ھەرىكەت مىزانى ھېسابلىنىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من عمل عملا ليس عليه أمرنا فهو رد» «قانداق بىر كىشى دىنىمىزدا يوق بىر ئەمەلنى قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ». [1]

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار: «پۈتۈن دىن مۇشۇ ئىككى ھەدىسكە جەملەنگەن» دەپ قارىغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «إنما الأعمال بالنيات» «بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق» دېگەن ھەدىسى قەلبىنىڭ ئۆلچىمى بولسا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «من عمل عملا ليس عليه أمرنا فهو رد» «قانداق بىر كىشى دىنىمىزدا يوق بىر ئەمەلنى قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ»[2] دېگەن ھەدىسى ئىنساننىڭ ھەربىر ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئۆلچەيدىغان مىزاندۇر.

پەيغەمبەر ﷺ نىيەت ھەققىدىكى ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مىسال بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «فمن كانت هجرته إلى اللّٰه ورسوله، فهجرته إلى اللّٰه ورسوله، ومن كانت هجرته لدنيا يصيبها، أو امرأةٍ ينكحها، فهجرته إلى ما هاجر إليه» «كىمكى الله نىڭ رازىلىقى ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ياردەم بېرىشنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ھىجرىتى الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى تەرەپكە بولغان بولىدۇ. كىمكى پۇل-مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ».

«الهجرة» «ھىجرەت» — ئىنساننىڭ كۇفرى دىيارىدىن ئىسلام دىيارىغا يۆتكىلىشىدۇر. مەسىلەن، ئامېرىكىدا ياشايدىغان بىر مۇسۇلمان (ئامېرىكا كۇفرى دىيارى) شۇ يەردە دىنىنى ئاشكارا قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام دىيارىدىن بىرىگە يۆتكەلگەن بولسا، مانا بۇ «ھىجرەت» دېيىلىدۇ. ئەمما، بۇ ھىجرەت كىشىلەرنىڭ نىيەت-مەقسەتلىرىگە ئاساسەن پەرقلىق بولىدۇ:

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

• الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىدىكى قولاي شارائىتلىرىدىن ۋاز كېچىپ ھىجرەت قىلغان كىشى قىلغان ھىجرىتىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. بۇنداق كىشى پەيغەمبەر ﷺ خەۋەر بەرگەن: «فهجرته إلى اللّه ورسوله» «ئۇنىڭ ھىجرىتى الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى تەرەپكە بولغان بولىدۇ» دېگەن سۈپەتكە لايىق بولىدۇ.

• بىر كىشى پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ۋە ئۇنى كۆپەيتىش ئۈچۈن كۇفرى دىيارىدىن ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلغان بولسا، بۇنداق كىشى الله رىزالىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان كىشى ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھىجرىتى دۇنيالىق نەرسىلەر ئۈچۈن قىلىنغان ھىجرەتتۇر.

• كۇفرى دىيارىدا ياشاۋاتقان بىر كىشى ئىسلام دىيارىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان ئايالغا ئۆيلىنىشنى مەقسەت قىلغاندا باشقىلار تەرىپىدىن «مۇسۇلمان ئايالنى كۇفرى شەھىرىگە ئېلىپ بارسىڭىز بولمايدۇ، سىز ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلسىڭىز سىزنى پەقەت ئىسلام دىيارىدا ئۆيلەپ قويىمىز» دەپ شەرت قويۇلغان بولسا ۋە بۇ ئادەم مۇشۇ ئايالغا ئۆيلىنىش ئۈچۈن كۇفرى دىيارىدىن ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلغان بولسا، بۇ كىشى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرەپكە ھىجرەت قىلغان بولمايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ «فهجرته إلى ما هاجر إليه» «ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ» دېگەن.

بۇ ھەدىستە «ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ» دېيىلگەن. بەزىلەر سوئال قويۇپ: «نېمە ئۈچۈن <ئۇنىڭ ھىجرىتى دۇنياغا يېتىش ياكى ئايال كىشىگە ئۆيلىنىش ئۈچۈن بولغان بولىدۇ> دەپ تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان» دېيىشى مۇمكىن.

بەزى ئالىملار بۇنىڭغا: «بۇ ــ جۈملىنىڭ ئۇزۇن بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ <ئۇنىڭ ھىجرىتى دۇنياغا يېتىش ياكى ئايال كىشىگە ئۆيلىنىش ئۈچۈن بولغان بولىدۇ> دېسە، جۈملە ئۇزىراپ

كەتكەن بولاتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ: ‹فهجرته إلى ما هاجر إليه› ‹ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ› دەپ جاۋاب بەرگەن.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «بەلكى پەيغەمبەر ﷺ مال-دۇنيا ۋە ئايال كىشىگە ئېرىشىشنى الله رىزالىقى ۋە ئاخىرەت نېئمەتلىرى ئالدىدا ئەرزىمەس نەرسە قاتارىدا ساناپ، بۇلارنى تىلغا ئالمىغان. شۇبھىسىزكى، الله رىزالىقى ئۈچۈن قىلىنىدىغان ھىجرەت ئىبادىتىنى مال-دۇنيا ياكى ئايال كىشىگە ئېرىشىشكە ئوخشاش ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن تېگىشىۋېتىش — تولىمۇ يىرگىنىشلىك ۋە چاكىنا ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ بۇنى تىلغا ئېلىشنى خالىماي: ‹فهجرته إلى ما هاجر إليه› ‹ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ› دېگەن». يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مال-دۇنيا ياكى ئايال كىشىگە ئېرىشىشنى نىيەت قىلىپ ھىجرەت قىلىش — چاكىنا ۋە رەزىل قىلىقتۇر.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەرقانداق ھالەتتە مال-دۇنيا ياكى ئايال كىشىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە قىلىنغان ھىجرەت الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرەپكە قىلىنغان ھىجرەتنىڭ ئالدىدا پۇچەك ۋە ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىدە شەك يوقتۇر.

### ھىجرەتنىڭ تۈرلىرى

ھىجرەت گۇناھ ئىشلاردىن قول ئۈزۈش، گۇناھكار ۋە پاسىق كىشىلەردىن يىراقلىشىش ۋە يۇرت-ماكانىنى تەرك ئېتىشتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىم بولىدۇ.

❖ بىرىنچى قىسىم، يۇرت-ماكانىنى تەرك ئېتىش

ئىنساننىڭ گۇناھ ئىشلار ۋە پىتنە-پاساتلار كۆپ بولغان يۇرتتىن يۆتكىلىپ كېتىشى يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلىپ قىلىنغان ھىجرەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ بەزىدە ئۆزى تۇرۇشلۇق كۇفرى يۇرتىدىن شۇ مەئسىيەتلەر

تېپىلمايدىغان يەنە بىر يۇرتقا يۆتكىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. ھىجرەتنىڭ ئەڭ كاتتىسى ــ كۇفرى يۇرتىدىن ئىسلام يۇرتىغا قىلىنغان ھىجرەتتۇر. ئالىملار دىنىنى ئاشكارىلاشقا قادىر بولالمىغان كىشىنىڭ كۇفرى يۇرتىدىن ئىسلام يۇرتىغا ھىجرەت قىلىشىنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما، مۇسۇلمان كىشى دىنىنى ئاشكارىلاشقا قادىر بولالىسا ۋە ئىسلامنىڭ شوئارلىرىنى توسالغۇسىز ئىجرا قىلالىسا، ئۇ كىشىگە ھىجرەت قىلىش ۋاجىب بولماستىن، بەلكى مۇستەھەب بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، كۇفرى يۇرتىغا سەپەر قىلىشنىڭ گۇناھى ئۇنىڭدا ياشاشتىن ئېغىردۇر.

ئەگەر مۇسۇلمان كىشى كۇفرى دىياردا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇپ، شۇ يۇرتتا دىنىنى ھىمايە قىلىشتىن ئاجىز كەلسە، ئۇ كىشىنىڭ شۇ يۇرتتىن ئايرىلىپ ھىجرەت قىلىشى ۋاجىبتۇر. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار دىيارىدىن كۇفرى يۇرتىغا سەپەر قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى بۇ، ئۇ كىشىنىڭ دىنىغا ۋە ئەخلاقىغا خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداقلا بۇ، مالنى ئىسراپ قىلىش ۋە كاپىرلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇش ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، بىز كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە كاپىرلارنى ھالسىرىتىش ۋە غەزەپلەندۇرۇشكە بۇيرۇلغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قَاتِلُوا الَّذِينَ يَلُونَكُمْ مِنَ الْكُفَّارِ وَلْيَجِدُوا فِيكُمْ غِلْظَةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ﴾** «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)، سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن (يەنى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن)، بىلىڭلاركى، الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى الله تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر)» [1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَلَا يَطَئُونَ مَوْطِئًا يَغِيظُ الْكُفَّارَ وَلَا يَنَالُونَ**

[1] سۈرە تەۋبە 123 ـ ئايەت.

مِنْ عَدُوٍّ نَيْلًا إِلَّا كُتِبَ لَهُمْ بِهِ عَمَلٌ صَالِحٌ إِنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ﴾ «ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىقتا سالىدىغان ھەربىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەربىر نەرسىسى ئۈچۈن (الله نىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ، الله ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ»[①].

دېمەك، ھەرقانداق كاپىر (مەيلى ئۇ ناسارا ياكى يەھۇدىي ۋە ياكى خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئاتېئىست بولسۇن) ئۇ ــ الله قا، ئۇنىڭ كىتابىغا، ئەلچىلىرىگە ۋە بارلىق مۆئمىنلەرگە دۈشمەندۇر.

شۇڭا بىر ئىنساننىڭ كۇفرى دىيارىغا سەپەر قىلىشى پەقەت ئۈچ خىل شەرت ئاستىدا دۇرۇس بولىدۇ.

• بىرىنچى، كۇفرى يۇرتىغا سەپەر قىلماقچى بولغان كىشىدە ئۆزىنى كاپىرلارنىڭ باتىل شۈبھىلىرىدىن مۇداپىئە قىلالىغۇدەك ئىلىم بولۇشى كېرەك. چۈنكى، كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى، پەيغەمبىرى، كىتابلىرى ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرى ھەققىدە تۈرلۈك شۈبھىلەرنى تاشلايدۇ. ئۇلار مۇشۇ يوللار ئارقىلىق مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ دىنىدىن ياندۇرماقچى بولىدۇ. ئىنسان جەزمىي ئىشىنىشى ۋاجىب بولغان ئىشلاردا ئىككىلىنىپ قالسا، دىنىي مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلالمايدىغانلىقى ھەممىگە ئوچۇق ھەقىقەتتۇر. مەسىلەن، الله قا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، ئەلچىلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرنىڭ ياخشى ۋە يامىنىغا شەكسىز ئىشىنىش ۋاجىب. ئەگەر بىر ئىنسان بۇلاردىن بىرەرسىدە شەك قىلىپ قالسا كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. دېمەك، كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان ئەڭ مۇھىم ھۇجۇمى كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسىگە شەك ـ شۈبھە سېلىشتۇر.

---

① سۈرە تەۋبە 120 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزى دەۋەتچىلىرى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «سىلەر مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنىدىن چىقىرىپ خرىستىئان دىنىغا كىرگۈزۈشكە كۈچەپ يۈرمەڭلار. پەقەت ئۇلارنى ئۆز دىنىدا شەكلەندۈرۈپ قويساڭلار، ئۇلارنى دىنىدىن چىقارغان بولىسىلەر. مانا بۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك تىرىشچانلىقتۇر. شۇنداقلا سىلەر بۇ ئارقىلىق ئۇنى غەلىبە ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ ئاساسىي بولغان دىنىدىن ئايرىپ تاشلايسىلەر، بۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئەمما ئۇنى خرىستىئان دىنىغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنساڭلار، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر».

ناسارالارنىڭ دىنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ھەق دىن بولغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ﷺ پەيغەمبەر بولۇش ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ناسارا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئازغۇن تائىپە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە «سۇنەن تىرمىزى»دا سەھىھ ھەدىس نەقىل قىلىنغان.

• ئىككىنچى، كۇفرى يۇرتىغا سەپەر قىلماقچى بولغان كىشىدە ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنى تىزگىنلىيەلىگۈدەك كۈچلۈك ئىمانىي قۇۋۋەت بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئىنسان كۈچلۈك ئىمانى ئارقىلىقلا شۈبھىلەردىن ساقلىنالايدۇ. كۇفرى جەمئىيەتلىرى تۈرلۈك بۇزۇقچىلىق ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر بىلەن تولغان بولغاچقا، ئۆزىنى شەھۋەتلەردىن ھىمايە قىلالىغۇدەك دەرىجىدە ئىمانى يوق كىشى كۇفرى يۇرتىغا بارسا، ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەي گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرگە پېتىپ قالىدۇ. كۇفرى يۇرتلىرىدا گۇناھ ـ مەئسىيەت ئىشلىرى تولۇق ئېچىۋېتىلگەن بولغاچقا، ئىمانى ئاجىز كىشى بۇنداق يۇرتلاردا تۇرسا ئۆز دىنىنى زىيانغا ئۇچرىتىۋېلىشى تەبىئىي. شۇڭا كۇفرى يۇرتىغا سەپەر قىلماقچى بولغان كىشىدە ئۆزىنى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن ھىمايە قىلالىغۇدەك ئىمانىي قۇۋۋەت بولۇشى كېرەك.

• ئۈچىنچى، كۇفرى يۇرتىغا بېرىش ئۈچۈن شەرئىي ئۆزرە بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، كېسىلىنى داۋالىتىش ياكى ئىسلام دىيارلىرىدا تېپىلمايدىغان

بىرەر ئىلىمنى ئەنە شۇ كۇفرى يۇرتىغا بېرىپ ئۆگىنىش زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا، كۇفرى يۇرتلىرىغا سەپەر قىلسا دۇرۇس بولىدۇ. مۇھىمى، ئەنە شۇ كىشىنىڭ كۇفرى يۇرتلىرىغا بېرىشى ئۈچۈن مەلۇم ئېھتىياجى بولۇشى كېرەك. ئەمما، كۇفرى يۇرتلىرىغا پەقەت ساياھەت قىلىش ئۈچۈنلا بېرىۋاتقان كىشىلەرنى گۇناھكار دەپ قارايمەن. ئۇلارنىڭ بۇنداق سەپەر ئۈچۈن پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلىشى هارام ۋە ئىسراپچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. ئۇلار قىيامەت كۈنى مانا بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئارقىلىق ۋاقىتلىرىنى ئىسراپ قىلغان، پۇل ـ ماللىرىنى بۇزۇپ چاچقان ۋە ئەخلاقى چىرىكلەشكەن بولىدۇ. ھەتتا بەزىلەرنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى بىرگە ئېلىپ چىقىپ مۇئەززىنلەرنىڭ ئاۋازى ۋە الله نى زىكىر قىلغۇچىنىڭ زىكرى ئاڭلانمايدىغان، ئەكسىچە يەھۇدىيلارنىڭ كانايلىرى ۋە ناسارالارنىڭ قوڭغۇراقلىرى ئاڭلىنىدىغان كۇفرى يۇرتلىرىغا بېرىپ، شۇ يەردە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىر مۇددەت ياشىشى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ ئايال ـ بالىلىرىغا تولىمۇ يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. الله تائالادىن سالامەتلىك ۋە خاتىرجەملىك سورايمىز.

مانا بۇ ــ كۆپلىگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان بالايى ـ ئاپەتنىڭ قاتارىدىندۇر. بىزگە كېلىۋاتقان ۋە بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان مۇسىبەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزدىكى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر سەۋەبىدىندۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَصَابَكُمْ مِنْ مُصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتْ أَيْدِيكُمْ وَيَعْفُو عَنْ كَثِيرٍ﴾ «سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، الله نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار)»[1].

---

[1] سۈرە شۇرا 30 ـ ئايەت.

ئەپسۇسكى، بىز خۇددى رەببىمىز قىلىۋاتقانلىرىمىزدىن غاپىل ۋە ھېچبىر ئىشىمىزنى بىلمەيدىغاندەك، زالىملارنىڭ ئۇشتۇمتۇت جازالىنىشى ئۇچۇن مەلۇم مۇددەت بېرىلمەيدىغاندەك، يۇرتلىرىمىزدا خاتىرجەم ۋە غەپلەت ئىچىدە يۈرمەكتىمىز. الله تائالا زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ، ئۇنى تۇتقان چاغدا ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ. «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم» دا مۇشۇ مەزمۇندا ھەدىس بايان قىلىنغان. كىشىلەر بۇنداق يامانلىقلارنى كۆرۈۋەرگەنلىكتىن ئادەتتىكى ئىشتەك مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ـــ قەلبنىڭ قېتىپ كېتىشىدۇر. الله قا سېغىنىپ بۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمىز. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ أَخَذْنَاهُمْ بِالْعَذَابِ فَمَا اسْتَكَانُوا لِرَبِّهِمْ وَمَا يَتَضَرَّعُونَ﴾ «ئۇلارنى بىز ھەقىقەتەن ئازاب (يەنى قەھەتچىلىك) بىلەن جازالىدۇق، ئۇلار پەرۋەردىگارىغا بويسۇنمىدى، ئىلتىجا قىلىپ دۇئامۇ قىلمىدى»[①].

بىز ئۇلارنى مۇسىبەتلەر بىلەن جازالىدۇق، لېكىن ئۇلار شۇنداق تۇرۇپمۇ الله قا بويسۇنمىدى، ھەتتا ئازابنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئۇچۇن ئىلتىجا قىلىپ دۇئامۇ قىلمىدى ۋە الله نىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن قورقمىدى. قەلبلەر شۇ دەرىجىدە قېتىپ كەتكەنلىكتىن، شۇنچە كۆپ ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك بالايى ـ ئاپەتلەر ئالدىدىمۇ قەلبلىرى يۇمشىمىدى. ئۆلۈك ۋە قېتىپ كەتكەن قەلب ئىگىسى بولۇپ قېلىشتىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

ناۋادا كىشىلەرنىڭ ئەقىللىرى ساغلام ۋە قەلبلىرى ئويغاق بولغان بولسا ئىدى، مۇسۇلمانلار ھازىرقىدەك زەئىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى. بىز كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك پسىخولوگىيە ئۇرۇشى ۋە خەلقلەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغان ۋەھىمىلىك جەڭلەرنىڭ شەپىسىنى سېزىۋاتىمىز، ئەمما شۇنداق تۇرۇپمۇ، الله خالىغان ئاز بىر قىسىم دەۋەتچىلەردىن باشقا، كىشىلەرنى

---

[①] سۈرە مۇئمىنۇن 76 ـ ئايەت.

غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىدىغان سەمىمىي نەسىھەتچىلەرنى تاپالمايسىز، مانا بۇ ئېغىر خاتالىقتۇر. ھالبۇكى، مۇشۇنداق كىرىزىس ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى بۇزۇقچىلىق ۋە مەينەتچىلىك بىلەن تولغان كاپىرلارنىڭ شەھەرلىرىگە سەيلە-ساياھەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ئۇچرىتىسىز (الله قا سېغىنىپ بۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمىز).

يەنە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمەنكى، دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كۇفرى يۇرتلىرىغا سەپەر قىلىش دۇرۇس. ئەگەر دەۋەت قىلىدىغان كىشىنىڭ شۇ كۇفرى يۇرتلىرىدا تەسىرى چوڭ بولسا، ئۇ كىشىنىڭ دەۋەت ئۈچۈن سەپەر قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، دەۋەت قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىش دىنىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلىنغان سەپەر ھېسابلىنىدۇ. كۇفرى دىيارلىرىدىكى ئاۋام خەلقنىڭ كۆپىنچىسىگە ئىسلام ياخشى چۈشەندۈرۈلمىگەن بولۇپ، ئۇلارغا ئىسلام ھەققىدە توغرا ھەقىقەتلەر يېتىپ كەلمىگەن. ئەكسىچە ئۇلار يامان غەرەزلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ئازدۇرۇلغان ۋە ئۇلارغا «<ئىسلام> دېگەن ياۋايىلىق، ياۋۇزلۇق ۋە لۈكچەكلىك دىنى» دېگەن ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن. ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن سادىر بولغان مەلۇم خاتالىقلارنى تۇتقا قىلىپ: «ئىسلام دېگەن مۇشۇ شۇمۇ؟ بۇلار بىر-بىرىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان، بىر-بىرىنى يەيدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ياۋايى كىشىلەركەن» دېيىشىدۇ. الله تائالادىن بىزنى ئۆزىنىڭ توغرا يولىغا ھىدايەت قىلىشنى سورايمىز.

❖ ئىككىنچى قىسىم، گۇناھ ئىشلاردىن قول ئۈزۈش

بۇ بولسا ئىنساننىڭ الله توسقان گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى تەرك ئېتىشىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «المسلم من سلم المسلمون من لسانه ويده، والمهاجر من هجر ما نهى اللّٰه عنه» «<مۇسۇلمان> دېگەن تىلى ۋە قولى ئارقىلىق باشقا مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزمىگەن كىشىدۇر. <مۇھاجىر> دېگەن الله

چەكلىگەن ئىشلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر». [1] شۇڭا سىز، الله ھارام قىلغان ئىش مەيلى الله نىڭ ھەقلىرىگە ياكى بەندىلەرنىڭ ھەقلىرىگە ئالاقىدار بولسۇن، بارلىق ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن ھەزەر قىلىڭ. باشقىلارنى ناھەق ئەيىبلەش، ھاقارەتلەش، ئۆلتۈرۈش، ئالدامچىلىق، ماللارنى باتىل يوللار ئارقىلىق يەۋېلىش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش، سىلە-رەھىمنى ئۈزۈشكە ئوخشاش الله ھارام قىلغان ھەرقانداق گۇناھ ئىشلاردىن ساقلىنىڭ. ئەگەر نەپسىڭىز مۇشۇ ئىشلارنى سىزگە چىرايلىق كۆرسەتسە، سىز الله نىڭ بۇ ئىشلارنى ھارام قىلغانلىقىنى ئېسىڭىزگە ئېلىپ نەپسىڭىز بىلەن كۆرەش قىلىڭ.

❖ ئۈچىنچى قىسىم، گۇناھكار پاسىق كىشىلەردىن ئايرىلىش

گۇناھكار پاسىق كىشىلەردىن ئايرىلىش بەزى ۋاقىتتا ۋاجىب بولۇپ قالىدۇ. ئالىملار مۇنداق دېگەن: «باشقىلاردىن ھايا قىلماي ئوچۇق-ئاشكارا گۇناھ-مەئسىيەت قىلىدىغان كىشىلەرنى يالغۇز قويۇش ئارقىلىق بىرەر پايدا-مەنپەئەتكە ئېرىشكىلى بولسا، ئۇنداق كىشىلەرنى يالغۇز قالدۇرۇپ قويۇش يوللۇق بولىدۇ».

بۇ يەردىكى «پايدا-مەنپەئەت»تىن كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى — ئۇلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن يالغۇز قالدۇرۇلۇشى سەۋەبلىك ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ گۇناھ-مەئسىيەتلىرىدىن قايتىشىدۇر. مەسىلەن، بىر ئادەم ئېلىم-سېتىمدا ئالدامچىلىق بىلەن تونۇلغان بولسا، باشقىلار تەرىپىدىن يالغۇز قالدۇرۇلغان ۋاقىتتا قىلمىشىدىن قايتىپ تەۋبە قىلىشى ۋە قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر مەلۇم جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر كىشى ھەرقانداق گەپ-سۆز قىلىشتىن ھەتتا سالام قىلىشتىنمۇ چەكلىنىلسە، ئۇ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلمىشلىرىدىن خىجىل بولۇپ، خاتالىقىدىن قايتىشى مۇمكىن. بىناماز كىشى بولسا مۇرتەد كاپىردۇر[①] (بىز اللە قا سىغىنىپ بۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمىز). بۇنداق كىشىنى تەرك ئېتىش ۋاجىب بولۇپ، ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇلمايدۇ، سالاممۇ قىلىنمايدۇ، ھەتتا چاقىرىقى ئىجابەت قىلىنمايدۇ. بۇنداق سوغۇق مۇئامىلە ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى تونۇپ اللە قا قايتىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

ئەمما، يالغۇز قويۇش ئارقىلىق يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك مەنپەئەتلەر ھاسىل بولمايدىغان بولسا، بۇنداق قىلىش ئۇ كىشىنىڭ مەئسىيىتىگە قارىتا بولسا بولىدۇ. ئادەتتە مۇرتەد ۋە كاپىر كىشى (تەرك ئېتىش پايدا بەرسۇن ياكى پايدا بەرمىسۇن) ھەرقانداق ھالەتتە تەرك ئېتىلىدۇ. بىراق كۇفرىدىن تۆۋەن بولغان گۇناھ ـ مەئسىيەتكە ئۈرۈنغان كىشىنى تەرك ئېتىشتە مەنپەئەت بولمىسا، تەرك ئېتىش ھالال ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا يحل لمؤمن أن يهجر أخاه فوق ثلاث ليالٍ، يلتقيان فيعرض هذا، ويعرض هذا، وخيرهما الذي يبدأ بالسلام» «مۇئمىن كىشىنىڭ قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تەرك ئېتىشى، ئۇچرىشىپ قالغاندا بىر ـ بىرىگە تەتۈر قاراپ يۈرۈشى ھالال ئەمەس. بۇ ئىككىسىنىڭ ياخشىسى باشتا سالام قىلغىنىدۇر».[②]

ھەممىگە ئېنىقكى، ئەھلى ـ سۈننە ۋەلجامائەنىڭ قارىشىدا كۇفۇرلۇققا ئېلىپ بارمايدىغان گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر كىشىنى ئىماندىن چىقىرىۋەتمەيدۇ. يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن «تەرك ئېتىش پايدىلىقمۇ ياكى پايدىلىق ئەمەسمۇ؟» بۇنىڭغا تەپسىلىي قاراش كېرەك. ئەگەر تەرك ئېتىش پايدا بەرسە

---

[①] ئالىملار: بىناماز كىشىنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بىر قىسىم ئالىملار بارلىق نامازلارنى تەرك ئەتكەن كىشى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ دېسە؛ يەنە بىر قىسىم ئالىملار بەزى نامازلارنى تەرك ئەتكەن كىشىمۇ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. شەيخ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ كېيىنكى ئالىملارنىڭ قارشىنى تاللىغان ــــ تەرجىماندىن.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ۋە ئۇنىڭ قىلغان گۇناھ ـ مەئسىيىتى تەرك ئېتىلىشكە لايىق بولسا، ئۇ كىشى شەكسىز تەرك ئېتىلىدۇ. بۇنىڭغا تەبۇك غازىتىدىن ئايرىلىپ قالغان كەئب ئىبنى مالىك، ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ۋە مۇرارە ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ قىسسىسى دەلىلدۇر. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى تەرك ئېتىپلا قالماي، مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۇلارنى تەرك ئېتىشىنى بۇيرۇغان. بىراق ئۇلار بۇنىڭدىن ناھايىتى زور مەنپەئەت ئالغان. ئۇلار الله قا شۇقەدەر يېلىنىدىكى، زېمىن شۇنچە كەڭرى تۇرۇقلۇق ئۇلارغا تار تۇيۇلدى، قەلبلىرى سىقىلدى، ئۆزى ئۇچۇن الله تىن باشقا پاناھلىنىدىغان جاي يوقلۇقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتى. ئۇلار سەمىمىي تەۋبە قىلغان سەۋەبلىك الله ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم» دا مۇشۇ مەزمۇندا ھەدىس بايان قىلىنغان.

مانا بۇلار، ماكاننى تەرك ئېتىش، گۇناھ ئىشلاردىن قول ئۈزۈش ۋە گۇناھكار پاسىق كىشىلەرنى تەرك ئېتىشتىن ئىبارەت ھىجرەتنىڭ تۈرلىرىدۇر.

## 2 ـ ھەدىس

وعن أم المؤمنين أم عبد اللَّه عائشة رضي اللَّه عنها قالت: «قالَ رسول اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «يغْزُو جَيْشٌ الْكَعْبَةَ فإِذَا كَانُوا بِبَيْدَاءَ مِنَ الأَرْضِ يُخْسَفُ بِأَوَّلِهِمْ وآخِرِهِمْ». قَالَتْ: قلتُ: يَا رَسُولَ اللَّه، كَيْفَ يُخْسَفُ بأَوَّلِهِمْ وَآخِرِهِمْ وَفِيهِمْ أَسْوَاقُهُمْ وَمَنْ لَيْسَ مِنْهُمْ؟! قَالَ: «يُخْسَفُ بِأَوَّلِهِمْ وَآخِرِهِمْ ثُمَّ يُبْعَثُونَ عَلَى نِيَّاتِهِمْ» متفق عليه.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <بىر قوشۇن كەئبىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چىقىپ بىر تۈزلەڭلىككە كەلگەندە ئۇ قوشۇننىڭ ھەممىسىنى يەر يۇتۇۋېتىدۇ> دېگەنىدى، مەن: <ئى الله نىڭ ئەلچىسى، قانداقلارچە ئۇلارنىڭ باشتىن ـ ئاخىرىغىچە ھەممىسىنى يۇتۇۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ قاتارىدىن بولمىغان كىشىلەرمۇ، جەڭگە

قاتناشمايدىغان سودىگەرلەرمۇ بار تۇرسا> دەپ سورىغىنىمدا، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوُتۇۋېتىدۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ نىيىتىگە قاراپ تىرىلدۈرۈلىدۇ (يەنى ھېساب ئېلىنىدۇ)> دېدى».[1]

## شەرھىسى

بۇ ھەدىستە، پەيغەمبەر ﷺ بىر قوشۇننىڭ كەئبىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. كەئبە الله نىڭ ئۆيى ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، الله تائالا ئۇنى ئۆزى ھىمايە قىلىدۇ ۋە ھەرقانداق يامانلىقتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بىنا قىلغان ۋە كەئبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: ﴿رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنْتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ﴾ «پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن» دېگەن ئىدى[2].

ئەبرەھە كەئبىنى يىقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن يەمەندىن زور بىر قوشۇن بىلەن يۈرۈش قىلغانىدى. قوشۇننىڭ ئالدىدا چوڭ بىر پىل بار بولۇپ، ئەبرەھە بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ ئۆيى كەئبىنى يىقىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئۇ كەئبىگە يېقىنلىشىپ «مۇغەممەس» دېيىلىدىغان ئورۇنغا كەلگەندە، پىل توختىۋالدى. ئۇلار پىلنى كەئبە تەرەپكە مېڭىشقا ھەرقانچە زورلىغان بولسىمۇ پىل يەنىلا ماڭغىلى ئۇنىمىدى، ئەمما ئۇلار پىلنى يەمەن تەرەپكە قارىتىپ قويسا پىل يۈگۈرۈپ ماڭغانىدى. شۇڭا ھۇدەيبىيە غازىتى كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تۆگىسى توختىۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىغاندا، ساھابىلەر: «قەسۋا كاجلىق قىلىۋاتىدۇ» (يەنى سەۋەبسىز چۆكۈۋالدى) دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ما خلأت القصواء، وما ذاك

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] سۈرە بەقەرە 127 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

لها بخلق» «قەسۋا كاجلىق قىلمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئادىتى يوق» دېدى.[1]

دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ ھايۋانلارغىمۇ قوپاللىق قىلمايتتى. چۈنكى بۇ ھايۋانلارغا زۇلۇم قىلىشنىڭ ئىپادىسىدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ما خلأت القصواء وما ذاك لها بخلق، ولكن حبسها حابس الفيل، ثم قال: والذي نفسي بيده لا يسألوني اليوم خطة يعظمون فيها حرمات الله إلا أعطيتهم إياها» «قەسۋا كاجلىق قىلمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئادىتى يوق. ئەمما، ئۇنى پىلنى توختىتىپ قويغان زات الله توختىتىپ قويدى. جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇلار الله بېكىتكەن چەك ـ چېگرالارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلايدىغان (يەنى مەككىدە قان تۆكۈلمەيدىغان) ھەرقانداق بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا قويسا، مەن ئۇلارنىڭ پىلانىغا چوقۇم قوشۇلىمەن» دېگەنىدى.[2]

مۇھىمى، يەمەن تەرەپتىن چوڭ بىر پىل باشلاپ ماڭغان زور قوشۇن كەئبىنى يىقىتىش ئۈچۈن ئاتلانغان ئىدى. ئۇلار «مۇغەممەس» دېيىلىدىغان ئورۇنغا كەلگەندە پىل ماڭغىلى ئۇنىماي توختىۋالدى. ئۇلار پىلنى شۇنچە ھەيدىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پايدىسى بولمىدى ۋە شۇ ئورۇندا توختاپ قالدى. الله تائالا ئۇلارغا ناھايىتى كۆپ قۇشلارنى ئەۋەتتى. ھەربىر قۇش پۇتىدا بىر تالدىن تاشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، تاشنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلايتتى ۋە تاش كىشىلەرنىڭ بېشىدىن كىرىپ ئارقىسىدىن چىقاتتى. ئاقىۋەت الله تائالا ﴿فَجَعَلَهُمْ كَعَصْفٍ مَأْكُولٍ﴾ «ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن سامانەدەك قىلىۋەتتى»[3]. بۇ ھەقتە ئۇمەييە ئىبنى سەلت دېگەن شائىر مۇنداق شېئىر ئوقۇغان:

توختىدى پىل ئۆز ئورنىدا،

باغلانغاندەك پۇت ـ قولى.

---

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] بۇخارى توپلىغان.
[3] سۈرە فىل 5 ـ ئايەت.

مىڭىشقا زورلاپ باقسىمۇ،

ئەسلا ئۇنۇم بەرمىدى.

الله تائالا كەئبىنى يىقىتىش ئۈچۈن كەلگەن بۇ زالىم پادىشاھنى ھالاك قىلىپ، ئۆز ئۆيىنى ھىمايە قىلدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُرِدْ فِيهِ بِإِلْحَادٍ بِظُلْمٍ نُذِقْهُ مِنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ﴾ «كىمكى مەسجىدى ھەرەمدە زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز»[1]. دېمەك، زامان ئاخىرىدا زور بىر قوشۇن كەئبىگە ئۇرۇش قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «فإذا كانوا ببيداء من الأرض» «ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چىقىپ بىر تۈزلەڭلىككە كەلگەندە» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، الله تائالا قوشۇندىكىلەرنىڭ ۋە ئۇلار بىلەن تۇرغان تىجارەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىدۇ. بۇ ھەدىستىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن قوشۇننىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىم-سېتىم قىلىدىغان تىجارەتچىلەرنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. «الله تائالا ئۇلارنىڭ ئاۋۋىلى ۋە ئاخىرىنى يەرگە يۇتقۇزىدۇ». رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ سۆزنى ئېيتقاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ ئىچىدە سودا-سېتىق ئۈچۈن كەلگەن، كەئبىگە ئۇرۇش قىلىشتەك يامان نىيىتى يوق كىشىلەرمۇ بار تۇرسا» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «يخسف بأولهم وآخرهم ثم يبعثون على نياتهم» «ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىلىدۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ نىيىتىگە قاراپ تىرىلدۈرۈلىدۇ (يەنى ھېساب ئېلىنىدۇ)» دېدى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۆز نىيىتىگە يارىشا ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مانا بۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «إنما الأعمال بالنيات، وإنما لكل امرىء ما نوى» «بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق بولۇپ، كىشى پەقەت نىيەت قىلغىنىغا

[1] سۈرە ھەج 25- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىرىشىدۇ» دېگەن سۆزنىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

بۇ ھەدىستىن زالىم تاجاۋۇزچىلارغا يانتاياق بولغان كىشىلەرنىڭ شۇلارغا ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كېلىدىغان ئازاب سالىھ، تەقۋادار، پاسىق، گۇناھكار دەپ ئايرىلماستىن ھەممىسىگە ئورتاق بولىدۇ، بىراق ئۇلار قىيامەت كۈنى نىيەتلىرى بويىچە تىرىلدۇرۇلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاتَّقُوا فِتْنَةً لَا تُصِيبَنَّ الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْكُمْ خَاصَّةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾ «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا ـ قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر»[1].

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ثم يبعثون على نياتهم» «كېيىن ئۇلار نىيەتلىرىگە ئاساسەن تىرىلدۇرۇلىدۇ» دېگەن سۆزى «إنما الأعمال بالنيات، وإنما لكل امرىء ما نوى» «بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق بولۇپ، كىشى پەقەت نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ» دېگەن سۆزگە ئوخشاشتۇر.

## 3 ـ ھەدىس

وعن عائشة - رضي اللَّه عنها- قالت: قالَ النبيُّ صلَّى اللَّه عليه وسلَّمَ: «لا هِجْرَةَ بَعْدَ الفَتْحِ، وَلَكِنْ جِهَادٌ وَنِيَّةٌ، وَإِذَا اسْتُنْفِرْتُمْ فانْفِرُوا» متفق عليه. ومعناه: لا هجرة من مكة لأنها صارت دار إسلام.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەككە فەتىھ بولغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىش يوق، لېكىن جىھاد ۋە نىيەت باردۇر. ئەگەر سىلەر ئۇرۇشقا ئومۇمىيۈزلۈك چىقىشقا چاقىرىلساڭلار، چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك ھالەتتە چىقىڭلار»[2].

[1] سۈرە ئەنفال 25 ـ ئايەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ھەدىسنىڭ مەنىسى، مەككە ئىسلام دىيارىغا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كېتىش يوق دېگەنلىكتۇر.

**شەرھىسى**

بۇ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ «لا هجرة» «ھىجرەت قىلىش يوق» دېيىش ئارقىلىق مەككە فەتھىسىدىن كېيىن ئۇ يەردىن ھىجرەت قىلىشنىڭ ئەمدى توختىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەمما، بۇ ھەدىسكە ئاساسلىنىپ «ھىجرەت مەككە فەتھى قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن توختىدى» دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغان مەنە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ «لا تنقطع الهجرة حتى تنقطع التوبة، ولا تنقطع التوبة حتى تطلع الشمس من مغربها» «تەۋبە ئۈزۈلۈپ قالمىغۇچە ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. كۈن مەغرىبتىن چىقمىغۇچە تەۋبە ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ»[①] دېگەن ھەدىسى ئارقىلىق خاسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئومۇملۇقىنى ئۈقتۇرمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان مەنە مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ ئېيتقان، مەككىدىن ھىجرەت قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى يوققا چىقىرىشتۇر. چۈنكى مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ئىسلام يۇرتىغا ئايلاندى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ كۇفرى يۇرتى بولۇپ قالمايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ مەككە فەتھىسىدىن كېيىن ھىجرەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا مەككە مۇشرىكلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نى مەككىدىن چىقىرىۋەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ رەببىنىڭ ئىزنى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. سەككىز يىلدىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ اللہ نىڭ نۇسرىتى بىلەن مەككىنى فەتھە قىلىپ، ئۇنى ئىمان ۋە ئىسلام دىيارىغا ئايلاندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەككىدىن ھىجرەت قىلىش ئەمەلدىن

[①] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

قالدى.

بۇ ھەدىستىن مەككىنىڭ قايتا كۇفرى يۇرتىغا ئايلانماستىن، قىيامەتكىچە ياكى الله خالىغان ۋاقىتقىچە ئىسلام يۇرتى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ولكن جهاد ونية» «لېكىن جىهاد ۋە نىيەت باردۇر» دېگەن سۆزى، جىهادنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنى ۋە مەككە ئەھلىنىڭ جىهاد قىلىش ئۈچۈن مەككىدىن چىقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«النية» دېگەن سۆز «الله يولىدا جىهاد قىلىش ئۈچۈن سالىھ نىيەت قىلىش» دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ — ئىنساننىڭ ئۆز جىهادى ئارقىلىق الله نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالىي بولۇشىنى نىيەت قىلىشىدۇر. ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ﷺ: «وإذا استنفرتم فانفروا» «ئەگەر سىلەر ئۇرۇشقا ئومۇمىيۈزلۈك چىقىشقا چاقىرىلساڭلار، چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك ھالەتتە چىقىڭلار» دېگەن بولۇپ، بۇ ھەدىس ئەگەر ئىش ئۈستىدىكىلەر كىشىلەردىن الله يولىدا جىھادقا چىقىشنى تەلەپ قىلسا، جىھادنىڭ شۇ كىشىلەرگە پەرز ئەين بولىدىغانلىقىنى، ئومۇمىيۈزلۈك جىھادقا سەپەرۋەرلىك قىلىنسا، الله ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەردىن باشقا ھېچبىر كىشىنىڭ ئايرىلىپ قالماستىن، جىھادقا چىقىشىنىڭ ۋاجىب بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ انْفِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الْأَرْضِ أَرَضِيتُمْ بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا مِنَ الْآخِرَةِ فَمَا مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فِي الْآخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ۞ إِلَّا تَنْفِرُوا يُعَذِّبْكُمْ عَذَابًا أَلِيمًا وَيَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ وَلَا تَضُرُّوهُ شَيْئًا۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغۇڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن

سىلىنىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر [38]. ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار، الله سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر الله قا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر [39]».① مانا بۇ — جىھاد پەرز ئەين بولىدىغان ھالەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئىككىنچى ھالەت: ئەگەر دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلار شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان بولسا، جىھاد شۇ شەھەردىكى بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن پەرز ئەينگە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئاياللار ۋە جىھاد قىلىشقا قادىر بولالايدىغان قېرىلارمۇ مۇستەسنا بولالمايدۇ. چۈنكى بۇ قوغدىنىش جىھادىدۇر. قوغدىنىش جىھادى بىلەن تەلەپ جىھادى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، قوغدىنىش جىھادىدا بارلىق كىشىلەرنىڭ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن جىھادقا چىقىشى ۋاجىب بولىدۇ.

ئۈچىنچى ھالەت: مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن سەپ تۈزگەندە جىھاد پەرز ئەينگە ئايلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سەپكە ھازىر بولغان ھېچبىر كىشىنىڭ قايتىپ كېتىشى دۇرۇس بولمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا زَحْفًا فَلَا تُوَلُّوهُمُ الْأَدْبَارَ۝ وَمَنْ يُوَلِّهِمْ يَوْمَئِذٍ دُبُرَهُ إِلَّا مُتَحَرِّفًا لِقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزًا إِلَى فِئَةٍ فَقَدْ بَاءَ بِغَضَبٍ مِنَ اللَّهِ وَمَأْوَاهُ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ۝﴾ «ئى مۇئمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار) [15]. كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى

① سۈرە تەۋبە 38- ۋە 39- ئايەت.

دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!»[①]. ھەقىقەتەن، پەيغەمبەر ﷺ جەڭدىن قېچىشنى ئىنساننى ھالاك قىلغۇچى يەتتە تۈرلۈك گۇناھلارنىڭ قاتارىدا سانىغان بولۇپ، «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم» دا مۇشۇ مەزمۇندا ھەدىس بايان قىلىنغان.

تۆتىنچى ھالەت: ئەگەر جىھاد مەيدانىدا مەلۇم بىر خىل قورالنى پەقەت بىر كىشىدىن باشقا كىشى ئىشلىتەلمىسە ۋە ئۇنى پەقەت بىرلا كىشى بىلىدىغان بولسا، مۇسۇلمانلار شۇ كىشىنىڭ مۇشۇ قورالنى ئىشلىتىشىگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، گەرچە قوماندان ئۇ ئادەمنىڭ جىھادقا چىقىشىنى تەلەپ قىلمىسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ جىھادقا چىقىشى پەرز ئەين بولىدۇ. سەۋەبى شۇكى، بۇ قورال شۇ ئادەمنىڭ ئىشلىتىشىگە ئېھتىياجلىقتۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت تۈرلۈك ھالەتتە جىھاد پەرز ئەين بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھالەتلەردە جىھاد پەرز كۇپايە بولىدۇ.

ئالىملار مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى اللە نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن اللە نىڭ دۈشمەنلىرىگە جىھاد قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى، ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش مۇئمىن ۋە كاپىر ئۈچۈن ئورتاق خۇسۇسىيەتتۇر. ئەمما، مۇسۇلمان كىشى اللە نىڭ دىنىنى قوغداش ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ ۋە تۇغۇلغان يۇرتىنى ئۆز ۋەتىنى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىسلام يۇرتى بولغانلىقى ۋە شۇ يۇرتتىكى ئىسلامنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بىز كىشىلەرنى نوقۇل ۋەتەننى ئازاد قىلىشقا ئوخشىغان باتىل غايىلەرگە چاقىرىشنىڭ مۇناسىپ ئىش ئەمەسلىكىنى، دىن ئىشىنىڭ ھەممىدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدىغانلىقىنى، ۋەتەن ۋە يۇرتلارنىڭ پەقەت ئىسلام دىيارى

[①] سۈرە ئەنفال 15 ـ ۋە 16 ـ ئايەت.

بولغانلىقى ئۈچۈن قوغدىلىشقا موھتاج بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىشىمىز لازىم. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ۋەتەن ياكى قەۋم ئۈچۈن جەڭ قىلىش بارچە كىشىلەرگە ئورتاقتۇر. بۇنداق نىيەت ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئەجىر بېرىلمەيدۇ ۋە شەھىدلىككىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «بىر ئادەم غەنىيمەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بىر ئادەم نام ـ ئاتاقفا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بىر ئادەم ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بۇلارنىڭ قايسىسى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟» دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «من قاتل لتكون كلمة اللّه هي العليا فهو في سبيل اللّه» «كىمكى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.[1]

بۇ يەردىكى «كىمكى الله نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا» دېگەن بۇ شەرتكە دىققەت قىلىڭ. ئەگەر سىز ۋەتىنىڭىز ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلسىڭىز، كاپىرلار بىلەن پەرقىڭىز بولماي قالىدۇ. يۇرتىڭىزدا الله نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىڭ. چۈنكى سىزنىڭ يۇرتىڭىز ئىسلام دىيارىدۇر. پەقەت الله نىڭ دىنىنىڭ ھەممىدىن ئالىي بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش الله يولىدىكى جىھاد بولۇپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا يكلم أحد في سبيل اللّه - واللّه أعلم بمن يكلم في سبيله - إلا جاء يوم القيامة وجرحه يثعب دما اللون لون الدم والريح ريح المسك» «الله يولىدا يارىلانغان كىشى (الله ئۆزىنىڭ يولىدا يارىلانغان كىشىنى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ) قىيامەت كۈنى يارىسىدىن قان ئاققان ھالەتتە كېلىدۇ. رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا بولىدۇ».[2]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

سىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كىشىلەرنىڭ الله يولىدىكى شاھادەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن قانداق شەرت قويغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ! يەنە شۇنى قايتا تەكىتلەيمىزكى، ھەقىقىي جىھاد الله نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن قىلىنغان جىھادتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى پەقەت ۋەتەن ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى، بەلكى الله نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنىڭلا توغرا نىيەت ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىشى ۋاجىب. بىر كىشى مەن ۋەتىنىمنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىمەن ۋە ۋەتىنىمنى ئىسلام دۈشمەنلىرىدىن ھىمايە قىلىمەن، چۈنكى مېنىڭ ۋەتىنىم ئىسلامىي ۋەتەن دېگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ نىيىتى توغرا نىيەت ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 4 ـ ھەدىس

عَنْ أَبِي عَبْدُ اللَّهِ جَابِرِ بْنِ عَبْدُ اللَّهِ الأَنْصَارِي رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا، قَالَ: كُنَّا مَعَ النَّبِي - صَلَّى اللَّهُ عَلَيهِ وَسَلَّمَ - فِي غُزَاةٍ، فَقَالَ: «إِنَّ بِالمَدِينَةِ لَرِجَالاً مَا سِرتُمْ مَسِيرًا، وَلاَ قَطَعْتُمْ وَادِيًا، إِلَّا كَانُوْا مَعَكُمْ حَبَسَهُمُ المَرَضُ». وَفِي رِوَايَةٍ: «إِلاَّ شَرَكُوكُمْ فِي الأَجْرِ» رواه مسلم.

وَعَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ: «رَجَعْنَا مِن غَزْوَةِ تَبُوكَ مَعَ النَّبِي - صَلَى اللَّهُ عَلَيهِ وَسَلَّمَ - فَقَالَ: «إِنَّ أَقْوَامًا خَلْفَنَا بِالمَدِينَةِ مَا سَلَكنَا شَعْبًا وَلَا وَادِيًا، إِلاَّ وَهُمْ مَعَنَا؛ حَبَسَهُم العُذْرُ» رواه البخاري.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىز بىر قېتىملىق جىھادتا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە ئىدۇق. ئۇ مۇنداق دېگەن: <شەك ـ شۈبھىسىزكى، كېسەل سەۋەبىدىن مەدىنىدە قېلىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. سىلەر قەيەرگە ماڭساڭلار ۋە ھەرقانداق جىلغىلارنى كېسىپ ئۆتسەڭلار، ئۇلار سىلەر بىلەن بىللە بولغاندەك ھېسابلىنىدۇ>». يەنە

بىر نەقىلدە: «ئۇلار ئەجىردە سىلەر بىلەن ئورتاقتۇر» دەپ كەلگەن.①

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن تەبۇك غازىتىدىن قايتقاندا ئۇ مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن كىشىلەر كەينىمىزدە مەدىنىدە قالدى. مەيلى بىز جىلغىلاردىن ياكى چىغىر يوللاردىن ماڭايلى، ئۇلار بىز بىلەن بىللە. ئۇلار پەقەت ئۆزرە سەۋەبىدىن ئۇرۇشقا چىقالمىدى».②

## شەرھىسى

ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىنسان بىرەر ياخشى ئىش قىلىشنى نىيەت قىلىپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىر بولالمىغان بولسا، ئۇنىڭغا نىيىتىنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ئۆزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بىرەر ياخشى ئەمەلنى مەلۇم ئۆزرىلەر سەۋەبلىك داۋاملاشتۇرالمىغان بولسا، ئۆزرىسى يوق ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش تولۇق ئەجىر يېزىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا مرض العبد أو سافر كتب له مثل ما كان يعمل مقيما صحيحا» «ئەگەر بەندە كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا ساغلام ياكى سەپەرگە چىقمىغان ۋاقىتتا قىلىۋاتقان ئەمەلىنىڭ ساۋابى يېزىلىپ تۇرىدۇ».③

دېمەك، بىرەر ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا بەل باغلاپ، ئۇنى ھەمىشە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان كىشى بىرەر ئۆزرە سەۋەبلىك ئۇنى قىلالمايۋاتقان بولسا، ئۇ كىشىگە شۇ ياخشىلىقنىڭ ئەجرى مۇكەممەل يېزىلىدۇ. مەسىلەن، نامازنى جامائەت بىلەن مەسجىدتە ئوقۇپ ئادەتلەنگەن بىر كىشى ئۇيقۇ ياكى كېسەلگە ئوخشاش بىرەر ئۆزرە سەۋەبلىك مەسجىدكە چىقالمىغان بولسا، ئۇ

① مۇسلىم توپلىغان.
② بۇخارى توپلىغان.
③ بۇخارى توپلىغان.

كىشىگە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغانىنىڭ ئەجرى تولۇق يېزىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، نەپلە نامازنى تاشلىماي ئوقۇيدىغان بىر كىشى بىرەر ئۆزرە سەۋەبلىك نەپلە ناماز ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىسە، ئۇ كىشىگە نەپلە ناماز ئوقۇغانىنىڭ ئەجرى مۇكەممەل يېزىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن بىر كىشى ئۆزرە سەۋەبلىك روزا تۇتالمىغان بولسا، ئۇ كىشىگە روزا تۇتقان كۈنلىرىنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مىساللار ناھايىتى كۆپتۇر.

ئەگەر بىر كىشى ئۆزى قىلىپ ئادەتلەنمىگەن بىرەر ياخشى ئەمەلنى نىيەت قىلىپ ئۇنى قىلمىغان بولسا، ئۇ كىشىگە ئەمەلنىڭ ئەجرى يېزىلماستىن، پەقەتلا نىيەت قىلغانىنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ. تۆۋەندىكى ھەدىس بۇنىڭ دەلىلىدۇر. مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بايلار يۇقىرى دەرىجە ۋە ھەممە ساۋابلارغا ئېرىشىپ كەتتى» دېيىشكەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «أفلا أعلمكم شيئا تدركون به من سبقكم، وتسبقون به من بعدكم، ولا يكون أحد أفضل منكم إلا من صنع مثل ما صنعتم؟» «مەن سىلەرگە ئالدىڭلاردىكىلەرگە يېتىشىۋالىدىغان، سىلەر قىلغاننى قىلغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم سىلەردىن ئارتۇق بولالمايدىغان بىر ئەمەلنى دەپ بېرەيمۇ؟» دېدى، ئۇلار: «شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «تسبحون وتكبرون وتحمدون، دبركل صلاة ثلاثا وثلاثين مرة» «ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىم تەسبىھ، 33 قېتىم تەكبىر ۋە 33 قېتىم ھەمدى ئېيتىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر شۇنداق قىلدى. كېيىن ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ باي قېرىنداشلىرىمىزمۇ بىز قىلغاندەك قىلغىلى تۇردى» دېيىشىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ذلك فضل اللّٰه يؤتيه من يشاء» «بۇ بولسا الله نىڭ پەزلى بولۇپ، الله ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ»

دېدى.[1]

الله تائالا كاتتا پەزلى ـ مەرھەمەت ئىگىسىدۇر. پەيغەمبەرﷺ بۇ يەردە «سىلەر ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىسىلەر» دېمىگەن. بىراق ئۇلارنىڭ قىلغان نىيەتلىرىگە يارىشا ئەجرىگە ئېرىشىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. شۇڭا پەيغەمبەرﷺ الله تائالا ئاتا قىلغان بايلىقلىرىنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلغان بىر كىشى بىلەن «ئەگەر مېنىڭمۇ پالانىدەك مېلىم بولغان بولسا، پالانچى قىلغانىدەك ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلاتتىم» دېگەن كەمبەغەل كىشى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «فهو بنيته، فأجرهما سواء» «ئۇنىڭ نىيىتىگىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى ئەجىردە باراۋەر بولىدۇ».[2] يەنى ئۇ كىشىنىڭ نىيىتىگە يارىشا ساۋاب بېرىلىدۇ. ئەمما ئەمەل قىلغاننىڭ ئەجرىگە ئېرىشىشكە كەلسەك، ئۇ كىشى پۇل ـ مالغا ئېرىشكەندە ياخشىلىق قىلىشقا ئادەتلەنگەن كىشى بولمىسا، ئۇ كىشىگە ئەمەلنىڭ ئەجرى يېزىلمايدۇ.

بۇ ھەدىستىن يەنە شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، قانداق بىر كىشى الله يولىدا غازات ياكى جىھادقا چىقسا، ماڭغان ھەربىر قەدەم ئۈچۈن ئەجىر بېرىلىدۇ. پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن: «ما سرتم مسيرا، ولا قطعتم واديا، إلا كانوا معكم» «مەيلى بىز جىلغىلاردىن ياكى چىغىر يوللاردىن ماڭايلى، ئۇلار بىز بىلەن بىللە». بۇنىڭغا يەنە الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىل بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ لَا يُصِيبُهُمْ ظَمَأٌ وَلَا نَصَبٌ وَلَا مَخْمَصَةٌ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا يَطَئُونَ مَوْطِئًا يَغِيظُ الْكُفَّارَ وَلَا يَنَالُونَ مِنْ عَدُوٍّ نَيْلًا إِلَّا كُتِبَ لَهُمْ بِهِ عَمَلٌ صَالِحٌ إِنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ ۝ وَلَا يُنْفِقُونَ نَفَقَةً صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً وَلَا يَقْطَعُونَ وَادِيًا إِلَّا كُتِبَ لَهُمْ لِيَجْزِيَهُمُ اللَّهُ أَحْسَنَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ ۝﴾ «بۇ (يەنى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

ئۇلارنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىقتا سالىدىغان ھەربىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۇستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇب قىلىش قاتارلىق) ھەربىر نەرسىسى ئۈچۈن (الله نىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ، الله ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ [120]. ئۇلارنىڭ (الله نىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەربىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ [121]»①.

يەنە شۇنىڭدەك، بىر ئادەم ئۆيىدە تاھارەتنى كامىل ئېلىپ ئاندىن پەقەت ناماز ئوقۇش نىيىتىدە مەسجىدكە چىقسا، الله تائالا ئۇنىڭ باسقان ھەربىر قەدىمى ئۈچۈن مەرتىۋىسىنى بىر دەرىجە كۆتۈرۈپ، بىر خاتالىقىنى ئۆچۈرىدۇ.

الله تائالانىڭ ھەربىر ياخشى ئەمەلگە ۋاستە بولىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئۈچۈن ئەجىر ـ ساۋاب ئاتا قىلىشى الله نىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتىنىڭ ناھايىتى كەڭرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 5 ـ ھەدىس

وعن أبي يَزيدَ مَعْنِ بنِ يَزيدَ بنِ الأخنسِ - رضي اللَّه عنهم - وهو وأبوه وَجَدُّه صحابيُّون، قَالَ: كَانَ أبي يَزيدُ أخْرَجَ دَنَانِيرَ يَتَصَدَّقُ بِهَا، فَوَضعَهَا عِنْدَ رَجُلٍ في الْمَسْجِدِ، فَجِئْتُ فأَخذْتُها فَأَتَيْتُهُ بِهَا. فقالَ: واللَّه، مَا إِيَّاكَ أرَدْتُ، فَخَاصَمْتُهُ إِلى رسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - فقَالَ: «لكَ مَا نَوَيْتَ يَا يزيدُ، ولَكَ ما أخَذْتَ يَا مَعْنُ» رواه البخاري.

① سۈرە تەۋبە 120 ـ ۋە 121 ـ ئايەت.

ئەبۇ يەزىد مەئىن ئىبنى يەزىد ئىبنى ئەخنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئاتام يەزىد سەدىقە قىلىش ئۈچۈن مەسجىدتىكى بىر كىشىنىڭ يېنىدا دىنارلارنى قويۇپ قويۇپتۇ. مەن مەسجىدكە كېلىپ ئۇنى ئالدىم. ئاندىن ئاتامنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئاتام: ‹الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ دىنارلارنى ساڭا بېرىشنى مەقسەت قىلمىغان ئىدىم› دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز تالاش ـ تارتىش قىلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا كەلدۇق. پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئى يەزىد! سېنىڭ نىيەت قىلغىنىڭنىڭ ئەجرى ساڭا تېگىشلىك بولدى. ئى مەئىن! سېنىڭ ئالغىنىڭ ساڭا تېگىشلىك بولدى› دېدى».[①]

## شەرھىسى

بۇ ھەدىستە مەئىننىڭ دادىسى يەزىد بىرقانچە دەرھەمنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىش ئۈچۈن مەسجىدتىكى بىر ئادەمنىڭ يېنىغا قويۇپ قويىدۇ. يەزىدنىڭ ئوغلى مەئىن كېلىپ ئۇ دەرھەملەرنى ئالىدۇ. بەلكىم دەرھەملەرنى ساقلاپ تۇرغان كىشى مەئىننىڭ يەزىدنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان بولۇشى ياكى ئۇ ئادەم مەئىننىڭ شۇنىڭغا ھەقلىق كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خەۋەر دادىسى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكەندە، ئوغلىغا: «مەن بۇ دەرھەملەرنى ساڭا سەدىقە قىلىشنى مەقسەت قىلمىغان ئىدىم» دېگەن. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «لك ما نويت يا يزيد ولك ما أخذت يا معن» «ئى يەزىد! سېنىڭ نىيەت قىلغىنىڭنىڭ ئەجرى ساڭا تېگىشلىك بولدى. ئى مەئىن! سېنىڭ ئالغىنىڭ ساڭا تېگىشلىك بولدى» دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «لك ما نويت يا يزيد» «ئى يەزىد! سېنىڭ نىيەت قىلغىنىڭنىڭ ئەجرى ساڭا تېگىشلىك بولدى»

[①] بۇخارى توپلىغان.

دېگەن سۆزى ئەمەللەرنىڭ نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكىگە ۋە ئىنسان ياخشىلىقنى نىيەت قىلسا شۇنىڭغا ئېرىشىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ. يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ دەرھەملەرنى ئوغلىغا بېرىشنى مەقسەت قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئوغلى بۇ سەدىقىگە موھتاج بولغاچقا پۇلنى ئالغان. ئۇ بۇ دىنارنى ئېلىشقا ھەقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: «ولك ما أخذت يا معن» «ئى مەئىن! سېنىڭ ئالغىنىڭ ساڭا تېگىشلىك بولدى» دېگەن.

بۇ ھەدىستىن ئەمەللەرنىڭ نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكى، بىر كىشى ياخشىلىقنى نىيەت قىلىپ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىسىمۇ، نىيىتىگە يارىشا ئەجىرگە ئېرىشىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر شەخسنى زاكات ئېلىشقا لايىق دەپ قاراپ زاكىتىنى ئۇنىڭغا بەرگەن بولسا، كېيىن ئۇ كىشىنىڭ باي ئىكەنلىكى ۋە زاكاتقا لايىق كىشى ئەمەسلىكى ئايدىڭ بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ زاكىتى كۇپايە قىلغان بولىدۇ ۋە زىممىسىدىن ئادا بولغان مەقبۇل زاكات ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم زاكاتنى زاكاتقا لايىق كىشىگە بېرىشنى نىيەت قىلغان. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ نىيىتى مۇشۇنداق بولسا، ئۇ كىشىگە نىيىتىنىڭ ئەجرى بولىدۇ.

ئۇنىڭ قاتارىدىن، بىر كىشى كىچىك بىر ئۆينى ۋەخپە قىلماقچى بولۇپ: «مەن پالانى ئۆيۈمنى ۋەخپە قىلدىم» دەپ چوڭغا ئىشارەت قىلغان بولسا، بىراق بۇ قەلبىدىكى نىيىتىنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئۇ تىلىدىن چىقىپ كەتكىنى بويىچە ئەمەس نىيىتى بويىچە بولىدۇ.

يەنە شۇنىڭ قاتارىدىن، ناۋادا ئۆمرە ھەج بىلەن پەرز ھەجنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلمەيدىغان[1] بىلىمسىز بىر كىشى ئۆمرە ھەج

[1] تەلبى ئېيتقاندا: پەرز ھەج قىلماقچى بولغان كىشى «لبيك اللهم حجا» «ئى الله ! سەن ئۈچۈن پەرز ھەج قىلىمەن»، ئۆمرە ھەج قىلماقچى بولغان كىشى «لبيك اللهم عمرة» «ئى الله ! سەن ئۈچۈن ئۆمرە ھەج قىلىمەن»

قىلىشنى نىيەت قىلغان تورۇقلۇق، باشقىلار بىلەن بىرگە ھەج تەلبىيىسىنى ئېيتقان بولسا، ئۇ كىشى نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ تىلىدىن چىقىپ كەتكەن سۆزلەر قىلماقچى بولغان ئۆمرە ھەجىگە نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ.

يەنە شۇنىڭ قاتارىدىن، ناۋادا بىر ئىنسان ئايالىغا «سەن تالاق» دېگەن بولسا، لېكىن ئۇ ئىنسان نىكاھتىن ئەمەس، باغلاقتىن يېشىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، بۇنىڭ بىلەن ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.[①]

## بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

**ئۆز ئوغلىغا سەدىقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى.** بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى سەدىقە قىلىشقا قىزىقتۇرغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆز مېلىدىن سەدىقە قىلماقچى بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالىغا: «سەدىقىلىرىڭگە مەن ۋە سېنىڭ بالاڭ ئەڭ ھەقلىقمىز» دېگەن. چۈنكى، ئۇ كەمبەغەل كىشى ئىدى. زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن سورىمىغۇچە سىلەرگە سەدىقە قىلمايمەن» دېگەن. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «صدق ابن مسعود زوجك وولدك أحق من تصدقت به عليهم» «ئىبنى مەسئۇد راست ئېيتىپتۇ. سېنىڭ ئېرىڭ ۋە بالاڭ سەدىقە قىلىشىڭغا ئەڭ ھەقلىق» دېگەن.[②]

ئاتىلىق مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن كىشى ئۈستىگە ۋاجىب قىلىنغان خىراجەتلەرنى زاكات بېرىش ئارقىلىق ئادا قىلماسلىقى كېرەك. ئەمما ئوغلى

---

ۋە پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجنى بىرگە قىلماقچى بولغان كىشى «لبيك اللهم عمرة وحجا» «ئى الله ! سەن ئۈچۈن ئۆمرە ھەج ۋە پەرز ھەجنى بىرگە ئادا قىلىمەن» دېيىشى سۈننەتتۇر.

[①] ئەمما بۇ مەسىلىدە تۆت مەزھەب ئالىملىرى «گەرچە تالاق قىلىشنى نىيەت قىلمىسىمۇ، ئىشلەتكەن سۆز ئوچۇق تالاقنى ئۇقتۇرىدىغان سۆز بولغانلىقى ئۈچۈن ئايال كىشى تالاق بولۇپ كېتىدۇ» دەپ قارايدۇ. — تەرجىماندىن.

[②] بۇخارى توپلىغان.

قاتناش ھادىسىگە يولۇققان سەۋەبلىك قەرزدار بولۇپ قالغان بولسا، ئۇستىدىكى قەرزلىرىنى ئادا قىلىۋېلىشى ئۈچۈن قەرزگە يەتكۈدەك مىقداردا پۇل ـ مال بەرسە دۇرۇس بولىدۇ ھەمدە ئۇ كىشىنىڭ زاكىتى ئادا تاپىدۇ. چۈنكى، بالا ئاتىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىدۇر. يەنە كېلىپ ئۇ كىشى بۇ يەردە ئۆز زىممىسىگە يۈكلەنگەن بالىنىڭ خىراجىتىنى قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ۋاجىبنى ساقىت قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئەمەس. بەلكى ئوغلىنىڭ زىممىسىدىكى قەرزنى ئادا قىلىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇ كىشىنىڭ مەقسىتى مۇشۇنداق بولسا، بالىسىغا زاكات بېرىشى دۇرۇس بولىدۇ، الله توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 6 ـ ھەدىس

وعن أبي إسحاقَ سَعدِ بنِ أبي وَقَّاصٍ مالكِ بنِ أُهَيْب بنِ عبدِ منافِ بنِ زُهرَةَ بنِ كلابِ بنِ مُرَّةَ بنِ كعبِ بنِ لُؤَيٍّ القُرشِيِّ الزُّهريِّ - رضي اللَّه عنه - أَحَدِ العَشَرَةِ المشهودِ لهم بالجنةِ - رضي اللَّه عنهم - قَالَ: جاءَنِي رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - يَعُودُنِي عَامَ حَجَّةِ الوَدَاعِ مِنْ وَجَعٍ اشْتَدَّ بِي، فقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللَّه، إنِّي قَدْ بَلَغَ بِي مِنَ الوَجَعِ مَا تَرَى، وَأَنَا ذُو مالٍ وَلا يَرِثُنِي إلا ابْنَةٌ لِي، أفأَتَصَدَّقُ بِثُلُثَيْ مَالِي؟ قَالَ: «لا»، قُلْتُ: فالشَّطْرُ يَا رَسُولَ اللَّه؟ فقَالَ: «لا»، قُلْتُ: فالثُّلُثُ يَا رَسُولَ اللَّه؟ قَالَ: «الثُّلُثُ والثُّلُثُ كَثِيرٌ - أَوْ كبيرٌ - إنَّكَ إنْ تَذَرْ وَرَثَتَكَ أغنِيَاءَ خيرٌ مِنْ أَنْ تَذَرَهُمْ عَالَةً يتكَفَّفُونَ النَّاسَ، وَإنَّكَ لَنْ تُنفِقَ نَفَقَةً تَبْتَغي بِهَا وَجهَ اللَّه إلاَّ أُجِرْتَ عَلَيْهَا حَتَّى مَا تَجْعَلُ فِي فِيِّ امْرَأَتِكَ»، قَالَ: فَقُلتُ: يَا رسولَ اللَّه، أُخَلَّفُ بعدَ أصْحَابي؟ قَالَ: «إنَّكَ لَنْ تُخَلَّفَ فَتعملَ عَمَلاً تبتَغي بِهِ وَجْهَ اللَّه إلاَّ ازْدَدتَ بِهِ دَرَجةً ورِفعَةً، وَلَعلَّكَ أَنْ تُخَلَّفَ حَتّى يَنتَفعَ بِكَ أَقْوَامٌ وَيُضَرَّ بِكَ آخرونَ. اللَّهُمَّ أَمْضِ لأَصْحَابي هِجْرَتَهُمْ ولاَ تَرُدَّهُمْ عَلَى أعقَابهمْ، لكنِ البَائِسُ سَعدُ بْنُ خَوْلَةَ» يَرْثِي لَهُ رَسُولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - أَنْ ماتَ بمَكَّة. مُتَّفَقٌ عليهِ

جەننەتتىن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ بىرى بولغان ئەبۇ ئىسھاق سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ۋىدالىشىش ھەج يىلىدا مەن قاتتىق كېسەل بولۇپ

يېتىپ قالدىم. پەيغەمبەر ﷺ مېنى يوقلاپ كەلدى. مەن: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! سەن كېسىلىمنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن. مەن كۆپ ماللىق ئادەم. مېنىڭ بىرلا قىزىمدىن باشقا مىراسخورۇم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ماللىرىمنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى سەدىقە قىلايمۇ؟» دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ياق» دېدى. مەن: «ئۇنداقتا يېرىمىنى سەدىقە قىلايمۇ» دېدىم، پەيغەمبەر ﷺ «ياق» دېدى. مەن «ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ئۇنداقتا ئۈچتىن بىرى بولسۇن» دېدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۈچتىن بىرى بولسۇن، ئۈچتىن بىرىمۇ كۆپلۈك قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، سېنىڭ ۋارىسلىرىڭنى باي ھالدا قويۇپ قويۇشۇڭ ئۇلارنى كىشىلەرگە موھتاج قىلىپ كەمبەغەل قالدۇرۇشۇڭدىن ياخشىدۇر. ھەقىقەتەن، سەن اللە نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ھەرقانداق خىراجىتىڭ ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئېغىزىغا سالغان بىر لوقما تائامغىمۇ ئەجىر ئالىسەن» دېدى. ئاندىن مەن: «ئى اللە نىڭ ئەلچىسى، مەن كېسەل سەۋەبلىك بۇرادەرلىرىمدىن ئايرىلىپ كەينىدە قالارمەنمۇ؟» دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن ھەرگىز كەينىدە قالمايسەن. كەينىدە قالغان تەقدىردىمۇ اللە رىزالىقى ئۈچۈن قانداق بىر ئەمەل قىلىدىكەنسەن، مەن بىلەن بىللە كەتكۈچىلەرگە ئوخشاش ئۆز ئەمىلىڭ بىلەن دەرىجەڭنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋېرىسەن. سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولۇشى، ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەر سەندىن پايدىلىنىپ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر سەندىن زىيان تارتىشى مۇمكىن» دېدى، ئارقىدىنلا: «ئى اللە! ساھابىلىرىمنىڭ ھىجرىتىنى داۋاملاشتۇرغىن. ئۇلارنى كەينىگە ياندۇرۇۋەتمىگىن» دەپ دۇئا قىلدى ۋە <بىچارە سەئىد ئىبنى خەۋلە> دەپ ئۇنىڭ مەككىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئېچىندى.[1]

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## شەرھىسى

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېسەل بولۇپ قالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى يوقلاپ كەلدى (بۇ مەككىدە بولغان ئىش ئىدى). سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ يۇرتىنى الله ئۈچۈن تەرك ئەتكەن مۇھاجىرلارنىڭ قاتارىدىن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىنىڭ ئىچىدىن كېسەل بولۇپ قالغانلارنى يوقلاشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل، مۇلايىم ۋە كۆيۈمچان كىشى بولۇپ، ھەرقانداق ئىشتا ساھابىلىرىگە ئۈلگە ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يوقلاپ كەلگەندە، ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن كېسەلمنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن. مەن كۆپ ماللىق ئادەم. مېنىڭ بىرلا قىزىمدىن باشقا مىراسخورۇم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ماللىرىمنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى سەدىقە قىلايمۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: «ياق» دېدى. مەن: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇنداقتا يېرىمى بولسۇن» دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: «ياق» دېدى. مەن: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇنداقتا ئۈچتىن بىرى بولسۇن» دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۈچتىن بىرى بولسۇن، ئۈچتىن بىرىمۇ كۆپلۈك قىلىدۇ» دېدى.

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان كىشى بولغاچقا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ مېلىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى سەدىقە قىلىش تەكلىپىگە قوشۇلمىغان. چۈنكى، ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىنىدىغان كېسەلنىڭ مېلى مىراسخورلارنىڭ ھەققىگە ئالاقىدار بولغانلىقى ئۈچۈن، مال ئىگىسىنىڭ ماللىرىنىڭ كۆپرەكىنى سەدىقە قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەمما، تىمەن ھالەتتە ياكى ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىنمايدىغان يەڭگىل كېسەل كىشىنىڭ مېلىنى خالىغانچە سەدىقە قىلىشى

دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن، موھتاجلىقتا قېلىپ قىيىنىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، مېلىنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلماسلىق كېرەك.

مۇھىمى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى مېلىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇقىنى سەدىقە قىلىشتىن توسقان ۋە «الثلث والثلث كثير أو كبير» «ئۈچتىن بىرى بولسۇن، ئۈچتىن بىرىمۇ كۆپلۈك قىلىدۇ» دېگەن.

بۇ ھەدىستە ئۈچنىڭ بىرىدىنمۇ ئاز سەدىقە قىلىشنىڭ ناھايىتى ياخشى ۋە مۇكەممەل سەدىقە ئىكەنلىكىگە دەلىل بار. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «كاشكى، كىشىلەر ئۈچنىڭ بىرىدىن تۆتنىڭ بىرىگە تۆۋەنلىگەن بولسىچۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ: ‹الثلث والثلث كثير› ‹ئۈچتىن بىرى بولسۇن، ئۈچتىن بىرىمۇ كۆپلۈك قىلىدۇ›» دېگەن.[1]

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «الله تائالا رازى بولغان ئىشقا مەنمۇ رازى بولىمەن»[2] دېگەن بولۇپ، شۇڭلاشقا ئۇ ماللىرىنىڭ بەشتىن بىرىنى سەدىقە قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان.

كۆنىمىزدە كىشىلەرنىڭ ماللىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلىشقا بەكرەك مايىل ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. لېكىن ئەڭ ئەۋزەل سەدىقە تۆتتىن بىرىنى ياكى بەشتىن بىرىنى سەدىقە قىلىشتۇر.

فىقھشۇناس ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەگىشىش يۈزىسىدىن سەدىقە قىلماقچى بولغاندا مالنىڭ بەشتىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلىپ ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ئەۋزەلدۇر».

رەسۇلۇللاھ ﷺ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سېنىڭ ۋارىسلىرىڭنى باي ھالەتتە قويۇپ قويۇشۇڭ ئۇلارنى كىشىلەرگە موھتاج قىلىپ كەمبەغەل ھالەتتە

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] عبد الرزاق «المصنف» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

قالدۇرۇشۇڭدىن ياخشىدۇر» دېگەن. يەنى، ماللىرىڭنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىۋەتمەي كۆپ قىسمىنى مىراسخورلارغا قالدۇرۇپ قويۇپ ئۇلارنى بايلىقلارغا ئىگە قىلىشىڭ، ئۇلارغا ھېچنەرسە قالدۇرۇپ قويماستىن ئۇلارنى كىشىلەردىن بىرنەرسە سورايدىغان پېقىر ۋە موھتاج ھالەتتە قويۇپ قويۇشۇڭدىن ياخشىدۇر.

بۇ ھەدىستىن ۋاپات تاپقان كىشىنىڭ ئۆز ۋارىسلىرىغا مال قالدۇرۇپ قويۇشىنىڭ ياخشىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. كىشى مىراسخورلىرىغا قالدۇرۇپ قويغان ماللىرى ئۈچۈن ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى ، سېنىڭ ۋارىسلىرىڭنى باي ھالدا قويۇپ قويۇشۇڭ ئۇلارنى كىشىلەرگە موھتاج قىلىپ كەمبەغەل قالدۇرۇشۇڭدىن ياخشىدۇر». چۈنكى، ۋارىسلارغا مال قالدۇرسىڭىز، ئۇ مال ـ مۈلۈكلەردىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىز پايدىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنى سەدىقە قىلىۋەتسىڭىز، ئۇنىڭدىن يات كىشىلەر پايدىلىنىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سەدىقە قىلىش يات كىشىگە سەدىقە قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سەدىقە قىلىش — سەدىقە ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۇلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەقىقەتەن، سەن الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ھەرقانداق خىراجىتىڭ، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئېغىزىغا سالغان بىر لوقما تائامغىمۇ ئەجىر ئالىسەن» دېگەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ سۆزىدىن الله رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ مال چىقىم قىلغۇچىنىڭ قىلغان سەدىقىسىنىڭ مىقدارىدا ئەجىرگە ئېرىشىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

بۇ ھەدىسنىڭ بۇ بابقا مۇناسىۋەتلىك يېرى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ھەقىقەتەن، الله نىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ قىلغان ھەرقانداق خىراجىتىڭ، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئېغىزىغا سالغان بىر لوقما تائامغىمۇ ئەجىر ئالىسەن» دېگەن سۆزىدۇر. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان «الله نىڭ رىزالىقى» بولسا جەننەتكە كىرىش ۋە الله نىڭ

جامالىنى كۆرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

چۈنكى، جەننەت ئەھلى (اللە مېنى ۋە سىلەرنى ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن!) اللە تائالانى كۆرىدۇ. خۇددى بۇلۇتسىز ئاسماندا قۇياشنى ئوچۇق ھالەتتە كۆرگەندەك ۋە نۇرلۇق كېچىدە تولۇن ئاينى كۆرگەندەك، اللە تائالانى كۆزلىرى بىلەن ئوپئوچۇق ھالەتتە كۆرىدۇ. «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم» دا مۇشۇ مەزمۇندا ھەدىس بايان قىلىنغان. يەنى، ئۇلار اللە نى ھەقىقىي كۆرىدۇ.

«ھەتتا ئاياللىڭنىڭ ئېغىزىغا سالغان بىر لوقما تائامغىمۇ ئەجىر ئالىسەن»

يەنى، اللە رازىلىقى ئۈچۈن ئاياللىڭغا بىر لوقما تائام بەرسەڭمۇ (گەرچە ئەر كىشىنىڭ ئايالىغا نەپىقە بېرىشى ۋاجىب بولسىمۇ ۋە ئايال كىشىنىڭ نەپىقە بەرمىگەن ئەردىن تالاق تەلەپ قىلىش ھەققى بولسىمۇ) ئەجىرگە ئېرىشىسەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، اللە رازىلىقىنى مەقسەت قىلىپ ئايالىغا نەپىقە بەرگەن كىشى، بەرگەن نەپىقىسى ئۈچۈن ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك، كىشى اللە رازىلىقى ئۈچۈن بالىلىرى، ئانىسى ۋە دادىسى، ھەتتاكى ئۆزى ئۈچۈن خىراجەت قىلسىمۇ ئەجىر ـ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

ئاندىن كېيىن سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن كېسەل سەۋەبلىك بۇرادەرلىرىمدىن ئايرىلىپ كەينىدە قالارمەنمۇ؟» دېدى. يەنى، ھەمراھلىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىپ مەككىدە ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنداق بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن ھەرگىز كەينىدە قالمايسەن. كەينىدە قالغان تەقدىردىمۇ اللە رىزالىقى ئۈچۈن قانداق بىر ئەمەل قىلىدىكەنسەن، مەن بىلەن بىللە كەتكۈچىلەرگە ئوخشاش ئۆز ئەمىلىڭ بىلەن دەرىجەڭنى ئاشۇرۇۋېرىسەن» دېگەن. يەنى، ناۋادا سەن ئايرىلىپ قېلىپ مەككىدىن چىقىپ كېتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدىڭ دەپ پەرەز قىلىنىدىمۇ دەيلى، ئەگەر اللە رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەل قىلساڭ، اللە

ئۇنىڭ بىلەن سىنىڭ مەرتىۋەڭنى ۋە دەرىجەڭنى ئۈستۈن قىلىدۇ. گەرچە سەن مەككىدە تۇرۇپ ئەمەل ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانساڭمۇ، الله تائالا سېنى نازۇنېئمەتلىك جەننەتلىرىدە يۇقىرى دەرىجىلىرىگە كۆتۈرىدۇ. مەككىدە قېلىپ قالغانلىقىڭ مۇھاجىرلىقىڭغا نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ.

ئاندىن، پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن ﷺ: «سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن» يەنى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈڭ مۇمكىن. بۇ راستتىنلا يۈز بەرگەن ئىش بولۇپ، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن. ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئون يەتتە ئوغۇل ۋە ئون ئىككى قىز پەرزەنتى بولغان. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بولسا ئۇنىڭ پەقەت بىرلا قىزى بار ئىدى. ئەمما ئۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى ۋە ئۇنىڭغا ئون يەتتە ئوغۇل، ئون ئىككى قىز پەرزەنت ئاتا قىلىندى.

پەيغەمبەر ﷺ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولۇشى، ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەر سەندىن پايدىلىنىپ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر سەندىن زىيان تارتىشى مۇمكىن» دېگەن. ھەقىقەتەن، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى ۋە نۇرغۇنلىغان شەھەرلەرنىڭ فەتھە قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئۇنىڭدىن مۇسۇلمانلار پايدىلاندى، كاپىرلار زىيان تارتتى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ: «ئى الله ! ساھابىلىرىمنىڭ ھىجرىتىنى داۋاملاشتۇرغىن» دەپ دۇئا قىلغان. پەيغەمبەر ﷺ الله تائالادىن ساھابىلىرىنىڭ ھىجرىتىنى داۋام قىلىپ بېرىشىنى سورىغان. مانا بۇ ئىككى ئىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ:

بىرى، ئۇلارنىڭ ئىمان ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشى. چۈنكى ئىنسان ئىمان ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغاندىلا قىلغان ھىجرىتى ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرالايدۇ.

ئىككىنچى، مەككىدىن الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن

ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلاردىن ھېچبىرىنىڭ مەككىگە قايتىپ كەتمەسلىكى. چۈنكى، سىز بىر يۇرتتىن الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ چىقسىڭىز، ئۇ يۇرت قايتىۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان سەدىقە مالىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. مانا شۇنىڭدەك، ئىنسان الله ئۈچۈن تەرك ئەتكەن ھەرقانداق نەرسىگە قايتىۋالالمايدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشايدىغان مىساللارنىڭ بىرى شۇكى، بەزى كىشىلەر تېلېۋىزور كۆرۈش سەۋەبلىك بەزى گۇناھلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، الله رىزالىقى ئۈچۈن تېلېۋىزورلارنى ئۆيلىرىدىن يىراقلاشتۇردى. دەل ئەنە شۇنداق كىشىلەر مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن: «تېلېۋىزورنى ئۆيگە قايتا ئەكىرىشكە بولامدۇ؟» دەپ سوراۋاتىدۇ. بىز جاۋاب بېرىپ ئېيتىمىزكى، «ياق، سىلەر ئۇنى الله ئۈچۈن ئۆيلىرىڭلاردىن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنى ئۆيگە قايتا ئېلىپ كىرمەڭلار. چۈنكى، ئىنسان بىرنەرسىنى الله ئۈچۈن تەرك ئەتسە، ئۇنىڭغا قايتىۋېلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ﷺ رەببىدىن ساھابىلىرىنىڭ ھىجرىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ بېرىشىنى سورىغان.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ئۇلارنى كەينىگە قايتۇرۇۋەتمىگىن» دېگەن سۆزىنىڭ كۆرسىتىدىغىنى — ئۇلارنى ئىماندىن قايتىپ مۇرتەد بولۇپ كېتىشتىن ساقلىغىن دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، كۇفۇر دېگەن ئارقىغا چېكىنىش، ئىمان دېگەن ئالغا ئىلگىرىلەش دېمەكتۇر. مانا بۇ — دىنسىزلارنىڭ كۈنىمىزدە قىلىۋاتقان دەۋالىرىنىڭ قارىمۇقارشىسى بولۇپ، ئۇلار «ئىسلامنى قالاق» دەپ سۈپەتلەپ: «تەرەققىيات دېگەن ئىنساننىڭ ئىسلامدىن يېنىپ ئىلمانى بولۇشىدۇر» دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇلار ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ، پاسىقلىق بىلەن ئىتائەتنىڭ ئارىسىنى ئايرىمايدۇ (الله قا سېغىنىپ بۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمىز). ئەمەلىيەتتە، ئىمان دېگەن تەرەققىيات دېمەكتۇر. خۇددى پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلارنى

كەيىنكە قايتۇرۇۋەتمىگىن» دېگىنىدەك، ھەقىقىي تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر — مۇئمىنلەردۇر.

## بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

**كېسەل يوقلاشنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتى ئىكەنلىكى.** چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يوقلاپ بارغان. كېسەل يوقلاشنىڭ زىيارەت قىلغۇچى ۋە كېسەل كىشى ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىسى بار.

كېسەل يوقلىغان كىشى بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، كېسەللەرنى يوقلاش — مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلەرنىڭ بىرىدۇر. «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم» دا مۇشۇ مەزمۇندا ھەدىس بايان قىلىنغان.

كىشى مۇسۇلمان قېرىندىشىنى يوقلاش ئۈچۈن قەدەم ئالسا، گوياكى جەننەت باغچىلىرىدا يۈرگەندەك ۋە قايتىپ كەلگەنگە قەدەر جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزگەندەك بولىدۇ. «سەھىھ مۇسلىم» دا مۇشۇ مەزمۇندا ھەدىس بايان قىلىنغان.

كېسەل يوقلىغان كىشى الله تائالانىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان ساغلاملىق نېئمىتىنى ئەسلەيدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق نەرسە ئۆزىنىڭ قارىمۇقارشىسى بىلەن تونۇلىدىغان بولغاچقا، ئىنسان كېسەل بولۇپ قالغان كىشىنىڭ زەئىپ ھالىتىنى كۆرۈپ، الله تائالانىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان ساغلاملىق نېئمىتىنىڭ قەدرىنى تونۇپ يېتىدۇ.

كېسەل يوقلاش قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ. ئىنسان كېسەل كىشىنى يوقلىغاندا كېسەل كىشىنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس ئەسلەتمىنى قالدۇرىدۇ. كېسەل كىشى ساقايغاندا ئۇنىڭ بىلەن قايتا ئۇچراشسا قالسا قەلبى مىننەتدار بولۇپ خۇرسەنلىككە تولىدۇ.

بىمار كىشىگە كەلسەك، ئۇ ئۆزىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنى كۆرۈپ كۆڭلى ئېچىلىدۇ ۋە غەم-ئەندىشىسى يوقۇلۇپ، كېسىلىنىڭ شىپا تېپىشىغا پايدىسى بولىدۇ. بەزىدە كېسەل يوقلاپ كەلگەن كىشى توغرىغا مۇۋەپپەق قىلىنغان سالىھ كىشى بولىدۇ-دە، كېسەل كىشىگە ياخشى ئەمەللەرنى، تەۋبىنى ۋە ۋەسىيەت قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر بولسا ۋەسىيەت قىلىپ قويۇشنى ئەسلىتىدۇ. ئەگەر كېسەل كىشى ئۈستىدىكى قەرز ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر ئىشنى ۋەسىيەت قالدۇرۇشنى ئويلاپ تۇرۇۋاتقان بولسا، زىيارەتكە كەلگەن كىشى ئارقىلىق ھاجەتلىرىنى ئادا قىلالايدۇ. بۇنداق ھالەتتە، كېسەل كىشى زىيارەت قىلىپ كەلگەن كىشى ئارقىلىق كۆپلىگەن پايدىغا ئېرىشىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار مۇنداق دېگەن: «كېسەل يوقلىغان كىشى <الله خالىسا، سىز بۈگۈن ياخشىلىق ئىچىدە> دېگەندەك ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق كېسەلنى خۇرسەن قىلىشى كېرەك. ئەمما، كېسەلگە: <سىز بۈگۈن ياخشى بولۇپ كېتىپسىز> دېمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، كېسەل كىشىنىڭ ئەھۋالى تۈنۈگۈنكىدىن ئېغىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن: <سىز بۈگۈن ياخشىلىق ئىچىدە دېسە> بولىدۇ. چۈنكى، مۇئمىن كىشى بىرەر قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسۇن ياكى بىرەر خۇشاللىققا ئېرىشسۇن ھەرقانداق ھالەتتە ياخشىلىق ئىچىدە بولىدۇ. <سەھىھ مۇسلىم> دا مۇشۇ مەزمۇندا ھەدىس بايان قىلىنغان. شۇڭا <الله قا ھەمدۇ-سانا بولسۇنكى، سىز بۈگۈن ياخشىلىق ئىچىدە> دېگەندەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان كېسەلنى خۇرسەن قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلسا بولىدۇ».

ئەجەل ئاللىبۇرۇن پۈتۈۋېتىلگەن نەرسە بولغاچقا، بىمار كىشىنىڭ ئەجىلى توشۇپ قالغان بولسا، مۇشۇ كېسىلى ئارقىلىق ئۆلۈپ كېتىشى؛ ئەگەر دۇنيادا رىزقى بولسا ھايات قېلىشىمۇ مۇمكىن. بىمارغا تەۋبىنى ئەسلىتىش مۇھىم

ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئەمما بۇنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېيتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بىمار ئۆز كۆڭلىدە: «كېسىلىم خەتەرلىك بولمىغان بولسا تەۋبىنى ئەسلەتمەيتتى» دەپ ئويلاپ بىئارام بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەۋبىگە رىغبەتلەندۈرىدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق بىمارغا تەۋبە قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ئەسلىتىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ئۇسۇللار بىلەن ۋەسىيەت قالدۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى بىمارنىڭ سەمىگە سېلىش كېرەك. كېسەل كىشىگە: «ۋەسىيەت قىلغىن. چۈنكى، ئەجىلىڭ يېقىنلاپ قالدى» دېيىلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا ۋەسىيەت ھەققىدە كەلگەن قىسسىلەر ئەسلىتىلىدۇ. مەسىلەن، «پالانىنىڭ قەرزى بار ئىدى. ئۇ ئىشلىرىغا پۇختا ئادەم ئىدى، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا قەرزىنى ئادا قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىپتۇ» دېگەندەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان كېسەل بىئارام بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ.

ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىمارنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئاڭلاشقا ئىشتىياقى بارلىقى بايقالسا، ئۇنىڭغا قۇرئان ئوقۇپ بېرىش ۋە پەيغەمبەر ﷺ دىن نەقىل قىلىنغان دۇئالار بىلەن ئۇنىڭغا رۇقىيە ئوقۇپ قويسا بولىدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: ‹أَذْهِبْ الْبَاسَ رَبَّ النَّاسِ وَاشْفِ أَنْتَ الشَّافِي لَا شِفَاءَ إِلَّا شِفَاؤُكَ شِفَاءً لَا يُغَادِرُ سَقَمًا› ‹ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئاغرىقنى كەتكۈزگىن ۋە شىپالىق بەرگىن. سەنلا شىپالىق بەرگۈچىسەن. سېنىڭ شىپالىقىڭدىن باشقا شىپالىق يوقتۇر. ھېچقانداق كېسەل قويمايدىغان شىپالىق بەرگىن›[1] دېگەن سۆزىگە ئوخشاش. يەنە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: ‹رَبُّنَا اللَّهُ الَّذِي فِي السَّمَاءِ، تَقَدَّسَ اسْمُكَ، أَمْرُكَ فِي السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ، كَمَا رَحْمَتُكَ فِي السَّمَاءِ، فَاجْعَلْ رَحْمَتَكَ فِي الْأَرْضِ، اغْفِرْ لَنَا حُوبَنَا وَخَطَايَانَا، أَنْتَ رَبُّ الطَّيِّبِينَ، أَنْزِلْ رَحْمَةً مِنْ رَحْمَتِكَ، وَشِفَاءً مِنْ شِفَائِكَ عَلَى هَذَا الْوَجَعِ› «‹ئى بىزنىڭ ئاسماندىكى رەببىمىز! نامىڭ مۇقەددەس، ئەمرىڭ ئاسمان بىلەن زېمىندا ھۆكۈم

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

سورىدۇ. رەھمىتىڭنى ئاسمان ئەھلىگە ئاتا قىلغاندەك، زېمىن ئەھلىگىمۇ ئاتا قىلغايسەن. چوڭ گۇناھلىرىمىزنى، شۇنداقلا بارلىق خاتالىقلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. سەن گۇناھلاردىن پاك بولغۇچىلارنىڭ پەرۋەردىگارىسەن. مۇشۇ ئاغرىققا رەھمەت قىلىپ شىپالىق بەرگىن»>[1] دېگەنگە ئوخشىغان دۇئالارنى قىلىسىمۇ ياكى ئۇنىڭغا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ قويسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، سۈرە فاتىھە چايان ياكى يىلان چېقىۋالغانلارغا ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان كېسەللەرگە ئوقۇلىدىغان رۇقيىدۇر. «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم» دا مۇشۇ مەزمۇندا ھەدىسلەر نەقىل قىلىنغان.

كېسەل يوقلىغان كىشى بىمارنىڭ رۇقيى ئوقۇپ قويۇشىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇنىڭ رۇقيى ئوقۇپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇرلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن رۇقيى ئوقۇپ قويسا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يدخل الجنة من أمتي سبعون ألفا بغير حساب ولا عذاب ... فقال: هم الذين لا يسترقون، ولا يتطيرون، ولا يكتوون، وعلى ربهم يتوكلون» «ئۈممىتىمدىن يەتمىش مىڭ كىشى جەننەتكە ھېسابسىز ۋە ئازابسىز كىرىدۇ... ئۇلار رۇقيى ئوقۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلمايدىغان، شۇم پال ئالمايدىغان، داغلاپ داۋالانمايدىغان ۋە رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەردۇر».[2]

پەيغەمبەر ﷺ سۈپەتلىگەن «رۇقيى ئوقۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلمايدىغان» كىشىلەر بىر ئادەمدىن ئۆزىگە رۇقيى ئوقۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. شۇڭا سىز بىمار كىشىنىڭ سىزدىن رۇقيى ئوقۇپ قويۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىسىڭىز، ئۇنىڭغا رۇقيى ئوقۇپ قويۇڭ!

يەنە شۇنىڭدەك، بىمار سىزنىڭ يېنىدا ئۇزۇنراق تۇرۇشىڭىزنى خالىسا، ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزۇنراق تۇرۇڭ ۋە ئۇنى خۇرسەن قىلىڭ! بەزىدە كېسەل

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كىشىدىكى قەلب خۇرسەنلىكى ئۇنىڭ ساقىيىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭ يېنىدا قىلىپ قىلىشىڭىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايقىسىڭىز، ئۇنىڭ يېنىدا ئۇ زېرىككەنگە قەدەر ئۇزۇن ئولتۇرۇڭ. ئەمما، سىز بىمارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قىلىشىڭىزنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ياكى يېنىدىن كېتىشىڭىزنى ۋە ئەھلى-بالىلىرى ھازىر بولسا، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايقىسىڭىز ئۇزۇن تۇرۇپ قالماڭ، ئۇنىڭدىن ھال-ئەھۋال سوراپ تېزلا قايتىپ كېتىڭ!

**پەيغەمبەر ﷺ نىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق ئىكەنلىكى.** پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەخلاقلىق كىشى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ن وَالْقَلَمِ وَمَا يَسْطُرُونَ۞ مَا أَنْتَ بِنِعْمَةِ رَبِّكَ بِمَجْنُونٍ۞ وَإِنَّ لَكَ لَأَجْرًا غَيْرَ مَمْنُونٍ۞ وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيمٍ۞**﴾ «نۇن. قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى [1]، (ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېئمىتى بىلەن، (مۇشرىكلار ئېيتقاندەك) مەجنۇن ئەمەسسەن [2]. مۇقەررەركى، سەن ئەلۋەتتە ئۈكسىمەس ساۋابقا ئېرىشىسەن [3]. (ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن [4]»①. دېمەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل ۋە ئالىيجاناب كىشىدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىنى يوقلايتتى، ئۇلارنى زىيارەت قىلاتتى ۋە ھەتتا كىچىك بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالسىمۇ ئۇلارغا سالام قىلاتتى.

**ھەرقانداق ئىشلارنى ئىلىم ئەھلىگە مەسلىھەت سېلىش كېرەكلىكى.** چۈنكى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېلىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە قىلماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ﷺ گە مەسلىھەت سېلىپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن كېسىلىمنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن. مەن كۆپ ماللىق ئادەم.

① سۇرە قەلەم 1- ئايەتتىن 4- ئايەتكىچە.

مېنىڭ بىرلا قىزىمدىن باشقا مىراسخورۇم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ماللىرىمنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى سەدىقە قىلايمۇ؟»» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ ھەدىستىن ئىلىم ۋە پىكىر ئەھلىگە مەسلىھەت سېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. يەنى، ھەربىر ئىنساندىن ئۆز يولىدا مەسلىھەت ئېلىش كېرەك. مەسىلەن، دىنغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىشقا قەدەم ئالماقچى بولسىڭىز، دىنىي ئىلىم ئەھلىگە مەسلىھەت سېلىڭ! چۈنكى، ئۇلار دىنىي ئىشلارنى باشقىلاردىن ياخشى بىلىدۇ. ئەگەر ئۆي سېتىۋالماقچى بولسىڭىز، ئۆي-مۈلۈك شىركىتىدىكى كىشىلەرگە مەسلىھەت سېلىڭ! ئەگەر ماشىنا سېتىۋالماقچى بولسىڭىز، ماشىنىنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى بىلىدىغان كىشىلەرگە مەسلىھەت سېلىڭ! شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىستىخارە سالغان كىشى زىيان تارتمايدۇ. مەسلىھەت سالغان كىشى پۇشايمان قىلمايدۇ» دېيىلگەن.

بىر كىشىنىڭ ئۆزىنى ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان، مۇكەممەل ئىنسان دەپ ئويلىۋېلىشى ئەڭ چوڭ خاتالىق بولۇپ، مۇكەممەللىكنى قانچە كۆپ دەۋا قىلغان كىشىنىڭ شۇنچە كۆپ خاتالىقى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇممەتنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار ئىشلاردا باشقىلارنىڭ مەسلىھەت ۋە تەكلىپ-پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئىنساننى ئالدىراقسانلىق ۋە قىزىققانلىق تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان سەلبىي ئاقىۋەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ پىتنىدىن قورقۇپ كەئبىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قۇرغان ئۇلىغا قۇرۇش نىيىتىدىن ۋاز كەچكەن ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «ئەگەر قەۋمىڭ كۇفرىدىن يېڭىلا قۇتۇلمىغان بولسا ئىدى، مەن كەئبىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قۇرغان ئۇلىغا بىنا قىلغان بولاتتىم.

كىشىلەرنىڭ بىر ئىشىكتىن كىرىپ، يەنە بىرىدىن چىقىشى ئۈچۈن ئىككى ئىشىك قويغان بولاتتىم» دېگەن.① گەرچە بۇ، كىشىلەرنىڭ كەئبىگە كىرىشىنى قولايلاشتۇرىدىغان مەنپەئەتلىك ئىش بولسىمۇ، پەيغەمبەر ﷺ پىتنىدىن قورقۇپ بۇنداق قىلىشتىن ۋاز كەچكەن.

بەلكى بۇنىڭدىنمۇ كاتتىسى شۇكى، مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرى تىللىنىشقا، ئەيىبلىنىشكە ۋە باشقىلارنى ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندۈرۈشكە لايىق بولسىمۇ، الله تائالانىڭ مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنى تىللاشتىن توسۇشىدۇر. چۈنكى، مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنى تىللاش بارچە ئەيىب ۋە نۇقساندىن پاك بۈيۈك رەبنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَسُبُّوا الَّذِينَ يَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ فَيَسُبُّوا اللَّهَ عَدْوًا بِغَيْرِ عِلْمٍ كَذَلِكَ زَيَّنَّا لِكُلِّ أُمَّةٍ عَمَلَهُمْ ثُمَّ إِلَى رَبِّهِمْ مَرْجِعُهُمْ فَيُنَبِّئُهُمْ بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ «مۇشرىكلارنىڭ خۇدانى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ الله نى تىللايدۇ. شۇنىڭدەك بىز ھەر ئۇممەتكە ئۇلارنىڭ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق، ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايى الله نىڭ دەرگاھىدۇر، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ (يەنى ياخشىغا مۇكاپات بېرىدۇ، يامانىنى جازالايدۇ)»②.

شۇنى بىلىش كېرەككى، گەرچە بىرەر ئىشنىڭ ياخشىلىق ئىكەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ، ئۇنى ھېكمەت، ئەقىل، مەسلىھەت ئەلگەكلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ مۇناسىپ ماكان ياكى زاماندا بايان قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ يېتىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بىر ئىشقا قەدەم ئېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىدە پاكىت بولۇشى ئۈچۈن ئىلىم ۋە توغرا پىكىر ئىگىلىرىگە مەسلىھەت سېلىشى

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② سۈرە ئەنئام 108 ـ ئايەت.

كېرەك. چۈنكى الله تائالا مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى، توغرا پىكىرلىك ۋە ئەڭ سەمىمىي زات مۇھەممەد ﷺ گە مۇنداق دېگەن: ﴿**فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ**﴾ «ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، اللهقا تەۋەككۈل قىلغىن»[1]. الله تائالا رەسۇلۇللاھ ﷺ دەك ئۆتكۈر پىكىرلىك، ئەقلى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ سەمىمىي كىشىنىمۇ باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرۇغان.

بەزى كىشىلەر ئۆزىچە ھاياجانلىنىپ كېتىپ: «مەن بۇ ئىشنى الله رىزالىقى ئۈچۈن قىلىپ ھەقنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. مېنى الله ھەققىدە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتى قورقۇتالمايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئاقىۋەت، بۇنداق يەڭگىلتەكلىك بىلەن قىلىنغان ئىش كىشىنى پۇشايمان ۋە نادامەتكە دۇچار قىلىدۇ. چۈنكى، ھېسسىياتقا تايىنىپ ھۆكۈم قىلغان ۋە ھېسسىياتقا ئەگەشكەنلەر كۆپىنچە ھالدا ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە ۋە نەتىجىلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، پايدا ـ زىياننى دەڭسىيەلمەيدۇ. گەرچە بۇنداق كىشىلەرنىڭ نىيىتى خالىس ۋە مۇددىئاسى توغرا بولسىمۇ، ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي مۇسۇلمانلار ئارىسىغا پىتنە ـ پاسات ۋە ئىختىلاپ پەيدا قىلىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، نىيەتنىڭ ياخشى بولۇشى بىلەن قىلغان ئىشنىڭ ياخشى بولۇشى ئوتتۇرىسىدا ئالەمچە پەرق بار.

ياخشى نىيەتلىك كىشىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ياخشى بولۇشى ناتايىن، ئەمما يامان غەرەزلىك كىشىنىڭ قىلغان ئىشلىرى يامانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پەرق شۇ يەردىكى، ناچار كىشى يامان غەرىزىگە يېتىش ئۈچۈن قىلمىشلىرىنى ئاقلاشقا ۋە ياخشى كۆرسىتىشكە

[1] سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇرۇنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتا نىيەت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى نىيىتىگە قاراپ باھا بېرىلىدۇ. يامانلىققا چۈشۈپ قالغان كىشى سەمىمىيلىكى ۋە ئاقكۆڭۈللۈكى بىلەن تونۇلغان كىشى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ خاتالىقلىرىغا ئۆزرە بېرىلىدۇ ۋە ئۇ كىشىنى ھېكمەتكە مۇۋاپىق بولمىغان بۇ ئىش توپەيلى كەمسىتىش، ئەيىبلەش ۋە ئېغىر تەلەپلەرنى قويۇش دۇرۇس بولمايدۇ. بەلكى ئۇ كىشىگە: «ئى قېرىندىشىم! سىزنىڭ بۇ سۆزىڭىز ياكى بۇ ئىشىڭىزنىڭ ئۆزى توغرا ۋە ياخشى ئىش، ئەمما ئۇنى بۇنداق شارائىتتا قىلىشىڭىز توغرا ئەمەس» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىنىدۇ.

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدىن ئىنساننىڭ ئىلىملىك ۋە تەدبىرلىك كىشىلەردىن مەسلىھەت سوراپ ئىش قىلىشىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ ھەدىستىن ئىنساننىڭ ئۆزىدىنمۇ پىكرى مۇكەممەل ۋە ئىلمى كۆپ كىشىگە مەسلىھەت سېلىش كېرەكلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

**مەسلىھەت سالماقچى بولغان كىشىنىڭ توغرا مەسلىھەتكە ئېرىششى ئۈچۈن مەسلىھەت سورايدىغان كىشىگە ئىشلارنىڭ سەۋەبى ۋە شارائىتلىرىنى تەپسىلي بايان قىلىپ بېرىشى كېرەكلىكى.** شۇنىڭ ئۈچۈن سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن كېسىلىمنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن. مەن قول ئىلكىمدە بار ھاللىق ئادەم. مېنىڭ بىرلا قىزىمدىن باشقا مىراسخورۇم يوق» دېگەن. ئۇنىڭ: «مەن قول ئىلكىمدە بار ئادەم» دېگەن سۆزى سەدىقە قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىش بولسا، «مېنىڭ بىرلا قىزىمدىن باشقا مىراسخورۇم يوق» دېگەن سۆزى، چەكلىمىنىڭ يوقالغانلىقىنى بايان قىلىشتۇر. يەنى، ئۇنىڭ بىرلا قىزىدىن باشقا ۋارىسىنىڭ يوقلۇقى ئۇنى سەدىقە قىلىشتىن توسىدىغان باشقا نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەسلىھەت بەرگۈچى باشقىلارنىڭ رايىغا بېقىپ مەسلىھەت بېرىشتىن ساقلىنىشى، مەسلىھەت سالغۇچىغا اللہ رىزالىقى ئۈچۈن توغرا ۋە خالىس مەسلىھەت بېرىشى كېرەك. بىر كىشى ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاش ھەققىدە قارار چىقىرىشتىن ئىككىلەنسە ۋە شۇنىڭ ئىچىدىن بىرىگە مايىل بولسا، مەسلىھەت بەرمەكچى بولغان كىشى مەسلىھەت سالغۇچىنىڭ مايىل بولغان پىكرىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى بىلەن ھېسابلاشماي ئۇ كىشىگە: «سىز مۇناسىپ كۆرگەن ئىشقا مەنمۇ قوشۇلىمەن» دېسە، ئۇ كىشى مەسلىھەت سالغۇچىغا خىيانەت قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسلىھەت بەرگۈچى توغرا ۋە ھەق دەپ قارىغان پىكرىنى قارشى تەرەپ رازى بولسۇن ياكى بولمىسۇن بايان قىلىشى ۋاجىبتۇر. پەقەت مۇشۇنداق قىلغان ۋاقىتتىلا مەسلىھەت بەرگۈچى ئۆز ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلغان بولىدۇ. مەسلىھەت سالغۇچىنىڭ بېرىلگەن مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىقى ئۆزىنىڭ ئىختىيارى. ئەمما سىزنىڭ مەسلىھەت سالغان كىشىنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ نىيىتىنى مەقسەت قىلغۇاتقانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقىپ، شۇ بويىچە مەسلىھەت بېرىشىڭىز ئېغىر خاتالىق ۋە خىيانەتتۇر. چۈنكى سىز بەزىدە مەسلىھەت سالغان كىشىنىڭ سۆزىدىن ئۇ مەقسەت قىلمىغان خاتا يەكۈننى خۇلاسىلەپ چىقىشىڭىز مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا سىز ئىككى تەرەپتىن خاتالاشقان بولىسىز.

1. خاتا يەكۈن چىقىرىش.
2. يامانلىقنى مەقسەت قىلىش.

**ھەدىستىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ «ياق» دېگەن سۆزىدىن ئىنساننىڭ «ياق» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنى ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىغا دەلىل بار.** پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ «ياق» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنلىكىگە تۆۋەندىكى ھەدىس دەلىلدۇر.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆگىسى ھېرىپ قالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا يېتىشىپ كەلدى. چۈنكى، ئۇ ئۇممىتىگە بەك كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈچۈن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كارۋاننىڭ ئاخىرىدا ماڭاتتى. ئەگەر بىرەر كىشى ياردەمگە موھتاج بولسا ئۇنىڭغا ياردەم بېرەتتى. سىز بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەقەدەر كەمتەر كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيسىز!

پەيغەمبەر ﷺ تۆگىنى ئۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى ۋە «بعنيه بأوقية» «ئۇنى ماڭا بىرقانچە ئۇقىيەگە سېتىپ بەرگىن» دېگەنىدى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ياق» دېدى.[①] پەيغەمبەر ﷺ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «ياق» دېگەن سۆزىنى رەت قىلمىغان. شۇنىڭدەك، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ گە: «مېلىمنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى سەدىقە قىلايمۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ «ياق» دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «ياق» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش ھېچبىر ئەيىب ۋە ئەخلاقسىزلىققا دالالەت قىلىدىغان ئىش ئەمەس. كۆپلىگەن كىشىلەر ھازىر «ياق» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا «سالامەت بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېيىشىۋاتىدۇ. باشقىلارغا سالامەتچىلىك تىلەپ دۇئا قىلىش ياخشى، ئەمما «ياق» دېيىشمۇ ئەيىبلىك ئىش ئەمەس.

**ئۆلۈپ كېتىشى ئەندىشە قىلىنىدىغان كېسەل كىشىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپ مېلىنى سەدىقە قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. ئەمما ۋارىسلىرى ئىجازەت بەرگەن بولسا دۇرۇس بولىدۇ.** چۈنكى ئىنسان كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەر ۋارىسلارنىڭ ھەققىگە چېتىشلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ئۈچتىن بىرى بولسۇن، ئۈچتىن بىرىمۇ كۆپلۈك قىلىدۇ» دېگەن سۆزى دەلىلدۇر.

بۇ ھەدىستىن كېسەل ھالەتتىكى كىشى مال سەدىقە قىلغاندا مېلىنىڭ

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۆچتىن بىرىدىنمۇ ئاز سەدىقە قىلىشى كېرەك ئىكەنلىكىگە دەلىل چىقىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئۆچىنىڭ بىرىدىن تۆتىنىڭ بىرىگە تۆۋەنلىگەن بولسا ياخشى بولاتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ: <ئۆچتىن بىرى بولسۇن، ئۆچتىن بىرىمۇ كۆپلۈك قىلىدۇ> دېگەن».[1]

**ئۆلۈپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلىنىدىغان كىشىنىڭ سەدىقە قىلىش، مەسجىد سېلىشقا ھەمكارلىشىش ياكى ھەدىيە قىلىش ئۆچۈن مېلىنىڭ ئۆچتىن بىرىدىن كۆپىنى خەيرى - ئېھسان قىلىشى دۇرۇس ئەمەس.** چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مېلىدىن ئۆچتىن بىرىدىن ئارتۇق سەدىقە قىلىشىنى توسقان.

ۋەسىيەت قىلىش خەيرى - ئېھسان قىلىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، ئۆلۈش ئالدىدىكى كىشىنىڭ مېلىنىڭ ئۆچتىن بىرىدىن كۆپ خەيرى - ئېھسان قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. شۇڭا ۋەسىيەت ئۆچىنىڭ بىرىدىن ئاز بولۇشى كېرەك.

مالنىڭ بەشتىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلىش ئەڭ ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن الله تائالا رازى بولغان ئىشقا (بەشنىڭ بىرىگە) رازى بولىمەن». شۇڭا ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەشنىڭ بىرىنى ۋەسىيەت قىلغان. مۇشۇ سەۋەبتىن فىقھشۇناس ئالىملىرىمىز: «ئەگەر ئىنسان كۆپ مال قالدۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، بەشنىڭ بىرىدە ۋەسىيەتنى كۆچكە ئىگە قىلىش سۈننەت» دەپ قارىغان.

**ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ مېلى ئاز، ۋارىسلىرى كەمبەغەل بولسا، ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، بىرنەرسىنى ۋەسىيەت قىلماسلىقى ئەۋزەلدۇر.** بۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «شەك - شۈبھىسىزكى، سېنىڭ ۋارىسلىرىڭنى باي ھالدا قويۇپ قويۇشۇڭ. ئۇلارنى كىشىلەرگە موھتاج قىلىپ كەمبەغەل قالدۇرۇشۇڭدىن

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ياخشىدۇر» دېگەن سۆزى دەلىلدۇر. بەزى كىشىلەر ۋەسىيەت قالدۇرۇشنى زۆرۈر ئىشلار قاتارىدىن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ـــ ھەدىسنىڭ روھىغا خىلاپ قىلمىشتۇر. كىشىنىڭ مېلى ئاز ۋە ۋارىسلىرى كەمبەغەل بولسا، ئۇنداق كىشىنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرۇشىدىن ۋەسىيەت قالدۇرماسلىقى ئەۋزەلدۇر. بەزىلەر: «ۋەسىيەت قالدۇرمىسا ئەجىرگە ئېرىشەلمەيدۇ» دەپ ئويلايدۇ. ئىش بۇنداق ئەمەس، بەلكى كىشى ۋارىسلىرىغا مىراس قالدۇرۇپ قويسا، گەرچە ۋارىسلىرى مەجبۇرى مىراس ئالسىمۇ، مىراس قالدۇرغۇچىغا ئەجىر يېزىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «إنك أن تذر ورثتك أغنياء خير لك من أن تذرهم عالة» «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سېنىڭ ۋارىسلىرىڭنى باي ھالدا قويۇپ قويۇشۇڭ ئۇلارنى كىشىلەرگە موھتاج قىلىپ كەمبەغەل قالدۇرۇشۇڭدىن ياخشىدۇر» دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ۋارىسلىرىغا مال قالدۇرۇپ قويغان بولسا، ئۇ كىشى مېلىنى سەدىقە قىلغاندىنمۇ كۆپرەك ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

**مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەن ساھابىلەرنىڭ مەككىدە ئۆلۈپ كېتىشتىن قورققانلىقى.** سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەچكە، ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ مەككىدە ئۆلۈپ كېتىشنى ياخشى كۆرمىگەن ۋە «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن كېسەل سەۋەبلىك بۇرادەرلىرىمدىن ئايرىلىپ كەينىدە قالارمەنمۇ؟» دېگەن. مانا شۇنىڭدەك، ئىنساننىڭ الله ئۈچۈن ۋاز كەچكەن ھەرقانداق نەرسىسىگە قايتا قەدەم بېسىشى لايىق ئەمەس. ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە ئىلگىرى بايان قىلىنغاندەك، بەزى كىشىلەر قىلىۋاتقان ئىشلار مۇشۇنىڭ قاتارىدىندۇر. چۈنكى، ئۇلار تېلېۋىزورنىڭ ئەخلاقى چىركىنلىك ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتكە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بايقىغاندا، ئۇنى الله ئۈچۈن تەرك ئېتىپ سۇندۇرۇپ قۇتۇلغان ئىدى. لېكىن ئۇلار كېيىن: «تېلېۋىزورنى يەنە قايتا ئۆيگە ئەكىرسەك بولامدۇ؟» دەپ سورىشىۋاتىدۇ. بىز دەيمىزكى، سىز

الله رازىلىقى ئۈچۈن ئۇنى تەرك قىلغان ئىكەنسىز ئۇنى قايتا ئۆيگە ئېلىپ كىرمەڭ ۋە الله ئۈچۈن تەرك ئەتكەن نەرسىنى ئۆيگە قايتا يولاتماڭ!

**رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۆجىزىسىنىڭ ئاشكارا بولۇشى.** ئۇ مۆجىزە شۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «شەك شۈبھىسىزكى، سەن ھەرگىز كەينىدە قالمايسەن. كەينىدە قالغان تەقدىردىمۇ... ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەر سەندىن پايدىلىنىپ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر سەندىن زىيان تارتىشى مۇمكىن» دېگەنىدى. ھەقىقەتەن ئىش پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دېگىنىدەك بولدى. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلاپەت دەۋرىگىچە ياشاپ تولىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى. كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىش پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. گەرچە پەيغەمبەر ﷺ بۇ يەردە «ئۈمىدكى، سەن ھەرگىز كەينىدە قالمايسەن» دەپ پەرەز بىلەن ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىش پەيغەمبەر ﷺ كۈتكەندەك بولغان.

**بۇ ھەدىسنىڭ پايدىلىرى قاتارىدىن ــــ ئىنسان الله رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ بىر ئەمەلنى قىلسا، گەرچە ئۇ كىشى ئىستىقامەت قىلىش چەكلەنگەن ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ئەمەللىرى قوبۇل بولۇۋېرىدۇ.** چۈنكى، ئەمەل باشقا ئىش، ئۇ يەردە تۇرۇپ قېلىش باشقا ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار بۇلاپ ئېلىۋېلىنغان زېمىندا ناماز ئوقۇشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. چۈنكى، ئىنسان ناماز ئوقۇشتىن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى بۇلاشتىن توسۇلغان.

دېمەك، زېمىننى بۇلاپ ئېلىۋېلىشتىن توسۇش نامازدىن باشقا نەرسىگە قارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ئىنساننىڭ بۇلاپ ئېلىۋېلىنغان زېمىندا ئوقۇغان نامىزى دۇرۇس ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئۇ كىشى بۇلاپ ئېلىۋېلىنغان زېمىندا تۇرۇش سەۋەبلىك گۇناھكار بولىدۇ. شۇنداق، ئەگەر رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن قەبرىستانلىقتا ناماز ئوقۇشنىڭ باتىللىقى ھەققىدە ھەدىسلەر نەقىل

قىلىنغاندەك «بۇلاپ ئېلىۋېلىنغان زېمىندا ناماز ئوقۇمىغىن» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان بولسا ئىدى، «بۇلاپ ئېلىۋېلىنغان زېمىندا ناماز ئوقۇساڭ نامىزىڭ باتىل» دېگەن بولاتتۇق. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الأرض كلها مسجد إلا المقبرة والحمام» «قەبرىستانلىق ۋە مۇنچىدىن باشقا ھەممە يەر ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇندۇر».[1] ئەمما بۇنىڭدىن جىنازا نامىزى مۇستەسنادۇر. چۈنكى، جىنازا نامىزىنى قەبرىستانلىقتا ئوقۇشمۇ دۇرۇس.

**ئىنسان الله رازىلىقىنى مەقسەت قىلىپ نەپىقە قىلغان پۇل - ماللىرى ئۈچۈن ئەجىر - ساۋابقا ئېرىشىدۇ.** ھەتتا ئۇ الله رازىلىقى ئۈچۈن ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئايالىغا ۋە ئۆزىگە خىراجەت قىلىسىمۇ، ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىدۇ. بۇنىڭدىن ئىنساننىڭ ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىشى ئۈچۈن، الله قا يېقىنلىشىشنى ئۈمىد قىلىشنىڭ مۇھىملىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىز، ئائىلىڭىز، دوستلىرىڭىز ياكى يات كىشىگە الله رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ نەپىقە بەرسىڭىز، الله سىزنى بۇ ئەمىلىڭىز سەۋەبلىك ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «بىچارە سەئىد ئىبنى خەۋلە» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، سەئىد ئىبنى خەۋلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدىن ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارنىڭ قاتارىدىن ئىدى. لېكىن الله ئۇنىڭ مەككىدە ۋاپات بولۇشىنى تەقدىر قىلغاچقا، مەككىدە ۋاپات بولۇپ كەتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ مەككىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئىچ ئاغرىتقان. ھەقىقەتەن، ساھابىلەر مۇھاجىرنىڭ ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەن يۇرتىدا ۋاپات بولۇشىنى يامان كۆرەتتى.

مانا بۇلار ھەدىسكە بەرگەن ئىزاھاتىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر. مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى نىيەتكە ئالاقىدار بابتا كەلتۈرگەن. چۈنكى بۇ

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلغان: «ھەقىقەتەن، سەن الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ھەرقانداق خىراجىتىڭ، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سالغان بىر لوقما تائامغىمۇ ئەجىر ئالىسەن» دېگەن سۆزى نەقىل قىلىنغان. بۇ ھەدىس پۇل ـ ماللىرىنى چىقىم قىلىشتا بولسۇن ياكى باشقا ئەمەل ـ ئىبادەتلەردە بولسۇن، چىن ئىخلاس ۋە خالىس نىيەتلىك بولۇشنىڭ ئىنساننى الله نىڭ دەرگاھىدا كاتتا ئەجىر ۋە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 7 ـ ھەدىس

وعنْ أبي هريرةَ عبدِ الرحمانِ بنِ صخرٍ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «إنَّ اللَّه لاَ يَنْظُرُ إِلَى أَجْسَادِكُمْ، وَلاَ إِلَى صُوَرِكُمْ، وَلَكِنْ يَنْظُرُ إِلَى قُلُوبِكُمْ». رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله سىلەرنىڭ تەقى ـ تۇرقىڭلارغا ۋە تاشقى قىياپىتىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا قارايدۇ».[1]

### شەرھىسى

بۇ ھەدىس الله تائالانىڭ: ﴿**يَاأَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ**﴾ «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى

[1] مۇسلىم توپلىغان.

نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)»[1] دېگەن مۇنۇ ئايىتى بىلەن تېخىمۇ كۈچلىنىدۇ. دېمەك، الله تائالانىڭ ئالدىدا گۈزەل چىراي، قامەتلىك بەدەن ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھېچبىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنداقلا بۇ نەرسىلەر الله نىڭ نەزىرىدە ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. الله تائالانىڭ بەندىلەردىن ئېتىبارغا ئالىدىغىنى پەقەتلا تەقۋالىقتۇر. كىمكى الله ئۈچۈن تەقۋادار بولسا، ئۇ الله قا ئەڭ يېقىن بولىدۇ ۋە الله نىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ.

ئۇنداق بولغانىكەن، سىزنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىڭىز، قەددى ـ قامىتىڭىز، بالا ـ چاقىلىرىڭىز، ھەشەمەتلىك تۇرالغۇلىرىڭىز ۋە ئېسىل ماركىلىق ماشىنىلىرىڭىزغا ئوخشاش ئۆزىڭىز ئىگە بولغان ھەرقانداق دۇنيا ماتالىرى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرۈشىڭىز تولىمۇ ئەخمەقلىقتۇر. الله تائالانىڭ سىزنى تەقۋالىقتا مۇيەسسەر قىلىشى سىزگە ئاتا قىلىنغان كاتتا پەزلى ـ مەرھەمىتىنىڭ قاتارىدىندۇركى، بۇنىڭ ئۈچۈن الله قا كۆپ ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىڭ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەدىسىدىكى: «ولكن ينظر إلى قلوبكم» «بەلكى سىلەرنىڭ قەلبلىرىڭلارغا قارايدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئەمەللەر پەقەت نىيەتكە باغلىق بولۇپ، قەلب بولسا نىيەتنىڭ ئورنىدۇر. بۇ سۆز مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ كىتابنى باشلىغان «إنما الأعمال بالنيات...» «ھەقىقەتەن بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر» دېگەن ھەدىسنى كۈچلەندۈرىدۇ.

قەلب بولسا ئەمەللەرنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدىغان يادرولۇق ئامىلدۇر. چۈنكى، ئىنسان قارىماققا شۇنچە كۆپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما نىيىتى دۇرۇس بولمىسا ھېچبىر ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات 13 ـ ئايەت.

مانا بۇ ــــ نىيەتنىڭ ئاساسلىق ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئامىل بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبتۇر.

ئىمامغا ئەگىشىپ بىر سەپتە ناماز ئوقۇغان ئىككى ئادەمنىڭ نامازدا ئېرىشىدىغان ئەجرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىرى رىيا قىلىپ ناماز ئوقۇيدىغان قەلبى غاپىل كىشى بولسا، يەنە بىرى، الله رازىلىقى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىدىغان كىشى بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئەمەللەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە جازامۇ قەلبتىكى نىيەتكە ئاساسەن بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ عَلَى رَجْعِهِ لَقَادِرٌ ۝ يَوْمَ تُبْلَى السَّرَائِرُ﴾ «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە (يەنى تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر) [8]. سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە) [9]»①. ئايەتتىن شۇ مەلۇمكى، ئىنسان قىيامەت كۈنى سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى قەلبتىكى نىيىتىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ئەمما دۇنيا ھۆكۈملىرىدە سىرتقى كۆرۈنۈش ئاساس قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «إنما أنا بشر وإنكم تختصمون إلي ولعل بعضكم أن يكون ألحن بحجته من بعض فأقضي له على نحو ما أسمع» «مەن ھەقىقەتەن بىر ئىنسانمەن. سىلەر دەۋالىشىپ ئالدىمغا كېلىسىلەر، بەزىلىرىڭلار دەلىل پاكىت كەلتۈرۈشتە بەزىلىرىڭلاردىن سۆزمەن بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇنىڭغا ئاڭلىغىنىم بويىچە ھۆكۈم قىلىپ بېرىمەن»② دېگەن سۆزى دەلىلدۇر. الله تائالادىن ھەممىمىزنىڭ قەلبىنى پاكلاپ بېرىشىنى سورايمىز.

ئەگەر سىز قەلبتىكى نىيىتى ياخشى كىشى بولسىڭىز، ياخشىلىقتىن خۇش بېشارەت ئېلىڭ! ئەگەر ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە ياخشى نىيەتلىك كىشى

---

① سۈرە تارىق 8ـ ۋە 9ـ ئايەت.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بولمىسىڭىز بارچە ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالىسىز. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَلَا يَعْلَمُ إِذَا بُعْثِرَ مَا فِي الْقُبُورِ۞ وَحُصِّلَ مَا فِي الصُّدُورِ۞ إِنَّ رَبَّهُمْ بِهِمْ يَوْمَئِذٍ لَخَبِيرٌ۞﴾ «قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر (سىرتقا) چىقىرىلغان، دىللاردىكى سىرلار ئاشكارا قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەقىقەتەن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى (بۇ نادان ئىنسان) بىلمەمدۇ؟»[①]. دېمەك، اللە تائالا قەلبكە يوشۇرۇنغان ھەرقانداق سىردىن غاپىل ئەمەستۇر.

قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى شەرئىي ھۆججەتلەر نىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئىنساننىڭ ھەرقاچان نىيەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىشى، شۇنداقلا قەلبىنى چىرمىۋالغان شەك-شۈبھىلەرنى چىقىرىپ تاشلىشى ۋاجىب ئەمەل بولۇپ، بۇنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرىدىن بىرى — اللە نىڭ مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشتۇر. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآيَاتٍ لِأُولِي الْأَلْبَابِ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار»[②]. اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَآيَاتٍ لِلْمُؤْمِنِينَ۞ وَفِي خَلْقِكُمْ وَمَا يَبُثُّ مِنْ دَابَّةٍ آيَاتٌ لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾ «ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۇئمىنلەر ئۈچۈن (اللە نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار [3]. سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (اللە زېمىندا) تارقىتىۋەتكەن جانىۋارلاردا (اللە نىڭ قۇدرىتىگە) جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار [4]»[③].

ئەگەر شەيتان قەلبىڭىزگە شەك-شۈبھە تاشلىسا، اللە تائالانىڭ

---

① سۈرە ئاديات 9- ۋە 10- ئايەت.

② سۈرە ئال ئىمران 190- ئايەت.

③ سۈرە جاسىيە 3- ۋە 4- ئايەت.

كائىناتتىكى ئالامەتلىرىگە قاراڭ. كائىناتنى كىمنىڭ ئىدارە قىلىۋاتقانلىقى، ئەھۋاللارنىڭ قانداق ئۆزگىرىۋاتقانلىقى، الله نىڭ كىشىلەر ئارىسىدا كۈنلەرنى قانداق ئالماشتۇرۇۋاتقانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىڭ! شۇندىلا سىز، بۇ كائىناتنى ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى الله تائالانىڭ ئىدارە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيسىز.

شېرىكتىن ئاگاھ بولۇڭ. شېرىكتىن پاكلىنىش داۋاملىق ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە نىيەتلەرنى يېڭىلاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەمىشە ئۆزىڭىزگە مۇنۇ سوئاللارنى قويۇڭ: ئەگەر الله قا ئاسىي بولسام، ھېچكىم الله نىڭ ئازابىدىن مېنى قۇتقۇزالمايدۇ. ئەگەر الله قا ئىتائەت قىلسام، الله نىڭ بېرىدىغان مۇكاپاتى ھەرقانداق نەرسىدىن كاتتىدۇر. شۇنداق تۇرۇپ، سەن نېمە ئۈچۈن الله قا شېرىك كەلتۈرىسەن؟ نېمە ئۈچۈن ئىبادىتىڭ بىلەن مەخلۇقلارنى يېقىنلىشىشنى شۇ قەدەر ئارزۇلايسەن؟.

شۇنىڭ ئۈچۈن، كىمكى الله قا قىلىنىدىغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ئارقىلىق بەندىلەرگە ياخشى كۆرۈنۈشنى مەقسەت قىلسا، الله تائالا ئۇ كىشىدىن يىراقلىشىدۇ، شۇنداقلا بەندىلەرمۇ ئۇ كىشىدىن يىراقلىشىدۇ. دېمەك، الله قا قىلىنىدىغان ئىبادەت ئارقىلىق كىشىلەرگە يېقىنلاشماقچى بولغان كىشى الله تىن ۋە كىشىلەردىن ئوخشاشلا يىراقلىشىدۇ. چۈنكى الله سىزدىن رازى بولغان ۋاقىتتا كىشىلەرنى سىزدىن رازى قىلىدۇ، سىزدىن غەزەپلەنگەن ۋاقىتتا كىشىلەرنى سىزدىن نارازى قىلىدۇ. الله قا سېغىنىپ ئۇنىڭ غەزىپى ۋە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمىز.

ئى قېرىندىشىم! ھەر ۋاقىت قەلبىڭىزنىڭ پاكلىقى ۋە ساپلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈڭ. قەلبىنى ئىسلاھ قىلىشقا سەل قاراش مۇناپىقلارنىڭ قىلمىشىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أُولَئِكَ الَّذِينَ لَمْ يُرِدِ اللَّهُ أَنْ يُطَهِّرَ قُلُوبَهُمْ﴾ «دىللىرىنى

(قىلمىشى قەبىھ بولغانلىقتىن كۇفرىدىن) پاك قىلىشنى الله خالىمىغان كىشىلەر ئەنە شۇلاردۇر». [1] دېمەك، قەلبنى پاكلاش بەك مۇھىم ئىشتۇر. الله تائالادىن مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ قەلبىمىزنى پاكلىشىنى، بىزنى ئۆزىگە ئىخلاسمەن ۋە پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەردىن قىلىشىنى سورايمەن.

## 8 ـ ھەدىس

وعن أبي موسى عبدِ اللَّه بنِ قيسٍ الأشعريِّ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: سُئِلَ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - عَنِ الرَّجُلِ يُقاتِلُ شَجَاعَةً، ويُقَاتِلُ حَمِيَّةً، ويُقَاتِلُ رِيَاءً، أَيُّ ذلِكَ فِي سبيلِ اللَّه؟ فقال رَسُول اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «مَنْ قَاتَلَ لِتَكونَ كَلِمَةُ اللَّه هي العُلْيَا، فَهوَ فِي سبيلِ اللَّه». مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ دىن «ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى نامايەن قىلىش، گۇرۇھۋازلىق قىلىش ياكى رىيا قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغانلار بار. بۇلاردىن قايسىسى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟» دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «كىمكى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىكەن، ئەنە شۇ كىشى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دېدى. [2]

## شەرھىسى

ھەدىسنىڭ يەنە بىر نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «يقاتل ليرى مكانه أيّ ذلك في سبيل اللَّه؟» «بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بۇنىڭ قايسىسى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟» دەپ سورالغاندا. پەيغەمبەر ﷺ: «من قاتل لتكون كَلمة اللَّه هي العليا، فهو في سبيل اللَّه» «كىمكى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىكەن، ئەنە شۇ

[1] سۈرە مائىدە 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كىشى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ سۆزى نىيەتنى الله ئۈچۈن خالىس قىلىش ھەققىدىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى نىيەت ھەققىدىكى بابتا بايان قىلغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن باتۇرلۇق، گۇرۇھۋازلىق ۋە رىيادىن ئىبارەت ئۈچ تۈرنىڭ بىرى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغان كىشى ھەققىدە سورالغان.

بىرىنچى، باتۇرلۇقىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغان كىشىلەر. باتۇرلۇق بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىلەر ئۇرۇش قىلىشنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى نامايەن قىلىدىغان مەيدانغا ئىشتىراك قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا سىز باتۇر كىشىلەرنىڭ الله تائالادىن باتۇرلۇقنى نامايەن قىلغۇدەك مەيدان ھازىرلاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. دېمەك، باتۇر كىشىلەر ئۆزىدىكى شىجائەتنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ.

ئىككىنچى، تەرەپبازلىق ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغان كىشىلەر. ئۇلار ئۆز قەۋمى، ۋەتىنى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، رىيا ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغان كىشىلەر. ئۇلار قەۋمىنىڭ ئىچىدە يۈز ـ ئابرۇي ۋە باشقىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ الله نىڭ نەزىرىدىكى مەقبۇل ئۇرۇشنىڭ ئۆلچىمىنى مۇنۇ جۈملىگە يىغىنچاقلىغان: «كىمكى الله نىڭ تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىكەن، ئەنە شۇ كىشى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ».

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ سۆزى الله يولىدا قىلىنىدىغان ئۇرۇشنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى بولۇپ، بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىكى مەقسەتلىرى بۇ ئۈچ

تۇرلۇك ھالەتتىنمۇ پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: بەزىبىر كىشىلەر يەر ئىگىلەش ياكى چۆرە قىلىدىغان ئاياللارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشى مۇمكىن. دېمەك، نىيەتنىڭ چەك ـ چېگرىسى يوق بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ بايان قىلغان بۇ ھەدىس ھەممىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئۆلچەمدۇر. بىز بۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ جار سېلىۋاتقان شوئارلىرىنى توغرىلاشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى شوئار، مىللەتچىلىك ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش. كۈنىمىزدە ئەرەب مىللەتچىلىكى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى جاھىلىيەت ئۇرۇشىغا مەنسۇپ بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەر شەھىد ھېسابلانمايلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ. چۈنكى بۇ، الله يولىدىكى ئۇرۇش ھېسابلانمايدۇ.

دەرۋەقە، يەھۇدىيلار مۇقەددەس زېمىنلىرىمىزنى ئاياق ـ ئاستى قىلدى، ئەمما بىز بىر ئۈممەت بولۇپ ئۇيۇشۇشنىڭ ئورنىغا پارچىلىنىپ كەتتۇق. ئەرەب مىللەتچىلىكىدىن ئىبارەت بۇ قارىغۇ بايراقنىڭ ئاستىغا ئۇيۇشقان كىشىلەرنىڭ ئەرەب بولۇشىلا شەرت قىلىنىپ، باشقا مىللەتتىن بولغان مۇسۇلمان خەلقلەر سىرتتا قالدۇرۇلدى. نەتىجىدە، يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتا مۇسۇلمان ئۈممەتنىڭ قوللىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلدۇق.

ئىككىنچى شوئار، ۋەتەن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش. ئەگەر بىز پەقەت ۋەتەن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغان بولساق، بىزنىڭ ئۇرۇشىمىز بىلەن ۋەتەننى قوغداپ ئۇرۇش قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ ئۇرۇشى ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق قالمايدۇ. چۈنكى، كاپىرلارمۇ ئۆز ۋەتىنىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىدۇ. ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەر شەھىد ھېسابلانمايدۇ. ئەمما دىنىمىزنىڭ شەرىپىنى قوغداش ئۈچۈن يۇرتىمىزنى ھىمايە قىلىپ ئۇرۇش قىلىشىمىز ۋاجىبتۇر. پەرق شۇكى، كاپىرلار پەقەت ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈنلا ئۇرۇشىدۇ،

ئەمما مۇسۇلمان كىشى ئىسلامنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ۋەتىنىنى قوغدايدۇ. بىزنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۆلچىمىمىز پەقەت اللە نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈنلا بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەن ۋە مىللەت چەكلىمىسى بولمايدۇ.

دېمەك، ۋەتەن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش چاقىرىقى «ۋەتەندىكى ئىسلام دىنى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش» دېگەن چاقىرىققا ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. ئەمما ۋەتەننىلا نىيەت قىلىشقا كەلسەك، ئۇ اللە نىڭ نەزىرىدە ھېچبىر قىممىتى يوق باتىل نىيەت بولۇپ، بۇنداق نىيەت ئىنسانغا ھېچبىر پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئەگەر بۇنداق نىيەت قىلىش توغرا دەپ قارالسا، كاپىر بىلەن مۇسۇلماننىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟! لېكىن ئارىمىزدا كەڭرى تارقىلىپ يۈرگەن «ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن» دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نامىدىن ئويدۇرۇپ چىقىلغان يالغان ھەدىستۇر.

ئەگەر سىز ياشاۋاتقان يۇرت ئىسلام دىيارى بولسا، سىز ئۇنى ئىسلام يۇرتى بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرىسىز. سىز تۇغۇلغان يۇرت بىلەن يىراق جايلاردىكى مۇسۇلمانلار يۇرتى ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق بولۇپ، ئۇنى ھىمايە قىلىش ھەممە مۇسۇلمانغا ۋاجىبتۇر.

ھەرھالەتتە ئىسلامنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىشنىڭ مەيلى بىزنىڭ شەھىرىمىز ياكى ۋەتىنىمىزدە بولسۇن توغرا نىيەت ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ۋاجىب بولىدۇ. ئەمما ۋەتەن ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلىش توغرا نىيەت ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بىر كىشى مېلىڭىزنى ئېلىۋالماقچى ياكى ئائىلىڭىزنىڭ ئابرۇيىغا چېقىلماقچى بولسا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆزىڭىزنى قوغدىسىڭىز بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «جاء رجل إلى رسول اللَّه ﷺ فقال: يا رسول اللَّه، أرأيت إن جاء رجل يريد أخذ مالي؟ قال: «فلا تعطه مالك» قال: أرأيت إن قاتلني؟ قال: «قاتله» قال: أرأيت إن قتلني؟ قال: «فأنت

شهيد» قال: أرأيت إن قتلته؟ قال: «هو في النار» «بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم مېلىمنى ئېلىۋالماقچى بولسا، قانداق قىلىمەن› دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئۇنىڭغا مېلىڭنى بەرمىگىن› دېدى. ئۇ ئادەم: ‹ئەگەر ئۇ مەن بىلەن ئۇرۇشسىچۇ؟› دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقىن› دېدى. ئۇ ئادەم: ‹ئەگەر ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىچۇ؟› دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئۇنداقتا سەن شەھىد› دېدى. ئۇ ئادەم: ‹ئەگەر مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەمچۇ؟› دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئۇ دوزاختا بولىدۇ› دېدى».[①] چۈنكى ئۇ تاجاۋۇزچى زالىمدۇر.

ئەگەر بىر مۇسۇلمان سىزنى يۇرتىڭىزدىن ياكى ئۆيىڭىزدىن ناھەق چىقىرىۋەتمەكچى بولسا ۋە سىزگە ئۇرۇش ئاچسا، ئۆزىڭىزنى قوغداش ئۈچۈن ئىمكىيەتنىڭ ئۇرۇش قىلىسىڭىز بولىدۇ. سىزگە تاجاۋۇز قىلغان مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈلسە دوزاخقا كىرىدۇ، ئەگەر ئۇ سىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، شەھىد ھېسابلىنىسىز. ناۋادا بىز ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان، دىندىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمايدىغان ۋە نە تۇغقاندارچىلىقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان زالىم تاجاۋۇزچىلارنىڭ قىلمىشلىرىغا قولىمىزنى قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرساق، زېمىن پىتنە-پاساتقا تولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاجاۋۇزچىغا قارشى تۇرۇش قوغدىنىش جىهادىنىڭ بىر تۈرىدۇر.

شۇ نەرسە ئېنىقكى، تەلەپ جىهادىدا مۇسۇلمانغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىنمايدۇ. ئەكسىچە مۇئمىن كىشىنىڭ يەنە بىر مۇئمىن قېرىندىشىنىڭ ئەھلى-بالىلىرىغا ۋە مېلىغا ئىگە بولۇۋېلىش ئۈچۈن قەدەم بېسىشى ۋە ئۇرۇش قىلىشى ھەرگىز دۇرۇس ئەمەس. پەيغەمبەر ﷺ: «سباب المسلم فسوق، وقتاله كفر» «مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىق، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش

---

[①] مۇسلىم توپلىغان.

كۇفۇرلۇق» دېگەن.[①]

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلغان كىشىدە ئىمان بولمايدۇ. ئەگەر تاجاۋۇز قىلغان كىشى ئىمانسىز ياكى ئىمانى سۇس كىشى بولسا، ھۇجۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسىتىشى تېخىمۇ ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرﷺ: «سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقىن، ئەگەر سەن ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ، ئۇ دوزاختا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سېنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇنداقتا سەن شەھىد» دېگەن. بۇ ھەدىسكە ئاساسەن، سىز مېلىڭىزنى، ئەھلىڭىزنى ۋە ئۆزىڭىزنى قوغداپ ئۇرۇش قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىسىز.

بۇ يەردە ئىككى تۈرلۈك ئۇرۇش بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى تەلەپ جىهادىدۇر. بۇ بولسا ئۆز يۇرتىدىن باشقا يۇرتلارغا بېرىپ قىلىنىدىغان ئۇرۇش بولۇپ، بۇ پەقەت مۇئەييەن شەرتلەر بىلەن دۇرۇس بولىدۇ. ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر يۇرتتىكى كىشىلەر ئەزان ئېيتىشنى تەرك ئەتسە، (ئۇ ئىسلامنىڭ رۇكۇنلىرىغا تەۋە بولمىسىمۇ)، ئۇلار ئەزان ئېيتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنگە قەدەر مۇسۇلمانلار ئەمىرىنىڭ ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىسلام شوئارلىرىدىن بىرىنى تەرك قىلغان بولىدۇ.

ئەگەر ئۇلار ھېيت نامىزىنى تەرك ئېتىپ «بىز ئۇنى ئۆيىمىزدىمۇ ۋە سەھرادىمۇ ئوقۇمايمىز» دېگەن بولسا، ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىش ئوخشاشلا ۋاجىب بولىدۇ. ناۋادا بىر بۆلۈك كىشىلەر ئەزان ئوقۇش ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىنمۇ دەپ سورىسا، بىز دەيمىزكى ئەزان ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىن ئەمەس، ئەمما ئۇ ئىسلام شوئارى بولغانلىقى ئۈچۈن، سىلەر تاكى ئەزان ئېيتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگىچە ئۇرۇش قىلىمىز دەپ جاۋاب بېرىمىز. ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا (ئۇلار تەرەپبازلىق تۈرتكىسىدە ئۇرۇش قىلغان بولسا)، بۇلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى ﷲ نىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (گەرچە مۆئمىن بولسىمۇ) ئۇنىڭغا ئۇرۇش قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

بۇ يەردە قوغدىنىش جىھادى بىلەن تەلەپ جىھادى ئارىسىدا روشەن پەرقلەرنىڭ بارلىقى ئېنىق. تەلەپ جىھادى دېگەندە، ﷲ تائالا ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇغان كىشىلەرنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئۇرۇش قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قوغدىنىش جىھادى بولسا تاجاۋۇزچىنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بىز سىلەردىن بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى بىز گېزىت ۋە ژۇرناللاردا ئىسلامنىڭ نامىنى تىلغا ئالماستىن ۋەتەننى قوغدىشىمىز كېرەك دېگەن چاقىرىقلارنى كۆرۈۋاتىمىز. مانا بۇ چوڭ كەمچىلىك بولۇپ، ئۈممەتنى ساغلام مەنھەج ۋە توغرا يولغا يېتەكلىشىمىز ۋاجىب بولىدۇ. ﷲ تائالادىن بىزنى ۋە سىلەرنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان سالىھ ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمىز.

## 9 ـ ھەدىس

وعن أبي بَكرَةَ نُفيع بنِ الحارثِ الثقفيِّ - رضي اللَّه عنه: أَنَّ النَّبيَّ - صلى اللَّه عليه وسلم - قَالَ: «إِذَا التَقَى المُسلِمَان بسَيْفَيهِمَا فالقَاتِلُ وَالمَقْتُولُ فِي النّارِ». قُلتُ: يا رَسُولَ اللَّه، هذا القَاتِلُ فَمَا بَالُ المَقْتُولِ؟ قَالَ: «إِنَّهُ كَانَ حَرِيصًا عَلَى قتلِ صَاحِبِهِ». مُتَّفَقٌ عليهِ.

ئەبۇ بەكرە نۇفەيئ ئىبنى ھارىس سەقەفىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان بىر-بىرىگە قىلىچ تەڭلىسە، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى دوزاخقا كىرىدۇ» دېدى. مەن: «ئى ﷲ نىڭ ئەلچىسى! ئۆلتۈرگۈچىغۇ شۇنداق، ئۆلتۈرۈلگۈچى نېمىشقا دوزاخقا كىرىدۇ؟» دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ﷺ: «چۈنكى ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ ئۆزىنىڭ

ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈشكە قىزىققان ئىدى» دېدى.[1]

## شەرھىسى

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان بىر-بىرىگە قىلىچ تەڭلىسە» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى «ئىككى كىشى بىر-بىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، قىلىچىنى سۇغارسا» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردىكى «قىلىچ تەڭلىسە» دېگەن سۆز قورال-ياراق، تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆلۈمگە ۋاستە بولىدىغان نەرسىلەرنى بىر-بىرىگە تەڭلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، ئىككى مۇسۇلمان كىشى بىراۋنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق بىر قورال بىلەن بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنسا، ھەر ئىككى كىشى دوزاخقا كىرىدۇ (الله قا سېغىنىپ بۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمىز).

ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئۆلتۈرگۈچىغۇ شۇنداق (يەنى دوزاختا)» دېگەن سۆزىدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، قاتىلنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنى ئېنىق دوزاختۇر. چۈنكى، مۇئمىننى قەستەن ناھەق ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ ئورنى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ ھۆكمى بويىچە دوزاختا بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَنْ يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُتَعَمِّدًا فَجَزَاؤُهُ جَهَنَّمُ خَالِدًا فِيهَا وَغَضِبَ اللَّهُ عَلَيْهِ وَلَعَنَهُ وَأَعَدَّ لَهُ عَذَابًا عَظِيمًا**﴾ «كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، الله نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ»[2].

شۇڭا ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ئۆلتۈرگۈچىغۇ شۇنداق» دېگەن بۇ سۆزىدە قاتىلنىڭ دوزاختا ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ، لېكىن ئۆلتۈرۈلگەن

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] سۈرە نىسا 93- ئايەت.

كىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن دوزاختا بولىدىغانلىقىغا نىسبەتەن ھەيرانلىق تۇيغۇسى ئەكس ئېتىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ: «چۈنكى ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈشكە قىزىققان» دېگەن. دېمەك، ئۇلار ئەسلىدە بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن غالىب كېلىپ رەقىبىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدە قاتىللىق قىلىش نىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن الله تائالانىڭ نەزىرىدە قاتىل بىلەن ئوخشاش دەپ قارىلىدۇ.

بۇ ھەدىستە ئەمەللەرنىڭ نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكىگە دەلىل بار. چۈنكى ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلغان كىشى خۇددى ئۇنى ئۆلتۈرگەندەك ھېسابلانغان. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «من قتل دون ماله فهو شهيد، ومن قتل دون دمه فهو شهيد، ومن قتل دون دينه فهو شهيد، ومن قتل دون أهله فهو شهيد» «كىمكى مال-مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىد، كىمكى قېنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىد، كىمكى دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىد، كىمكى ئەھلىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر»[1] دېگەن سۆزى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مېلىنى بۇلىۋالماقچى بولغان كىشى ھەققىدىكى: «ئەگەر سەن ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ، ئۇ دوزاختا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سېنى ئۆلتۈرسە، ئۇنداقتا سەن شەھىد» دەپ بايان قىلىنغان «سەھىھ مۇسلىم» دا كەلتۈرۈلگەن بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلەلەيمىز.

ئەگەر بىر كىشى مەلۇم بىر ئىنسانىنىڭ مېلى، ئەھلى، جېنى ۋە يۈز-ئابرۇيىغا تاجاۋۇز قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا يول بىلەن چېكىنمەيدىغان بولۇپ قالسا، بۇنداق ھالەتتە ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

ئۆلتۈرۈلگەن تاجاۋۇزچى دوزاختا بولىدۇ. ئۆزى ۋە ئەھلى-بالىلىرىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شەھىد ھېسابلىنىپ جەننەتتە بولىدۇ.

مانا بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتۇر. خۇلاسە شۇكى، قېرىندىشىنى ناھەق ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان كىشى مەيلى قارشى تەرەپنى ئۆلتۈرسۇن ياكى ئاجىز كېلىپ ئۆلتۈرۈلسۇن، ھامان دوزاخقا كىرىدۇ.

بۇ ھەدىستىن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ كىشىنى دوزاخقا مۇپتىلا قىلىدىغان ئېغىر گۇناھلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. الله قا سېغىنىپ بۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمىز.

بۇ ھەدىستىن يەنە ساھابىلەرنىڭ بىلمىگەن نەرسىلەرنى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سوراپ بىلىۋېلىشقا تىرىشىدىغان، قەلبىدە ھېچبىر شۈبھىگە ئورۇن قالدۇرمايدىغان، دىن ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىدا تولىمۇ مەسئۇلىيەتچان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز قۇرئان ۋە سۈننەتتە جاۋابى مۇجمەل ۋە شۈبھىلىك بىرەر نەرسىنى تاپالمايسىز. ئەگەر شۈبھىلىك نەرسە بار دېيىلسە، ئۇنىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى قۇرئان ۋە سۈننەتتە بايان قىلىنغان بولىدۇ.

مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ دەججالنىڭ زېمىندا قىرىق كۈن تۇرىدىغانلىقىنى، تۇنجى كۈنىنىڭ بىر يىل، ئىككىنچى كۈنىنىڭ بىر ئاي، ئۈچىنچى كۈنىنىڭ بىر ھەپتە، قالغان كۈنلىرىنىڭ بىزنىڭ كۈنلىرىمىزگە ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر يىلغا ئوخشاش بولغان شۇ كۈندە، بىزگە بىر كۈنلۈك ناماز كۇپايە قىلامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «لا، اقدروا له قدره» «ياق، ئۇ كۈندە ئۇنىڭ ۋاقتىنى مۆلچەرلەپ ئوقۇڭلار» دېگەن.[1] بۇنىڭدىن قۇرئان ۋە سۈننەتتە ھەرقانداق

[1] مۇسلىم توپلىغان.

مەسىلىلەرنىڭ جاۋابى ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بىلىم ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ تېپىلىقى ھەمدە ئىزدىنىش ۋە تەپەككۇردىكى چولتىلىقلار رىئاللىقىمىزدا ئۇچراۋاتقان جاۋابسىز تۈگۈنلەرنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى بولۇپ، ھەرگىزمۇ شەرئىي تېكىستلەردىكى ناقىسلىق ياكى يېتەرسىز كەلگەن مەلۇماتلارنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس. پەقەت ھەرقانداق نەرسىنىڭ جاۋابىنى شەرئىي تېكىستلەرگە مۇراجىئەت قىلىدىغانلا بولساق ھەرقانداق مەسىلىنىڭ جاۋابىنى ياكى ھەل قىلىش چارىسىنى تاپالايمىز.

## 10 ـ ھەدىس

وعن أَبِي هريرةَ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: قالَ رَسُول اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «صَلاَةُ الرَّجُلِ فِي جَمَاعَةٍ تَزِيدُ عَلَى صَلاَتِه فِي بَيْتِهِ، وَصَلاَتِه فِي سُوقِهِ، بِضْعًا وَعِشْرِينَ دَرَجَةً، وَذَلِكَ أَنَّ أَحَدَهُمْ إِذَا تَوَضَّأَ فَأَحْسَنَ الْوُضُوءَ، ثُمَّ أَتَى الْمَسْجِدَ لَا يَنْهَزُهُ إِلَّا الصَّلَاةُ، لَا يُرِيدُ إِلَّا الصَّلَاةَ، فَلَمْ يَخْطُ خَطْوَةً إِلَّا رُفِعَ لَهُ بِهَا دَرَجَةٌ، وَحُطَّ عَنْهُ بِهَا خَطِيئَةٌ، حَتَّى يَدْخُلَ الْمَسْجِدَ، فَإِذَا دَخَلَ الْمَسْجِدَ كَانَ فِي الصَّلَاةِ مَا كَانَتِ الصَّلَاةُ هِيَ تَحْبِسُهُ، وَالْمَلَائِكَةُ يُصَلُّونَ عَلَى أَحَدِكُمْ مَا دَامَ فِي مَجْلِسِهِ الَّذِي صَلَّى فِيهِ، يَقُولُونَ: اللهُمَّ ارْحَمْهُ، اللهُمَّ اغْفِرْ لَهُ، اللهُمَّ تُبْ عَلَيْهِ، مَا لَمْ يُؤْذِ فِيهِ، مَا لَمْ يُحْدِثْ فِيهِ». مُتَّفَقٌ عليه، وهذا لفظ مسلم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزىنىڭ ساۋابى، ئۇنىڭ ئۆيىدە ياكى بازاردا (جامائەتسىز) ئوقۇغان نامىزىدىن يىگىرمە نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەگەر ئۇ كىشى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئاندىن مەسجىدكە پەقەت ناماز ئوقۇش ئۈچۈنلا كەلسە، ئۇنى ئۆيىدىن پەقەت نامازلا چىقارغان بولسا، ئۇنىڭ مەسجىدكە كىرگەنگە قەدەر باسقان ھەربىر قەدىمىنىڭ بەدىلىگە دەرىجىسى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بىر خاتالىقى ئۆچۈرۈلىدۇ. ئەگەر مەسجىدكە كىرىپ نامازنى ساقلاپ ئولتۇرسا، بۇ ساقلاشتىكى

مەقسىتى پەقەت نامازلا بولىدىكەن، نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ھېسابلىنىدۇ. سىلەرنىڭ بىرىڭلار باشقىلارغا ئازار بەرمىگەن، تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىگەن ھالەتتە ئۆزىنىڭ ناماز ئوقۇغان ئورنىدا ئولتۇرغان مۇددەتكىچە، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلەپ: «ئى الله ! ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن! ئى الله ! ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن! ئى الله ! ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغىن!»[1] دەيدۇ.

## شەرھىسى

نامازنى جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئادا قىلىش بولسا الله تائالا بۇيرۇغان ۋاجىبلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئالىملارنىڭ كۈچلۈك كۆزقارىشىغا ئاساسلانغاندا نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىش پەرز ئەيندۇر. جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز ئۆيدە ياكى بازاردا يالغۇز ھالەتتە ئوقۇلغان نامازدىن يىگىرمە يەتتە دەرىجە ئەۋزەل ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان ۋە سۈننەتتىن كۆپلىگەن دەلىللەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا كُنْتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ الصَّلَاةَ فَلْتَقُمْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ مَعَكَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەن مۇئمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن»[2]. الله تائالانىڭ قورقۇنچلۇق ھالەتتىمۇ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى بۇيرۇغانلىقىدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، خاتىرجەم ھالەتلەردە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش تېخىمۇ بەك مۇھىم ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك ۋاجىبتۇر.

بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ﷺ جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ يالغۇز ھالەتتە ئوقۇلغان نامازدىن پەزىلەتلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگەن. دېمەك، بىر ئادەم ئۆيىدە مۇكەممەل تاھارەت ئېلىپ،

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە نىسا 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاندىن پەقەت ناماز ئوقۇش ئۈچۈنلا مەسجىدكە كەلسە، مەسجىدكە كەلگۈچە باسقان ھەربىر قەدىمى ئۈچۈن مەرتىۋىسى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بىر خاتالىقى ئۆچۈرۈلىدۇ.

مەسجىدكە ناماز ئادا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن كىشى ئىككى پايدىغا ئېرىشىدۇ:

بىرىنچى، الله تائالا ئۇ ئادەمنىڭ ھەربىر قەدىمى ئۈچۈن مەرتىۋىسىنى بىر دەرىجە ئۇستۇن قىلىدۇ.

ئىككىنچى، الله تائالا ئۇ ئادەمنىڭ مەسجىدكە قاراپ باسقان ھەربىر قەدىمى ئۈچۈن بىر خاتالىقىنى ئۆچۈرىدۇ.

مەسجىدكە كەلگەن كىشى يۇقىرىقى ئىككى پەزىلەتكە مۇشەررەپ بولغاندىن سىرت، مەسجىدكە كىرىپ پەرز نامازنى ئوقۇسا ياكى نامازنى ساقلاپ ئولتۇرسا، نامازنىڭ ئىچىدە بولغاندەك بولىدۇ. مانا بۇ شەرەپ ئۈستىگە شەرەپ، ساۋاب ئۈستىگە ساۋابقا ئېرىشىشتۇر. بۇ نېمىدېگەن كاتتا نېئمەت-ھە! ناۋادا سىز مەسجىدكە كىرىش نامىزىنى ياكى خالىغان بىر نامازنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ناماز ئوقۇماستىن ئۇزۇنغىچە يەنە بىر نامازنى كۈتۈپ ئولتۇرسىڭىزمۇ، سىزگە ناماز ئوقۇغاندەك ئەجىر يېزىلىدۇ. بۇ يەردە بۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل بىرنەرسە باركى، ئۇ ئادەم ناماز ئوقۇغان ئورنىدا بولسىلا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ئى الله ! ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن، ئى الله ! ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى الله ! ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئى الله ! ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغىن» دەيدۇ. الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى نىيەت قىلىپ مۇشۇنداق پەزىلەتلەرگە ئېرىشكەن كىشىدىنمۇ بەختلىك كىشى بارمۇ؟!

بۇ ھەدىسنىڭ مەزكۇر بابقا مۇناسىۋەتلىك بولغان قىسمى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ثم أتى المسجد لا ينهزه إلا الصلاة» «ئاندىن مەسجىدكە پەقەت ناماز ئوقۇش ئۈچۈنلا كەلسە» دېگەن سۆزىدۇر. ھەقىقەتەن، بۇ سۆز ئەجىر-ساۋابنىڭ ھاسىل بولۇشىدا

نىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم بىرلەمچى ئامىل ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشى ئۆيىدىن ناماز ئوقۇشنى مەقسەت قىلماي سىرتقا چىقسا، ئۇ كىشىگە بۇ ئەجىردىن نېسىۋە بېرىلمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇ كىشى ئۆيىدىن دۇكىنىغا چىقىپ ئەزان چىققاندا ناماز ئوقۇغىلى بارغان بولسا، ئۇ كىشى بۇ ئەجىرگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئەجىر پەقەت ئۆيىدىن نامازنىلا نىيەت قىلىپ چىققان كىشىگە تەئەللۇق بولىدۇ. لېكىن ئۇ كىشى تاھارەتلىك ھالەتتە دۇكىنىدىن ياكى سودا-سېتىق قىلغان ئورۇندىن مەسجىدكە بېرىش ئۈچۈن قەدەم ئالغان بولسا، ئەنە شۇ ئورۇندىن باشلاپ بۇ ئەجىرگە ئېرىشىشى مۇمكىن. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 11- ھەدىس

وعن أبي العبَّاسِ عبدِ اللَّه بنِ عباسِ بنِ عبد المطلب رضِيَ اللَّه عنهما، عن رَسُول اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - فيما يروي عن ربهِ، تبارك وتعالى، قَالَ: «إنَّ اللَّه كَتَبَ الحَسنَاتِ والسَّيِّئَاتِ ثُمَّ بيَّنَ ذلِكَ، فَمَنْ هَمَّ بحَسَنَةٍ فَلَمْ يَعْمَلْها كَتَبها اللَّه تبَارَكَ وتَعالى عِنْدَهُ حَسَنَةً كامِلَةً، وَإنْ هَمَّ بها فَعمِلَها كَتَبَهَا اللَّه عَشْرَ حَسَناتٍ إِلى سَبْعمِئَةِ ضِعْفٍ إِلى أَضْعَافٍ كَثيرةٍ، وإنْ هَمَّ بِسَيِّئَةٍ فَلَمْ يَعْمَلْها كَتَبَهَا اللَّه تَعَالَى عِنْدَهُ حَسَنَةً كَامِلةً، وَإنْ هَمَّ بِهَا فَعَمِلَهَا كَتَبَهَا اللَّه سَيِّئَةً وَاحِدَةً». مُتَّفَقٌ عليهِ

ئەبۇ ئابباس ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىر ھەدىس قۇددۇسىدا رەببى الله تائالادىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «شەك-شۈبھىسىزكى، الله تائالا ياخشىلىقلار بىلەن يامانلىقلارنى يېزىۋەتتى. ئاندىن ئۇنى مۇنداق بايان قىلدى: <كىمكى بىر ياخشىلىق قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلمىسا، الله ئۇنىڭغا كامىل بىر ياخشىلىق قىلغاننىڭ ساۋابىنى يازىدۇ؛ ئەگەر ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلسا، الله ئۇنىڭغا 10 دىن تارتىپ 700 ھەسسىگىچە ياخشىلىقنىڭ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ. ئەگەر ئۇ بىر يامانلىقنى

نىيەت قىلىپ ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلمىسا، اللہ ئۆز دەرگاھىدا ئۇنىڭغا مۇكەممەل بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ؛ ئەگەر ئۇنى نىيەت قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلسا، اللہ ئۇنىڭغا بىر يامانلىقنىڭ گۇناھىنى يازىدۇ>». [1]

## شەرھىسى

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «إن اللّٰه كتب الحسنات والسيئات» «شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللہ تائالا ياخشىلىقلار بىلەن يامانلىقلارنى يېزىۋەتتى» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، اللہ تائالانىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنى يېزىشى ئىككى تۈرلۈك مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى مەنىسى، ئۇنىڭ لەۋھۇلمەھپۇزدا ئالدىنئالا پۈتۈلگەن بولۇشىدۇر. چۈنكى اللہ تائالا ھەممە نەرسىنى لەۋھۇلمەھپۇزغا خاتىرىلەپ قويغان. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق»[2]. اللہ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكُلُّ صَغِيرٍ وَكَبِيرٍ مُسْتَطَرٌ﴾ «كىچىك ئىش، چوڭ ئىشنىڭ ھەممىسى (لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنگەندۇر»[3]. دېمەك، لەۋھۇلمەھپۇزدا بەندىنىڭ بارچە ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرى پۈتۈلۈپ بولۇنغان.

ئىككىنچى مەنىسى، ئىنسان بىرەر ئىشنى ئەمەلىي قىلغان ۋاقىتتا اللہ تائالانىڭ ئۇنى ئادالەت ۋە ھېكمەت بىلەن پۈتۈپ قويۇشىدۇر.

لەۋھۇلمەھپۇزنىڭ ئىككى خىل پۈتۈلۈش شەكلى بار. بىرىنچىسى، ئالدىنئالا پۈتۈلۈش بولۇپ، ئۇ ئىنسان دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشتىن بۇرۇنلا اللہ

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] سۈرە قەمەر 49 ـ ئايەت.
[3] سۈرە قەمەر 53 ـ ئايەت.

تائالا تەرىپىدىن پۈتۈپ قويۇلغان بارچە ئىش-پائالىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. كەلگۈسىنى ئالدىنئالا بىلىش پەقەت الله تائالانىڭ ئىلىكىدىكى ئىش بولۇپ، بەندە الله تەقدىرىگە پۈتۈپ قويغان قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىلا ئاندىن ئۇنى بىلىپ يېتەلەيدۇ.

ئىككىنچىسى، (پۈتۈلگەن قىسمەتلەرنىڭ ئىجرا بولۇش جەريانىدىكى) كېيىنكى پۈتۈلۈش بولۇپ، ئىنسان باشتىن كەچۈرگەن ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن ئادالەت ۋە ھېكمەت بىلەن پۈتۈلگەنلىكىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە ئىنسان بىرەر ياخشى ئىش قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئۇنى قىلمىغان بولسا، الله تائالانىڭ شۇ ئەمەلنىڭ ساۋابىنى پۈتۈپ قويىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

بۇنىڭ مىساللىرىدىن: بىر ئادەم قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشنى نىيەت قىلىپ كېيىن تاھارەت ئالمىغان بولسا، ئۇ كىشى تولۇق بىر ياخشىلىقنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. بىر ئادەم سەدىقە قىلىش نىيىتىدە سەدىقە قىلماقچى بولغان مالنى بېكىتىپ بولۇپ كېيىن سەدىقە قىلمىغان بولسا، ئۇ كىشىگە تولۇق بىر ياخشىلىقنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ. بىر ئادەم ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ، كېيىن ناماز ئوقۇمىغان بولسا، ئۇ كىشىگىمۇ تولۇق بىر ياخشىلىقنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ.

«بىر ئادەم قىلمىغان ئەمەلى ئۈچۈنمۇ ساۋابقا ئېرىشەمدۇ؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. جاۋاب شۇكى، الله تائالا ناھايىتى سېخىي ۋە مەرھەمەتلىك زات بولغانلىقى ئۈچۈن، ياخشى ئەمەلنى كۆڭۈلگە پۈكۈشنىڭ ئۆزىنىمۇ ياخشىلىق قىلغانغا باراۋەر دەپ بېكىتكەن. چۈنكى ئىنسان، كۆڭلىدە ياخشىلىق ياكى يامانلىقنى نىيەت قىلىدىغان بولغاچقا ياخشىلىقنى نىيەت قىلىشى كامىل بىر ياخشىلىققا باراۋەر بولغان، ئەگەر ئۇ نىيەت قىلغان ياخشى ئەمەلنى قىلسا ئۇن ھەسسىدىن نەچچە يۈز ھەسسىگىچە ياخشىلىق يېزىلىدۇ،

مانا بۇ الله تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتىنىڭ ناھايىتى كەڭرى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئەمەللەرگە بېرىلىدىغان بۇنچىۋالا پەرقلىق ئەجىر ـ ساۋابلار ئىخلاس ۋە پەيغەمبەرﷺ نىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش ئاساسىدا بولىدىغان بولغاچقا، ئىنسان ئىبادىتىدە الله قا قانچە ئىخلاسمەن بولغانسېرى، تائەت ـ ئىبادەتتە شۇنچە كۆپ ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. ئەمەل ـ ئىبادەتتە پەيغەمبەر ﷺ گە قانچە كۆپ ئەگەشسە، ئىبادىتى شۇنچە مۇكەممەل ۋە ساۋابى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. دېمەك، ئەجىر ـ ساۋابلاردىكى پەرقلەر ئىخلاسنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇنلىشىشنىڭ دەرىجىسىگە بېقىپ بولىدۇ.

ئەمما يامانلىقتا كەلسەك، پەيغەمبەر ﷺ: «ئەگەر ئۇ بىر يامانلىقنى نىيەت قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلمىسا، الله ئۆز دەرگاھىدا ئۇنىڭغا مۇكەممەل بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ» دېگەن. مەسىلەن، بىر كىشى ئوغرىلىق قىلىشنى نىيەت قىلغاندىن كېيىن الله تىن قورقۇپ بۇ قىلمىشىدىن يانسا، الله تىن قورقۇپ گۇناھ قىلىشتىن ۋاز كەچكەنلىكى ئۈچۈن بىر ياخشى ئەمەلنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. ھەدىسنىڭ يەنە بىر نەقلىدە بۇنىڭ سەۋەبى ئوچۇق بايان قىلىنغان: «إنما تركها من جراي» «ھەقىقەتەن ئۇ شەھۋىتىنى مەن ئۈچۈن تەرك ئەتتى»[1].

مەسىلەن، بىر ئادەم غەيۋەتكە ئوخشاش بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلماقچى بولۇپ، لېكىن بۇنىڭ ھارام ئىش ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ قىلمىشىدىن يانسا، ئۇ كىشى مۇكەممەل بىر ياخشى ئەمەلنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھ ئىشتىن بىرنى قىلىپ قالغان بولسا، قىلغان يامانلىقىغا باراۋەر بىر گۇناھ يېزىلىدۇ، گۇناھىدىن ئاشۇرۇپ يېزىلمايدۇ. بۇنىڭغا الله تائالانىڭ: ﴿مَنْ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

جاءَ بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ عَشْرُ أَمْثَالِهَا وَمَنْ جَاءَ بِالسَّيِّئَةِ فَلَا يُجْزَى إِلَّا مِثْلَهَا وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ﴾ «بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئۇن ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ، بىرەر يامانلىق قىلغان ئادەمگە پەقەت ئۇنىڭ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ»[1] دېگەن سۆزى دەلىلدۇر.

بۇ ھەدىستىن نىيەتنىڭ ياخشىلىقلارنىڭ ھاسىل بولۇشىدىكى ئەڭ نېگىزلىك ئامىل ئىكەنلىكى ۋە ياخشى نىيەتنىڭ ئۆز ئىگىسىنى ياخشىلىققا يېتەكلەيدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

بىز ئىلگىرى شەرىئەتتە چەكلەنگەن ھارام بىر ئىشنى نىيەت قىلىپ، ئۇنى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن كىشىنىڭ گەرچە ئۇ كىشى شۇ قەبىھ ئىشنى قىلالمىغان بولسىمۇ، يامانلىقنىڭ گۇناھى يېزىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتۈلگەن بىر-بىرىگە قىلىچ تەڭلىگەن ئىككى كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، بۇ ھەقتە ئارتۇق توختىلىش ھاجەتسىز. ئەبۇ بەكرە نۇفەيئ ئىبنى ھارىس سەقەفىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «إذا التقى المسلمان بسيفيهما فالقاتل والمقتول في النار». «ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان بىر-بىرىگە قىلىچ تەڭلىسە، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى دوزاختا كىرىدۇ» دېدى. مەن: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۆلتۈرگۈچىغۇ شۇنداق، ئۆلتۈرۈلگۈچى نېمىشقا دوزاختا كىرىدۇ؟» دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ﷺ: «إنه كان حريصا على قتل صاحبه» «چۈنكى ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىسمەن بولغان» دېدى.[2]

## 12 ـ ھەدىس

وعن أبي عبد الرحمان عبدِ اللَّه بنِ عمرَ بن الخطابِ رضيَ اللَّه عنهما، قَالَ: سمعتُ رسولَ اللَّه

---

[1] سۈرە ئەنئام 160 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

- صلى اللّه عليه وسلم - يقول: «انطَلَقَ ثَلاثَةُ نَفرٍ مِمَّنْ كَانَ قَبْلَكُمْ حَتَّى آوَاهُمُ المَبيتُ إلى غَارٍ فَدَخلُوهُ، فانْحَدرَتْ صَخْرَةٌ مِنَ الجَبَلِ فَسَدَّتْ عَلَيْهِمُ الغَارَ، فَقالُوا: إنَّهُ لاَ يُنْجِيكُمْ مِنْ هذِهِ الصَّخْرَةِ إلاَّ أَنْ تَدْعُوا اللّه بصَالحِ أعْمَالِكُمْ. قَالَ رجلٌ مِنهُمْ: اللَّهُمَّ كَانَ لِي أَبَوانِ شَيْخَانِ كبيرانِ، وكُنْتُ لا أَغْبِقُ قَبْلَهُمَا أَهْلاً ولاَ مالاً، فَنَأَى بِي طَلَبُ الشَّجَرِ يَوْمًا فلم أَرِحْ عَلَيْهمَا حَتَّى نَامَا، فَحَلَبْتُ لَهُمَا غَبُوقَهُمَا فَوَجَدْتُهُمَا نَائِمَيْنِ، فَكَرِهْتُ أَنْ أُوقِظَهُمَا وَأَنْ أَغْبِقَ قَبْلَهُمَا أَهْلاً أو مالاً، فَلَبَثْتُ - والْقَدَحُ عَلَى يَدِي - أَنْتَظِرُ اسْتِيقَاظَهُما حَتَّى بَرِقَ الفَجْرُ والصِّبْيَةُ يَتَضَاغَوْنَ عِنْدَ قَدَمِيَّ، فاسْتَيْقَظَا فَشَرِبا غَبُوقَهُما. اللَّهُمَّ إنْ كُنْتُ فَعَلْتُ ذلِكَ ابِتِغَاء وَجْهِكَ فَفَرِّجْ عَنّا مَا نَحْنُ فِيهِ مِنْ هذِهِ الصَّخْرَةِ، فانْفَرَجَتْ شَيْئًا لا يَسْتَطِيعُونَ الخُرُوجَ مِنْهُ. قَالَ الآخر: اللَّهُمَّ إنَّهُ كانَتْ لِيَ ابْنَةُ عَمّ، كَانَتْ أَحَبَّ النّاسِ إليَّ - وفي رواية: كُنْتُ أُحِبُّها كأَشَدِّ مَا يُحِبُّ الرِّجَالُ النساءَ - فَأَرَدْتُهَا عَلَى نَفْسِهَا فامْتَنَعَتْ منِّي حَتَّى أَلَمَّتْ بها سَنَةٌ مِنَ السِّنِينَ فَجَاءتْنِي فَأَعْطَيْتُهَا عِشْرِينَ وَمِئَةَ دينَارٍ عَلَى أَنْ تُخَلِّيَ بَيْني وَبَيْنَ نَفْسِهَا فَفعَلَتْ، حَتَّى إِذَا قَدَرْتُ عَلَيْهَا - وفي رواية: فَلَمَّا قَعَدْتُ بَينَ رِجْلَيْهَا، قالتْ: اتَّقِ اللّه وَلاَ تَفُضَّ الخَاتَمَ إلاّ بِحَقِّهِ، فَانصَرَفْتُ عَنْهَا وَهِيَ أَحَبُّ النَّاسِ إليَّ وَتَرَكْتُ الذَّهَبَ الَّذِي أعْطَيتُها. اللَّهُمَّ إنْ كُنْتُ فَعَلْتُ ذلِكَ ابْتِغاءَ وَجْهِكَ فافْرُجْ عَنَّا مَا نَحْنُ فِيهِ، فانْفَرَجَتِ الصَّخْرَةُ، غَيْرَ أَنَّهُمْ لا يَسْتَطِيعُونَ الخُرُوجَ مِنْهَا. وَقَالَ الثَّالِثُ: اللَّهُمَّ اسْتَأْجَرْتُ أُجَرَاءَ وأَعْطَيْتُهُمْ أجْرَهُمْ غيرَ رَجُل واحدٍ تَرَكَ الَّذِي لَهُ وَذَهبَ، فَثَمَّرْتُ أجْرَهُ حَتَّى كَثُرَتْ مِنهُ الأَمْوَالُ، فَجَاءنِي بَعدَ حِينٍ، فَقالَ: يَا عبدَ اللّه، أَدِّ إِلَيَّ أجْرِي، فَقُلْتُ: كُلُّ مَا تَرَى مِنْ أجْرِكَ: مِنَ الإبلِ وَالبَقَرِ والْغَنَمِ والرَّقيقِ، فقالَ: يَا عبدَ اللّه، لاَ تَسْتَهْزِىءْ بي! فَقُلْتُ: لاَ أَسْتَهْزِئ بِكَ، فَأَخَذَهُ كُلَّهُ فاسْتَاقَهُ فَلَمْ يتْرُكْ مِنهُ شَيئًا. اللَّهُمَّ إنْ كُنتُ فَعَلْتُ ذلِكَ ابِتِغَاءَ وَجْهِكَ فافْرُجْ عَنَّا مَا نَحنُ فِيهِ، فانْفَرَجَتِ الصَّخْرَةُ فَخَرَجُوا يَمْشُونَ». مُتَّفَقٌ عليهِ.

ئەبۇ ئابدۇراھمان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈچ نەپەر كىشى سەپەرگە چىقتى. كەچ كىرگەندە ئۇلار قونالغۇ قىلىش ئۈچۈن بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىردى. كېيىن تاغدىن بىر قورام تاش دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى توسۇۋالدى. ئۇلار بىر-

بىرىگە: «بىزنى بۇ تاشتىن پەقەت بىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمىزنى ۋەسىلە قىلىپ الله قا قىلغان دۇئايىمىزلا قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ» دېيىشتى. ئۇلاردىن بىرى: «ئى الله ! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانام بار ئىدى. مەن داۋاملىق ئاتا ـ ئانامنى باشتا غىزالاندۇرۇپ، ئاندىن ئائىلەمدىكىلەرنى ۋە خىزمەتكارلىرىمنى غىزالاندۇراتتىم. بىر كۈنى ماللىرىمنى ئوت ـ چۆپ مول يەردە باقىمەن دەپ يىراقلاپ كېتىپ، بەك كەچ قايتىپ كەلدىم. قارىسام، ئاتا ـ ئانام ئۇخلاپ قالغان ئىكەن. مەن ئۇلارنى ئويغىتىشنى توغرا كۆرمىدىم، شۇنداقلا ئائىلەمدىكىلەرنى ۋە خىزمەتكارلىرىمنى ئۇلاردىن بۇرۇن غىزالاندۇرۇشنى تېخىمۇ لايىق كۆرمىدىم. مەن قولۇمدا قاچىنى تۇتقان پېتى ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم، نەتىجىدە تاڭ يورۇپ كەتتى. كىچىك باللىرىم ئاچلىقتا پۇتۇمغا ئېسىلىپ يىغلىشاتتى. ئاخىرى ئاتا ـ ئانام ئويغىنىپ سۈتنى ئىچتى. ئى الله ! شۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان ئىدىم، بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن» دەپ دۇئا قىلدى. تاش ئازراق كۆتۈرۈلدى. لېكىن ئۇلار يوچۇقتىن چىقىپ كېتەلمەيتتى. ئۇلاردىن يەنە بىرى: «ئى الله ! مېنىڭ تاغامنىڭ بىر قىزى بار ئىدى. مەن ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم. مەن ئۇ قىز بىلەن بىر تۈشەكتە بولۇشنى تەلەپ قىلسام، ئۇ تەلىپىمنى قوبۇل قىلمىدى. بىر يىلى ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشۈپ قېلىپ مېنىڭ قېشىمغا كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا مېنىڭ تەلىپىمگە قوشۇلۇش شەرتى بىلەن 120 تىللا بەردىم، ئۇ ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە ھەممە شارائىت ھازىرلىنىپ بولغاندا (يەنە بىر نەقىلدە: «مەن ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇرۇپ بولغاندا» دېيىلگەن)، ئۇ: <الله تىن قورققىن! ئالدى بىلەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بېجىرىپ بولۇپ، ئاندىن مەن بىلەن بىر تۈشەكتە بولغىن> دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا

چىقىلىش نىيىتىمدىن ياندىم. ھالبۇكى، ئۇ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قىز ئىدى. مەن ئۇنىڭغا بەرگەن ئالتۇنلاردىنمۇ ۋاز كەچتىم. ئى الله ! مۇشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان ئىدىم، بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن» دېدى. تاش ئازراق كۆتۈرۈلدى، لېكىن ئۇلار ئۆڭكۈردىن يەنىلا چىقىپ كېتەلمەيتتى. ئۇلاردىن يەنە بىرى: «ئى الله ! مەن بىرمۇنچە مەدىكارلارنى ئىشلەتكەن ئىدىم. مەن ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىنى ئالماي كەتكەن كىشىدىن باشقا ھەممىسىنىڭ ئىش ھەققىنى بەردىم. مەن ئۇ ئادەمنىڭ ئىش ھەققىنى دەسمىي قىلىپ ئىشلىتىپ بىرمۇنچە مال توپلىدىم. بىر زاماندىن كېيىن ئۇ ئادەم كېلىپ: <ئى الله نىڭ بەندىسى! مېنىڭ ئىش ھەققىمنى بەرگىن> دېدى. مەن ئۇنىڭغا: <سەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ تۆگىلەر، كالىلار، قويلار، ۋە قۇللارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئىش ھەققىڭ> دېدىم. ئۇ: <ئى الله نىڭ بەندىسى! مېنى مەسخىرە قىلمىغىن> دېدى. مەن ئۇنىڭغا: <سېنى مەسخىرە قىلمىدىم> دېدىم. ئاندىن ئۇ كىشى بۇ نەرسىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئېلىپ كەتتى. ئى الله ! مەن شۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان ئىدىم، بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن» دەپ دۇئا قىلدى. تاش كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقىپ يۈرۈپ كەتتى.[1]

## شەرھىسى

غار دېگەن كىشىلەر قونۇش، دالدىلىنىش ۋە ئارام ئېلىش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان تاغدىكى ئۆڭكۈرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ھەدىستە بايان قىلىنغان ئۈچ كىشى قونالغۇ قىلىش ئۈچۈن غارغا چۈشكۈن قىلغاندا تاغ ئۈستىدىن بىر قورام تاش يۇمىلاپ چۈشۈپ، غارنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋالغان ئىدى. ئۇ غايەت زور

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

چوڭ تاش بولغانلىقتىن، ئۇلار بۇ تاشنى ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتەلمىدى. ئۇلار الله تائالاغا سالىھ ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىشنى توغرا كۆردى ۋە ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىشقا كىرىشتى. بىرىنچى كىشى ئاتا-ئانىسىغا قىلغان ۋاپادارلىقىنى، ئىككىنچىسى الله قا بولغان ھاياسىنى، ئۈچىنچىسى تەقۋادار ۋە سەمىمىيلىكىنى ۋەسىلە قىلدى.

بىرىنچى كىشىنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانىسى بار بولۇپ، ئۇ ئاتا-ئانىسىنى شۇ قەدەر ھۆرمەتلەيتتىكى، ھەتتا ئايالى، بالىلىرى ۋە ئۆيدىكى خىزمەتكارلىرىغا ئۇلاردىن ئىلگىرى تاماق بەرمەيتتى. ئۇ ئادەتتە پادىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان بولۇپ، قويلىرىنىڭ سۈتلىرىنى ئاۋۋال ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانىسىغا، ئۇنىڭدىن ئىبشىپ قالغىنىنى ئائىلىسى ۋە خىزمەتكارلىرىغا بېرەتتى.

ئۇ بىر كۈنى ماللىرىنى ئوتلىتىش ئۈچۈن ئوت-چۆپ ئىزدەپ ئۆيگە كەچ قايتىپ كەلدى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئاتا-ئانىسىدىن بۇرۇن باشقىلارنى غىزالاندۇرۇشنى توغرا كۆرمەي، قولىدىكى بىر قاچا سۈتنى تۇتقانچە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. تاڭ ئاتقاندا ئۇ ئىككىسى ئويغىنىپ، سۈتنى ئىچكەندىن كېيىن ئۇلاردىن ئاشقان سۈتنى ئائىلىسىدىكىلەرگە بەردى.

ئۇ الله تائالاغا مۇنداق دۇئا قىلغان: «اللهم إن كنت فعلت ذلك ابتغاء وجهك ففرج عنا ما نحن فيه». «ئى الله ! شۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان ئىدىم، بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن».

بۇ كىشىنىڭ دۇئاسىدىن الله رىزالىقى ئۈچۈن قىلىنغان خالىس نىيەتنىڭ ئەمەللەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىكى مۇھىم شەرت ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. الله تائالا ئۇنىڭ بۇ ۋەسىلىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە تاش ئازراق

كېتەيدى. لېكىن ئۇلار بۇ يوچۇقتىن چىقالمىدى.

ئىككىنچىسىگە كەلسەك، ئۇ كىشى تاغىسىنىڭ بىر قىزىغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ناشايان تەلەپلەرنى قويىدۇ، لېكىن قىز ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىدۇ. بىر يىلى ئۇ قىز موھتاجلىق سەۋەبىدىن پۇل سوراپ بۇ كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. قىز زۆرۈرىيەت تۈپەيلى پۇل ئۈچۈن ئىپپىتىنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ (لېكىن بۇ ھەرگىز دۇرۇس ئەمەس)، بىر يۈز يىگىرمە دىنار بەدىلىگە ئۇ كىشىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدۇ. ئۇ ئادەم قىز بىلەن يۈتۈشۈپ، بىر يۈز يىگىرمە دىنارنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ. قىز موھتاجلىق ۋە پېقىرلىقنىڭ دەستىدىن مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئادەم قىز بىلەن بىر تۆشەكتە بولماقچى بولۇپ، قىزنىڭ ئىككى پۇتى ئارىسىدا ئولتۇرغان ۋاقىتتا، قىز ئۇنىڭغا: «اتق اللّٰه ولا تفض الخاتم إلا بحقه» «<الله تىن قورققىن! ئالدى بىلەن شەرئەت ئەھكاملىرىنى بېجىرىپ بولۇپ، ئاندىن مەن بىلەن بىر تۆشەكتە بولغىن> دېگەن، قىز بۇ ئورۇندا ئاجايىپ ۋەزنى ئېغىر بىر سۆزنى قىلىش ئارقىلىق ئۇ ئادەمنى ھالال يوللارغا ئىمكان بار تۇرسىمۇ، چەكتىن ئېشىپ گۇناھ ئىشلارغا جۈرئەت قىلماسلىققا ۋە بۇ ھەقتە الله تىن قورقۇشقا چاقىرىق قىلىدۇ. قىزنىڭ چىن قەلبىدىن ئېيتقان بۇ ھەق سۆزلىرى ئۇنىڭ قاغجىراپ كەتكەن قەلب تۇپرىقىغا شىپالىق يامغۇر كەبى قۇيۇلۇپ، قەلبىدىكى ئىمانىنى ياشارتىدۇ. قەلبىدىكى ئىمانىي تۇيغۇنىڭ تۇرتكىسىدە ئۆزى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تەقەززا بولۇپ كۈتكەن نەرسىسىدىن ۋاز كېچىپ، قىزنىڭ ئۈستىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ ۋە بەرگەن پۇللارنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىۋېتىدۇ.

ئۇ يۇقىرىقى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ الله تائالاغا مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: «اللهم إن كنت فعلت ذلك ابتغاء وجهك فافرج عنا ما نحن فيه» «ئى الله ! شۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان ئىدىم، بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن».

تاش ئازراق كۆتۈرۈلدى، لېكىن ئۇلار ئۆڭكۈردىن يەنىلا چىقىپ كېتەلمەيتتى. ئەمەلىيەتتە، الله تائالا بىر قېتىمدىلا تاشنى ئېلىۋېتىشكە قادىر ئىدى. لېكىن الله تائالا ئۇلارنىڭ سالىھ ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىشنى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كېيىنكى ئۈممەتلەر ئۈچۈن ئۈلگە سۈپىتىدە قالدۇرۇپ قويۇشنى خالىغان ئىدى.

ئۈچىنچى كىشى ئۆزىدىكى ئامانەتدارلىق سۈپىتىنى ۋەسىلە قىلغان. بۇ ئادەم ئەسلىدە مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن بىر توپ كىشىلەرنى ياللاپ ئىشلەتكەن. ئۇ مەدىكارلارنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى بەرگەندە ئارىدىن بىر كىشى ھەققىنى ئالماي كېتىپ قالغان، ئۇ كىشى مەدىكارنىڭ بۇ ئىش ھەققىنى دەسمىي قىلىپ تىجارەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنى كۆپەيتىپ قويغان. بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مەبلىغى ئاۋۇپ، بىرمۇنچە تۆگە، كالا، قوي، خىزمەتكار ۋە كۆپ مال-مۈلۈككە ئىگە بولغان.

بىر مەزگىلدىن كېيىن ھېلىقى مەدىكار بۇ ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ھەققىنى سورىغاندا، بۇ كىشى: «سەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ مال-دۇنيالارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ، ئال!» دەپ جاۋاب بەرگەن. مەدىكار بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ: «مېنى مەسخىرە قىلما، مېنىڭ سەندىكى ئىش ھەققىم بۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس تۇرسا، بۇنچە كۆپ نەرسىلەر قانداقمۇ مېنىڭ بولسۇن، مېنى مەسخىرە قىلمىغىن» دېگەندە، بۇ كىشى مەدىكارغا: «سېنى مەسخىرە قىلمىدىم» دېگەن. ئاندىن ئۇ كىشى بۇ نەرسىلەرنىڭ بىرنىمۇ قالدۇرماي ئېلىپ كەتكەن.

ئۇ كىشى الله تائالاغا: «اللهم إن كنت فعلت ذلك ابتغاء وجهك فافرج عنا ما نحن فيه» «ئى الله! شۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان ئىدىم، بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن» دەپ دۇئا قىلدى. الله تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى

ئىخلاس سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ۋەسىلىسىنى قوبۇل قىلىپ، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلدى.

## بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

**ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش كاتتا پەزىلەتلىك ئەمەل بولۇپ، ھەتتا ئادەم ئاتا ـ ئانىغا قىلغان ياخشىلىقى سەۋەبلىك دۇنيادا ئۇچرايدىغان مۇشەققەت ۋە مۇسىبەتلەردىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدۇ.**

**زىنا قىلىشقا قادىر تۇرۇپمۇ اللە تىن ھايا قىلىپ زىنادىن ئۆزىنى تارتقان كىشى اللە نىڭ سايىسىغا داخىل بولىدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشىلەر قاتارىدىن بولىدۇ.** پەيغەمبەر ﷺ اللە نىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق كۈندە اللە سايىدىتىدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشىنىڭ بىرىنى مۇنداق سۆپەتلەيدۇ: «ورجل دعته امرأة ذات منصب وجمال فقال: إني أخاف اللّه» «مەرتىۋىلىك چىرايلىق بىر ئايال (ئۆزى بىلەن زىنا قىلىشقا) چاقىرسا، <مەن اللە تىن قورقىمەن> دەپ ئۇنى رەت قىلغان كىشى».[1] دېمەك، مانا بۇ ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئۇ قىز بىلەن زىنا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە تۇرۇپمۇ، اللە تىن قورقۇپ ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلىشنى تەرك ئەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى اللە تىن ھايا قىلىپ ئۆز شەھۋىتىدىن ۋاز كەچكەن كىشىنىڭ ھالىتىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا بۇ ئادەمنىڭ اللە نىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق كۈندە اللە ئۇلارنى سايىدىتىدىغان كىشىلەردىن بولۇشى ئۈمىد قىلىنىدۇ.

**ئامانەتدارلىق ۋە باشقىلارنىڭ ترىكچىلىكى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بېرىش پەزىلەتلىك ئەمەللەر قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.** بۇ ئادەم ئەسلىدە مەدىكارنىڭ ھەققىنى بەرسىلا بولاتتى، ئەمما ئۇ سەمىمىي ۋە ئىخلاسمەن كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ھەقىقىنى دەسمايە قىلىپ تاپقان پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بەرگەن.

**اللە تائالا ناھايىتى قۇدرەتلىك زات بولۇپ، ھەرقانداق ئىش ئۇنىڭ ئىزنىسىز ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ.** غايەت زور تاش سەۋەبسىز غارنىڭ ئاغزىغا كەپلىشىپ قالمىغان ئىدى. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇنى يۆتكىۋېتىدىغان بىرەر ماددىي سەۋەب ھاسىل بولمىغان ۋە ئۇنى ئېلىۋېتىدىغان كىشىلەرمۇ كەلمىگەن ئىدى. ھەممىگە قادىر اللە تائالا قورام تاشقا غارنىڭ ئېغىزىدىن يۆتكىلىشنى ئەمىر قىلغاندىلا، ئۇلار غاردىن چىقىپ كېتەلىدى. اللە تائالا ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

**اللە تائالا دۇئالارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى زاتتۇر.** اللە تائالا ئۇلارنىڭ موھتاجلىق ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسىنى ئاڭلاپ ئىجابەت قىلغان ۋە ئۆز ياردىمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بەرگەن.

**خالىس نىيەت بىلەن قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەت قىيىنچىلىقلارنى كەتكۈزۈۋېتىدىغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.** چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇنداق دۇئا قىلغان: «اللهم إن كنت فعلت ذلك ابتغاء وجهك, فافرج عنا ما نحن فيه» «ئى اللە ! شۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان ئىدىم، بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن». ئەمما، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان رىياخورلۇق ۋە شۆھرەتپەرەسلىك بىلەن قىلىنغان ئەمەل سىلدىكى كۆپۈككە ئوخشاش بەرقارار تۇرمايدىغان بولۇپ ئۇ، ئۆز ئىگىسىگە ھېچبىر مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەيدۇ.

اللە تائالادىن بىزگە ئىخلاسنى رىزىق قىلىپ بېرىشنى سورايمىز. چۈنكى ئىخلاس ئىبادەتنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەل ـ ئىبادىتىمىزدە اللە تىن باشقا ھېچبىرىنىڭ رىزاسىنى ئۈمىد قىلماڭ. ئىبادەتنى پەقەت يەككە ـ يېگانە اللە ئۈچۈنلا قىلىڭ. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ اللە تائالادىن نەقىل قىلغان ھەدىستە، اللە تائالا مۇنداق دېگەن: «أنا أغنى الشركاء عن الشرك، من عمل عملاً أشرك فيه معي غيري تركته وشركه» «اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

<مېنىڭ شېرىككە ھېچ ئېھتىياجىم يوق. كىمكى ماڭا باشقا بىرىنى شېرىك قىلىپ تۇرۇپ بىر ئەمەلنى قىلسا، ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ شېرىكى بىلەن قالدۇرىمەن (يەنى ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئەجىر بەرمەيمەن)>». [1] اللە توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

❁ ❁ ❁

[1] مۇسلىم توپلىغان.

## 2 ـ باب: تەۋبە توغرىسىدا

ئالىملار ھەرقانداق گۇناھتىن تەۋبە قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەگەر گۇناھ بەندە بىلەن الله ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ھەقلىرىگە ئالاقىدار بولمىسا ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك شەرتى بولىدۇ:

بىرىنچى، گۇناھتىن قول ئۈزۈش.

ئىككىنچى، ئۆتكۈزگەن گۇناھىغا پۇشايمان قىلىش.

ئۈچىنچى، شۇ گۇناھنى قايتا قىلماسلىققا بەل باغلاش.

ئەگەر بۇ ئۈچ شەرتنىڭ بىرى يوقىلىپ كېتىدىكەن، ھېچقانداق تەۋبە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئەگەر گۇناھ ئادەملەرنىڭ ھەقلىرىگە ئالاقىدار بولسا، ئۇنىڭ تۆت تۈرلۈك شەرتى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچ شەرتى الله بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى گۇناھقا تەۋبە قىلىشنىڭ شەرتى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ھەقلىرىگە ئالاقىدار گۇناھنىڭ تەۋبىسى ئۈچۈن ھەقدارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي ھەقلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشى شەرت قىلىنىدۇ. يەنى، مېلىغا چېقىلغان بولسا مېلىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، بوھتان چاپلاپ ياكى غەيۋەت قىلىپ يۈز ـ ئابرۇيىغا چېقىلغان بولسا، شۇ كىشىدىن رازىلىق سورايدۇ.

ھەرقانداق گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىش ۋاجىبتۇر. ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىغا كۆرە، ئەگەر كىشى بىر قىسىم گۇناھتىن تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ ئاشۇ گۇناھقا قىلغان تەۋبىسىلا قوبۇل قىلىنىدۇ، لېكىن قالغان گۇناھلىرى گەدىنىدە شۇ پېتى قېلىۋېرىدۇ. قۇرئان ۋە سۈننەتتىن كەلگەن دەلىللەر، شۇنداقلا ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىجمالىرى تەۋبە قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار

اللە قا تەۋبە قىلىڭلار»[1]. اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنِ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ﴾ «سىلەر پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار»[2]، اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا تُوبُوا إِلَى اللَّهِ تَوْبَةً نَصُوحًا﴾ «ئى مۇئمىنلەر اللە قا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار»[3].

## شەرھىسى

مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ «تەۋبە ھەققىدە» دەپ بىر باب تۈزۈپ چىققان. تەۋبە دېگەن سۆز «تاب، يتوب» دېگەن پېئىلدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، «قايتىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ شەرئىي ئىستىلاھتىكى مەنىسى «اللە قا ئاسىي بولۇشتىن قايتىپ، ئۇنىڭ ئىتائىتىگە كىرىش» دېگەنلىك بولىدۇ.

تەۋبىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ۋە ئەڭ مۇھىمى كۇفۇرلۇقتىن يېنىپ، ئىمانغا قايتىشتۇر. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لِلَّذِينَ كَفَرُوا إِنْ يَنْتَهُوا يُغْفَرْ لَهُمْ مَا قَدْ سَلَفَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن، پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[4]. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى، چوڭ گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىش؛ ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن قالسا، كىچىك گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىشتۇر.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىنساننىڭ ھەرقانداق گۇناھتىن تەۋبە قىلىشى ۋاجىبتۇر. يۇقىرىدا گۇناھتىن تەۋبە قىلىشنىڭ ئۈچ شەرتى بار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق، ئەمما ئۇنى تېخىمۇ ئىنچىكىلىگەن ۋاقىتتا، جەمئىي بەش شەرتى بارلىقى مەلۇم بولىدۇ.

---

[1] سۈرە نۇر 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھۇد 3- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەھرىم 8- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەنفال 38- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

• بىرىنچى شەرت: ئىنسان گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىشتا الله رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىش. خالىس نىيەت بىلەن الله نىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشىنى ۋە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشىنى يالۋۇرۇپ سورىشى، ھەرگىزمۇ كىشىلەرگە تەقۋادار كۆرۈنۈش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى قانداقتۇر دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلماسلىقى كېرەك.

• ئىككىنچى شەرت: گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىش. ئادەمدىكى گۇناھلاردىن پۇشايمان قىلىش ۋە ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى تەۋبىدىكى سادىقلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، سەمىمىي قەلب ئىگىسى قىلغان گۇناھلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن الله قا تەۋبە قىلىشتىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولغاچقا، قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن قايغۇرىدۇ ۋە گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلىدۇ.

• ئۈچىنچى شەرت: شۇ گۇناھتىن قول ئۈزۈش. مانا بۇ تەۋبىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەگەر ئۆتكۈزگەن گۇناھ ۋاجىباتلارنى تاشلاپ قويۇش بىلەن سادىر بولغان بولسا، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ قىلىش كېرەك بولىدۇ. مەسىلەن، زاكات بەرمەيدىغان كىشى الله قا تەۋبە قىلماقچى بولسا، ئىلگىرى ئادا قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن زاكاتنى بېرىشى زۆرۈر.

تەۋبە قىلماقچى بولغان كىشى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا سەل قارىغان بولسا، ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشى؛ ئەگەر سىلە-رەھىمنى ئۈزۈلاشقا سەل قارىغان بولسا، سىلە-رەھىمنى ئۇلىشى كېرەك. جازانە يېگەن كىشى جازانىدىن قول ئۈزۈپ، جازانە يولى ئارقىلىق تاپقان ماللىرىدىن ئايرىلىشى؛ ئالدامچىلىق، كىشىلەرگە يالغان سۆزلەش ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلىشقا ئوخشاش ھارام ئىشلارغا مەشغۇل بولغان كىشى بولسا، بۇ قىلمىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن بىرگە، ھارام يول ئارقىلىق تاپقان

مالـلىرىنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشى؛ غەيۋەت قىلىپ باشقىلارنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى تۆككەن كىشى بولسا، بۇ قىلمىشىنى قايتا سادىر قىلماسلىققا بەل باغلىشى كېرەك. ئومۇمەن، ھارام ئىشلارنى قىلغان ياكى الله بۇيرۇغان ئىشلارنى كېچىكتۈرگەن كىشى تەۋبە قىلغان ۋاقىت سائەتتىن باشلاپ، ھارامدىن قول ئۈزۈشى ۋە سەل قارىغان ئەمەللەرنى تولۇقلىشى كېرەك.

ئەمما، گۇناھ-مەئسىيەت ئۈستىدە تۇرۇپ الله تىن تەۋبە ئۈمىد قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەكسىچە، بۇنداق قىلىش الله نى مەسخىرە قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق سەممىيەتسىز تەۋبە قانداقمۇ قوبۇل قىلىنسۇن!

ناۋادا سىز بىراۋغا يامانلىق قىلىپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزرە سورىغان بولسىڭىز ۋە بۇنى قايتا سادىر قىلمايدىغانلىقىڭىزنى ئېغىزىڭىزدا ئىپادىلەپ قويۇپ، نىيىتىڭىزدە بۇ ئىشنى قايتا قىلىشنى پىلانلاپ يۈرسىڭىز ھەقىقەتەنمۇ ئۇ كىشىنى مەسخىرە قىلغان بولىسىز. ئۇنداقتا ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان الله قا بۇنداق مۇئامىلە قىلىش قانداقمۇ لايىق بولىدۇ؟!

بەزىبىر كىشىلەر باركى، ئۇلار جازانىگە نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى جار سالىدۇ-يۇ، ئەمما ئۇنىڭ پۈتۈن مەشغۇلاتى جازانە بىلەن ئۆتىدۇ. يەنە بەزىلەر غەيۋەتنىڭ نەقەدەر يامان قىلمىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ يۈرىدۇ-يۇ، ماھىيەتتە ئۇ غەيۋەتكە نان چىلاپ يەيدىغان كىشى بولۇپ چىقىدۇ. يەنە بەزىلەر يالغانچىلىق ۋە خىيانەتنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكىنىدىن قاقشايدۇ-يۇ، ئەمما ئۇنىڭ دەل مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىسىز. الله قا سېغىنىپ بۇ خىل كىشىلەردىن پاناھ تىلەيمىز.

نېمىلا بولمىسۇن، ئىنسان تەۋبە قىلغان گۇناھتىن قول ئۈزۈشى زۆرۈر. ئەگەر تەۋبە قىلغۇچى گۇناھتىن قول ئۈزمىسە، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايلا قالماستىن، بەلكى تەۋبىسى الله نىڭ دەرگاھىدا ھېچبىر پايدا بەرمەيدۇ.

اللە نىڭ ھەققىگە ئالاقىدار بولغان گۇناھلاردا اللە قا تەۋبە قىلىپ گۇناھلاردىن قول ئۈزۈشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە بولۇپ، بۇنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەكسىچە، قىلغان گۇناھلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرۈش شەرىئەتتە دۇرۇس ئەمەستۇر. ئەگەر اللە بەندىسىگە ياخشىلىق قىلىپ گۇناھلىرىنى يوشۇرغان بولسا، قىلغان گۇناھلارنى باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرۈش نېمىدېگەن بىمەنىلىك-ھە! پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كل أمتي معافى إلا المجاهرين، وإن من المجاهرة أن يعمل الرجل بالليل عملا، ثم يصبح وقد ستره اللّٰه عليه، فيقول: يا فلان، عملت البارحة كذا وكذا...» «ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى كەچۈرۈلگۈچىدۇر، پەقەت ئاشكارىلىغۇچىلار كەچۈرۈلمەيدۇ. ‹ئاشكارىلىغۇچى› دېگەن كېچىدە بىر ئىشلارنى قىلغان، ئاندىن اللە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپسا، تاڭ ئاتقۇزۇپ: ‹ئى پالانى! مەن كېچىدە مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلدىم› دېگەن كىشىدۇر...».[1]

بىراق بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىنسان شەرئىي جازا ئىجرا قىلىنىدىغان بىرەر گۇناھنى قىلىپ سالغان بولسا، قازىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قازىدىن گۇناھتىن پاكلاپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىپ گۇناھلىرىنى بىرمۇبىر بايان قىلىپ بەرسە دۇرۇستۇر. ئەمما، شۇنداق تۇرۇپمۇ گۇناھنى يوشۇرۇپ قېلىشى ئەۋزەل. مەسىلەن، زىناغا ئوخشاش ھەد ئىجرا قىلىنىدىغان گۇناھلارنى سادىر قىلغان كىشىنىڭ قازىنىڭ ئالدىدا ئۆزى ئۇستىدە ھەد ئىجرا قىلدۇرۇپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىپ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى بايان قىلىپ بېرىشى دۇرۇس. چۈنكى، ھەد گۇناھلارغا كەففارەتتۇر.

بۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارنى قىلغان كىشى اللە ئۇنىڭ گۇناھنى باشقىلاردىن يوشۇرۇپ قالغاندەك، ئۆزىمۇ گۇناھنى باشقىلاردىن يوشۇرۇن

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تۆتۈشى كېرەك. زىنا ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان قەبىھ گۇناھلارنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرۈش ئۆز-ئۆزىنى رەسۋا قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. اللّٰه نىڭ ھەقلىرىگە ئائىت گۇناھلارنى سادىر قىلىپ سالغان كىشى سەممىي تەۋبە قىلغانلا بولسا، اللّٰه تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە يامانلىقلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ.

ئەمما، بەندىلەرنىڭ ھەققىگە ئائىت گۇناھلارنى سادىر قىلغان كىشى ھەقدارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھەقلىرىنى قايتۇرۇش ئارقىلىق تەۋبىگە لايىق بولالايدۇ. مەسىلەن، بىراۋنىڭ مېلىنى ئېلىۋالغان كىشى گۇناھىدىن تەۋبە قىلماقچى بولسا، ئوغرىلىۋالغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك ياكى باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ تېنىۋالغان كىشى تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن قەرز ئىگىسىدىن رازىلىق سوراپ، قەرزىنى قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر قەرز بەرگەن كىشى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ئۇنى ۋارىسلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشى، قەرز ئىگىسىنىڭ ۋارىسىنىمۇ تاپالمىغان بولسا ياكى ئۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى بىلەلمىگەن بولسا، شۇ كىشى ھەققىدە سەدىقە قىلىشى لازىم بولىدۇ.

ئەگەر تەۋبە قىلغۇچى بىراۋنى ئۇرۇش ياكى يارىلاندۇرۇشقا ئوخشاش باشقىلارنىڭ جىسمىغا دەخلى-تەرۇز قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۆزى ئۇرغان ياكى يارىلاندۇرغان كىشىلەرگە قىساس ئېلىۋېلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىشى، قىساس ئېلىنغان ۋاقىتتا بەدىنىنىڭ قايسى جايىغا ئازار يەتكۈزۈلگەن بولسا شۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇندىن قىساس ئېلىنىشى كېرەك. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَزَاءُ سَيِّئَةٍ سَيِّئَةٌ مِثْلُهَا﴾ «بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)»[1]. اللّٰه تائالا يەنە مۇنداق

[1] سۈرە شۇرا 40- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دەيدۇ: ﴿فَمَنِ اعْتَدَى عَلَيْكُمْ فَاعْتَدُوا عَلَيْهِ بِمِثْلِ مَا اعْتَدَى عَلَيْكُمْ﴾ «بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار»[①].

ئەگەر تەۋبە قىلغۇچى سۆزى ئارقىلىق باشقىلارغا ئازار بېرىپ گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن قارشى تەرەپتىن رازىلىق سورىشى كېرەككى، قارشى تەرەپ رازىلىق بېرىشى ئۈچۈن تۆلەم بېرىشنى شەرت قىلغان تەقدىردىمۇ، تۆلەم بېرىپ رازىلىق ئېلىش كېرەك.

غەيۋەتكە ئالاقىدار گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسى ھەققىدە ئالىملار ئوخشاش بولمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىر تۈركۈم ئالىملار: «غەيۋەت قىلغۇچى غەيۋىتى قىلىنغان كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: <ئى پالانى! مەن سىز توغرىسىدا بەزى گەپ ـ سۆزلەرنى دەپ سالغان ئىدىم. شۇڭا مېنى كەچۈرۈشىڭىزنى ۋە مەندىن رازى بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن> دېيىشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى ئالىملار: «ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىغا قاراش كېرەك. ئەگەر ئۇ كىشى ئۆزى ھەققىدىكى قىلىنغان غەيۋەتتىن خەۋەردار بولغان بولسا، غەيۋەت قىلغۇچى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ رازىلىق سورىشى كېرەك. ئەگەر غەيۋەت قىلىنغۇچى ئۆزى ھەققىدە قىلىنغان غەيۋەتتىن خەۋەرسىز بولسا، غەيۋەت قىلغان كىشىنىڭ غەيۋەت قىلىنغۇچى تەرەپنىڭ ئالدىغا بېرىپ رازىلىق سوراپ يۈرۈشى ھاجەتسىز، بەلكى غەيۋىتى قىلىنغان قېرىندىشى ھەققىدە مەغپىرەت تىلىشى ۋە غەيۋىتىنى قىلغان سورۇندا ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىشى لازىم. چۈنكى، ياخشىلىق يامانلىقنى كەتكۈزىدۇ» دەپ قارىغان. مانا بۇ قاراش ئەڭ توغرىدۇر. يەنى، غەيۋەت قىلىنغۇچى ئۆزى ئۈستىدىن قىلىنغان غەيۋەتتىن خەۋەرسىز بولسا، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان سورۇندا ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ: «ئى اللە! ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن» دېيىشى يېتەرلىك بولىدۇ. دېمەك،

[①] سۈرە بەقەرە 194 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەۋبىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ھەقلەر ئۆز ئىگىسىگە قايتىشى كېرەك.

• تۆتىنچى شەرت: گۇناھنى قايتا قىلماسلىققا بەل باغلاش. تەۋبە قىلغۇچىنىڭ گۇناھ قىلىش پۇرسىتى كەلگەندە يەنە قايتا قىلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ قىلغان تەۋبىسى سۇنىڭ ئۈستىگە قەلەم بىلەن خەت يازغان كىشىنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇكى، بۇنداق تەۋبە مەقبۇل قىلىنمايدۇ. مەسىلەن، پۇل ـ مېلى بار چاغدا الله قا ئاسىي بولۇپ، ھاراق ئىچىپ، زىنا قىلغان كىشى كېيىن موھتاجلىق يەتكەندە يالغاندىن تەۋبە قىلسا، ئەمما قولىغا پۇل چۈشسە يەنە شۇ گۇناھلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش نىيىتى بولسا بۇنداق كىشىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

مانا بۇ ھىممىتى ئاز، ئىرادىسى بوش كىشىنىڭ تەۋبىسىدۇر. بۇنداق كىشىلەر تەۋبە قىلسۇن ياكى تەۋبە قىلمىسۇن ھالىتى پەرقسىز بولۇپ، موھتاجلىققا گىرىپتار بولغان ۋاقىتلاردا قول ئىلىكىدە يوق بولغانلىقى ئۈچۈن «گۇناھلاردىن قول ئۈزدۈم» دەيدۇ. ئەمما، يەنە پۇل ـ مال تاپسا، شۇ گۇناھنى قايتا داۋام قىلىشنى ئويلايدۇ. مانا بۇ قوبۇل بولمايدىغان تەۋبىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، بۇنداق تەۋبە ئىگىسىگە مەنپەئەت بەرمەيدۇ.

• بەشىنچى شەرت: تەۋبىنىڭ قوبۇل بولىدىغان پەيتىنى تاللاش. تەۋبە قوبۇل قىلىنمايدىغان ۋاقىتتا قىلىنغان تەۋبىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. تەۋبە قوبۇل قىلىنمايدىغان ۋاقىت يەككە شەخسنىڭ ھالىتى ۋە ئومۇمىي ھالەت ئېتىبارى بىلەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچىسى، يەككە شەخس ئېتىبارى بىلەن تەۋبە چوقۇم ئەجەل بىلەن ئۈچرىشىشتىن ئىلگىرى بولۇشى كېرەك. ئەجەل كەلگەندە ئېيتقان تەۋبىنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى بولمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَيْسَتِ التَّوْبَةُ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ حَتَّىٰ إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ الْمَوْتُ قَالَ إِنِّي تُبْتُ الْآنَ وَلَا الَّذِينَ يَمُوتُونَ وَهُمْ كُفَّارٌ﴾ «داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە

قىلدىم، دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَمَّا رَأَوْا بَأْسَنَا قَالُوا آمَنَّا بِاللَّهِ وَحْدَهُ وَكَفَرْنَا بِمَا كُنَّا بِهِ مُشْرِكِينَ ۞ فَلَمْ يَكُ يَنْفَعُهُمْ إِيمَانُهُمْ لَمَّا رَأَوْا بَأْسَنَا سُنَّتَ اللَّهِ الَّتِي قَدْ خَلَتْ فِي عِبَادِهِ وَخَسِرَ هُنَالِكَ الْكَافِرُونَ﴾ «ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: <بىز بىر الله قا ئىمان ئېيتتۇق، بىز بۇرۇن (الله قا) شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدۇق> دېدى [84]. بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) الله نىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى [85]»[2].

دېمەك، ئىنسانىنىڭ بوينىغا ئەجەل سىرتمىقى سېلىنىپ، هاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەندە قىلغان تەۋبىسى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. هاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەندە ۋە ياشىيالمايدىغانلىقىنى هېس قىلىپ يەتكەندە تەۋبە قىلىش قىستالغان تەۋبە هېسابلىنىدۇ. شۇڭا هەقىقىي تەۋبە ئەجەل يېتىشتىن بۇرۇن بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچىسى، هەممە كىشى ئۈچۈن ئومۇمىي بولغان هالەت. پەيغەمبەر ﷺ بۇ هەقتە مۇنداق دېگەن: «لا تنقطع الهجرة حتى تنقطع التوبة، ولا تنقطع التوبة حتى تطلع الشمس من مغربها» «تەۋبە ئۈزۈلۈپ قالمىغۇچە هىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. كۈن مەغرىبتىن چىقمىغۇچە تەۋبە ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ»[3]. كۈن مەغرىبتىن چىققان ۋاقىتتا، هەرقانداق كىشىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ يَأْتِي بَعْضُ آيَاتِ رَبِّكَ لَا يَنْفَعُ نَفْسًا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ آمَنَتْ مِنْ قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِي إِيمَانِهَا خَيْرًا﴾ «پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندىن ئىلگىرى ئىمان

---

[1] سۈرە نىسا 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە غافىر 84 ـ ۋە 85 ـ ئايەت.
[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ»[1]. ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «بەزى ئالامەت» بولسا پەيغەمبەر ﷺ يۇقىرىقى ھەدىستە ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك قۇياشنىڭ غەربتىن چىقىشىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقى ئىككى ھالەتكە دۇچار بولۇشتىن ئىلگىرى تەۋبە قوبۇل بولىدىغان ۋاقىتلارنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. تەۋبە قوبۇل قىلىنمايدىغان ۋاقىتتا تەۋبە قىلىشنى ئىستىگەن كىشى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالمايدۇ.

ئالىملار: «بىر قىسىم گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىپ تۇرۇپ، باشقا يەنە بىر گۇناھنى سادىر قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنامدۇ-يوق؟» دېگەن مەسىلىدە ھەرخىل قاراشتا بولغان. بۇلار تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى قاراشتىكىلەر: «تەۋبە قىلغۇچى بىر قىسىم گۇناھىدىن تەۋبە قىلىپ، يەنە بىر قىسمىدىن تەۋبە قىلماي ھارام ئىشنى داۋاملاشتۇرغان بولسا، تەۋبە قىلغان گۇناھىدىن تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما تەۋبە قىلىنماي قالغانلىرى گەدىنىدە شۇ پېتى قىلىۋېرىدۇ» دەپ قارىغان.

ئىككىنچى قاراشتىكىلەر: «باشقا بىر گۇناھنى سادىر قىلىپ تۇرۇپ، يەنە بىر گۇناھتىن تەۋبە قىلسا تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دەپ قارىغان.

ئۈچىنچى قاراشتىكىلەر مەسىلىلەرگە تەپسىلىي قارىغان بولۇپ، ئۇلار: «ئەگەر گۇناھكار كىشى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ھارام ئىش تەۋبە قىلغان گۇناھلارنىڭ جۈملىسىدىن بولسا تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، قوبۇل بولىدۇ» دەپ قارىغان.

مەسىلەن، جازانىدىن تەۋبە قىلغان، ئەمما ھاراق ئىچكەن ۋە ھاراق

---

[1] سۈرە ئەنئام 158- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىچىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقان كىشى بار دەيلى، بۇ ھەقتە بىر بۆلۈك ئالىملار جازانىدىن تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ ھاراق ئىچكەن ۋە ھاراق ئىچىشنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى ھەقىقىي تەۋبە ئەمەس دەپ قاراپ، بۇنداق كىشىنىڭ جازانىدىن قىلغان تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بەزى ئالىملار ئۇ كىشىنىڭ جازانىدىن قىلغان تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقىنى، چۈنكى جازانە يېيىش بىلەن ھاراق ئىچىشنىڭ ماھىيەتتە پەرقلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. مانا بۇ قاراش كىتاب ئاپتورىنىڭ نەزىرىدىكى توغرا قاراشتۇر. ئۇ مۇنداق دېگەن: «باشقا گۇناھ ئىشلارنى داۋام قىلىپ تۇرۇپ، يەنە بىر گۇناھتىن تەۋبە قىلىش بولسا مەقبۇل تەۋبىنىڭ قاتارىدىندۇر».

تەۋبە قىلىنغان گۇناھ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان گۇناھلارنىڭ تۈردىن بولسا بۇ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىڭ مەقبۇل بولۇش-بولماسلىقى ھەققىدە ھەرخىل كۆزقاراشلار مەۋجۇد. مەسىلەن، ئەگەر بىر كىشى زىنادىن تەۋبە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاياللارغا شەھۋەت بىلەن قاراشتىن ساقلانمىغان بولسا بۇنداق كىشىنىڭ تەۋبىسى ھەققىدە بەزى ئالىملار قوبۇل بولىدۇ، دەپ قارىسا، يەنە بىر قىسىم ئالىملار قوبۇل بولمايدۇ دەپ قارايدۇ.

لېكىن بۇ مەسىلىدىكى توغرا قاراش شۇكى، باشقا بىر گۇناھ ئىشلارنى داۋاملاشتۇرغان ھالەتتە تۇرۇپ، يەنە بىر گۇناھتىن تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولىدۇ. لېكىن ئۇ كىشى مۇكەممەل تەۋبە قىلغۇچى ھېسابلانمىغانلىقى ئۈچۈن، ياخشى كۆرۈلىدىغان تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ شەنى بېرىلمەيدۇ، شۇنداقلا بۇ تۈردىكى كىشىلەر كەمتۈك تەۋبە ئىگىلىرى دەپ قارالغاچقا ئۈلگە ئېلىشقا ۋە ماختاشقا لايىق بولمايدۇ. تەۋبىسى سەۋەبلىك گۇناھى كەچۈرۈلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇكەممەل تەۋبە ئىگىسى دەپ قارالمايدۇ. ئەمما، بۇنداق كەمتۈك تەۋبە ئىگىلىرىنىڭ قىلغان تەۋبىسى

مەقبۇل تەۋبىنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن قۇرئان ۋە سۈننەتتىن كەلگەن دەلىللەر بارلىق گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان». مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، تەۋبىگە قىزىقتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىش ھەققىدە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ﴾ «الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ»[1].

«التوابون» دېگەن سۆز اللهقا كۆپ تەۋبە قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى بىرەر گۇناھ قىلىپلا قالسا، اللهقا دەرھال تەۋبە قىلىدۇ.

ئاندىن، مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ الله تائالانىڭ: ﴿وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار اللهقا تەۋبە قىلىڭلار»[2] دېگەن بۇ ئايىتىنى كەلتۈردى. الله تائالا نامەھرەملەرگە قاراشتىن چەكلىنىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىككى ئايەتنى تەۋبە قىلىشقا چاقىرغان ئايەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذَلِكَ أَزْكَى لَهُمْ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ ۞ وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ أَوْ آبَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَائِهِنَّ أَوْ أَبْنَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي أَخَوَاتِهِنَّ أَوْ نِسَائِهِنَّ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُنَّ أَوِ التَّابِعِينَ غَيْرِ أُولِي الْإِرْبَةِ مِنَ الرِّجَالِ أَوِ الطِّفْلِ الَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُوا عَلَى عَوْرَاتِ النِّسَاءِ وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِنْ

---

[1] سۈرە بەقەرە 222- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نۇر 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

زِينَتِهِنَّ وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «مۆئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، الله ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار [30]. مۆئمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار الله قا تەۋبە قىلىڭلار [31]»[①].

بۇ ئايەتتىن نامەھرەمگە تىكىلىپ قاراشنىڭ ۋە ئەۋرەتلەرنى ئوچۇق قويۇشنىڭ تەۋبىنى تەقەززا قىلىدىغان گۇناھلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. چۈنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراش ۋە ئەۋرەتلەرنى ئوچۇق قويۇش بولسا بارچە بالايى-ئاپەت ۋە بەختسىزلىكلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما تركت بعدي فتنة أضر على الرجال من النساء» «مەن ئۆزۈمدىن كېيىن ئەرلەرگە ئاياللاردىنمۇ بەكرەك زىيانلىق پىتنە

---

[①] سۈرە نۇر 30- ۋە 31- ئايەت.

قالدۇرۇپ قويمىدىم». ① پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «فإن أول فتنة بني إسرائيل كانت في النساء» «ھەقىقەتەن بەنى ئىسرائىلدا يۈز بەرگەن پىتنىنىڭ تۇنجىسى ئاياللار ھەققىدە بولغانىدى». ②

بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز، توغرىسىنى ئېيتقاندا ئىسلام دۈشمەنلىرى ھېسابلانغان يەھۇدىي، ناسارالار، مۇشرىك، كوممۇنىستلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قولچوماقچىلىرى مۇسۇلمانلارنى ئاياللار ئارقىلىق پىتنىگە تاشلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزىدىكى پۈتۈن تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئاياللارنى ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشقا، جاھىلىيەت ئاياللىرىدەك ياسىنىپ يۇرۇشكە ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان چىركىن ئەخلاقلارغا قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ (الله ساقلىسۇن). دېمەك، ئۇلار ئاياللار پىتنىسىنىڭ ئىنسانىنىڭ رەببىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان ۋە دىنىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان ئەڭ يامان پىتنە ئىكەنلىكىنى بەش قولدەك بىلىدۇ.

ئاياللار ئەقىللىق كىشىلەرنىمۇ پىتنىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما رأيت من ناقصات عقل ودين أذهب للب الرجل الحازم من إحداكن» «مەن سىلەردەك ئەقلى قىسقا ۋە دىنى كەمتۈك تۇرۇپ ھوشيار كىشىنىمۇ ئازدۇرالايدىغان ھېچبىر نەرسىنى كۆرۈپ باقمىدىم». ③ ئايال كىشىنىڭ پىتنىسى ھەرقانچە ئەقىللىق ۋە ھوشيار كىشىنىمۇ غاپىللىقا مۇپتىلا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. دىنى سۇس، ھىممىتى بوش ۋە ئەقلى كالتە كىشىلەرنىڭ ئاياللار پىتنىسى ئالدىدا بىرىنچى بولۇپ تىز پۈكۈشى قۇياشتەك روشەن ھەقىقەتتۇر (الله تىن سالامەتلىك سورايمىز).

شۇڭلاشقا الله تائالا، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراشتىن چەكلىگەن

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② مۇسلىم توپلىغان.
③ بۇخارى توپلىغان.

ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ھەممەيلەننى تەۋبىگە چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار الله قا تەۋبە قىلىڭلار».[1] الله تائالانىڭ «ھەممىڭلار الله قا تەۋبە قىلىڭلار» دېگەن سۆزىدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، مۇئمىنلەر بىر-بىرىنى ھەمىشە تەۋبىگە تەۋسىيە قىلىپ تۇرۇشى ۋە بىر-بىرىنى كۆزىتىپ، ئۆزئارا ئەينەك بولۇشى كېرەك. چۈنكى، بۇ ئايەت ئومۇمى مۇئمىنلەرگە قىلىنغان تەۋبە چاقىرىقىدۇر.

الله تائالانىڭ: ﴿لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن» دېگەن سۆزىدىن تەۋبىنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان ۋاستىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. «الفلاح» «نىجاتلىق» دېگەن سۆز تىل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەبىرى بويىچە ئارزۇلارنىڭ ھاسىل بولۇپ، غەم-ئەندىشىلەرنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئۇ — دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەلىمىدۇر.

ھەربىر ئىنسان ھەتتا كاپىرلارمۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى ھايات كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەپسۇسكى، ھەممىلا كىشى ئارزۇسىغا يېتەلمەيدۇ.

كاپىرلار ھايۋانلاردىنمۇ خار بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنيادا ياخشىراق ياشاشتىن باشقىنى ئارزۇ قىلمايدۇ. بۇلار الله تائالانىڭ نەزىرىدە ھايۋانلاردىنمۇ پەس مەخلۇقلاردۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ شَرَّ الدَّوَابِّ عِنْدَ اللَّهِ الَّذِينَ كَفَرُوا فَهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ﴾ «الله نىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلاردۇركى، ئۇلار ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتمايدۇ»[2]. شۇنداق، الله تائالا ئېيتقاندەك، ئۇلار زېمىن يۈزىدىكى ئەڭ بەتبەخت مەخلۇقلاردۇر. ئۇلار الله نىڭ نېئمەتلىرىدىن ھۇزۇر سۈرۈپ، الله قا تۇزكورلۇق قىلىدىغان شەرەپسىز

[1] سۈرە نۇر 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنفال 55- ئايەت.

مەلئۇنلاردۇر. ئۇلار دۇنيا نېئمەتلىرىدىن كۆپرەك بەھرىمەن بولۇشنى ۋە ھەممە ياخشىلىقنىڭ ئۆزىدە مۇجەسسەم بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ جەننەتنى دۇنيا ھاياتىغا تېگىشكەن، ئاخىرەتتە بولسا دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدىغان زىيانكارلاردۇر.

مۇھىمى، ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشىلىققا قىزىقماسلىقى مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىشتۇر. لېكىن بۇ قۇرۇق ئارزۇ-ھەۋەس بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىرادە كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ، ﷲ قا سەمىمىي تەۋبە قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، ﷲ قا تەۋبە قىلىش نىجات تېپىشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ﷲ قا تەۋبە قىلىڭلار».[1] دېمەك، مەقسەتنىڭ ھاسىل بولۇپ، ئەندىشىنىڭ يوقۇلۇشى نىجاتلىققا ئېرىشكەنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ﷲ توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 13 ـ ھەدىس

وعن أبي هريرةَ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: سمعْتُ رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - يقول: «واللَّه إِنِّي لأَسْتَغْفِرُ اللَّه وأَتُوبُ إِلَيْه فِي اليَوْمِ أَكْثَرَ مِنْ سَبْعِينَ مَرَّةً». رواه البخاري.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «مەن كۈندە ﷲ تىن 70 قېتىمدىن كۆپرەك مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن ۋە ﷲ قا تەۋبە قىلىمەن».[2]

## 14 ـ ھەدىس

وعن الأَغَرِّ بنِ يسار المزنِيِّ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: قَالَ رَسُول اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «يَا

[1] سۇرە نۇر 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى توپلىغان.

أَيُّهَا النَّاسُ، تُوبُوا إِلَى اللَّه وَاسْتَغْفِرُوهُ، فَإِنِّي أَتُوبُ فِي اليَوْمِ مِائَةَ مَرَّةٍ». رواه مسلم.

ئەغەر ئىبنى يەسار مۇزەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىقلار! الله قا تەۋبە قىلىڭلار ۋە الله تىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مەن ھەر كۈندە 100 قېتىم تەۋبە قىلىمەن».[①]

## شەرھىسى

بىز يۇقىرىدا مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ بايان قىلىپ ئۆتكەن تەۋبىنىڭ ۋاجىبلىقى ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرىگە ئائىت ئايەتلەرنىڭ ئىزاھاتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق.

مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ سۈننەتلەردىن دەلىل كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرىقى ئىككى ھەدىسنى بايان قىلغان. چۈنكى بىر ئىشقا دەلىل كۆپەيگەنسېرى، ئۇنىڭ ھۆكمى شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ ۋە ۋاجىبلىقى تېخىمۇ روشەن بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىر كۈندە الله تائالادىن 70 قېتىمدىن كۆپرەك مەغپىرەت تەلەپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىس بىزنى الله قا تەۋبە قىلىشقا ئۈندەيدىغان مۇھىم ھەدىستۇر.

ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى پۈتۈنلەي مەغپىرەت قىلىنغان رەسۇلۇللاھ ﷺ دەك بۈيۈك زاتنىڭ بىر كۈندە الله تائالادىن 70 قېتىمدىن كۆپرەك مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى تەۋبىگە ئالدىراشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ۋە تەخىرسىز ئىشلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەغەر ئىبنى يەسار ئەلمۇزەنىنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يا أيها الناس، توبوا إلى اللَّه واستغفروه، فإني أتوب في اليوم مائة مرة» «ئى خالايىقلار! الله قا تەۋبە قىلىڭلار ۋە الله تىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، مەن ھەر كۈندە 100

[①] مۇسلىم توپلىغان.

قىلىمەن».[①]

مانا بۇ ئىككى ھەدىستىن تەۋبىنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇپ: «يا أيها الناس، توبوا إلى اللَّه» «ئى خالايىقلار! اللە قا تەۋبە قىلىڭلار» دېگەن. اللە تائالاغا تەۋبە قىلغان كىشى قىلغان تەۋبىسى ئارقىلىق ئىككى پايدىغا ئېرىشىدۇ:

بىرىنچىسى، اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ ساۋابقا ئېرىشىش. اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا قىلىنغان ئىتائەت دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم سەۋەبىدۇر.

ئىككىنچىسى، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىش ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىشىش. رەسۇلۇللاھ ﷺ اللە قا بىر كۈندە 100 قېتىم تەۋبە قىلاتتى ۋە ھەمىشە «اللە قا تەۋبە قىلىمەن، اللە قا تەۋبە قىلىمەن» دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى. تەۋبە قىلىشتا راستچىللىق ۋە سەمىمىيلىك ناھايىتى مۇھىم ئامىل بولۇپ، اللە قا تەۋبە قىلغان كىشى ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ گۇناھتىن يىراقلىشىشى كېرەك. ئەمما ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا تەۋبە قىلىپ قويۇپ، يەنە تەكرار ھارام ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن، ياكى قىلغان تەۋبىسىگە ئەمەل قىلماستىن ھارام ئىشلاردىن قول ئۈزمىگەن كىشىنىڭ تەۋبىسى اللە تائالانى مەسخىرە قىلىشقا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇنداق تەۋبىنىڭ اللە تائالا ئالدىدا ھېچقانداق ئېتىبارى بولمايدۇ.

گۇناھتا ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان تۇرۇپ اللە قا تەۋبە قىلىمەن دېيىش ياكى گۇناھنى قايتا قىلىشقا ئىرادە باغلاپ تۇرۇپ اللە قا تەۋبە قىلىمەن دېيىش سەمىمىيەتسىزلىكتۇر.

ئېنىقكى، ئىنسان بۇنداق مۇئامىلىنى مەلۇم بىر كىشىگە قىلسا، بۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان كىشى بۇ ئىشنى ئۆزىگە قىلىنغان كەمسىتىش ۋە

[①] مۇسلىم توپلىغان.

مەسخىرە دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇنداقتا بۇنداق مۇئامىلىنى قانداقمۇ اللہ قا قىلغىلى بولسۇن؟! اللہ قا بۇنداق مۇئامىلە قىلىش تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىشتۇر.

ھالبۇكى، ئارىمىزدا ئۆزىنىڭ جازانىدىن تەۋبە قىلغانلىقىنى ئىددىئا قىلىدىغان، ئەمما ئوپئوچۇق جازانە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ھەتتا شەرىئەتكە ھىيلە ئىشلىتىپ جازانە يەۋاتقان كىشىلەرمۇ بار. شۇنىسى ھەقىقەتكى، ھىيلە ئىشلىتىپ جازانە بىلەن شۇغۇللانغان كىشىنىڭ گۇناھى ئوچۇق ـ ئاشكارا جازانە بىلەن شۇغۇللانغان كىشىنىڭ گۇناھىدىن كۆپ ئېغىردۇر. چۈنكى، ھىيلە ئىشلىتىپ جازانە بىلەن شۇغۇللانغان كىشى ئىككى تۈرلۈك ئىشتا گۇناھكار بولىدۇ:

بىرىنچىسى، جازانە يېيىش؛ ئىككىنچىسى، اللہ تائالانى ئالداشقا ئۇرۇنۇش.

سىز ئەتراپىڭىزدا ئوپئوچۇق جازانە يەۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما جازانىنى خىلمۇخىل نەيرەڭۋازلىقلار بىلەن يەۋاتقانلار بۇنىڭدىنمۇ كۆپ. بۇنىڭ بىر مىسالى شۇكى، مەلۇم بىر باينىڭ دۇكانچى دوستىغا سېتىپ قويۇشنى ھاۋالە قىلىپ دۇكىنىدا قويۇپ قويغان، ئەمما نەچچە يىللاردىن بۇيان سېتىلمىغان بىر خالتا مېلى بولىدۇ. كەمبەغەل كىشى پۇلغا ئېھتىياجلىق بولۇپ ھېلىقى بايدىن پۇل سوراپ كەلگەندە، باي كەمبەغەلنى دۇكانچىنىڭ قېشىغا باشلاپ كېلىپ ھېلىقى بىر خالتا مالنى بىر يىلغىچە پۇلىسىنى بېرىش شەرتى بىلەن 10 مىڭ رىيالغا ساتىدۇ. كەمبەغەل كىشى بۇ بىر خالتا مالغا ئېھتىياجلىق ئەمەس، بەلكى مەلۇم مىقداردىكى پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن خالتىدىكى مالنى تەكشۈرمەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ. ئەگەر خالتىدىكىسى توپا بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ بىر خالتا گۈرۈچ ياكى بىر خالتا شېكەر دەپ سېتىلسا كەمبەغەل

كىشى ئۇنى ئېلىشى مۇمكىن. كەمبەغەل كىشى مالنى دۇكاندىن يۆتكىمەي تۇرۇپ، ئۇنى دۇكاندارغا 9 مىڭ رىيالغا سېتىپ بېرىدۇ، دۇكاندار پۇلنى كەمبەغەل كىشىگە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەمبەغەل كىشى ھەر ئىككى تەرەپتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولىدۇ. ئەمما كىشىلەر بۇنى «يوللۇق سودا» ۋە «ئۆزئارا ئۇدۇللاش» دەپ ئاتىۋالىدۇ. تېخى بەزىلەر ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا «كەل، ساڭا توغرىلاپ قوياي» دەيدۇ. سۇبھانەللاھ، بۇ توغرىلاشمۇ؟ ياق، بۇ دېگەن گۇناھ بىلەن بۇلغاشتۇر.

اللە قا راستچىل تەۋبە قىلىشىمىز ئۇچۇن گۇناھلاردىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈشىمىز، ئۇنى يامان كۆرۈشىمىز، قىلغانلىرىمىزغا نادامەت قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق بولغاندىلا تەۋبىمىز سەممىمي بولغان بولىدۇ.

## بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

**پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ تەقۋادار كىشىدۇر.** ئەمەلىيەتتىمۇ پەيغەمبەرﷺ ئىنسانلار ئىچىدىكى اللە نى ئەڭ ياخشى تونۇيدىغان ۋە اللە تىن ئەڭ قورقىدىغان، شۇنداقلا بىزگە قارىغاندا اللە قا ئەڭ تەقۋادار كىشىدۇر.

**پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرگە سۆزى ۋە ئەمەلى ئارقىلىق ياخشىلىقنى ئۆگىتىدىغان پەزىلەتلىك تەربىيىچىدۇر.** پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىشى ۋە ئۇلگە قىلىشى ئۈچۈن اللە تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلغان ۋە كىشىلەرنى مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇغان.

مانا بۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۈممىتىگە بولغان سەمىمىيلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا بىز پەيغەمبەرﷺ نى ئۈلگە قىلىشىمىز، كىشىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇشتىن بۇرۇن ئۆزىمىز باشلامچى بولۇشىمىز، يامانلىقلاردىن توسماقچى بولساق، ئەڭ ئاۋۋال شۇنىڭدىن يېنىشىمىز كېرەك. چۈنكى،

بۇنداق قىلىش ـــ الله تەرەپكە قىلىنىدىغان دەۋەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم ھەرىكەت پىرىنسىپىدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى تەۋبىگە بۇيرۇغان، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆزى بىزدىنمۇ كۆپرەك تەۋبە قىلغان. الله تائالادىن تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلىشىنى، بىزنى ۋە سىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىشىنى سورايمىز. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 15 ـ ھەدىس

وعن أَبِي حمزةَ أَنسِ بنِ مالكٍ الأنصاريِّ - رضي اللَّه عنه - خادِمِ رسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «للَّهُ أَفْرَحُ بِتَوْبَةِ عَبْدِهِ مِنْ أَحَدِكُمْ سَقَطَ عَلَى بَعِيرِهِ وقد أضلَّهُ في أرضٍ فَلاةٍ». مُتَّفَقٌ عليه. وفي رواية لِمُسْلمٍ: «للَّهُ أَشَدُّ فَرَحًا بِتَوبَةِ عَبْدِهِ حِينَ يتوبُ إِلَيْهِ مِنْ أَحَدِكُمْ كَانَ عَلَى رَاحِلَتِهِ بأرضٍ فَلاةٍ، فَانْفَلَتَتْ مِنْهُ، وَعَلَيْهَا طَعَامُهُ وَشَرَابُهُ فأَيسَ مِنْهَا، فَأَتى شَجَرَةً فاضطَجَعَ في ظِلِّهَا وقد أَيسَ مِنْ رَاحِلَتِهِ، فَبَينما هُوَ كَذَلِكَ إِذْ هُوَ بِها قَائِمَةً عِندَهُ، فَأَخَذَ بِخِطامِهَا، ثُمَّ قَالَ مِنْ شِدَّةِ الفَرَحِ: اللَّهُمَّ أَنْتَ عَبدِي وأنا رَبُّكَ! أَخْطَأَ مِنْ شِدَّةِ الفَرَحِ» .

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خىزمەتچىسى ئەبۇ ھەمزە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله بەندىسىنىڭ تەۋبىسىدىن سىلەرنىڭ بىرىڭلار چۆل-باياۋاندا تۆگىسىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى تېپىۋالغان ۋاقىتتىكى خۇشاللىقىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ».[1]

ئىمام مۇسلىم نەقىل قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بەندە الله قا تەۋبە قىلغان ۋاقىتتا، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىدىن مۇنداق بىر ئادەمنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ: سىلەرنىڭ بىرىڭلار چۆل-باياۋاندا سەپەر قىلىۋېتىپ، يېمەك-ئىچمىكى، ئوزۇق-تۈلۈكى ئارتىلغان ئۇلىغىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇلىغىدىن ۋاز كېچىپ بىر دەرەخنىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ سايىسىدا يېنىچە ياتىدۇ. ئۇ ئۇلۇغىنىڭ تېپىلىشىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغان بىر پەيتتە، ئۇلىغى تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ. ئۇ دەرھال ئۇنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتقان ھالدا قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكتىن: <ئى الله ! سەن مېنىڭ بەندەم، مەن سېنىڭ رەببىڭ> دەپ تاشلايدۇ. ئۇ ئادەم قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكتىن سۆزدە خاتالىشىدۇ».

## شەرھىسى

مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھنىڭ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «خادم رسول اللَّه» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خىزمەتچىسى» دەپ بايان قىلغىنىغا كەلسەك، پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە كەلگەندە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى ئۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «بۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئەنەس ئىبنى مالىك بولىدۇ، ساڭا خىزمەت قىلسۇن» دېگەن. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خىزمەتچىلىرىدىن بولۇپ قالغان.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «للَّه أفرح بتوبة عبده من أحدكم سقط على بعيره وقد أضله» «الله بەندىسىنىڭ تەۋبىسىدىن سىلەرنىڭ بىرىڭلار چۆل-باياۋاندا تۆگىسىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى تېپىۋالغان ۋاقىتتىكى خۇشاللىقىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتىغا ئۆتىدۇ. بىر ئادەم چۆل-باياۋاندا ئەتراپىدا ھېچبىر ئادەم يوق، سۇ ۋە تائاممۇ يوق بىر ھالەتتە تۆگىسىنى يوقۇتۇپ قويۇپتۇ. ئۇ ئادەم تۆگىسىنى ئىزدەپ ئۇنى پەقەتلا تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ تۆگىسىدىن ۋە ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزۈپ ئۆلۈمىنى كۈتۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدا ئۇخلاپ قاپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ سۈيى ۋە

ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە قالغان ئىكەن، تۆگە بولسا يوقاپ كەتكەنىكەن.

ئۇ ئادەم ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا قارىسا، تۆگىسى تۇيۇقسىز يېنىدا تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ بۇ خۇرسەنلىكىنى قايسى تىل بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولسۇن! ئۇنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى خۇرسەنلىكىنى پەقەت مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ باققان كىشىلا ھېس قىلالىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ھالەت ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۆلۈم ئېغىزىدىن قۇتۇلۇپ، قايتا تىرىلگەندەكلا بىر ئىش ـ دە! شۇڭا ئۇ ئادەم تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقان ھالدا: «ئى اللە ! سەن مېنىڭ بەندەم، مەن سېنىڭ رەببىڭ> دەپ سالغان. ئۇ ئەسلىدە اللە تائالانى مەدھىيىلىمەكچى بولۇپ: «ئى اللە ! سەن مېنىڭ رەببىم، مەن سېنىڭ بەندەڭ» دېمەكچى ئىدى. لېكىن ئۇ ئادەم بەكلا خۇرسەن بولۇپ كەتكەنلىكىدىن، تىلى تېيىپ كېتىپ قالغان.

بۇ ھەدىستىن اللە تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ تەۋبىسىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. اللە تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ تەۋبىسىنى ياخشى كۆرۈشى ھەرگىزمۇ ئۇ زاتنىڭ تەۋبىگە موھتاج ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىكى سېخىيلىق سۈپىتى بىلەن بەندىلەرنى ئەپۇ قىلىشقا ۋە مەغپىرەت قىلىشقا ھېرىسمەنلىكىدۇر. اللە تائالا ئۈچۈن مەغپىرەت ۋە كەچۈرۈم قىلىش ئىنتىقام ئېلىش ۋە جازالاشتىن سۆيۈملۈكرەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا بەندىنىڭ تەۋبىسى سەۋەبلىك خۇرسەن بولىدۇ.

بۇ ھەدىس كىشىلەرنى تەۋبىگە قىزىقتۇرىدىغان مۇھىم ھەدىسلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تەۋبە بولسا بەندىنى ياخشىلىققا يېتەكلەيدىغان، مەنپەئەتلىك ئەمەلنىڭ قاتارىدىندۇر.

بۇ ھەدىستىن اللە تائالانىڭ خۇرسەن بولۇش سۈپىتى بارلىقى ئايان بولىدۇ. اللە تائالا خۇرسەن بولىدۇ ۋە غەزەپلىنىدۇ، يامان كۆرىدۇ ۋە ياخشى كۆرىدۇ.

لېكىن بۇ سۈپەتلەر زېمىندىكى ھېچبىر مەخلۇقاتلارنىڭ ھالىتىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ﴾ «ھېچ شەيئى اللہ قا ئوخشاش ئەمەستۇر، اللہ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[1]. اللہ تائالانىڭ سۈپەتلىرى ئۆزىنىڭ كاتتىلىقى ۋە بۈيۈكلۈكىگە لايىق سۈپەت بولۇپ، بۇ جەھەتتە مەخلۇقاتلارنىڭ سۈپىتىگە ئوخشىمايدۇ.

بۇ ھەدىستىن ئىنساننىڭ تىلى تېيىپ كېتىپ بىرەر خاتا سۆزنى دەپ سالغان تەقدىردە ئۇنىڭغا گۇناھ يېزىلمايدىغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ. ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان كىشىمۇ كۇفرى سۆزنى قىلغان بولۇپ، ئادەمنىڭ «ئى رەببىم، سەن مېنىڭ بەندەم، مەن سېنىڭ رەببىڭ» دېيىشى ئوپئوچۇق كۇفۇرلۇقتۇر. لېكىن ئۇ ئادەم ھاياجانلىنىپ كېتىپ خاتا سۆزلەپ سالغانلىقى ئۈچۈن گۇناھقا تارتىلمايدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ روھى بويىچە، ئادەم مەقسەتسىز ھالدا خاتا گەپ قىلىپ سالسا بۇ خاتالىقى ئۈچۈن شەرىئەت ھۆكمى جارى قىلدۇرۇلمايدۇ. مەسىلەن، ناۋادا بىر ئادەمنى مەقسەتسىز تىللاپ سالغان ياكى خاتالىشىپ قۇل ئازاد قىلغان بولسا، ھۆكۈملەردە ھېچبىر ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدۇ. شۇنداقلا بۇ ھالەت مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەمگە ئوخشايدۇ. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يُؤَاخِذُكُمُ اللَّهُ بِاللَّغْوِ فِي أَيْمَانِكُمْ وَلَكِنْ يُؤَاخِذُكُمْ بِمَا كَسَبَتْ قُلُوبُكُمْ﴾ «مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەملەر ئۈچۈن اللہ سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ، قەستەن ئىچكەن قەسەملەر ئۈچۈن اللہ سىلەرنى جازاغا تارتىدۇ»[2].

ئەمما، مەسخىرە قىلىش بولسا بۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان ئايرىم ھالەت بولۇپ، اللہ ۋە اللہ نىڭ رەسۇلىنى ھەمدە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان سۆزنى قىلىپ سالغان كىشى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. اللہ تائالا بۇ

---

[1] سۈرە شۇرا 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 225 ـ ئايەت.

ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ لَيَقُولُنَّ إِنَّمَا كُنَّا نَخُوضُ وَنَلْعَبُ قُلْ أَبِاللَّهِ وَآيَاتِهِ وَرَسُولِهِ كُنْتُمْ تَسْتَهْزِئُونَ ۝ لَا تَعْتَذِرُوا قَدْ كَفَرْتُمْ بَعْدَ إِيمَانِكُمْ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ، ئۇلار: <بىز (راست ئەمەس)، پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويدۇق> دەيدۇ. (بۇ مۇناپىقلارغا) <سىلەر اللہ نىڭ دىنىنى، اللہ نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە اللہ نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟> دېگىن [65]. سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار»[1].

مەسخىرە سۆزلىرىدە مەسخىرە قىلىش قەستى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنى مەقسەت قىلغان كىشى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. بۇنى مەقسەت قىلمىغان كىشىنىڭ سۆزى ھېچنەرسىگە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇ بولسا اللہ تائالانىڭ رەھمىتى قاتارىدىندۇر. اللہ تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 16 ـ ھەدىس

وعن أبي موسَى عبدِ اللَّه بنِ قَيسٍ الأشْعريِّ - رضي اللَّه عنه - عن النَّبيِّ - صلى اللَّه عليه وسلم - قَالَ: «إنَّ اللَّه تَعَالَى يَبْسُطُ يَدَهُ بالليلِ لِيَتُوبَ مُسِيءُ النَّهارِ، ويَبْسُطُ يَدَهُ بالنَّهارِ لِيَتُوبَ مُسِيءُ اللَّيلِ، حَتَّى تَطْلُعَ الشَّمْسُ مِنْ مَغْرِبِها». رواه مسلم.

ئەبۇ مۇسا ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، كۈن غەربتىن چىققانغا قەدەر اللہ تائالا كۈندۈزدە گۇناھ قىلغۇچىنىڭ گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن كېچىدە قولىنى يېيىپ بېرىدۇ، كېچىدە گۇناھ قىلغۇچىنىڭ گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن كۈندۈزدە قولىنى يېيىپ بېرىدۇ».[2]

[1] سۈرە تەۋبە 65 ـ ئايەت ۋە 66 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

## 17 ـ ھەدىس

وعن أبي هُريرةَ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ - صلى اللَّه عليه وسلم: «مَنْ تَابَ قَبْلَ أَنْ تَطْلُعَ الشَّمْسُ مِنْ مَغْرِبِها تَابَ اللَّهُ عَلَيهِ». رواه مسلم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى كۈن غەربتىن چىقىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ». [1]

## 18 ـ ھەدىس

وعن أبي عبد الرحمان عبد اللَّه بنِ عمَرَ بنِ الخطابِ رضيَ اللَّهُ عنهما، عن النَّبي - صلى اللَّهُ عليه وسلم - قَالَ: «إِنَّ اللَّهَ - عز وجل - يَقْبَلُ تَوبَةَ العَبْدِ مَا لَمْ يُغَرْغِرْ». رواه الترمذي، وَقالَ: «حديث حسن».

ئەبۇ ئابدۇراھمان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بەندە سەكراتقا چۈشۈپلا قالمىسا، الله تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ». [2]

### شەرھىسى

مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ يۇقىرىدا كەلتۈرگەن بۇ ئۈچ ھەدىسنىڭ ھەممىسى تەۋبىگە ئالاقىدار ھەدىسلەردۇر. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، كۈن غەربتىن چىققانغا قەدەر الله تائالا كۈندۈزدە گۇناھ قىلغۇچىنىڭ تەۋبە قىلىشىنى ئۈچۈن كېچىدە قولىنى يېيىپ بېرىدۇ، كېچىدە گۇناھ قىلغۇچىنىڭ تەۋبە قىلىشىنى ئۈچۈن كۈندۈزدە قولىنى يېيىپ بېرىدۇ». گۇناھكار كىشىنىڭ تەۋبىسى گەرچە كېچىكىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، الله

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] تىرمىزى توپلىغان.

تائالانىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ئۇنىڭ تولىمۇ ئەپۇچان زات ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئادەم كۈندۈزى گۇناھ قىلىپ كېچىسى تەۋبە قىلسىمۇ ياكى كېچىسى گۇناھ قىلىپ كۈندۈزى تەۋبە قىلسىمۇ، الله بەندىسىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

## بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

**بۇ ھەدىستە، الله تائالانىڭ تەۋبىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئېنىق دەلىل بار.** ئىلگىرىكى ھەدىستە (يەنى، تۆگىسىنى يوقىتىپ قويۇپ تېپىۋالغان ئادەمنىڭ ۋەقەلىكىدە) الله تائالانىڭ ـــ مۇئمىن بەندە تەۋبە قىلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ تەۋبىسىدىن تۆگىسىنى يوقىتىپ قويۇپ كېيىن تېپىۋالغان ئادەمدىنمۇ بەكرەك خۇرسەن بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

**بۇ ھەدىستىن الله تائالانىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە قولى بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.** ئەمەلىيەتتە، الله تائالانىڭ ئىككى قولى بار بولۇپ، بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالَتِ الْيَهُودُ يَدُ اللَّهِ مَغْلُولَةٌ غُلَّتْ أَيْدِيهِمْ وَلُعِنُوا بِمَا قَالُوا بَلْ يَدَاهُ مَبْسُوطَتَانِ﴾ «يەھۇدىيلار: <الله نىڭ قولى باغلاقلىقتۇر (يەنى الله بېخىلدۇر ياكى پېقىردۇر)> دېدى. يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن! ئۇلار بۇ سۆزلىرى سەۋەبلىك الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندى، ئەمەلدە الله نىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر»[1]. الله تائالا ئايەتتە ئىككى قولنى ئۆزىگە نىسبەت بەرگەن بولۇپ، ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن الله تائالانىڭ ئىككى قولى بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشىمىز ۋاجىبتۇر. لېكىن بۇ ئىككى قولنى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە دەپ بىلىشىمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرنىڭ بىرەرسىگە قىياس قىلماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ

---

[1] سۈرە مائىدە 64 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الْبَصِيرُ﴾ «ھېچ شەيئى اللە قا ئوخشاش ئەمەستۇر، اللە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[①]. مانا شۇنىڭغا ئوخشاش، قۇرئان ۋە ھەدىستە ئىسپاتلانغان اللە تائالانىڭ بارچە سۈپەتلىرى تەئۋىل قىلىنماستىن ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشىتىلماستىن تىلغا ئېلىنىشى لازىم.

**بەندە گەرچە كېچىكىپ تەۋبە قىلغان تەقدىردىمۇ، اللە تائالا يەنىلا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.** لېكىن بۇ «تەۋبىگە ئالدىرىمىسىمۇ بولىدۇ» دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە تەۋبىگە ئالدىرىشى ۋاجىب. ئىنسان بەزىدە تەۋبە قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

**بۇ ھەدىس ئەگەر قۇياش غەربتىن چىقسا، تەۋبە قوبۇل بولۇش ۋاقتىنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر.** لېكىن بەزى كىشىلەر «قۇياشمۇ غەربتىن چىقامدۇ؟ ئۇنىڭ شەرقتىن چىقىدىغانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ تۇرسا؟» دېيىشى مۇمكىن. بىز دەيمىزكى، ھەئە، بۇ ئېنىق ھەقىقەت. ھازىرغىچە قۇياشنىڭ غەربتىن چىققانلىقىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن زامان ئاخىرىدا اللە تائالا قۇياشنى كەلگەن جايىدىن قايتىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇياش ئەكسىچە ئايلىنىپ غەربتىن چىقىدۇ. بۇنى كۆرۈپ مۇسۇلمانلار تۇگۇل، كاپىرلارمۇ ئىمان ئېيتىپ كېتىدۇ. لېكىن قۇياش غەربتىن چىققاندا ئېيتقان ئىماننىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ھەقىقەتلەر ئاشكارىلىنىپ بولغان بولۇپ، روشەن ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ بولغاندا ئىمان ئېيتىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «قۇياش غەربتىن چىقمىسىلا، اللە تائالانىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى» ھەققىدىكى ھەدىسىگە كەلسەك، بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىمۇ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقىرىدا بايان

[①] سۈرە شۇرا 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىپ ئۆتۈلگەن ھەدىسكە ئوخشايدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بەندە سەكراتقا چۈشۈپلا قالمىسا، الله تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن ھەدىسكە كەلسەك، بۇ «جان ھەلقۇمغا يەتمىسە» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر جان ھەلقۇمغا يەتسە، تەۋبە ئۈچۈن ھېچقانداق ئورۇن يوق. قۇرئان كەرىمدىكى باشقا ئايەتلەرمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَيْسَتِ التَّوْبَةُ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ حَتَّى إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ الْمَوْتُ قَالَ إِنِّي تُبْتُ الْآنَ وَلَا الَّذِينَ يَمُوتُونَ وَهُمْ كُفَّارٌ﴾ «داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا <ئەمدى تەۋبە قىلدىم> دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ»[①].

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشىم! گۇناھلاردىن قول ئۈزۈڭ ۋە الله قا تەۋبە قىلىشقا ئالدىراڭ ھەمدە الله تائالادىن تەۋبىڭىزنىڭ قوبۇل بولۇشىنى سوراڭ. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 19 ـ ھەدىس

وعن زِرِّ بن حُبَيْشٍ، قَالَ: أَتَيْتُ صَفْوَانَ بْنَ عَسَّالٍ - رضي اللَّه عنه - أَسْأَلُهُ عَنِ الْمَسْحِ عَلَى الخُفَّيْنِ، فَقَالَ: ما جاءَ بكَ يَا زِرُّ؟ فَقُلْتُ: ابتِغَاء العِلْمِ، فقالَ: إنَّ المَلائكَةَ تَضَعُ أَجْنحَتَهَا لطَالبِ العِلْمِ رِضىً بِمَا يطْلُبُ. فقلتُ: إنَّهُ قَدْ حَكَّ فِي صَدْرِي المَسْحُ عَلَى الخُفَّيْنِ بَعْدَ الغَائِطِ والبَولِ، وكُنْتَ امْرءًا مِنْ أَصْحَابِ النَّبِيِّ - صلى الله عليه وسلم - فَجئتُ أَسْأَلُكَ هَلْ سَمِعْتَهُ يَذكُرُ فِي ذلِكَ شَيئًا؟ قَالَ: نَعَمْ، كَانَ يَأْمُرُنا إِذَا كُنَّا سَفرًا - أَوْ مُسَافِرينَ - أَنْ لا نَنْزِعَ خِفَافَنَا ثَلاثَةَ أَيَّامٍ وَلَيالِيهنَّ إلاَّ مِنْ جَنَابَةٍ، لكنْ مِنْ غَائطٍ وَبَولٍ ونَوْمٍ. فقُلْتُ: هَلْ سَمِعْتَهُ يَذْكرُ فِي الهَوَى شَيئًا؟ قَالَ: نَعَمْ، كُنَّا مَعَ رسولِ اللَّهِ - صلى الله عليه وسلم - فِي سَفَرٍ، فبَيْنَا نَحْنُ عِندَهُ إِذْ نَادَاه أَعرابِيٌّ بصَوْتٍ لَهُ جَهْوَرِيٍّ: يَا مُحَمَّدُ، فأَجابهُ رسولُ اللَّهِ - صلى اللَّهُ عليه وسلم - نَحْوًا مِنْ صَوْتِه: «هَاؤُمْ» فقُلْتُ لَهُ: وَيْحَكَ! اغْضُضْ مِنْ صَوتِكَ فَإنَّكَ عِنْدَ النَّبي - صلى

[①] سۈرە نىسا 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اللَّه عليه وسلم - وَقَدْ نُهِيتَ عَنْ هذَا! فقالَ: و اللَّه لاَ أَغْضُضُ. قَالَ الأعرَابِيُّ: المَرْءُ يُحِبُّ القَوْمَ وَلَمَّا يلْحَقْ بِهِمْ؟ قَالَ النَّبِيُّ - صلى الله عليه وسلم: «المَرْءُ مَعَ مَنْ أَحَبَّ يومَ القِيَامَةِ». فَمَا زَالَ يُحَدِّثُنَا حَتَّى ذَكَرَ بَابًا مِنَ المَغْرِبِ مَسيرَةُ عَرْضِهِ أَوْ يَسِيرُ الرَّاكبُ فِي عَرْضِهِ أَرْبَعينَ أَوْ سَبعينَ عامًا - قَالَ سُفْيانُ أَحدُ الرُّواةِ: قِبَلَ الشَّامِ - خَلَقَهُ اللَّه تَعَالَى يَوْمَ خَلَقَ السَّمَاواتِ والأَرْضَ مَفْتوحًا للتَّوْبَةِ لا يُغْلَقُ حَتَّى تَطْلُعَ الشَّمْسُ مِنْهُ. رواه الترمذي وغيره، وَقالَ: حديث حسن صحيح.

زىر ئىبنى ھۇبەيشتىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىككى ئۆتۈككە مەسھى قىلىش توغرىسىدا سوراش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئۇ: «ئى زىر! نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟» دېدى. مەن: «ئىلىم تەلەپ قىلىپ كەلدىم» دېدىم. ئۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىلىم تەلەپ قىلغانلىقىغا رازى بولغانلىقتىن، ئۇلارغا قاناتلىرىنى يېيىپ بېرىدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «چوڭ ـ كىچىك تەرەتتىن كېيىن ئۆتۈككە مەسھى قىلىش كۆڭلۈمدە شەك بولۇپ قالدى. سەن بولساڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى، شۇڭا بۇ مەسىلىنى سەندىن سورىغىلى كەلدىم. سەن ئاشۇ مەسىلە توغرىسىدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىرنەرسە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟» دېدىم. ئۇ: «ھەئە ئاڭلىدىم. پەيغەمبەر ﷺ بىزنى ئەگەر بىز سەپەر ئۈستىدە بولساق ۋە جۇنۇپلا بولمىساق، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە ئۆتۈكلىرىمىزنى سالماسلىقىقا، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلغان ۋە ئۇيقۇدىن تۇرغان ۋاقىتلاردا ئۆتۈكلىرىمىزگە مەسھى قىلىشقا بۇيرۇيتتى» دېدى.

مەن ئۇنىڭغا: «سەن ياخشى كۆرۈش توغرىسىدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىرەر نەرسە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟» دېدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: «ھەئە، ئاڭلىدىم. بىز بىر سەپەردە پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ئىدۇق. توساتتىنلا بىر ئەئرابى يۇقىرى ئاۋازدا: <ئى مۇھەممەد!> دەپ چاقىردى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا يۇقىرى ئاۋازدا: <ھە نېمە گەپ؟> دەپ جاۋاب قايتۇردى.

مەن ئەئرابىغا: <ۋاي ساڭا! پەس ئاۋازدا سۆزلىگىن، سەن ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىدا ئاۋازىڭنى يۇقىرى قىلىشتىن چەكلەنگەن> دېدىم. ئۇ: <الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئاۋازىمنى تۆۋەن قىلالمايمەن> دېدى. ئاندىن ئۇ: <بىر كىشى بولۇپ، ئۇ بىر جامائەتنى ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن ئۇ شۇ جامائەتتىكىلەر قىلغان ئەمەلنى قىلالمايدۇ. بۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟> دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: <بىر كىشى كىمنى ياخشى كۆرسە، قىيامەت كۈنى شۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ> دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئەئرابى كېلىشتىن بۇرۇنقى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەڭلىكى غەربتىن باشلاپ ماڭسا، ئۇلاغ بىلەن 40 يىل ياكى 70 يىل ماڭىدىغان بىر ئىشىكنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

بۇ ھەدىسنى نەقىل قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان سۇفيان مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئىشىك شام تەرەپتە بولۇپ، الله تائالا ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان كۈندە كىشىلەرنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن ئۇ ئىشىكنى ئوچۇق ياراتقان، ئۇ تاكى كۈن غەربتىن چىقمىغۇچە تاقالمايدۇ».①

## شەرھىسى

بۇ ھەدىس مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ كەلتۈرگەن تەۋبىنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ھەدىسلەرنىڭ بىرىدۇر. لېكىن بۇ ھەدىس بۇنىڭدىنمۇ باشقا نۇرغۇن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

زىر ئىبنى ھۇبەيش سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن كېلىپ مەقستىنى ئېيتقاندا، سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىلىم تەلەپ قىلغانلىقىغا رازى بولغانلىقتىن ئۇلارغا

① تىرمىزى توپلىغان.

قاناتلىرىنى يېيىپ بېرىدۇ» دېگەن.[1]

بۇ ھەدىستە ئىلىم ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ كاتتا پەزىلىتى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلىدىغان ئىلىم بولسا شەرئىي ئىلىمدۇر. شەرئىي ئىلىملەر پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن ئىلىم ـ مەرىپەتلەرنى كۆرسەتسە، دۇنيالىق ئىلىملەر دۇنيالىق مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆگىنىلىدىغان ئىلىملەرنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن ئىلىمنى ئۆگىنىش قۇرئان ۋە سۈننەتتە رىغبەتلەندۈرۈلگەن ۋە ماختالغان ئىشتۇر.

شەرىئەت ئىلىملىرىنى ئۆگىنىش الله يولىدىكى جىھادنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ دىن ئىككى ئىش بىلەن بەرپا بولىدۇ: بىرى، ئىلىم ۋە بايان؛ يەنە بىرى، قىلىچ ۋە نەيزىدىن ئىبارەت قورال ـ ياراغدۇر. ھەتتا بەزى ئالىملار ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ الله يولىدا قورال بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. چۈنكى، شەرىئەت پەقەت ئىلىم ۋە الله يولىدىكى جىھاد ئارقىلىق بەرقارار بولىدۇ. مۇجاھىد ئىلىم يولى ئارقىلىقلا جىھاد داۋامىدا ئۇچرىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلالايدۇ. ئىلىم ئارقىلىق ھەرقانداق نەرسىنىڭ يېشىمىنى تاپقىلى بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ﴾ «الله سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىرقانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ».[2]

پەرىشتىلەر ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئىلىم ئۆگىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىلىمگە رازى بولۇش، ئۇنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن قاناتلىرىنى قويىدۇ. بىر ئادەمنىڭ «مەن بۇنى ھېس قىلمىدىمغۇ؟» دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن نەقىل قىلىنغان سەھىھ ھەدىسلەرگە كۆز بىلەن كۆرگەنگە ئوخشاش ھەقىقەت سۈپىتىدە مۇئامىلە

[1] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن» دېگەن.
[2] سۈرە مۇجادەلە 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىنىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزىگە قارىمامسىز؟ «ينزل ربنا تبارك وتعالى في كل ليلة إلى السماء الدنيا حين يبقى ثلث الليل الاخر، فيقول: من يدعوني فأستجيب له؟ ومن يسألني فأعطيه؟ ومن يستغفرني فأغفر له» «رەببىمىز ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغان چاغدا، دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ ۋە: <كىم ماڭا دۇئا قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىمەن؛ كىم مەندىن سورايدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا سورىغىنىنى بېرىمەن. كىم مەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ؟ مەن ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن> دەيدۇ».①

بىز بۇ سۆزلەرنى الله تىن ئاڭلىمىدۇق. لېكىن بۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ دىن نەقىل قىلىنغان سەھىھ ھەدىس بولغاچقا، بىز ئۇنى خۇددى ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلىغاندەك بولدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سەھىھ يوللار بىلەن نەقىل قىلىنغان غەيبكە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنىڭ ھەربىرىنى خۇددى كۆزلىرىمىز بىلەن كۆرگەندەك ۋە قۇلاقلىرىمىز بىلەن ئاڭلىغاندەك تەستىقلىشىمىز كېرەك.

ھەدىسكە قايتىپ كەلسەك، زىر ئىبنى ھۇبەيش سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن چوڭ-كىچىك تەرەتتىن كېيىن ئۆتۈككە مەسھى قىلىشنىڭ جائىزلىقى ھەققىدىكى كۆڭلىدە شۈبھە دەپ قارالغان مەسىلىنى سورىغان. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدە: **﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلَاةِ فَاغْسِلُوا وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُوا بِرُءُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَيْنِ﴾** «ئى مۇئمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار»② دېگەن ئايەت

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② سۈرە مائىدە 6- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولغاچقا، تاھارەت ئالغاندا ئۆتۈككە مەسھى قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ھەققىدە شۈبھىلىنىپ قالغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى، سەپەر ۋاقىتلىرىدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جۇنۇبلۇقتىن باشقا ھالەتلەردە مەيلى چوڭ-كىچىك تەرەتتىن كېيىن بولسۇن ياكى ئۇيقۇدىن كېيىن بولسۇن، ئۆتۈكلىرىنى سالماسلىققا بۇيرۇغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن. بۇنىڭدىن ئەگەر ئادەم ئۆتۈك كىيگەن بولسا ئۆتۈككە مەسھى قىلىشنىڭ دۇرۇس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ.

مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: ئۇ بىر سەپەردە رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ تاھارەت ئالدى. مۇغىرە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆتۈكىنى سالدۇرماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «دعهما فإني أدخلتهما طاهرتين ومسح عليهما» «بولدى سالدۇرما! مەن بۇ ئىككىسىنى تاھارەت ئېلىپ بولۇپ كىيگەنىدىم» دېدى. ئاندىن ئۇ ئىككى ئۆتۈكىگە مەسھى قىلدى.[1]

## ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

**بۇ ھەدىس پاكپاك ياكى ئۆتۈك كىيگەن كىشىنىڭ پۇتنى يۇماستىن مەسھى قىلىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ.**

**ئادەم شەرىئەت ھۆكۈملىرى ھەققىدە بىرەر مەسىلىدە ئىككىلىنىپ قالغان بولسا ياكى بىرەر مەسىلە مۇجمەل بولۇپ تۇيۇلسا، ھەقىقەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئىزدىنىشى ۋە ئىلىملىك كىشىلەردىن سورىشى كېرەك.** بەزى كىشىلەر مەسىلىلەر ھەققىدىكى شەك-شۈبھىنى ئىزدىنىش ۋە سوئال سوراش ئارقىلىق ھەل

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. مانا بۇ خاتا ئىش بولۇپ، ئادەم بىلمىگەن نەرسىسىنى سوراپ بىلىۋېلىپ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزۇشى كېرەك. زىر ئىبنى ھۇبەيش سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۆتۈككە مەسھى قىلىش ھەققىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن بىرنەرسە بىلىدىغان ياكى بىلمەيدىغانلىقىنى سورىغاندا، سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەئە، ئەگەر بىز سەپەردە بولساق، پەيغەمبەر ﷺ بىزنى جۇنۇبلۇقتىن باشقا چوڭ-كىچىك تەرەتتىن كېيىن ۋە ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن ئۆتۈكنى سالماسلىققا بۇيرۇيتتى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

**بۇ ھەدىس ئۆتۈككە مەسھى قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا دەلىل بولىدۇ.** ئۆتۈككە مەسھى قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ھەققىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ناھايىتى كۆپ ھەدىسلەر يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئالىملىرىنىڭ ئىچىدە بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. ھەتتاكى ئۆتۈككە مەسھى قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ئەقىدە سۈپىتىدە تونۇلۇپ، تۈرلۈك ئەقىدە كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، رافىزىيلار بۇ مەسىلە ھەققىدە ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەگە قارشى يول تۇتقان بولۇپ، ئۇلار ئۆتۈككە مەسھى قىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۆتۈككە مەسھى قىلىش ھەققىدىكى ھەدىسنى نەقىل قىلغان ساھابىلەر قاتارىدا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسىمۇ، ئۇلار بۇنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە بۇنىڭغا قايىل بولمايدۇ. شۇڭا ئۆتۈككە مەسھى قىلىش ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ رافىزىيلاردىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم ئالامەتلىرى قاتارىدىن بولۇپ، بۇ — رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن مۇتىۋاتىر يوللار بىلەن يېتىپ كەلگەن شەكلىنىشكە بولمايدىغان سۈننەتتۇر.

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۆتۈككە مەسھى قىلىش توغرىسىدا پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىدىن قىرىق ھەدىس نەقىل

قىلىنغان بولۇپ، مەن بۇ مەسىلە ھەققىدە قىلچىلىك شەك ـ شۈبھە قىلمايمەن». لېكىن ئۆتۈككە مەسھى قىلىشنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە شەرتلەر تېپىلىشى كېرەك:

بىرىنچى شەرت، بىر جۈپ ئۆتۈكنى تاھارىتى بار ھالەتتە كىيگەن بولۇش. چۈنكى مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆتۈكىنى سالدۇرماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: «دعهما فإني أدخلتهما طاهرتين ومسح عليهما» «بولدى سالدۇرما! مەن ئۇ ئىككىسىنى تاھارەت ئېلىپ كىيگەن ئىدىم» دېگەن ۋە ئۇنىڭغا مەسھى قىلغان.[1]

بۇ ھالەت تاھارەتتە پۇتنى يۇغان بولسۇن ياكى مەسھى قىلغان بولسۇن ئوخشاشتۇر.

مەسىلەن، ئەگەر پۇتنى يۇغان ھالەتتە كامىل تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن پايپاق ياكى ئۆتۈك كىيگەن بولسا، ئۆتۈكنى تاھارىتى بار ھالەتتە كىيگەن بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، ئەگەر ئىلگىرى پايپاق كىيىپ، ئۇنىڭغا مەسھى قىلغان بولسا، كېيىن يەنە پايپاق قوشۇپ كىيىشكە موھتاج بولۇپ قېلىپ مەسھى قىلغان تۇنجى پايپاقنىڭ ئۈستىگە يەنە پايپاق كىيگەن بولسا، ئۇ تاھارىتى بار ھالەتتە كىيگەن بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىككىنچى پايپاقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىنىدۇ. لېكىن مەسھى مۇددىتىنىڭ باشلىنىشى ئىككىنچىسىدىن ئەمەس، بەلكى تۇنجى پايپاققا مەسھى قىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ باشلىنىدۇ. ئەگەر مەسھى قىلىنغان ئۆتۈكنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر ئۆتۈك كىيسە، ئۈستىدىكى ئۆتۈككە مەسھى قىلىنىدۇ. ئەمما مەسھى مۇددىتى تۇنجى ئۆتۈككە مەسھى قىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ باشلىنىدۇ. بۇ ھالەت تاھارەتنى سۇ بىلەن ئالغان ئەھۋالغا ئۇيغۇندۇر. ئەگەر بىر كىشى ئۆتۈك ياكى پايپىقىنى

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تەيەممۇم بىلەن ئالغان تاھارەتنىڭ ئۈستىگە كىيگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئۆتۈك ياكى پايپاققا مەسھى قىلىنمايدۇ. مەسىلەن، يېنىدا سۇ يوق بىر مۇساپىر ئادەم تەيەممۇم قىلىپ بولۇپ ئۆتۈك كىيگەن بولسا ۋە كېيىن سۇ تېپىلغان ۋاقىتتا تاھارەت ئالماقچى بولسا پۇتىنى يۇيۇشى كېرەك. بۇنداق ھالەتتە پايپاق ياكى ئۆتۈككە مەسھى قىلىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئادەم پۇتى يۇيۇلغان ھالەتتە تاھارەت ئالمىغان. يەنە كېلىپ، تەيەممۇم يۈز ۋە ئالقاندىن ئىبارەت ئىككى ئەزاغىلا ئالاقىدار بولۇپ، پۇت بىلەن مۇناسىۋەتسىزدۇر.

ئىككىنچى شەرت، جۇنۇپ ھالەتتە بولماسلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىزنى جۇنۇپلا بولۇپ قالمىساق، چوڭ-كىچىك تەرەت قىلغان ۋە ئۇيقۇدىن تۇرغان ۋاقىتلاردا ئۆتۈكلىرىمىزگە مەسھى قىلىشقا بۇيرۇيتتى» دېگەن. ئەگەر ئادەم جۇنۇپ بولۇپ قالسا، پايپاق ياكى ئۆتۈككە مەسھى قىلىش جائىز ئەمەس. چۈنكى شەرئىي ئۆزرە بولمىسا، جۇنۇپلۇق غۇسلىسى ئۈچۈن مەسھى قىلىنمايدۇ. بەلكى ھەربىر ئەزانىڭ تولۇق يۇيۇلۇشى شەرت. شۇنىڭ ئۈچۈن تاھارەت ئالغاندا باشقا مەسھى قىلىنىدۇ. جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنۇش ئۈچۈن باشنى تولۇق يۇيۇش زۆرۈر. بۇ ھەدىسكە ئاساسەن، جىنابەت غۇسلىسى ئۈچۈن ئۆتۈككە ياكى پايپاققا مەسھى قىلىنمايدۇ.

ئۈچىنچى شەرت، مەسھىنىڭ مۇددىتى پەيغەمبەر ﷺ بەلگىلەپ بەرگەن مۇددەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئۇ مۇددەت بولسا مۇقىم ئادەم ئۈچۈن بىر كېچە-كۈندۈز، مۇساپىر ئۈچۈن ئۈچ كېچە-كۈندۈزدۇر. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «جعل رسول اللّه ﷺ ثلاثة أيام ولياليهن للمسافر، ويوما وليلة للمقيم» «رەسۇلۇللاھ ﷺ (مەسھىنىڭ مۇددىتىنى) مۇساپىر ئۈچۈن ئۈچ كېچە-كۈندۈز. سەپەرگە چىقمىغان كىشىلەر ئۈچۈن بىر

كىچە-كۈندۈز قىلىپ بەلگىلەپ بەردى».[1]

ئەگەر بەلگىلەنگەن مۇددەت ئاخىرلىشىپ قالسا، مەسھى قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا پايپاقنى ياكى ئۆتۈكنى سېلىپ پۇتنى يۇيۇش كېرەك. لېكىن تاھارىتى بار ھالەتتە مۇددەت ئاخىرلاشقان بولسا، تاھارىتى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. بىراق مەسھى قىلىش مۇددىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تاھارەت ئالماقچى بولغان كىشى پۇتىنى يۇيۇشى كېرەك.

كېيىن زىر ئىبنى ھۇبەيش سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ياخشى كۆرۈش ھەققىدە بىرنەرسە دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟» دەپ سورىدى.

سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەئە! ئاڭلىدىم» دېدى. ئاندىن ئاۋازى جاراڭلىق ئەئرابىنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇ ئەئرابى كېلىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ئى مۇھەممەد!» دەپ چاقىردى. بەزىلەر ئۇنىڭغا: «ھالىڭغا ۋاي! الله تائالا ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَرْفَعُوا أَصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النَّبِيِّ وَلَا تَجْهَرُوا لَهُ بِالْقَوْلِ كَجَهْرِ بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ أَنْ تَحْبَطَ أَعْمَالُكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تَشْعُرُونَ**﴾ <ئى مۇئمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر-بىرىڭلار بىلەن (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ>[2] دېگەن تۇرسا، سەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن چاقىرامسەن؟» دېيىشتى. لېكىن ئەئرابىلار ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ئىلىمدىن يىراق كىشىلەر ئىدى.

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە ھۇجۇرات 2- ئايەت.

پەيغەمبەر ﷺ مۇ سوئال سورىغان ئەئرابىغا ئوخشاشلا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن جاۋاب قايتۇردى. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەممە ئىشنى ئەڭ مۇۋاپىق يوسۇندا بىجىرىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ ئەقلىگە يارىشا سۆز قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى.

ئەئرابى «بىر كىشى بىر جامائەتنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن ئۇ شۇ جامائەت قىلغان ئەمەلنى قىلالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇلار بىلەن بىرگە بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ «المرء مع من أحب يوم القيامة» «بىر كىشى كىمنى ياخشى كۆرسە، قىيامەت كۈنى شۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

بارلىق ھەمدۇ-سانالار الله قا بولسۇن! بۇ نېمىدېگەن كاتتا نېئمەت-ھە! ھەدىسنىڭ بۇ قىسمى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ نەقىل قىلىنغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ: الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشىگە: «فإنك مع من أحببت» «ھەقىقەتەن سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭ بىلەن بىرگە بولىسەن» دېگەن. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنى ياخشى كۆرىمەن ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن».[1]

مانا شۇنىڭدەك، بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نى، ئۇ زاتنىڭ توغرا يول تاپقان خەلىپىلىرىنى، ئۇ زاتنىڭ ساھابىلىرىنى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ھىدايەت يېتەكچىلىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزغا الله نى گۇۋاھچى قىلىمىز ھەمدە الله تىن بىزنى ئۇلار بىلەن بىرگە قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز. بۇ ھەدىس بىز ئۈچۈن ياخشى بېشارەتتۇر. ئەگەر ئادەم بىر جامائەتنى ياخشى كۆرسە، گەرچە ئەمىلى ئۇلارغا يەتمىسىمۇ، ئۇلار بىلەن بىرگە بولىدۇ. دېمەك، ئۆزئارا بىر-بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر ھەشر مەيدانىدا ۋە جەننەتتە بىرگە بولىدۇ.

[1] مۇسلىم توپلىغان.

شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەۋزى كەۋسەردىن بىرلىكتە سۇ ئىچىدۇ.

كاپىرلارنى يامان كۆرۈش، ئۇلار ھەرقانچە دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ئىزھار قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى دۇشمەن تۇتۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ئۆزىگە پايدا كۆزلەش ياكى سىزگە زەرەر يەتكۈزۈش ئۈچۈنلا بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىزگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن يېقىنلىشىشى ئەمەلىيەتتىن يىراق ئىشتۇر. ئوت بىلەن سۇنى بىر يەرگە ئەكەلگىلى بولمىغاندەك، كاپىرلارنىڭ بىزگە بولغان مۇھەببىتى بىلەن ئاداۋىتىنى بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

اللہ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۇلارنى دۇشمەن دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا عَدُوِّي وَعَدُوَّكُمْ أَوْلِيَاءَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر، مېنىڭ دۇشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۇشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار»[1]. اللہ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ كَانَ عَدُوًّا لِلَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَرُسُلِهِ وَجِبْرِيلَ وَمِيكَالَ فَإِنَّ اللَّهَ عَدُوٌّ لِلْكَافِرِينَ﴾ «كىمكى اللہ نى، اللہ نىڭ پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، جىبرىئىلنى، مىكائىلنى دۇشمەن تۇتىدىكەن (اللہ نى دۇشمەن تۇتقان بولىدۇ)، شۈبھىسىزكى، اللہ كاپىرلارنى دۇشمەن تۇتىدۇ»[2].

ھەقىقەتەن، كاپىرلارنىڭ ھەممىسى اللہ نىڭ ۋە بىزنىڭ دۇشمىنىمىز ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كاپىرلار بىزگە ھەرقانچە يېقىندەك كۆرۈنگەن تەقدىردىمۇ، مۇسۇلمانلارغا شۇملۇقتىن باشقىنى ئويلىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ ھەرقانداق كاپىرنى قەلبىڭىزدىن يامان كۆرۈشىڭىز ۋاجىبتۇر. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا عَدُوِّي وَعَدُوَّكُمْ أَوْلِيَاءَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر، مېنىڭ دۇشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۇشمىنىڭلارنى دوست

[1] سۈرە مۇمتەھىنە 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 98 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تۇتماقچىلار»[1].

**ئىنسان قىيامەت كۈنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىرگە بولىدۇ.** ئى قېرىندىشىم! شۇنىڭ ئۈچۈن سىز الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى، ئۇنىڭ توغرا يول ئۈستىدىكى خەلىپىلىرىنى، ھۆرمەتلىك ساھابىلىرىنى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ھىدايەت يېتەكچىلىرىنى چىن قەلبىتىن ياخشى كۆرۈڭ. بىز الله تائالادىن بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىشىنى سورايمىز. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 20 ـ ھەدىس

وعن أبي سَعيد سَعْدِ بنِ مالكِ بنِ سِنَانٍ الخدريِّ - رضي اللَّه عنه: أنّ نَبيَّ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - قَالَ: «كَانَ فِيمَنْ كَانَ قَبْلَكمْ رَجُلٌ قَتَلَ تِسْعَةً وتِسْعينَ نَفْسًا، فَسَأَلَ عَنْ أعْلَمِ أَهْلِ الأرضِ، فَدُلَّ عَلَى رَاهِبٍ، فَأَتَاهُ. فقال: إنَّهُ قَتَلَ تِسعَةً وتِسْعِينَ نَفْسًا فَهَلْ لَهُ مِنْ توبَةٍ؟ فقالَ: لا، فَقَتلَهُ فَكَمَّلَ بِهِ مِئَةً، ثُمَّ سَأَلَ عَنْ أَعْلَمِ أَهْلِ الأَرضِ، فَدُلَّ عَلَى رَجُلٍ عَالِمٍ. فقَالَ: إنَّهُ قَتَلَ مِائَةَ نَفْسٍ فَهَلْ لَهُ مِنْ تَوْبَةٍ؟ فقالَ: نَعَمْ، ومَنْ يَحُولُ بَيْنَهُ وبَيْنَ التَّوْبَةِ؟ انْطَلِقْ إِلى أرضِ كَذَا وكَذَا فإنَّ بِهَا أُنَاسًا يَعْبُدُونَ اللَّه تَعَالَى فاعْبُدِ اللَّه مَعَهُمْ، ولاَ تَرْجِعْ إِلى أَرْضِكَ فَإنَّهَا أرضُ سُوءٍ، فانْطَلَقَ حَتَّى إِذَا نَصَفَ الطَّرِيقَ أَتَاهُ الْمَوْتُ، فاخْتَصَمَتْ فِيهِ مَلائِكَةُ الرَّحْمَةِ ومَلائِكَةُ العَذَابِ. فَقَالتْ مَلائِكَةُ الرَّحْمَةِ: جَاءَ تَائِبًا، مُقْبِلاً بِقَلبِهِ إِلى اللَّه تَعَالَى، وقالتْ مَلائِكَةُ العَذَابِ: إنَّهُ لمْ يَعْمَلْ خيرًا قَطُّ، فَأَتَاهُمْ مَلَكٌ في صورةِ آدَمِيٍّ فَجَعَلُوهُ بَيْنَهُمْ - أيْ حَكَمًا - فقالَ: قِيسُوا ما بينَ الأرضَينِ فَإلَى أيّتهما كَانَ أدنَى فَهُوَ لَهُ. فَقَاسُوا فَوَجَدُوهُ أدْنَى إِلى الأَرْضِ التي أَرَادَ، فَقَبَضَتْهُ مَلائِكَةُ الرَّحمةِ». مُتَّفَقٌ عليه. وفي رواية في الصحيح: «فَكَانَ إِلى القَريَةِ الصَّالِحَةِ أَقْرَبَ بِشِبْرٍ فَجُعِلَ مِنْ أهلِهَا».

وفي رواية في الصحيح: «فَأَوحَى اللَّه تَعَالَى إِلى هذِهِ أَنْ تَبَاعَدِي، وإِلَى هذِهِ أَنْ تَقَرَّبِي، وقَالَ: قِيسُوا مَا بيْنَهُما، فَوَجَدُوهُ إِلى هذِهِ أَقْرَبَ بِشِبْرٍ فَغُفِرَ لَهُ». وفي رواية: «فَنَأَى بِصَدْرِهِ نَحْوَهَا».

ئەبۇ سەئىد ئىبنى مالىك ئىبنى سىنان خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

[1] سۈرە مۇمتەھىنە 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەر ئىچىدە 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ باشقىلاردىن زېمىن ئەھلىنىڭ ئەڭ ئالىم كىشىسىنى سوراپتۇ. كىشىلەر ئۇنى بىر راھىبنىڭ يېنىغا باشلاپ قويۇپتۇ. ئۇ شۇ راھىبنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن: «مەن 99 ئادەمنى ئۆلتۈردۈم، ئەمدى مېنىڭ تەۋبە قىلىشىمغا يول بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. راھىب: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاندىن ئۇ ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ سانىنى يۈزگە يەتكۈزۈپتۇ.

ئاندىن، ئۇ يەنە زېمىن ئەھلىنىڭ ئەڭ ئالىم كىشىسىنى سوراپتۇ. كىشىلەر ئۇنى بىر ئالىم كىشىنىڭ يېنىغا باشلاپ قويۇپتۇ. ئۇ، ئالىم كىشىدىن: «مەن 100 ئادەمنى ئۆلتۈردۈم، مېنىڭ تەۋبە قىلىشىمغا يول بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئالىم: «ھەئە، بار. سەن بىلەن تەۋبىنىڭ ئارىسىنى كىم توسۇپ قالالايتتى؟ سەن پالانى شەھەرگە بارغىن، ئۇ شەھەردىكى كىشىلەر اللە تائالاغىلا ئىبادەت قىلىدۇ. سەنمۇ شۇ كىشىلەر بىلەن اللە تائالاغا ئىبادەت قىلغىن، يۇرتۇڭغا ھەرگىز قايتىپ كەلمىگىن، بۇ يەر يامان جايدۇر» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم شۇ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئەجىلى توشۇپ قاپتۇ. رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈستىدە تالىشىپ قاپتۇ. رەھمەت پەرىشتىلىرى: «ئۇ تەۋبە قىلغان، پۈتۈن نىيىتى بىلەن اللە تائالاغا يۈزلەنگەن ھالدا كەلدى» دەپتۇ. ئازاب پەرىشتىلىرى: «ئۇ پەقەت ياخشى ئەمەل قىلىپ باقمىدى» دەپتۇ. دەل شۇ پەيتتە بىر پەرىشتە ئادەم سۈرىتىدە پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئۇلار ئۇنى ئۆزلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇچى قىلىپتۇ. ئۇ پەرىشتە ئۇلارغا: «سىلەر ئىككى شەھەرنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەڭلار، ئۇ قايسى شەھەرگە يېقىن بولسا، شۇنىڭغا ھېساب بولسۇن» دەپتۇ. نەتىجىدە، ئۇلار ئارىلىقنى

ئۆلچەپ، ئۇ ئادەمنىڭ قاراپ ماڭغان شەھەرگە يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى رەھمەت پەرىشتىلىرى ئېلىپتۇ.①

يەنە بىر نەقىلدە: «ئۇ ئادەم ياخشى كىشىلەرنىڭ شەھىرىگە بىر غېرىچ يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشىلارنىڭ قاتارىدىن قىلىندى» دېيىلگەن.

يەنە بىر نەقىلدە: «الله تائالا يامان زېمىنغا: <ئۇ ئادەمدىن يىراقلاشقىن> دەپ، ياخشى زېمىنغا: <ئۇ ئادەمگە يېقىنلاشقىن> دەپ نىدا قىلىپتۇ. پەرىشتىلەرگە: <ئىككى زېمىنىنىڭ ئارىسىنى ئۆلچەڭلار> دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككى زېمىنىنىڭ ئارىسىنى ئۆلچەپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئاشۇ ياخشى زېمىنغا بىر غېرىچ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئاندىن ئۇ ئادەمگە مەغپىرەت قىلىنىپتۇ» دېيىلگەن. يەنە بىر نەقىلدە: «ئۇ ئادەم ياخشى زېمىن تەرەپكە كۆكرىكى بىلەن ئىلگىرىلەپتۇ» دېيىلگەن.

## شەرھىسى

مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ سەئىد سەئدى ئىبنى مالىك ئىبنى سىنان خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەر ئىچىدە 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بىر ئادەم بار ئىدى» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان. كېيىن ئۇ ئادەم پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلىشقا يول بار ياكى يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن زېمىندىكى ئەڭ ئالىم كىشىنى سوراپتۇ. كىشىلەر ئۇنى بىر راھىبنىڭ يېنىغا باشلاپ قويۇپتۇ. ئۇ راھىب ئىبادەتكار كىشى بولۇپ ئىلمى يوق ئىكەن. ھېلىقى ئادەم راھىبقا 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ تەۋبە قىلىشقا يول بارمۇ؟ دەپ سورىغاندا، راھىب بۇ گۇناھنى بەك چوڭ ساناپ تەۋبە قىلىشقا يول يوق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھېلىقى ئادەم

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

غەزەپلىنىپ بىئارام بوپتۇ ۋە راھىبنى ئۆلتۈرۈپ سانىنى يۈزگە يەتكۈزۈپتۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم زېمىن ئەھلىدىكى ئەڭ ئالىم كىشىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. كىشىلەر ئۇنى بىر ئالىم كىشىنىڭ يېنىغا باشلاپ قويۇپتۇ. ئۇ ئادەم ئالىم كىشىگە يۈز ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ تەۋبە قىلىشىمغا يول بارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ. ئالىم كىشى <ھەئە بار. سەن بىلەن تەۋبىنىڭ ئارىسىنى كىم توسۇپ قالالايدۇ؟ تەۋبە ئىشىكى ئوچۇق. لېكىن سەن پالانى شەھەرگە بارغىن، ئۇ شەھەردىكى كىشىلەر پەقەت الله قىلا ئىبادەت قىلىدۇ> دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم تۇرغان زېمىن (الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر) كۇفرى دىيارى بولۇپ، شۇڭا ئالىم كىشى ئۇ ئادەمنى الله قىلا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر بار شەھەرگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغان ھالدا الله قىلا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر بار شەھەرگە ھىجرەت قىلىپ مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە، ئۇ ئادەمنىڭ ئەجىلى توشۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ھەققىدە رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ قاپتۇ. چۈنكى كاپىرنىڭ روھىنى ئازاب پەرىشتىلىرى، مۇئمىننىڭ روھىنى رەھمەت پەرىشتىلىرى ئالىدۇ. شۇڭا ئۇلار تالىشىپ قاپتۇ. ئازاب پەرىشتىلىرى بۇ ئادەم تەۋبە قىلغاندىن كېيىن پەقەت ياخشى ئەمەل قىلىپ باقمىدى دېسە؛ رەھمەت پەرىشتىلىرى ھەقىقەتەن بۇ ئادەم تەۋبە قىلدى ۋە قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغان ھالدا كەلدى دەپ تالىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن بىر پەرىشتىنى ئۇلارغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇ پەرىشتە ئۇلارغا سىلەر ئىككى زېمىننىڭ ئارىسىنى ئۆلچەڭلار! ئۇ ئادەم قايسى زېمىنغا يېقىن بولسا شۇنىڭغا تەۋە بولسۇن. ئەگەر ئۇ ئادەم كۇفرى زېمىنغا يېقىن بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ روھىنى ئازاب پەرىشتىلىرى ئالىدۇ، ئەگەر ئىمان شەھرىگە يېقىن بولسا

ئۇنىڭ روھىنى رەھمەت پەرىشتىلىرى ئالىدۇ دەپتۇ. ئۇلار ئىككى زېمىنىنىڭ ئارىسىنى ئۆلچىگەندىن كېيىن ئۇ كىشى قاراپ ماڭغان ياخشى كىشىلەر بار بولغان زېمىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەن شەھەردىن بىر غېرىچ ئەتراپىدا يېقىن چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى رەھمەت پەرىشتىلىرى ئاپتۇ.

بۇ ھەدىستىن قاتىللىق گۇناھىنى سادىر قىلغان كىشىنىڭمۇ تەۋبىگە مۇشەررەپ بولالايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بۇنىڭغا الله تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ سۆزى ھەم دەلىلدۇر: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ﴾ «الله ھەقىقەتەن الله قا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[1]. جۇمھۇر ئالىملار: «الله تائالا شېرىكتىن باشقا گۇناھنى خالىسا مەغپىرەت قىلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ ﴿وَمَنْ يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُتَعَمِّدًا فَجَزَاؤُهُ جَهَنَّمُ خَالِدًا فِيهَا وَغَضِبَ اللَّهُ عَلَيْهِ وَلَعَنَهُ وَأَعَدَّ لَهُ عَذَابًا عَظِيمًا﴾ «كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، الله نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ»[2] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ «قاتىلغا تەۋبە يوق» دەپ قارىغان. لېكىن بۇ كۆزقاراش جۇمھۇر ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىغا نىسبەتەن ئاجىز قاراشتۇر. بەلكىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «قاتىلغا تەۋبە يوق» دېگىنىدە «ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ قان دەۋاسىدىن تەۋبە يوق» دېگەننى نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى قاتىل ئادەم ئۆلتۈرسە ئۇنىڭغا ئۈچ تۈرلۈك ھەق يۈكلىنىدۇ. ئۇلار:

---

[1] سۈرە نىسا 48- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا 93- ئايەت.

بىرىنچى، الله نىڭ ھەققى.

ئىككىنچى، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ھەققى.

ئۈچىنچى، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋەلىيلىرىنىڭ ھەققى.

الله نىڭ ھەققىگە كەلسەك، ئەگەر قاتىل تەۋبە قىلسا، الله تائالا ئۇنى تەۋبىگە نائىل قىلىدۇ. بۇنىڭغا الله تائالانىڭ ﴿قُلْ يَاعِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَى أَنْفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِنْ رَحْمَةِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا﴾ «(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، <(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ>» دېگەن سۆزى دەلىلدۇر.[1] يەنە الله تائالانىڭ ﴿وَالَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَامًا۞ يُضَاعَفْ لَهُ الْعَذَابُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَانًا۞ إِلَّا مَنْ تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَالِحًا فَأُولَئِكَ يُبَدِّلُ اللَّهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا۞﴾ «ئۇلار الله قا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار) نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ [68]. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ [69]. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، الله ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، الله تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر»[2] دېگەن سۆزىمۇ ھەم بۇنىڭغا دەلىل.

ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ھەققىگە كەلسەك، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىغاچقا، قاتىلنىڭ تەۋبىسىنىڭ

[1] سۈرە زۇمەر 53- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە فۇرقان 68-، 69- ۋە 70- ئايەت.

ئۇنىڭغا پايدىسى بولمايدۇ. گەرچە قاتىل تەۋبە قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ھەققى قاتىلنىڭ بويىنىدا قېلىپ قالىدۇ[1]. قىيامەت كۈنى الله تائالا ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدۇ.

ئەمما، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋەلىيلىرىنىڭ ھەققىگە كەلسەك، قاتىل ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ۋەلىيلىرىگە ئىختىيارلىقنى تاپشۇرۇپ مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا، خالىساڭلار مېنى ئۆلتۈرۈڭلار، خالىساڭلار تۆلەم ئېلىڭلار، خالىساڭلار مېنى كەچۈرۈۋېتىڭلار دېمىگۈچىلىك قاتىلنىڭ تەۋبىسى دۇرۇس بولمايدۇ.

## 21 ـ ھەدىس

وعن عبدِ اللَّه بن كعب بنِ مالكٍ، وكان قائِدَ كعبٍ - رضي اللَّه عنه - مِنْ بَنِيهِ حِينَ عمِيَ، قَالَ: سَمِعتُ كَعْبَ بنَ مالكٍ - رضي اللَّه عنه - يُحَدِّثُ بحَديثِهِ حينَ تَخلَّفَ عن رسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - فِي غَزْوَةِ تبُوكَ. قَالَ كعبٌ: لَمْ أتخَلَّفْ عَنْ رسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - فِي غَزْوَةٍ غزاها قط إلا فِي غزوة تبُوكَ، غيْرَ أنِّي قَدْ تخلَّفْتُ فِي غَزْوَةِ بَدْرٍ، ولَمْ يُعاتَبْ أحَدٌ تَخلَّفَ عَنْهُ؛ إنَّما خَرجَ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - والمُسْلِمُونَ يُرِيدُونَ عِيرَ قُرَيْشٍ حَتَّى جَمَعَ اللَّه تعَالَى بيْنَهُمْ وبَيْنَ عَدُوِّهمْ عَلَى غيْرِ ميعادٍ. ولَقَدْ شَهِدْتُ مَعَ رسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - لَيلَةَ العَقَبَةِ حينَ تَوَاثَقْنَا عَلَى الإسْلامِ، وما أُحِبُّ أنَّ لِي بِهَا مَشْهَدَ بَدْرٍ، وإنْ كَانَتْ بدرٌ أذْكَرَ فِي النَّاسِ مِنْهَا. وكانَ مِنْ خَبَرِي حِينَ تَخَلَّفْتُ عَنْ رسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - فِي غَزْوَةِ تبُوكَ أنِّي لمْ أكُنْ قَطُّ أقْوى ولا أيْسَرَ مِنِّي حِينَ تَخَلَّفْتُ عنهُ فِي تِلكَ الغَزْوَةِ، وَالله ما جَمَعْتُ قَبْلَهَا رَاحِلَتَيْنِ قطُّ حَتَّى جَمَعْتُهُمَا فِي تِلْكَ الغَزْوَةِ وَلَمْ يَكُنْ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - يُرِيدُ غَزْوَةً إلاَّ وَرَّى بغَيْرِها حَتَّى كَانَتْ تلْكَ الغَزْوَةُ، فَغزَاها رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - فِي حَرٍّ شَديدٍ، واسْتَقْبَلَ سَفَرًا بَعيدًا وَمَفازًا، وَاستَقْبَلَ عَدَدًا كَثِيرًا، فَجَلَّى لِلْمُسْلِمينَ أمْرَهُمْ ليتَأهَّبُوا أُهْبَةَ غَزْوِهمْ فأخْبَرَهُمْ بوَجْهِهِمُ الَّذي يُرِيدُ،

---

[1] بۇ مەسىلىنى تەپسىلى بىلمەكچى بولسىڭىز مۇشۇ كىتابنىڭ كېيىنكى تومىلىرىدىكى 220ـ نومۇرلۇق ھەدىسنىڭ شەرھىسىگە قاراڭ!

والمُسلمونَ مَعَ رسولِ اللَّه كثيرٌ ولاَ يَجْمَعُهُمْ كِتَابٌ حَافِظٌ «يُرِيدُ بذلِكَ الدّيوَانَ» قَالَ كَعْبٌ: فَقَلَّ رَجُلٌ يُرِيدُ أَنْ يَتَغَيَّبَ إلاَّ ظَنَّ أَنَّ ذلِكَ سيخْفَى بِهِ ما لَمْ يَنْزِلْ فِيهِ وَحْيٌ مِنَ اللَّه، وَغَزا رَسُول اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - تِلْكَ الغَزوَةَ حِينَ طَابَت الثِّمَارُ وَالظِّلالُ، فَأَنَا إِلَيْهَا أَصْعَرُ، فتَجَهَّزَ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - وَالمُسْلِمُونَ مَعَهُ وطَفِقْتُ أَغْدُو لكَيْ أَتَجَهَّزَ مَعَهُ، فأَرْجِعُ وَلَمْ أَقْضِ شَيْئًا، وأَقُولُ في نفسي: أَنَا قَادِرٌ عَلَى ذلِكَ إِذَا أَرَدْتُ، فَلَمْ يَزَلْ يَتَمادى بي حَتَّى اسْتَمَرَّ بالنَّاسِ الْجِدُّ، فأَصْبَحَ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - غَادِيًا والمُسْلِمُونَ مَعَهُ وَلَمْ أَقْضِ مِنْ جِهَازِي شَيْئًا، ثُمَّ غَدَوْتُ فَرَجَعْتُ وَلَمْ أَقْضِ شَيئًا، فَلَمْ يَزَلْ يَتَمَادَى بِي حَتَّى أَسْرَعُوا وتَفَارَطَ الغَزْوُ، فهَمَمْتُ أَنْ أَرْتَحِلَ فَأُدْرِكَهُمْ، فَيَا لَيْتَني فَعَلْتُ، ثُمَّ لم يُقَدَّرْ ذلِكَ لِي، فطَفِقْتُ إذَا خَرَجْتُ فِي النَّاسِ بَعْدَ خُرُوجِ رَسُولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - يَحْزُنُنِي أَنِّي لا أَرَى لِي أُسْوَةً، إلاَّ رَجُلًا مَغْمُوصًا عَلَيْهِ فِي النِّفَاقِ، أَوْ رَجُلًا مِمَّنْ عَذَرَ اللَّه تَعَالَى مِنَ الضُّعَفَاءِ، وَلَمْ يَذْكُرْنِي رَسُولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - حَتَّى بَلَغَ تَبُوكَ، فَقَالَ وَهُوَ جَالِسٌ فِي القَوْمِ بِتَبُوكَ: «ما فَعَلَ كَعْبُ بْنُ مَالِكٍ؟» فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي سَلِمَةَ: يا رَسُولَ اللَّه، حَبَسَهُ بُرْدَاهُ والنَّظَرُ فِي عِطْفَيْهِ. فَقَالَ لَهُ مُعَاذُ بْنُ جَبَلٍ - رضي اللَّه عنه: بِئْسَ مَا قُلْتَ! واللَّه يا رَسُولَ اللَّه مَا عَلِمْنَا عَلَيْهِ إلاَّ خَيْرًا، فَسَكَتَ رَسُولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم.

فَبَيْنَا هُوَ عَلى ذَلِكَ رَأَى رَجُلًا مُبِيضًا يَزُولُ بِهِ السَّرَابُ، فَقَالَ رَسُولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «كُنْ أَبَا خَيْثَمَةَ»، فَإذَا هُوَ أَبُو خَيْثَمَةَ الأَنْصَارِيُّ وَهُوَ الَّذِي تَصَدَّقَ بِصَاعِ التَّمْرِ حِيْنَ لَمزَهُ المُنَافِقُونَ. قَالَ كَعْبٌ: فَلَمَّا بَلَغَنِي أَنَّ رَسُولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - قَدْ تَوَجَّهَ قَافِلًا مِنْ تبُوكَ حَضَرَنِي بَثِّي، فَطَفِقْتُ أَتَذَكَّرُ الكَذِبَ وأَقُولُ: بِمَ أَخْرُجُ مِنْ سَخَطِهِ غَدًا؟ وأَسْتَعِينُ عَلى ذَلِكَ بِكُلِّ ذِي رأْيٍ مِنْ أَهْلِي، فَلَمَّا قِيْلَ: إنَّ رَسُولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - قَدْ أظَلَّ قَادِمًا، زَاحَ عَنِّي البَاطِلُ حَتَّى عَرَفْتُ أَنِّي لَنْ أَنْجُوَ مِنْهُ بِشَيءٍ أَبَدًا، فَأَجْمَعْتُ صدْقَهُ وأَصْبَحَ رَسُولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - قَادِمًا، وَكَانَ إِذَا قَدِمَ مِنْ سَفَرٍ بَدَأَ بِالمَسْجِدِ فَرَكَعَ فِيهِ رَكْعَتَيْنِ ثُمَّ جَلَسَ لِلنَّاسِ، فَلَمَّا فَعَلَ ذلِكَ جَاءَهُ المُخَلَّفُونَ يَعْتَذِرونَ إِلَيْه ويَحْلِفُونَ لَهُ، وَكَانُوا بِضْعًا وَثَمَانِينَ رَجُلًا، فَقَبِلَ مِنْهُمْ عَلانِيَتَهُمْ وَبَايَعَهُمْ واسْتَغْفَرَ لَهُمْ وَوَكَلَ سَرَائِرَهُمْ إِلى اللَّه تَعَالَى، حَتَّى جِئْتُ، فَلَمَّا سَلَّمْتُ تَبَسَّمَ تَبَسُّمَ المُغْضَبِ. ثُمَّ قَالَ: «تعَالَ»، فَجِئْتُ أَمْشِي حَتَّى جَلَسْتُ بَيْنَ يَدَيْهِ، فقالَ لِي: «مَا خَلَّفَكَ؟ أَلَمْ تَكُنْ قَدِ ابْتَعْتَ ظَهْرَكَ؟» قَالَ: قُلْتُ: يَا رسولَ اللَّه،

إِنِّي و اللَّه لَوْ جَلَسْتُ عِنْدَ غَيْرِكَ مِنْ أَهْلِ الدُّنْيَا لَرَأَيتُ أَنِّي سَأَخْرُجُ مِنْ سَخَطِه بِعُذْرٍ؛ لقَدْ أُعْطِيتُ جَدَلًا، ولَكِنِّي واللَّه لَقَدْ عَلِمْتُ لَئِنْ حَدَّثْتُكَ اليوم حَدِيثَ كَذِبٍ تَرْضَى به عنِّي لَيُوشِكَنَّ اللَّه أن يُسْخِطَكَ عَلَيَّ، وإِنْ حَدَّثْتُكَ حَدِيثَ صِدقٍ تَجِدُ عَلَيَّ فِيهِ إِنِّي لأَرْجُو فِيهِ عُقْبَى اللَّه - عز وجل - واللَّه ما كَانَ لِي مِنْ عُذْرٍ، واللَّه مَا كُنْتُ قَطُّ أَقْوَى ولاَ أَيْسَرَ مِنِّي حِينَ تَخَلَّفْتُ عَنْكَ. قَالَ: فقالَ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «أَمَّا هَذَا فقَدْ صَدَقَ، فَقُمْ حَتَّى يَقْضِيَ اللَّهُ فيكَ». وَسَارَ رِجَالٌ مِنْ بَنِي سَلِمَةَ فاتَّبَعُوني فَقالُوا لِي: واللَّه مَا عَلِمْنَاكَ أَذْنَبْتَ ذَنْبًا قَبْلَ هذَا لَقَدْ عَجزْتَ فِي أَنْ لا تَكونَ اعتَذَرْتَ إِلَى رَسُولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - بما اعْتَذَرَ إِليهِ المُخَلَّفُونَ، فَقَدْ كَانَ كَافِيكَ ذَنْبَكَ اسْتِغْفَارُ رَسُولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - لَكَ. قَالَ: فَو اللَّه ما زَالُوا يُؤَنِّبُونَنِي حَتَّى أَرَدْتُّ أَنْ أَرْجعَ إِلَى رسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - فأُكَذِّبَ نَفْسِي، ثُمَّ قُلْتُ لَهُمْ: هَلْ لَقِيَ هذَا مَعِيَ مِنْ أَحَدٍ؟ قَالُوا: نَعَمْ، لَقِيَهُ مَعَكَ رَجُلانِ قَالاَ مِثْلَ مَا قُلْتَ، وَقِيلَ لَهُمَا مِثْلَ مَا قيلَ لَكَ، قَالَ: قُلْتُ: مَنْ هُمَا؟ قَالُوا: مُرَارَةُ بْنُ الرَّبيع الْعَمْرِيُّ، وهِلاَلُ ابنُ أُمَيَّةَ الوَاقِفِيُّ؟ قَالَ: فَذَكَرُوا لِي رَجُلَينِ صَالِحَينِ قَدْ شَهِدَا بَدْرًا فيهما أُسْوَةٌ، قَالَ: فَمَضَيْتُ حِينَ ذَكَرُوهُمَا لِي. ونَهى رَسُول اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - عَنْ كَلامِنا أَيُّهَا الثَّلاثَةُ مِنْ بَيْنِ مَنْ تَخَلَّفَ عَنْهُ، فاجْتَنَبَنَا النَّاسُ - أَوْ قَالَ: تَغَيَّرُوا لَنَا - حَتَّى تَنَكَّرَتْ لِي فِي نَفْسِي الأَرْض، فَمَا هِيَ بالأَرْضِ الَّتي أَعْرِفُ، فَلَبِثْنَا عَلَى ذلِكَ خَمْسِينَ لَيْلَةً. فَأمّا صَاحِبَايَ فَاسْتَكَانا وقَعَدَا في بُيُوتِهِمَا يَبْكِيَان. وأَمَّا أَنَا فَكُنْتُ أَشَبَّ الْقَومِ وأَجْلَدَهُمْ فَكُنْتُ أَخْرُجُ فَأَشْهَدُ الصَّلاَةَ مَعَ المُسْلِمِينَ، وأَطُوفُ فِي الأَسْوَاقِ ولا يُكَلِّمُنِي أَحَدٌ، وَآتِي رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - فأُسَلِّمُ عَلَيْهِ وَهُوَ فِي مَجْلِسِهِ بَعْدَ الصَّلاةِ، فَأَقُولُ فِي نَفسِي: هَلْ حَرَّكَ شَفَتَيْه بردِّ السَّلام أَمْ لاَ؟ ثُمَّ أُصَلِّي قَرِيبًا مِنْهُ وَأُسَارِقُهُ النَّظَرَ، فَإِذَا أَقْبَلْتُ عَلَى صَلاتِي نَظَرَ إِلَيَّ وَإِذَا الْتَفتُّ نَحْوَهُ أَعْرَضَ عَنِّي، حَتَّى إِذَا طَال ذلِكَ عَلَيَّ مِنْ جَفْوَةِ المُسْلمِينَ مَشَيْتُ حَتَّى تَسَوَّرْتُ جدارَ حائِط أَبِي قَتَادَةَ وَهُوَ ابْنُ عَمِّي وأَحَبُّ النَّاس إِلَيَّ، فَسَلَّمْتُ عَلَيهِ فَوَ اللَّه مَا رَدَّ عَلَيَّ السَّلاَمَ، فَقُلْتُ لَهُ: يَا أَبَا قَتَادَةَ، أَنْشُدُكَ بالله هَلْ تَعْلَمُنِي أُحِبُّ اللَّه وَرَسُولَهُ - صلى اللَّه عليه وسلم -؟ فَسَكَتَ، فَعُدْتُ فَنَاشَدْتُهُ فَسَكَتَ، فَعُدْتُ فَنَاشَدْتُهُ، فَقَالَ: اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ. فَفَاضَتْ عَيْنَايَ، وَتَوَلَّيْتُ حَتَّى تَسَوَّرْتُ الجِدَارَ، فَبَيْنَا أَنَا أَمْشِي فِي سُوقِ الْمَدِينة إِذَا نَبَطِيٌّ مِنْ نَبَطِ أَهْلِ الشَّام مِمَّنْ قَدِمَ بالطَّعَامِ يَبِيعُهُ بِالمَدِينَةِ يَقُولُ: مَنْ يَدُلُّ عَلَى كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ؟ فَطَفِقَ النَّاسُ يُشِيرُونَ لَهُ إِلَيَّ حَتَّى جَاءَنِي فَدَفَعَ إِلَيَّ كِتَابًا مِنْ مَلِكِ

غَسَّانَ، وَكُنْتُ كَاتِبًا. فَقَرَأْتُهُ فإِذَا فِيهِ: أَمَّا بَعْدُ، فإِنَّهُ قَدْ بَلَغَنا أَنَّ صَاحِبَكَ قَدْ جَفَاكَ وَلَمْ يَجْعَلْكَ اللَّهُ بدَارِ هَوانٍ وَلاَ مَضْيَعَةٍ، فَالْحَقْ بنا نُوَاسِكَ، فَقُلْتُ حِينَ قَرَأْتُهَا: وَهَذِهِ أَيضًا مِنَ البَلاءِ، فتَيَمَّمْتُ بهَا التَّنُّورَ فَسَجَرْتُهَا، حَتَّى إِذَا مَضَتْ أَرْبَعُونَ مِنَ الْخَمْسِينَ وَاسْتَلْبَثَ الْوَحْيُ إِذَا رسولُ رسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - يَأتِيني، فَقالَ: إنَّ رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - يَأْمُرُكَ أَنْ تَعْتَزِلَ امْرأَتَكَ، فَقُلْتُ: أُطَلِّقُهَا أَمْ مَاذَا أَفْعَلُ؟ فقالَ: لاَ، بَلِ اعْتَزِلْهَا فَلاَ تَقْرَبَنَّهَا، وَأَرْسَلَ إِلَى صَاحِبَيَّ بمِثْلِ ذلِكَ. فَقُلْتُ لامْرَأَتِي: الْحَقِي بأَهْلِكِ فَكُونِي عِنْدَهُمْ حَتَّى يَقْضِيَ اللَّهُ في هَذَا الأَمْرِ. فَجَاءتِ امْرَأَةُ هِلاَلِ بْنِ أُمَيَّةَ رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - فَقَالَتْ لَهُ: يَا رَسُولَ اللَّه، إنَّ هِلاَلَ بْنَ أَمَيَّةَ شَيْخٌ ضَائعٌ لَيْسَ لَهُ خَادِمٌ، فَهَلْ تَكْرَهُ أَنْ أَخْدُمَهُ؟ قَالَ: «لاَ، وَلَكِنْ لاَ يَقْرَبَنَّكِ» فَقَالَتْ: إِنَّهُ واللَّه ما بِهِ مِنْ حَرَكَةٍ إِلَى شَيْءٍ، وَ وَاللَّه مَا زَالَ يَبْكِي مُنْذُ كَانَ مِنْ أَمْرِهِ مَا كَانَ إِلَى يومِهِ هَذَا. فَقَالَ لي بَعْضُ أَهْلِي: لَو اسْتَأْذَنْتَ رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - في امْرَأَتِكَ فَقَدْ أَذِن لامْرَأَةِ هلاَل بْنِ أَمَيَّةَ أَنْ تَخْدُمَهُ؟ فَقُلْتُ: لاَ أَسْتَأذِنُ فيها رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - وَمَا يُدْرِيني مَاذَا يقُول رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - إِذَا اسْتَأْذَنْتُهُ، وَأَنَا رَجُلٌ شَابٌ! فَلَبِثْتُ بذَلِكَ عَشْرَ لَيَالٍ فَكَمُلَ لنا خَمْسُونَ لَيْلَةً مِنْ حِينَ نُهِيَ عَنْ كَلاَمِنا، ثُمَّ صَلَّيْتُ صَلاَةَ الْفَجْرِ صَبَاحَ خَمْسِينَ لَيْلَةً عَلَى ظَهْرِ بَيْتٍ مِنْ بُيُوتِنَا، فَبَيْنَا أَنَا جَالِسٌ عَلَى الْحالِ الَّتي ذَكَرَ اللَّه تَعَالَى مِنَّا، قَدْ ضَاقَتْ عَلَيَّ نَفْسِي وَضَاقَتْ عَلَيَّ الأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ، سَمِعْتُ صَوْتَ صَارِخٍ أوفَى عَلَى سَلْعٍ يَقُولُ بِأَعْلَى صَوتِهِ: يَا كَعْبَ بْنَ مَالِكٍ أَبْشِرْ، فَخَرَرْتُ سَاجِدًا، وَعَرَفْتُ أَنَّهُ قَدْ جَاءَ فَرَجٌ. فآذَنَ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - النَّاسَ بِتَوْبَةِ اللَّه - عز وجل - عَلَيْنَا حِينَ صَلَّى صَلاةَ الفَجْرِ فَذَهَبَ النَّاسُ يُبَشِّرُونَنَا، فَذَهَبَ قِبَلَ صَاحِبَيَّ مُبَشِّرونَ وَرَكَضَ رَجُلٌ إِلَيَّ فَرَسًا وَسَعَى سَاعٍ مِنْ أَسْلَمَ قِبَلِي، وَأَوْفَى عَلَى الْجَبَلِ، فَكَانَ الصَّوْتُ أَسْرَعَ مِنَ الفَرَسِ، فَلَمَّا جَاءَنِي الَّذِي سَمِعْتُ صَوْتَهُ يُبَشِّرُنِي نَزَعْتُ لَهُ ثَوْبَيَّ فَكَسَوْتُهُمَا إِيَّاهُ بِبشارته، وَاللَّه مَا أَمْلِكُ غَيْرَهُمَا يَوْمَئِذٍ، وَاسْتَعَرْتُ ثَوْبَيْنِ فَلَبسْتُهُما، وَانْطَلَقْتُ أَتَأَمَّمُ رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - يَتَلَقَّانِي النَّاسُ فَوْجًا فَوْجًا يُهَنِّئونني بالتَّوْبَةِ وَيَقُولُونَ لِي: لِتَهْنِكَ تَوْبَةُ اللَّه عَلَيْكَ. حَتَّى دَخَلْتُ الْمَسْجِدَ فَإِذَا رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - جَالِسٌ حَوْلَه النَّاسُ، فَقَامَ طَلْحَةُ بْنُ عُبَيْدِ اللَّه - رضي اللَّه عنه - يُهَرْوِلُ حَتَّى صَافَحَني وَهَنَّأَني، واللَّه مَا قَامَ رَجُلٌ مِنَ المُهَاجِرينَ غَيْرُهُ - فَكَانَ كَعْبٌ لاَ يَنْسَاهَا لِطَلْحَةَ. قَالَ كَعْبٌ: فَلَمَّا سَلَّمْتُ عَلَى رَسُولِ اللَّه - صلى اللَّه

عليه وسلم - قَالَ وَهُوَ يَبْرُقُ وَجْهُهُ مِنَ السُّرُور: «أبْشِرْ بِخَيْرِ يَومٍ مَرَّ عَلَيْكَ مُذْ وَلَدَتْكَ أُمُّكَ» فَقُلْتُ: أمِنْ عِنْدِكَ يَا رَسُول اللَّه أَمْ مِنْ عِندِ اللَّه؟ قَالَ: «لاَ، بَلْ مِنْ عِنْدِ اللَّه - عز وجل -»، وَكَانَ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - إِذَا سُرَّ اسْتَنَارَ وَجْهُهُ حَتَّى كَأَنَّ وَجْهَهُ قِطْعَةُ قَمرٍ وَكُنَّا نَعْرِفُ ذلِكَ مِنْهُ، فَلَمَّا جَلَسْتُ بَيْنَ يَدَيْهِ قُلْتُ: يَا رسولَ اللَّه، إنَّ مِنْ تَوْبَتِي أَنْ أنْخَلعَ مِنْ مَالِي صَدَقَةً إِلَى اللَّه وَإِلَى رَسُولِه. فَقَالَ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «أمسِكَ عَلَيْكَ بَعْضَ مَالِكَ فَهُوَ خَيرٌ لَكَ». فقلتُ: إنِّي أُمْسِكُ سَهْمِي الَّذِي بِخَيبَرَ. وَقُلْتُ: يَا رسولَ اللَّه، إنَّ اللَّه تَعَالَى إِنَّمَا أنْجَانِي بالصِّدْقِ، وإنَّ مِنْ تَوْبَتِي أَنْ لا أُحَدِّثَ إلاَّ صِدْقًا مَا بَقِيتُ، فواللَّه مَا عَلِمْتُ أَحَدًا مِنَ المُسْلِمينَ أبْلاهُ اللَّه تَعَالَى فِي صِدْقِ الحَديثِ مُنْذُ ذَكَرْتُ ذلِكَ لِرسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - أَحْسَنَ مِمَّا أبْلانِي اللَّه تَعَالَى، واللَّه مَا تَعَمَّدْتُ كِذْبَةً مُنْذُ قُلْتُ ذلِكَ لِرسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - إِلَى يَومِيَ هَذَا، وإنِّي لأرْجُو أَنْ يَحْفَظَنِي اللَّه تَعَالَى فيما بَقِيَ، قَالَ: فَأنْزَلَ اللَّه تَعَالَى: **﴿لَقَدْ تَابَ اللهُ عَلَى النَّبِيِّ وَالْمُهَاجِرِينَ وَالأَنْصَارِ الَّذِينَ اتَّبَعُوهُ فِي سَاعَةِ الْعُسْرَةِ﴾ حَتَّى** بَلَغَ: **﴿إِنَّهُ بِهِمْ رَؤُوفٌ رَحِيم وَعَلَى الثَّلاثَةِ الَّذِينَ خُلِّفُوا حَتَّى إِذَا ضَاقَتْ عَلَيْهِمُ الأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ﴾** حَتَّى بَلَغَ: **﴿اتَّقُوا اللهَ وَكُونُوا مَعَ الصَّادِقِينَ﴾** [التوبة: 117 - 119] قَالَ كَعْبٌ: واللَّه ما أنْعَمَ اللَّه عَلَيَّ مِنْ نعمةٍ قَطُّ بَعْدَ إذْ هَدَانِي اللَّهُ للإِسْلامِ أَعْظَمَ فِي نَفْسِي مِنْ صِدقِي رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - أَنْ لا أكونَ كَذَبْتُهُ، فَأَهْلِكَ كما هَلَكَ الَّذينَ كَذَبُوا؛ إنَّ اللَّه تَعَالَى قَالَ للَّذِينَ كَذَبُوا حِينَ أنْزَلَ الوَحْيَ شَرَّ مَا قَالَ لأَحدٍ، فقال اللَّه تَعَالَى: **﴿سَيَحْلِفُونَ بِاللهِ لَكُمْ إِذَا انْقَلَبْتُمْ إِلَيْهِمْ لِتُعْرِضُوا عَنْهُمْ فَأَعْرِضُوا عَنْهُمْ إِنَّهُمْ رِجْسٌ وَمَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ يَحْلِفُونَ لَكُمْ لِتَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنْ تَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنَّ اللهَ لا يَرْضَى عَنِ الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ﴾** [التوبة: 95 - 96] قَالَ كَعْبٌ: كُنَّا خُلِّفْنَا أيُّهَا الثَّلاَثَةُ عَنْ أمْرِ أُولَئكَ الذينَ قَبِلَ مِنْهُمْ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - حِينَ حَلَفُوا لَهُ فَبَايَعَهُمْ وَاسْتَغْفَرَ لَهُمْ وأرجأَ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - أمْرَنَا حَتَّى قَضَى اللَّه تَعَالَى فِيهِ بذلِكَ. قَالَ اللَّه تَعَالَى: **﴿وَعَلَى الثَّلاثَةِ الَّذِينَ خُلِّفُوا﴾** وَلَيْسَ الَّذِي ذَكَرَ مِمَّا خُلِّفْنَا تَخلُّفُنَا عن الغَزْوِ، وإنَّمَا هُوَ تَخْلِيفُهُ إيّانا وإرْجَاؤُهُ أمْرَنَا عَمَّنْ حَلَفَ لَهُ واعْتَذَرَ إِلَيْهِ فقبِلَ مِنْهُ. مُتَّفَقٌ عليه.

وفي رواية: أنَّ النَّبيّ - صلى اللَّه عليه وسلم - خَرَجَ فِي غَزْوَةِ تَبوكَ يَومَ الخَميسِ وكانَ يُحِبُّ أَنْ يخْرُجَ يومَ الخمِيس.

وفِي رواية: وكانَ لاَ يقْدمُ مِنْ سَفَرٍ إلاَّ نَهارًا فِي الضُّحَى، فإِذَا قَدِمَ بَدأَ بالمَسْجِدِ فَصَلَّى فِيهِ رَكْعَتَيْنِ ثُمَّ جَلَسَ فِيهِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغاندا بۇ زات (ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب) ئۇنىڭ بالىلىرى ئىچىدىن كەئبنى يېتىلەپ يۈرىدىغان بالىسى ئىدى. بۇ زات مۇنداق دېدى: مەن كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەبۇك ئۇرۇشىغا پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە چىقمىغانلىق توغرىسىدىكى ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. كەئب مۇنداق دەيدۇ: مەن بەدر ئۇرۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تەبۇك ئۇرۇشىدىن باشقا پەيغەمبەر ﷺ قىلغان ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىگە چىققان ئىدىم. بەدر ئۇرۇشىغا چىقمىغانلار ئەيىبلەنمىگەن ئىدى. چۈنكى بەدر ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىدىن چىققاندا مۇسۇلمانلارنىڭ مەقسىتى قۇرەيش كارۋىنىنى توسۇش ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن الله مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلەرنى كۆزلىمىگەن بىر جايدا ئۇچراشتۇرۇپ قويدى. بىز ئەقەبە كېچىسى ئىسلام دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئەھدە قىلىشقان ۋاقتىمىزدا مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ئىدىم. گەرچە خەلق ئارىسىدا بەدر ئۇرۇشى مەشھۇر بولسىمۇ لېكىن مەن شۇ ئەقەبە كېچىسىنى بەدر ئۇرۇشىدىن تۆۋەن چاغلىمايمەن. تەبۇك ئۇرۇشىدا مېنىڭ ئۇرۇشقا پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە چىقماي قېلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ ئۇرۇشقا چاقىرىق قىلىنغان ۋاقىتتا مەن قول ئىلكىمدە بار كىشى ئىدىم. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى مەن ھېچقانداق ئۇرۇشقا ئىككى ئۇلاغ تەييارلىغان ئەمەس، تەبۇك ئۇرۇشىغا بولسا ئىككى ئۇلاغ تەييارلىغان ئىدىم.

پەيغەمبەر ﷺ قاچان بىر ئۇرۇشنى ئىراده قىلسا، باشقا بىر ئۇرۇشنى ئېلان قىلىپ، قىلماقچى بولغان ئۇرۇشنى مەخپىي تۇتاتتى. بۇ قېتىم

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشقا پۇختا تەييارلىق قىلىشى ئۈچۈن بارىدىغان جاينى ئوچۇق ئېلان قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ئۇرۇشقا ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ۋاقىتتا يۈرۈش قىلدى. سەپەر ئۇزۇن بولۇپ، يولدا چوڭ باياۋان بار ئىدى، دۈشمەنمۇ كۆپ ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئۇرۇشقا چىقىدىغان مۇسۇلمانلار كۆپ بولغاچقا ئۇلارنىڭ سانىنى ئېلىپ بولۇش ناھايىتى تەس ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، غازاتقا چىقماي قېلىپ قالماقچى بولغان كىشىلەرمۇ: «اللّٰه تىن ۋەھيي كېلىپ قالمىسىلا ئۇرۇشقا چىقمىغىنىم بىلىنمەيدىغۇ» دەپ ئويلايتتى. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ئۇرۇشقا يۈرۈش قىلغاندا مېۋىلەر تازا پىشىپ ۋايىغا يەتكەن، سايىلەر تاشلانغان ۋاقىت ئىدى. شۇڭلاشقا مېنىڭ مەيلىم ئۇنىڭغا تارتىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ساھابىلەر تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتى. مەنمۇ ھەر ئەتىگىنى تەييارلىق قىلاي دەيتتىم، تەييارلىق قىلالماي قايتىپ كېلەتتىم، كۆڭلۈمدە: ‹تەييارلىق قىلاي دېسەم ماڭا ئاسانغۇ› دەپ ئويلايتتىم. مەن شۇ خىيالدا ئۆتۈۋەردىم. كىشىلەرنىڭ تەييارلىقى رەسمىي پۈتتى. پەيغەمبەر ﷺ بىر كۈنى سەھەردە مۇسۇلمانلار بىلەن سەپەرگە ئاتلاندى. مەن بولسام ھېچبىر تەييارلىقسىز ئىدىم. شۇ سەھەردە قايتىپ كېلىپمۇ ھېچبىر تەييارلىق قىلمىدىم. مەن ‹كەينىدىن يېتىشىۋالىمەنغۇ› دېگەن خىيالدا يۈرۈۋەردىم. كىشىلەر يولغا چىقىپ يىراقلاپ كەتتى، ھەتتا غازاتمۇ ئاخىرلاشتى.

مەن سەپەرگە ئاتلىنىپ ئۇلارنى تېپىۋالاي دېگەن خىيالغىمۇ كەلدىم. شۇنداق قىلغان بولسامچۇ كاشكى، بۇ ماڭا نېسىپ بولمىدى.

پەيغەمبەر ﷺ كەتكەندىن كېيىن كوچىلارغا چىقسام كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالاتتى. چۈنكى، كوچىلاردا پەقەت يا مۇناپىقلارنى، ياكى جىھادقا چىقىشتىن پۈتۈنلەي ئاجىز كەلگەن كىشىلەردىن باشقا ئۆزەمنىڭ چىقمىغانلىقىمغا ئۆلگە بولغۇدەك بىرەر كىشىنى ئۇچراتمىدىم.

پەيغەمبەر ﷺ تەبۇكقا بارغۇچە مېنى ئېسىگە ئالماپتۇ. تەبۇكقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن دەم ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا: <كەئب ئىبنى مالىكقا نېمە بولدى؟» دەپ سوراپتۇ. بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بولغان بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! كەئبنى تونىنى كىيىپ (ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ) ئىككى يانغا بېقىشلىرى ئورۇشقا كەلگىلى قويمىغاندۇ؟!> دەپتۇ.

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <بۇرادەر! سەن يامان سۆز قىلدىڭ. ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز كەئبنىڭ پەقەت ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنىلا بىلىمىز> دەپتۇ.

پەيغەمبەر ﷺ گەپ قىلماپتۇ. شۇ چاغدا يىراقتىكى توپا ـ چاڭ ئارىسىدىن ئاق تونلۇق بىر كىشى كۆرۈنۈپتۇ، پەيغەمبەر ﷺ: <سەن ئەبۇ خەيسەمە بولۇپ قالغىيدىڭ> دەپتۇ. دەرۋەقە ئۇ ئادەم ئەبۇ خەيسەمە ئەنسارى بولۇپ چىقىپتۇ. بۇ، ھېلىقى بىر سا خورمىنى سەدىقە بەرسە مۇناپىقلار زاڭلىق قىلىشقان كىشى ئىدى.

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تەبۇكتىن قايتىپ كەلمەكچى بولغان خەۋرنى ئاڭلاپ غېمىم باشلاندى. مەن يالغاننى ئويلاشقا باشلىدىم. كۆڭلۈمدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ غەزىپىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئويلايتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلەمدىكىلەردىن پىكىرمۇ ئېلىپ باقتىم. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋرى يېتىپ كەلگەندە ھەرقانداق يالغانچىلىق بىلەنمۇ قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئاخىردا راست سۆزلەش نىيىتىگە كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە رەسمىي يېتىپ كەلدى.

پەيغەمبەر ﷺ ھەرقانداق سەپەردىن قايتىپ كەلسە ئالدى بىلەن مەسجىدكە كېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ﷺ نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇشقا چىقمىغانلار

ئۇنىڭ ئالدىغا بىر-بىرلەپ كېلىپ، قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ ئۆزرە ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ سانى 80 نەچچە كىشى ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بەيئەتلىرىنى ئالدى ۋە ئۇلارغا مەغپىرەت تىلىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى الله قا تاپشۇردى. شۇ قاتاردا مەنمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەرگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ ئاچچىقلانغان ئادەمنىڭ كۈلكىسىدەك كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئاندىن: «كەل!» دېدى. مەن ئاستا بېرىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: «سېنى ئۇرۇشتىن نېمە توسۇپ قويدى؟ سەن ئۇرۇش ئۇچۇن ئۇلاغ سېتىۋالغان ئەمەسمىدىڭ؟» دېدى. مەن: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر دۇنيا ئەھلىدىن سەندىن باشقا بىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بولسام، ئۇنىڭ غەزىپىدىن يالغان باھانە بىلەن قۇتۇلۇپ كېتەلەيتتىم. چۈنكى مەندە بۇنچىلىك سۆز ئىقتىدارى بار، لېكىن مەن بۈگۈن سېنى رازى قىلىدىغان بىر يالغاننى سۆزلىگىنىم بىلەن، پات ئارىدا الله ۋەھيى ئارقىلىق سېنى ماڭا غەزەپلەندۈرىدۇ. ئەگەر ساڭا راست سۆزلىسەم، مەندىن خاپا بولىسەن. شۇنداقتىمۇ، مەن راست سۆزۈم بىلەن الله تائالادىن كېلىدىغان ياخشى ئاقىۋەتنى ئۈمىد قىلىمەن. الله نىڭ نامى بىلەن ئېيتايكى، مېنىڭ ئۇرۇشقا چىقماسلىققا ھېچقانداق ئۆزرەم يوق ئىدى. مەن ئۇرۇشقا چىقمىغان چېغىمدىكىدىنمۇ كۈچلۈك ھەم باي بولۇپ باققان ئەمەس ئىدىم دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ: «بۇ ئادەم ھەقىقەتەن راست سۆزلىدى، سەن تاكى الله سەن توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقارغۇچە كۈتۈپ تۇرغىن!» دېدى.

مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىدىن قايتىپ چىقتىم، بەنى سەلەمە قەبىلىسىدىن بولغان بىرقانچە كىشى ماڭا ئەگىشىۋېلىپ: «بىز سېنىڭ بۇندىن بۇرۇن بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى بىلمەيمىز. سەن پەيغەمبەر ﷺ گە باشقىلار ئۆزرە ئېيتقاندەك ئۆزرە ئېيتىشقىمۇ ئاجىزلىق قىلدىڭ، ئۆزرە ئېيتقان

بولساڭ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ الله تىن گۇناھىڭنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى تىلىشى سەن ئۈچۈن كۇپايە قىلاتتى ئەمەسمۇ!؟» دېيىشتى.

ئۇلار مېنى ئەيىبلەۋەرگەچكە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا بېرىپ يالغان ئېيتىشقا تاسلا قالدىم. مەن ئۇلارغا: ‹ماڭا ئوخشاش (مەندىن باشقا) مۇشۇنداق ئىشقا دۇچار بولغانلار بارمۇ؟› دېسەم، ئۇلار: ‹ھەئە، سەندىن باشقا يەنە ئىككىيلەن بار. پەيغەمبەر ﷺ ساڭا ئېيتقان سۆزلەرنى ئۇلارغىمۇ ئېيتتى› دېدى. مەن: ‹ئۇلار كىم؟› دەپ سورىسام، ئۇلار: ‹مۇرارە ئىبنى رەبىئە ۋە ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ۋاقىفى› دېدى.

بۇ ئىككى ئادەم بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقان نەمۇنىلىك ياخشى كىشىلەردىن ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئىلگىرى قىلغان راست سۆزۈمدە چىڭ تۇرۇۋەردىم. پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى جەڭگە چىقمىغانلار ئارىسىدىن پەقەت بىز ئۈچەيلەن بىلەن سۆزلىشىشتىن چەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممەيلەن بىزدىن يىراقلاشتى ۋە ياكى بىزگە باشقىچە مۇئامىلىدە بولدى. ھەتتا زېمىن ماڭا بۇرۇن تونۇشلۇق بولغان زېمىن ئەمەستەك يات تۇيۇلدى. بىز مۇشۇ ئەھۋالدا 50 كۈننى ئۆتكۈزدۇق. مېنىڭ ئىككى بۇرادىرىم ئۆيلىرىگە بېكىنىۋېلىپ يىغلىشىپ ئولتۇردى. ئەمما مەن بولسام ئىككىسىدىن ياشراق ۋە شىجائەتلىكراق ئىدىم. سىرتلارغا چىقاتتىم، نامازغا مەسجىدلەرگە باراتتىم، كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. لېكىن كىشىلەر ماڭا گەپ قىلمايتتى. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇ ناماز ئوقۇپ بولغان چاغدا ئۇنىڭغا سالام قىلاتتىم ۋە مەن ئىچىمدە ‹پەيغەمبەر ﷺ ماڭا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن لەۋلىرىنى مىدىرلىتامدۇ ـ يوق؟› دەپ ئويلايتتىم. مەن پەيغەمبەر ﷺ گە يېقىن يەردە ناماز ئوقۇيتتىم ۋە ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە قارايتتىم. مەن نامازغا تۇرسام ئۇ ماڭا قارايتتى. ئۇ تەرەپكە قارىسام يۈزىنى مەندىن بۇرۇۋالاتتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ماڭا قىلغان سوغۇق مۇئامىلىسى داۋاملىشىۋاتقاندا مەن

كىشىلەر ئىچىدە ماڭا ئەڭ يېقىن بولغان تاغامنىڭ ئوغلى ئەبۇ قەتادەنىڭ بېغىنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ئۇنىڭغا سالام قىلسام، ئۇ سالام قايتۇرمىدى. مەن ئۇنىڭغا: <ئى ئەبۇ قەتادە! سەندىن الله نىڭ نامى بىلەن سورايكى، سەن مېنى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ قارامسەن؟> دېدىم. ئۇ گەپ قىلمىدى. مەن يەنە سورىدىم، ئۇ يەنە گەپ قىلمىدى. مەن قايتا ئۆتۈنۈپ سورىۋېدىم، ئۇ <الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ياخشى بىلىدۇ> دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى. مەن تامدىن ئارتىلىپ قايتىپ چىقتىم.

مەدىنە بازىرىدا مېڭىپ يۈرسەم مەدىنىگە ئاشلىق ساتقىلى كەلگەن شام دېھقانلىرىدىن بىرى: كىم ماڭا كەئب ئىبنى مالىكنى كۆرسىتىپ قويىدۇ دېۋىدى، كىشىلەر مېنى كۆرسىتىپ ئىشارەت قىلغىلى تۇردى. ئۇ كېلىپ غەسسان پادىشاھىنىڭ بىر پارچە خېتىنى ماڭا بەردى. مەن خەت يېزىشنى ھەم ئوقۇشنى بىلەتتىم. خەتتە مۇنداق يېزىلغانىكەن: «مەقسەتكە كەلسەك، بىزگە سېنىڭ بۇرادىرىڭنىڭ ساڭا باشقىچە مۇئامىلىدە بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. الله سېنى خار زىمىندا قەدىرسىز ياشاشقا مەجبۇرلىغان ئەمەس. بىزگە قوشۇلغىن، بىز ساڭا ياخشىلىق قىلىمىز». خەتنى ئوقۇپ بولۇپ بۇمۇ بىر سىناق بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن خەتنى تونۇرغا سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتتىم.

ھەتتا بىز الله نىڭ ھۆكمىنى كۈتكىلى 40 كۈن بولغان بولسىمۇ بىزنىڭ ھەققىمىزدە ۋەھيي نازىل بولمىدى. شۇ كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەلچىسى كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ سېنى ئايالىدىن ئايرىلىپ تۇرسۇن دەيدۇ دېدى. مەن ئايرىلىپ تۇرامدىكەنمەن ياكى تالاقنى بېرەمدىكەنمەن؟ دېسەم، ياق ئايرىلىپ تۇرغىن ئۇنىڭغا يېقىنلاشمىغىن دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ مېنىڭ ئىككى ھەمراھىمغىمۇ مۇشۇ يوسۇندا ئەلچى

ئەۋەتىپتۇ. مەن ئايالىمغا: مۇشۇ ئىش توغرىسىدا الله ھۆكۈم چىقارغۇچە سەن ئۆيۈڭگە بېرىپ تۇرغىن دېدىم. ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھىلال ئىبنى ئۇمەييە قېرىپ قالغان ئاجىز كىشى، ئۇنىڭ ئۇستىگە خىزمەتچىسىمۇ يوق، مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلسام خاپا بولامسەن؟> دەپتۇ. پەيغەمبەر ﷺ: «ياق، لېكىن ئۇ سىزگە يېقىنلاشمىسۇن> دەپتۇ. ئۇ ئايال: <الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ھېچقانداق نەرسىگە رايى يوق. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ مۇشۇ ئىش يۈز بەرگەندىن تارتىپ تا بۈگۈنگە قەدەر يىغلاپلا كېلىۋاتىدۇ> دەپتۇ.

مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن بەزىلىرى: <سەنمۇ ئايالىڭ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ﷺ دىن رۇخسەت سوراپ باقساڭ بولمامدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ئايالىغا ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىپتىغۇ؟> دېيىشتى. مەن: <بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ﷺ دىن رۇخسەت سورىمايمەن، مەن ياش تۇرۇقلۇق بۇ توغرىدا رۇخسەت سورىسام پەيغەمبەر ﷺ نېمە دەپ قالىدۇ؟> دېدىم.

شۇ ھالەتتە يەنە 10 كۈن ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ﷺ بىزنى سۆزلىشىشتىن چەكلىگەندىن تارتىپ تولۇق 50 كۈن تاماملاندى. 50- كۈنى سەھەردە بامدات نامىزىنى ئۆيۈمنىڭ ئۆگزىسىدە ئوقۇدۇم. شۇ چاغدا، قۇرئاندا بىز توغۇرلۇق تىلغا ئېلىنغاندەك نەپسىم سىقىلىپ، زېمىن ماڭا تار كەلگەندەك ھالەتتە ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز بىرسىنىڭ سەلئى تېغى ئۈستىگە چىقىۋېلىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: ئى كەئب ئىبنى مالىك! خۇش بېشارەت ئالغىن دەپ ۋاقىرغىنىنى ئاڭلىدىم. شۇئان سەجدىگە باش قويدۇم. ئازادىلىكنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدىم. ئەسلىدە پەيغەمبەر ﷺ الله نىڭ بىزگە تەۋبە ئاتا قىلغانلىقىنى بامدات نامىزىدا كىشىلەرگە ئېلان قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بىزگە خۇش بېشارەت بېرىشكە مېڭىپتۇ. مېنىڭ ئىككى

بۇرادىرىمگىمۇ كىشىلەر خەۋەر قىلغىلى كېتىپتۇ. ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر كىشى مەن تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ مېڭىپتۇ. ئاۋاز ئاتتىنمۇ تېز بولغاچقا، ئۇ تاغقا چىقىپ ۋارقىراپتۇ. ماڭا خۇش بېشارەت بەرگەن ئادەم يېنىمغا كەلگەندە، ئۇنىڭ بەرگەن خۇش بېشارىتى ئۈچۈن ئۈچامدىكى ئىككى كىيىمنى ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويدۇم. اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى بۇ كۈنلەردە مېنىڭ قولۇمدا بۇ ئىككى كىيىمدىن باشقا كىيىم يوق ئىدى. مەن يەنە ئىككى كىيىمنى ئارىيەتكە ئېلىپ كىيىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا چاپتىم. يول بويى كىشىلەر ماڭا توپ-توپ بولۇپ ئۇچرىشىپ، ماڭا تەۋبە ئاتا قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلىشىپ <اللە نىڭ ساڭا ئاتا قىلغان تەۋبىسى مۇبارەك بولغاي!> دېيىشتى. مەن مەسجىدكە كىرسەم نۇرغۇن كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئىكەن. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ مۇبارەكلىدى. اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇھاجىرلار ئىچىدە تەلھەدىن باشقا ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىدى. مەن تەلھەنىڭ قىلغىنىنى ھەرگىز ئۇنتالمايمەن.

مەن پەيغەمبەر ﷺ گە سالام بېرىۋېدىم، پەيغەمبەر ﷺ خۇشاللانغانلىقىدىن يۈزلىرى نۇرلانغان ھالدا «سەن ئاناڭدىن تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆتكەن كۈنلىرىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خۇشاللىق بىر كۈندىن خۇش بېشارەت ئالغىن» دېدى. مەن: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ بېشارەت سەن تەرەپتىنمۇ ياكى اللە تەرەپتىنمۇ؟» دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ: «اللە تەرىپىدىندۇر» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ھەرقاچان خۇشال بولسا يۈزلىرى نۇرلىنىپ گوياكى تولۇن ئايدەك بولۇپ كېتەتتى، بىز بىلەتتۇق. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! تەۋبەم قوبۇل بولغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ بارلىق نەرسىلىرىم اللە ۋە اللە نىڭ رەسۇلى ئۈچۈن سەدىقە بولسۇن» دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ: «بىر قىسىم ماللىرىڭنى ئۆزەڭگە قالدۇرۇپ قويغىنىڭ ياخشى» دېدى. مەن: «خەيبەردىكى نېسۋەمنى

قالدۇرۇپ قوياي» دېدىم. مەن يەنە: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! اللە مېنى راستچىللىقىم بىلەن نىجاتلىققا ئېرىشتۈردى. ھاياتلا بولسام راست سۆزلەش مېنىڭ تەۋبەمنىڭ قاتارىدىن بولغاي» دېدىم.

اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ گەپنى پەيغەمبەر ﷺ گە دېگەندىن باشلاپ بۈگۈنگە قەدەر اللە تائالانىڭ بىر كىشىنى راستچىللىقتا مېنى سىنىغاندىن ياخشىراق سىنىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن پەيغەمبەر ﷺ گە شۇ سۆزنى قىلغاندىن كېيىن تا ھازىرغىچە بىرەر يالغاننى ئويلاپمۇ باقمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ اللە نىڭ مېنى يالغاندىن ساقلىشىنى تىلەيمەن.

شۇ چاغدا، اللە تائالا بۇ ئايەتلەرنى بىزنىڭ ھەققىمىزدە نازىل قىلدى: «اللە ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. (ئەينى زاماندا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، اللە ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. اللە ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر [117]. جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ اللە قوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، ئۇلار اللە قا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ اللە نىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، اللە ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. اللە تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر [118]. ئى مۇئمىنلەر! اللە تىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار [119]»①.

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، اللە

① سۈرە تەۋبە 117 ـ ئايەتتىن 119 ـ ئايەتكىچە.

مېنى ئىسلام نېئمىتىگە ئېرىشتۈرگەندىن كېيىن ئۆز كۆڭلۈمدە پەيغەمبەر ﷺ گە يالغان ئېيتمايمەن دەپ راستچىل بولغىنىمدىن ئارتۇق نېئمەت بەرمىدى دەپ ئويلىدىم. ئۇنداق بولمىغاندا باشقا يالغانچىلار ھالاك بولغاندەك ھالاك بولۇپ كېتەتتىم.

الله ۋەھيي چۈشۈرگەن چاغدا، يالغان ئېيتقانلارغا ھېچ كىشىگە دەپ باقمىغان يامان سۆزنى دېدى. الله تائالا مۇنداق دېگەن: «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ)، الله بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار (يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار)، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر [95]. سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ)، چۈنكى الله پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ [96]»[1].

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئۇرۇشقا چىقماي قالغانلارنىڭ قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ ئېيتقان ئۆزرىسى ۋە بەيئىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگەن ۋاقىتتا بىز ئۈچەيلەننى ئۇلاردىن ئايرىپ قالدۇرۇپ قويغان ئىدى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئىشى كېچىكتۈرۈلگەن ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ الله قوبۇل قىلدى»[2]. بۇ ئايەتتىكى <ئىشى كېچىكتۈرۈلگەن> دېگەن جۈملىدىن بىزنىڭ غازاتتىن قېلىپ قالغانلىقىمىز ئەمەس، بەلكى

---

[1] سۈرە تەۋبە 95-، 96- ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە 118- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ﷺ گە قەسەم ئىچىپ ئۆزرە ئېيتقان، پەيغەمبەر ﷺ ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەردىن بىزلەرنى ئايرىپ قالدۇرۇپ قويۇشى مەقسەت قىلىنىدۇ.

يەنە بىر نەقىلدە: «پەيغەمبەر ﷺ تەبۇك ئۇرۇشىغا پەيشەنبە كۈنى يولغا چىقتى. پەيغەمبەر ﷺ سەپەرگە پەيشەنبە كۈنى چىقىشنى ياخشى كۆرەتتى» دېيىلگەن.

يەنە بىر نەقىلدە: «پەيغەمبەر ﷺ ھەرقاچان سەپەردىن كۈندۈزى چاشگاھ ۋاقتىدا قايتىپ كېلەتتى. كەلگەندىمۇ ئالدى بىلەن مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن مەسجىدتە ئولتۇراتتى» دېيىلگەن.

## شەرھىسى

بۇ كەئب ئىبنى مالىكنىڭ تەبۇك غازىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلىكلەرنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدىكى ھەدىستۇر. تەبۇك غازىتى ھىجرىيىنىڭ 9- يىلى بولغان بولۇپ، بۇ غازات پەيغەمبەر ﷺ نىڭ رۇملۇق خرىستىئانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان يۈرۈشى ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كۈچ توپلاۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ تەبۇكتا يىگىرمە كۈن تۇرغان ئىدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلاردىن ھېچبىر شەپە ۋە ھەرىكەت بايقىمىغاندىن كېيىن قايتىپ كەتكەن ئىدى. بۇ غازات مېۋىلەر تازا پىشقان، كۆكتۆللەر سۆرۈن جايلارنىلا خالايدىغان تومۇز ئىسسىقتا بولغان ئىدى. بۇ قېتىملىق غازاتنىڭ مۇناپىقلارنىڭ نەپسىگە ياقماسلىقى تەبىئىي ئىش بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپى بۇ غازاتقا چىقمىغانىدى.

ئەمما، ئىخلاسمەن مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە چىققان بولۇپ، مۇساپىنىڭ يىراقلىقى ۋە ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالمىغانىدى. بىراق كەئب ئىبنى مالىكمۇ ئەنە شۇ

ئىخلاسمەن مۆئمىنلەرنىڭ بىرى بولۇشىغا قارىماي، بۇ ئىشقا سۇس قاراپ چىقمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن تەبۇك غازىتىدىن باشقا ھېچبىر غازاتتىن ئايرىلىپ قالماي پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە چىققان ئىدىم. گەرچە مەن بەدر غازىتىغا قاتناشمىغان بولساممۇ، بەدر غازىتىغا چىقمىغانلار ئەيىبلەنمىگەن ئىدى».

چۈنكى، قۇرەيش كارۋانلىرى مەدىنىگە يېقىن جايدىن ئۆتىدىغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ قۇرەيش كارۋانلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇش مەقسىتىدە يولغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئەھۋالدا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن بىر قېتىملىق چوڭ جەڭگە دۇچ كەلگەنىدى. قۇرەيشلىكلەر پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ ماللىرىنى بۇلاپ ـ تالىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ماللىرى پەيغەمبەر ﷺ گە ھالال بولاتتى ۋە بۇ ئۆز ھەققىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھېسابلىنىپ، ئۇلارغا قىلىنغان ئىغۋاگەرچىلىك ياكى زومىگەرلىك سانالمايتتى. مۇھىمى، رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدر غازىتىغا 310 نەچچە ئادەم ۋە بار ـ يوقى 70 تۆگە، ئىككى ئات بىلەن چىققان بولۇپ، جەڭ تەييارلىقى تولۇق ئەمەس ئىدى. لېكىن الله تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇلار ئالدىنئالا كېلىشمەستىن ئىختىيارسىز ھالدا جەڭگە يۈزلەندى. كارۋاننىڭ باشلىقى ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كارۋاننى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن چىققانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، يولنى ساھىل تەرەپكە ئۆزگەرتتى ۋە «كارۋاننى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دەپ ياردەم سوراپ قۇرەيشكە بىر ئەلچى ئەۋەتتى. قۇرەيشلىكلەر توققۇز يۈزدىن مىڭغىچە ئادەمنى توپلاپ، كاتتا دەبدەبە بىلەن چوڭچىلىق قىلغان ھالدا يولغا چىقتى.

ئۇلار يولدا مېڭىۋېتىپ كارۋانلىرىنىڭ قۇتۇلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىشتى ۋە ئۆزئارا: «كارۋان قۇتۇلۇپتۇ، ئۇنداقتا ئۇرۇش قىلىپ نېمە قىلىمىز» دېيىشتى.

ئەبۇ جەھىل: «الله بىلەن قەسەمكى، بىز بەدردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ بەزمە قىلماستىن، لەشكەرلەرگە زىياپەت بېرىپ ئەرەبلەرگە كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنى كۆرسىتىپ قويماستىن مەككىگە كەتمەيمىز. شۇنداق قىلغاندا ئۇلار بىزدىن مەڭگۈ قورقىدىغان بولىدۇ» دېدى.

ئۇلار تەكەببۇرلۇقى سەۋەبلىك ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەن بولۇپ، بۇ ۋاقىت ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى رامىزاننىڭ 17 ـ كۈنى ئىدى. الله تائالا پەرىشتىلەرگە: ﴿أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُوا الَّذِينَ آمَنُوا سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُوا الرُّعْبَ﴾ «مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۇئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن»[1] دەپ ۋەھىي قىلىش ئارقىلىق مۇئمىنلەرنى ساباتلىق بولۇشقا ئۈندىگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، مانا بۇ ۋەھيىنىڭ ئۆزىلا مۇئمىنلەر ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. الله تائالا مۇئمىنلەرنىڭ قەدىمىنى بەرقارار قىلىپ، كاپىرلارنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنچ تاشلىدى ۋە پەرىشتىلەرگە مۇنداق دېدى: ﴿فَاضْرِبُوا فَوْقَ الْأَعْنَاقِ وَاضْرِبُوا مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ﴾ «(قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار»[2].

الله نىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۇلار مۇشرىكلاردىن يەتمىش كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە يەتمىشىنى ئەسىر ئالدى. ئۆلتۈرۈلگەنلەر بولسا ئاددىي كىشىلەردىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرى ۋە چوڭلىرىدىن ھېسابلىناتتى. ئۇلاردىن يىگىرمە تۆت ئادەمنىڭ جەسىتى بەدر قۇدۇقلىرىدىن بىرىگە تاشلاندى. رەسۇلۇللاھ ﷺ قۇدۇقنىڭ گىرۋىكىدە توختاپ، ئۇلارنى ئىسىملىرى ۋە ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىپ: «يا فلان بن فلان ويا فلان بن فلان هل وجدتم ما وعدكم اللّٰه ورسوله حقا فانى قد وجدت ما وعدني اللّٰه حقا «ئى پالانىنىڭ ئوغلى

[1] سۈرە ئەنفال 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنفال 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پالانى! ھەقىقەتەن مەن رەببىم ماڭا ۋەدە قىلغان نەرسىنىڭ ھەقلىقىنى بىلدىم. سىلەرمۇ رەببىڭلار سىلەرگە ۋەدە قىلغان نەرسىنىڭ ھەقلىقىنى بىلدىڭلارمۇ؟» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! روھى يوق جەسەتلەرگە گەپ قىلىۋاتامسەن؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ما انتم باسمع لما اقول منهم غير انهم لا يستطيعون ان يردوا علي شيئا» ئۇلار سۆزلىرىمنى سىلەردىن ياخشىراق ئاڭلايدۇ. لېكىن جاۋاب قايتۇرالمايدۇ» دېدى.[1] چۈنكى ئۇلار ئۆلۈكتۇر.

الله قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، مانا بۇ جەڭ ئىززەتلىك تارىخىمىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى. الله تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە ياردەم بەردى ۋە بۇ كۈننى ھەق ۋە باتىلنىڭ ئايرىلىش كۈنىسى دەپ ئاتىدى.

ھەقىقەتەنمۇ، الله تائالا بۇ كۈندە ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ناھايىتى ئېنىق ئايرىدى. بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۈچيۈز ئون نەچچە، كاپىرلارنىڭ سانى بولسا مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. كاپىرلار قورال-ياراغ ۋە كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە مۇسۇلمانلاردىن مۇكەممەل ئىدى. مۇسۇلمانلاردا بولسا بىرقانچە تۆگە ۋە ئاتلا بار ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ الله تائالا مۇئمىنلەرنى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، تەييارلىقى تولۇق ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى زور مۇشرىكلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەق دىنىنى ئۈستۈن قىلدى. الله تائالا بۇ يەردىكى غەلىبىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّهُ بِبَدْرٍ وَأَنْتُمْ أَذِلَّةٌ فَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ**﴾ «الله سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى). الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن الله تىن قورقۇڭلار»[2]. ئايەتتە دېيىلگىنىدەك، مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبىسى پۈتۈنلەي

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] سۈرە ئال ئىمران 123- ئايەت.

اللە نىڭ ياردىمى سەۋەبلىك بولۇپ، سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيىتى بويىچە بولغاندا بەدر غازىتىنىڭ غەلىبىسى مۆجىزە ئىش ئىدى. ئەكسىچە ھۇنەيىن كۈنىسىدە مۇسۇلمانلار 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن پۇختا تەييارلىق قىلىپ چىققان بولسىمۇ سانى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئاز ھەۋازىن ۋە سەقىف قەبىلىسىدىن يېڭىلىپ قالغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيىتى بويىچە ۋەزىيەتكە ھۆكۈم چىقارغانلىقى ئىدى.

اللە تائالا ئۇلارغا اللە تىن باشقىغا باغلىنىشنىڭ ھېچنەرسىگە پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلارنى مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلغان. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنْكُمْ شَيْئًا وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُمْ مُدْبِرِينَ﴾ «اللە سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەيىن كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى <بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇب بولمايمىز> دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورقىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇب بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنە مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار»[①].

ئەڭ مۇھىمى، كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشمىغان ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۈلگىنىدەك، بەدر ئۇرۇشى كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلىنىپ يولغا چىقىلغان ئۇرۇش ئەمەس ۋە

[①] سۇرە تەۋبە 25 ـ ئايەت.

شۇنداقلا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان قوشۇنمۇ ئەمەس، ئەكسىچە كارۋاننىڭ ئالدىنى توسۇشلا مەقسەت قىلىنغان ئادەتتىكى ھەربىي يۈرۈش ئىدى. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا قانلىق جەڭ يۈز بەرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جەڭگە قاتناشمىغانلار ئۆزۈرلۈك بولۇپلا قالماي، بەلكى ھېچبىر مالامەت قىلىنمايتتى. لېكىن بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلار كاتتا شەرەپكە نائىل بولغان بولۇپ، بۇنى پەيغەمبەر ﷺ دىن نەقىل قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىستىن بىلىپ يېتەلەيمىز. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لعل اللّٰه اطلع على أهل بدر فقال اعملوا ما شئتم فقد غفرت لكم» «الله تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ ئۇلارغا: <خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار! مەن سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىۋەتتىم> دەۋەتكەن بولسا ئەجەب ئەمەس».[1]

الله تائالا بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ھەممە گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋەتكەن بولۇپ، بۇ غازات كۆپلىگەن ياخشىلىق ۋە بەرىكەتلەرگە ۋاستە بولغان ئىدى. مەسىلەن، پەيغەمبەر ﷺ مەككىنى فەتھى قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلماقچى بولغاندا ھاتەب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىلىكلەرگە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەككىگە يۈرۈش قىلماقچى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ خەت يازدى. لېكىن الله تائالا بۇنى پەيغەمبەر ﷺ گە خەۋەر قىلدى.

ھاتەب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەتنى بىر ئايالدىن ئەۋەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇنىڭدىن ۋەھيي ئارقىلىق خەۋەر تېپىپ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەنە بىر ئادەم بىلەن بىللە يولغا سېلىپ خەتنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار «روضة خاخ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر باغقا كەلگەندە ئۇ ئايالغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۇ ئايالدىن خەتنى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئايال: «مەندە خەت يوق» دېدى. ئۇلار ئۇ ئايالغا: «الله بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە يالغان ئېيتمىدى ۋە بىزمۇ يالغان سۆزلىمىدۇق. خەت قەيەردە؟ خەتنى چىقىرىسەن، بولمىسا كىيىمىڭنى سالدۇرىمىز» دېدى. ئۇ ئايال بۇلارنىڭ كەسكىن پوزىتسىيىسىنى كۆرۈپ خەتنى چىقاردى. خەت ھاتەب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئەدىن قۇرەيشكە يېزىلغان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار خەتنى ئالدى.

ئۇلار خەتنى پەيغەمبەر ﷺ گە قايتۇرۇپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ھاتەب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ئى ھاتەب! نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىغانىدى، ھاتەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزرىسىنى بايان قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇنىڭ بويىنىغا ئۇرايمۇ؟ ھەقىقەتەن، ئۇ مۇناپىق بولۇپ كېتىپتۇ» دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «وما يدريك لعل اللّٰه اطلع على أهل بدر فقال: اعملوا ما شئتم فقد غفرت لكم» «سەن نېمە بىلىسەن؟ الله تائالا بەدر ئەھلىنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ: <خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار! مەن سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلدىم> دەۋەتكەن بولسا ئەجەب ئەمەس» دېدى.[①] دەرۋەقە، ھاتەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدر غازىتىغا قاتناشقان كىشىلەردىن ئىدى.

مۇھىمى، كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدر غازىتىغا قاتناشمىغان ئىدى. تەكرار ئېيتىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، بۇ باشتا غازات قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت كارۋاننى توسۇش مەقسىتىدىلا ئېلىپ بېرىلغان يۈرۈش ئىدى. الله قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، بۇ بەرىكەتلىك غازات بولدى.

ئاندىن كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ مىنا تېغىدا مەشھۇر «ئەقەبە بەيئىتى»گە قاتناشقانلىقىنى ۋە بۇ بەيئەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەدر غازىتىغا

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قاتناشقاندىنمۇ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ يەردە كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ بەيئەتتە بارلىقىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق بەدر غازىتىغا قاتنىشالمىغانلىقىغا تەسەللىي بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى، لېكىن بۇ بەيئەت ئىسلامدىكى ئەڭ چوڭ بەيئەت بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر ئارىسىدا بەدر ئۇرۇشىدەك مەشھۇر ئەمەس ئىدى.

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەبۇك غازىتىغا سەپەرۋەرلىك قىلىنىۋاتقان ۋاقىتلاردا تېنى ساغلام بولۇپلا قالماي، ئىككى ئۇلىغىمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى غازاتلاردا ئىككى ئۇلاغ تەييارلىمىغان ئىدى.

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ غازاتقا قاتنىشىش ئۈچۈن ئاساسلىق لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ بىرەر ئورۇنغا يۈرۈش قىلماقچى بولسا، ئۇ ياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇ ياقتىن ئىش قىلاتتى. بۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دائىملىق قوللىنىدىغان جەڭ تاكتىكىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق دۈشمەننى بىخۇد قالدۇرۇپ قويۇپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغىلى بولاتتى.

مەسىلەن، پەيغەمبەر ﷺ جەنۇب تەرەپكە يۈرۈش قىلماقچى بولسا، بۇنى يوشۇرۇپ خۇددى شىمال تەرەپكە يۈرۈش قىلىۋاتقاندەك ھالەت شەكىللەندۈرەتتى. بىراق پەيغەمبەر ﷺ بۇ قېتىملىق تەبۇك غازىتىدا بۇرۇنقىنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ، ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى ساھابىلەرگە ئېنىق بايان قىلغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

• تەبۇك غازىتى ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ۋە مېۋىلەر تازا پىشقان ۋاقىتقا توغرا كەلگەن بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ بۇ قېتىملىق غازاتقا سۇس قاراپ قالماسلىقىنى كۆزدە تۇتقان ئىدى.

• مەدىنىدىن تەبۇكقىچە بولغان مۇساپە تولىمۇ يىراق بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا

چۆللۈك ۋە قۇملۇقلار بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتە تولۇق تەييارلىق قىلىشى كېرەك ئىدى.

• پەيغەمبەر ﷺ رۇملۇقلارنىڭ تولۇق تەييارلىق بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن تەبۇك دېگەن ئورۇنغا توپلاشقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

بۇ قېتىملىق جەڭگە بىر تۈركۈم مۇناپىقلار ۋە كەئب ئىبنى مالىك، مۇرارە ئىبنى رەبىئە ۋە ھىلال ئىبنى ئۇمەييەدىن ئىبارەت ئۈچ مۇئمىننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆزرىلىك كىشىلەردىن باشقا ھەممە كىشى تولۇق قاتناشقان ئىدى. الله تائالا بىر تۈركۈم مۇناپىقلارنى قەلبىدىكى نىفاق سەۋەبلىك قالدۇرۇپ قويغان بولسا، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئۈچ مۇئمىننى ئۆزى بىلىدىغان ھېكمەتلەر سەۋەبلىك قالدۇرۇپ قويغان ئىدى.

پەيغەمبەر ﷺ كۆپلىگەن ساھابىلىرى بىلەن تەبۇك تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپ، تەبۇكقا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، الله تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن دۈشمەننى ئۇچراتمىدى. ئۇلار تەبۇكتا يىگىرمە كۈن دۈشمەننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئاخىرى جەڭ بولماستىن قايتىپ كەتتى.

ئەمما پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇسۇلمانلار مەدىنىدىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كېچىكسەممۇ ئۇلارغا يېتىشىۋالىمەنغۇ» دەيتتى، لېكىن ھېچ ئىش قىلمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ مەدىنىدە قېلىپ قالدى ۋە ھەتتا ئىش كەينىگە سۈرۈلۈپ، مۇجاھىدلارغا قېتىلالمىدى.

بۇ ھەدىستىن ئىنسان سالىھ ئەمەلگە ئالدىرىمىسا، ئۇ ئەمەلدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنُقَلِّبُ أَفْئِدَتَهُمْ وَأَبْصَارَهُمْ كَمَا لَمْ يُؤْمِنُوا بِهِ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَنَذَرُهُمْ فِي طُغْيَانِهِمْ يَعْمَهُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە

ئىشەنمىگىنىدەك (يەنى ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز»①. دېمەك، ئىنسان ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى قوبۇل قىلمىسا ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئاكتىپ بويسۇنمىسا، بەزىدە ھىدايەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىنسان ئۇچرىغان قىسمەتلەردە سەۋرچان بولمىسا، ئېرىشىدىغان ئەجرىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «إنما الصبر عند الصدمة الأولى» «ھەقىقەتەن سەۋر قىلىش مۇسىبەت كەلگەن تۇنجى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بولىدۇ»② دېگەن سۆزى دەلىلدۇر.

ئى قېرىندىشىم! شۇڭا سىز ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراڭ ۋە سۇسلۇق قىلماڭ. ھۇرۇنلۇق كىشىنى غاپىللىق ۋە ئاجىزلىققا گىرىپتار قىلىپ قويىدۇ، شەيتان ھۇرۇن ۋە غاپىل كىشىلەرنىڭ دائىملىق مېھمىنى ھېسابلىنىدۇ.

مانا بۇ، كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىھادتىن ئايرىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى «ھامان چىقىمەنغۇ» دەيتتى، ئەمما تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتمەيتتى. ئۇ مەدىنە بازىرىغا چىققاندا سابىق مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن ھېچكىمنى ئۇچرىتالماي كۆڭلى يېرىم بولاتتى. قېلىپ قالغانلار بولسا ھەقىقىي ئۆزرە ئىگىلىرىدىن باشقا قەلبىدە نىفاق بولغان مۇناپىق كىشىلەرلا ئىدى. ئۇ بۇلارنى كۆرۈپ ئۆز-ئۆزىگە: «مەدىنىدە بۇلاردىن باشقا كىشىلەر قالمىغان تۇرسا، مەن قانداقمۇ بۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ قالىمەن؟» دەپ كايىغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ تەبۇكقا يېتىپ بارغۇچە ئۇنى ئېسىگە ئالمىدى ۋە سۈرۈشتۈرمۇ قىلمىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تەبۇكقا يېتىپ بارغاندا ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ: «كەئب ئىبنى مالىك قەيەردە؟» دېدى. بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بىر كىشى كەئبنى

① سۈرە ئەنئام 110- ئايەت.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئەيىبلەپ سۆزلىگەندە مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەئب ھەققىدە ياخشى سۆزلەرنى قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ كەئبنى ئەيىبلىگەن كىشىگىمۇ ۋە كەئبنى ھىمايە قىلغان كىشىگىمۇ جاۋاب بەرمەستىن سۈكۈت قىلدى.

شۇ ھالەتتە تۇرغاندا پەيغەمبەر ﷺ يىراقتىن ئاق تونلۇق بىر كىشىنى كۆرۈپ: «ئەبۇ خەيسەمە بولۇپ قالغىدىڭ» دېدى. ئۇ كىشى دەل ئەبۇ خەيسەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ چىقتى. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەقلىي قۇۋۋىتى ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆزى روشەن، ئاڭلاش سەزگۈسى كۈچلۈك ۋە تىلى تولىمۇ پاساھەتلىك بولۇپ، بۇ جەھەتلەردە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇراتتى. ھەتتا ئۇنىڭغا نورمال ئەر كىشىنىڭ ئوتتۇز ھەسسىچىلىك قۇۋۋەت بېرىلگەن ئىدى.

ئەبۇ خەيسەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا پەيغەمبەر ﷺ سەدىقە قىلىشقا قىزىقتۇرغان ۋاقىتتا بىر سا خورما سەدىقە قىلغان كىشى ئىدى. ساھابىلەر سەدىقە قىلسا ئۆز ھالىغا يارىشا سەدىقە قىلاتتى. ئەمما مۇناپىقلار كۆپ نەرسە سەدىقە قىلغان كىشىنى رىياخورلۇقتا ئەيىبلىسە، كەمبەغەللىكىدىن ئاز نەرسە سەدىقە قىلغان كىشىلەرنىڭ سەدىقىسىنى مەسخىرە قىلىپ: «الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇنچىلىك نەرسىسىگە موھتاج ئەمەس» دەيتتى. قاراڭ! مۇئمىنلەر قانداق بىر ئىش قىلسا، مۇناپىقلار ئۇلاردىن قۇسۇر تاپىدۇ. الله تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الَّذِينَ يَلْمِزُونَ الْمُطَّوِّعِينَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ فِي الصَّدَقَاتِ وَالَّذِينَ لَا يَجِدُونَ إِلَّا جُهْدَهُمْ فَيَسْخَرُونَ مِنْهُمْ سَخِرَ اللَّهُ مِنْهُمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ**﴾ «(مۇناپىقلار) مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، الله ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ»[1]. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇناپىقلار كىشىلەر ئىچىدىكى

---

[1] سۈرە تەۋبە 79- ئايەت.

ئەڭ نىجىس مەخلۇقلاردۇر. ئۇلار مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى زەھەرلىك ئۆسمىگە ئوخشاش، ياخشى كىشىلەرنى تىنماستىن ئەيىبلەيدۇ. شۇڭا ئۇلار دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە لايىقتۇر.

زامانىمىزدىكى يېڭى دەۋر مۇناپىقلىرىنىڭ ھالىتىمۇ بۇرۇنقى مۇناپىقلارنىڭ ھالىتىگە ئەينەن ئوخشايدۇ. ئۇلار ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان تەقۋادار دەۋەتچىلەرنى «مۇتەئەسسىپ»، «ئاشقۇن» ۋە «قالاق» دېگەنگە ئوخشاش بەتناملار بىلەن ئاتايدۇ. سىلەر ئىچىمىزدە مۇناپىق يوق دېمەڭلار، ئەكسىچە بۇنداق «زەھەرلىك ئۆسمە»لەر ئەتراپىمىزدا تولۇپ تۇرۇپتۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ «مدارج السالكين» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى تومىدا قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان مۇناپىقلارنىڭ كۆپلىگەن سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان. ئەگەر سىز تىنماستىن مۇئمىنلەرنى سۆكىدىغان ۋە ئۇلاردىن قۇسۇر ئىزدەيدىغان كىشىلەرنى كۆرسىڭىز، بىلىڭكى، ئۇ كىشى مۇناپىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر. يۇقىرىقى بايانلاردىن تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك خۇلاسىنى چىقىرالايمىز:

بىرىنچى، ئىنساننىڭ ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا سۇسلۇق قىلىشى لايىق ئەمەس، بەلكى ياخشى ئەمەلگە قەدەم بېسىشى ۋە ھۇرۇنلۇق قىلماسلىقى كېرەك. پەيغەمبەر ﷺ مەسجىدكە كېلىدىغان، ئەمما ھەمىشە ئاۋۋالقى سەپكە كەلمەستىن، كېچىكىپ ئاخىرقى سەپكە ئاران ئۈلگۈرىدىغان كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «لا يزال قوم يتأخرون حتى يؤخرهم اللّٰه» «اللّٰه تائالا (نامازدا بىرىنچى سەپتە ئورۇن ئېلىشتىن) ھەمىشە كېچىكىدىغان كىشىلەردىن رەھمىتىنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ».[1] ئەگەر ئىنسان ھەرقانداق ئىشنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ قىلىشقا ئادەتلەنسە، اللّٰه تائالامۇ ئۇنى بۇ ئىشتىن مەھرۇم قىلىپ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچى سابىقلاردىن بولۇشقا ئالدىراڭ.

ئىككىنچى، مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى مۇئمىنلەرگە تاپا-تەنە قىلىش ۋە ئۇلارنى كۆپ ئەيىبلەشتۇر. ئىلگىرى بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇناپىقلار كۆپ سەدىقە قىلغان كىشىنى «رىياخور» دەپ ئەيىبلىسە، ئەھۋالىغا بىقىپ ئاز سەدىقە قىلغان كىشىنى «الله تائالا سېنىڭ بۇ ئەمىلىڭگە ۋە بۇ كىچىككىنە سەدىقەڭگە موھتاج ئەمەس» دەپ تەنە قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من تصدق بعدل تمرة من كسب طيب، ولا يقبل اللّٰه إلا الطيب، فإن اللّٰه يقبلها بيمينه، ثم يربيها لصاحبها كما يربي أحدكم فلوه حتى تكون مثل الجبل» «كىمكى هالال كەسىپتىن بىر تال خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلسا، الله ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. الله پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن الله تائالا ئۇ سەدىقىنى ئۆز ئىگىسى ئۈچۈن كۆپەيتىپ، خۇددى سىلەرنىڭ بىرىڭلار تېيىنى بېقىپ چوڭايتقاندەك چوڭايتىپ بېرىدۇ. ھەتتا ئۇ سەدىقە تاغدەك بولۇپ كېتىدۇ».[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «اتقوا النار ولو بشق تمرة» «يېرىم تال خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ، سەدىقە قىلىپ دوزاختىن ساقلىنىڭلار».[2] الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ۝ وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ۝**﴾ «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ [7]. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ [8]»[3]. دېمەك، الله تائالا ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ غازاتتىن قايتىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] سۈرە زەلزەلە 7- ۋە 8- ئايەت.

تارقالغاندا كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ قايتىپ كەلسە، ئۇنىڭغا قانداق ئۆزرە كۆرسىتىش ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزدى ۋە يالغان ئۆزرە كۆرسىتىشنىمۇ ئويلاپ قالدى. ھەتتا بۇ ھەقتە ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ مەسلىھەت سېلىپ باقتى. لېكىن پەيغەمبەر ﷺ راستىنلا مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە ئويلىغان پىلانلىرىدىن ۋاز كېچىپ پەيغەمبەرﷺ گە ھەقىقىي ئەھۋالنى بايان قىلىش قارارىغا كەلدى.

پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە كېلىپ، ئۇدۇل مەسجىدكە كىردى. ئۇ سەپەردىن قايتىپ كەلسە ئاۋۋال مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇيدىغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ دائىملىق ئادىتى ئىدى.

پەيغەمبەر ﷺ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىمۇ مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان. الله خالىسا، بۇ ھەقتە كېيىنچە توختىلىمىز. پەيغەمبەر ﷺ نامازدىن پارىغ بولۇپ، كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئولتۇردى. ئۆزرىسىز غازاتتىن ئايرىلىپ قالغان مۇناپىقلار كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ گە ئۆزرە بايان قىلىشتى ۋە گېپىنىڭ راستلىقى ھەققىدە قەسەم قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلاردىن بەيئەت ئېلىپ الله تىن مەغپىرەت تىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەغپىرەت تىلەشنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اسْتَغْفِرْ لَهُمْ أَوْ لَا تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ إِنْ تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ سَبْعِينَ مَرَّةً فَلَنْ يَغْفِرَ اللَّهُ لَهُمْ**﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، الله ئۇلارنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ»[1].

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ گە راست سۆزلەش قارارىغا كەلدىم. ئاندىن مەسجىدكە كىرىپ ئۇنىڭغا سالام قىلدىم. پەيغەمبەر

[1] سۈرە تەۋبە 80 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ﷺ ئاچچىقلانغان كىشىدەك كۆلۈمسىرىدى، ئاندىن: «كەل!» دېدى. مەن ئاستا بېرىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ﷺ: «نېمە ئۈچۈن غازاتقا چىقمىدىڭ؟ سەن غازات ئۈچۈن ئۇلاغ سېتىۋالغانغۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «شۇنداق، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر دۇنيا ئەھلىدىن سەندىن باشقا بىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بولسام، يالغان باھانە بىلەن ئۇنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيتتىم. چۈنكى مېنىڭ ئالاھىدە سۆز قابىلىيىتىم بار. لېكىن مەن شۇنى ئېنىق بىلىمەنكى، بۈگۈن سېنى رازى قىلىدىغان بىر يالغاننى سۆزلىگىنىم بىلەن، پات ئارىدا اللە ۋەھيي ئارقىلىق سېنى ماڭا غەزەپلەندۈرىدۇ. ئەگەر ساڭا راست سۆزلىسەم، مەندىن خاپا بولىسەن. شۇنداقتىمۇ، مەن راست سۆزۈم بىلەن اللە تائالادىن كېلىدىغان ياخشى ئاقىۋەتنى ئۈمىد قىلىمەن. قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ ئۇرۇشقا چىقماسلىقىقا ھېچقانداق ئۆزرەم يوق ئىدى. مەن ئۇرۇشقا چىقماي سەندىن ئايرىلىپ قالغان ۋاقتىمدا، ھەر جەھەتتىن تولۇق كۈچكە ۋە قولاي شارائىتقا ئىگە ئىدىم» دېدىم. ئۇنىڭدىكى ئىمانغا قاراڭ! ئۇ: «مەن ساڭا يالغان سۆزلىمەيمەن. ئەگەر ساڭا يالغان سۆزلىسەم، سەن بۈگۈن مەندىن رازى بولىسەن، لېكىن اللە تائالا ماڭا غەزەپ قىلىدۇ» دېدى ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە راستچىللىق بىلەن ھەممە ئەھۋالنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرلۈك پەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز:

- اللە تائالا بەندىنىڭ نىيىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋاقىتتا ئۇنى ھەققە مۇۋەپپەق قىلىش ئارقىلىق گۇناھلىق ئىشلاردىن ساقلاپ قالىدۇ. قارىمامسىزكى، كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يالغان سۆزلەشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، اللە تائالا ئۇنىڭ قەلبىنى ھەققە مۇۋەپپەق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە راست سۆزلەش نىيىتىگە كەلدى.
- مۇسۇلمان كىشى سەپەردىن قايتىپ كەلسە، ئۆيىگە كىرىشتىن ئىلگىرى

مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشى سۈننەت. چۈنكى بۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆگەتكەن سۈننەتلەر قاتارىدىندۇر. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ﷺ سەپەردىن قايتىپ كېلىپلا مەسجىدتە ناماز ئوقۇغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆگەتكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

سۆزى ئارقىلىق ئۆگەتكەن سۈننەتكە كەلسەك، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يول ئۈستىدە پەيغەمبەر ﷺ گە تۆگىسىنى ساتقاندا مەدىنىگە بېرىپ بولغۇچە مىنىۋېلىشنى شەرت قىلغان. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ بۇ شەرتىنى قوبۇل قىلغان. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىن كېلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇغان. بۇ ھەقتە «سەھىھ بۇخارى»دىمۇ ھەدىس بايان قىلىنغان. مەن دەۋرىمىزدىكى كىشىلەر ئىچىدە بۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەرنى بەك ئاز دەپ ئويلايمەن. سەۋەبى شۇكى، كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ سۈننەتتىن خەۋەرسىز قالغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلىش ناھايىتى ئاساندۇر. مەيلى سىز ئادەتتە ناماز ئوقۇيدىغان ئۆيىڭىزگە يېقىن مەسجىد ياكى شۇ شەھەردىكى سىزگە يېقىن مەسجىد بولسۇن قايسى مەسجىدتە ناماز ئوقۇسىڭىز سۈننەتكە ئەمەل قىلغان بولىسىز.

• كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزدە پاساھەتلىك ۋە ناتىق كىشى ئىدى. لېكىن ئۇ تەقۋادار كىشى بولغاچقا، الله تىن قورقۇپ يالغان سۆزلەشنى توغرا كۆرمىگەنىدى.

• غەزەپلەنگەن كىشى بەزىدە تەبەسسۇم قىلىدۇ. بەلكىم سىز «رازى بولغان ھالەتتە تەبەسسۇم قىلىش بىلەن غەزەپلەنگەن ھالدا تەبەسسۇم قىلىشنى قانداق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. بىز دەيمىزكى،

بۇنى بىلىش ئۈچۈن چىراي ئىپادىسىگە دىققەت قىلىنىدۇ. چىراي ئىپادىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىر كىشىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ئوي-خىيالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

• ئىنسان ئولتۇرغان كىشىگە ئۆرە تۇرۇپ سالام بەرسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ گە ئۆرە تۇرغان ھالەتتە سالام بەرگەن.

• يېقىن تۇرۇپ قىلىنغان سۆز يىراق تۇرۇپ قىلىنغان سۆزدىن پەرقلىق بولىدۇ. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن سەل يىراق ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىيالايتتى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا قىلغان ئىشىنىڭ ئاددىي ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ۋە تەنبىھ بېرىش ئۈچۈن ئۆزىگە يېقىن كېلىشكە بۇيرۇدى.

• كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمانى مۇستەھكەم ساھابە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن يالغان ئۆزرىلەر بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىدىن چىقىپ كېتەلەيمەن. لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئىشەندۈرەلىگىنىم بىلەن الله تائالانىڭ ئالدىدا يالغانچى بولۇپ، ئۇنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇشۇم مۇمكىن».

• ھەرقانداق مەخپىي نەرسىلەر الله تائالاغا يوشۇرۇن ئەمەستۇر. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يالغان ئۆزرە ئېيتسا، الله تائالانىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۆزى ھەققىدە ئايەت نازىل قىلىپ يالغانچىلىقى پاش بولۇپ قېلىشتىن قورقتى. دەرۋەقە، الله تائالا كىشىلەر خۇپىيانە قىلىپ يۈرگەن بەزى ئىشلاردىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى خەۋەرلەندۈرۈپ قوياتتى. مەسىلەن، الله تائالا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا ئېرىنىڭ ئۆزىنى زىھار قىلغانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن ئايال ھەققىدە ئايەت نازىل قىلغان ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە

مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَدْ سَمِعَ اللَّهُ قَوْلَ الَّتِي تُجَادِلُكَ فِي زَوْجِهَا وَتَشْتَكِي إِلَى اللَّهِ وَاللَّهُ يَسْمَعُ تَحَاوُرَكُمَا إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ بَصِيرٌ﴾ «الله ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە اللهقا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، الله ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، الله ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر، كۆرگۈچىدۇر»[1].

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇرۇشقا چىقماسلىقىقا ھېچقانداق ئۆزرەم يوق ئىدى. مەن ئۇرۇشقا چىقماي سەندىن ئايرىلىپ قالغان ۋاقتىمدا، ھەر جەھەتتىن تولۇق كۈچكە ۋە قولاي شارائىتقا ئىگە ئىدىم» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «راست ئېيتتىڭ، الله سەن توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقارغۇچە كۈتۈپ تۇرغىن!» دېدى.

مەن قايتىپ ماڭغاندا بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بىرقانچە كىشى ئورنىدىن قوزغىلىپ ماڭدى ۋە ئارقامدىن كېلىپ: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز سېنىڭ بۇندىن ئىلگىرى بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزگىنىڭنى بىلمەيمىز. سەنمۇ باشقىلاردەك پەيغەمبەر ﷺ گە ئۆزرە ئېيتساڭ بولمامدۇ؟ ئۆزرە ئېيتقان بولساڭ، پەيغەمبەر ﷺ الله تىن گۇناھىڭنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى تىلەيتتى ئەمەسمۇ!؟» دېيىشكىنىچە تاپا ـ تەنە قىلىشقا باشلىدى، ھەتتا مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ يالغان سۆزلىگىلى تاسلا قالدىم. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلاردىن: «مەندىن باشقا مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققانلار بارمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇلار: «ھەئە، يەنە ئىككى كىشى بار. ئۇلارمۇ پەيغەمبەر ﷺ گە ساڭا ئوخشاش سۆز قىلغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ مۇ ئۇلارغا ساڭا قىلغان سۆزنى قىلدى» دېدى. مەن: «ئۇلار كىم؟» دەپ سورىسام، ئۇلار: «ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ۋاقىفىي بىلەن مۇرارە ئىبنى رەبىئە» دېيىشتى. بۇ ئىككىسى بەدر غازىتىغا قاتناشقان، ئۈلگە قىلىشقا تېگىشلىك سالىھ كىشىلەر ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ

[1] سۈرە مۇجادەلە 1 ـ ئايەت.

ئىلگىرى قىلغان راست سۆزۈمدە تۇرۇۋەردىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن يالغۇز قالدۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كوچىلاردا ماڭسا ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان كىشىدەك ماڭاتتى، ئۇلار تۇرۇۋاتقان زېمىنمۇ ئۇلارغا ناتونۇش بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى، باشقىلارغا سالام قىلسا، ھېچكىم سالىمىنى ئىلىك ئالمايتتى ياكى بىرەر كىشى ئۇلارغا سالاممۇ قىلمايتتى. ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ دەك ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىمۇ ئۇلارغا سالام قىلمايتتى. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام قىلاتتىم ۋە ئىچىمدە پەيغەمبەر ﷺ ماڭا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن لەۋلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرەمدىغاندۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. مانا بۇ، ئەڭ پەزىلەتلىك ئەسىردىكى ئىسلامىي جەمئىيەتتە يېتىم قالدۇرۇلغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدۇر. ئۇلارنىڭ قەلبلىرى شۇ قەدەر سىقىلغان ئىدىكى، شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلار ئۈچۈن تار ۋە ناتونۇش تۇيۇلاتتى. ئۇلار الله تىن باشقا ھېچقانداق پاناھگاھ يوقلۇقىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ھەقىقىي ھېس قىلىپ يەتتى ۋە مۇشۇ تەرىقىدە تولۇق 50 كۈننى ئۆتكۈزدى.

دېمەك، كىشىلەر ئۇلاردىن مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزگەن بولۇپ، ئۇلارغا ھېچبىر كىشى سالام قىلمايتتى ۋە سالام قىلسىمۇ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرمايتتى. خۇددى ئۇلار كىشىلەر ئىچىدە كېسەلى يۇقۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا بىرەر كىشى يېقىنلاشمايدىغان قوتۇر تۆگىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ زېمىن شۇنچە تار تۇيۇلغاندا ئۇمىدىنى پەقەت يېگانە الله قىلا باغلىغان ئىدى. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق بولۇشىغا قارىماي جامائەت نامىزىدىن ئايرىلىپ قالمايتتى، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بېرەتتى. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىغانلىقىدىن ئىچى سىقىلىپ ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇشتىن خىجىل بولۇپ بەزىدە جامائەت

نامىزىدىن ئايرىلىپمۇ قالغان ئىدى.

ئۇلار مۇشۇ ھالەتتە تولۇق 50 كۈن يالغۇز قالدۇرۇلدى، 40 ـ كۈنى بولغاندا پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئاياللىرىدىنمۇ ئايرىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلار بىلەن ئاياللىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتتى. كەئب ئىبنى مالىكتەك ياش بىر كىشى ئۈچۈن ئايالىدىن ئايرىلىش ئاسانمۇ دەيسىز!

لېكىن كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق ھالەتتە تۇرۇپمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەلچىسىگە: «ئۇنى تالاق قىلامدىكەنمەن ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. ئەگەر ئەلچى ئۇنىڭغا: «ئايالىڭنى تالاق قىل!» دېگەن بولسا، ئۇ اللە قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن ئايالىنىمۇ تالاق قىلىۋېتەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەۋەتكەن ئەلچى ئۇنىڭغا: «رەسۇلۇللاھ ﷺ سېنى ئايالىڭدىن چەتنەشكە بۇيرۇدى» دېدى ۋە بۇنىڭدىن باشقا گەپ ـ سۆز قىلمىدى. بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەلچى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆزىگە ئۆزى بىلگەنچە مەنە بەرمىدى ياكى كەلىمىنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتمىدى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتمەستىن ياكى ئۆز ئالدىغا مەنە بېرىپ سۆز قوشۇپ قويماستىن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كەلگەن رىسالەتكە ساداقەتمەن بولۇش ساھابىلەردىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك ئىدى. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە يولغا سېلىپ قويدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى ئۆزلىرىگە قىلىنغان بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكتىن، ئۆيلىرىدە يىغلىغان ھالدا بېكىنىپ ئولتۇراتتى.

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ يېشىم ئۇلارغا قارىغاندا كىچىك ئىدى. مەن ئۇلارغا قارىغاندا كۈچلۈك ئىدىم، شۇڭا مەن مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە جامائەت نامىزىغا قاتنىشاتتىم ۋە مەدىنىنىڭ بازارلىرىنى

ئايلىناتتىم، ئەمما ھېچبىر كىشى ماڭا سۆز قىلمايتتى. مەسجىدكە كېلىپ ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەر بىلەن ئولتۇرغاندا ئۇنىڭغا سالام قىلاتتىم ۋە سالام قايتۇرۇش ئۈچۈن كالپۇكىنى ھەرىكەتلەندۈرەمۇ ياكى ھەرىكەتلەندۈرمەسمۇ بىلىپ باقماقچى بولاتتىم. پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەخلاقلىق كىشى بولسىمۇ الله تائالا ۋەھيي ئارقىلىق ئۇلارنى يالغۇز قالدۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن، الله نىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ ئۇلارغا سۆز قىلمىغان ئىدى.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەن پەيغەمبەرﷺ گە يېقىن يەردە ناماز ئوقۇيتتىم، ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە قارايتتىم. مەن نامازغا تۇرسام ئۇ ماڭا قارايتتى، ئۇ تەرەپكە قارىسام يۈزىنى مەندىن بۇرىۋالاتتى دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇشنىڭ ناھايىتى تەكىتلەنگەنلىكىدىن بولغان ئىدى.

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر مەندىن ئۇزۇن مەزگىل يىراقلاشقاندىن كېيىن بىر كۈنى مەدىنە بازارلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بېغىغا تامدىن ئارتىلىپ كىردىم. بەلكىم ئۇنىڭ ئىشىكى تاقاقلىق بولۇشى مۇمكىن (الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر).

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەئبنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى ھېسابلىناتتى. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالمىدى. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىچارە تۇرقى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق رىشتىسى ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا بولغان ئىتائىتىدىن باش تارتقۇزالمىدى. چۈنكى، ساھابىلەر الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش يولىدا كىشىلەرنىڭ مالامىتى ۋە تاپا-تەنىلىرىدىن قورقمايتتى، ھەق-ئادالەت ئۈچۈن ھېچبىر كىشىگە يان

باسمايتتى.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئۇنىڭغا: «اللە نىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، سەن مېنىڭ اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟» دېدى. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىدى. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ سوئالىنى قايتا تەكرارلىدى. ئەمما، ئۇ يەنىلا جاۋاب قايتۇرمىدى. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ بۇ سوئالىنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرار سورىغاندا، ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ: «بۇنى اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ياخشى بىلىدۇ» دېيىش ئارقىلىق جاۋاب ھېسابلانمايدىغان سۆزنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇ ئۆزى ئەڭ يېقىن سانايدىغان قېرىندىشىنىڭ بۇنداق جاۋاب قايتۇرۇشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ «اللە نىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، سەن مېنىڭ اللە نى ۋە اللە نىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟» دېگەن سۆزى ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن ئۆزى ھەققىدە گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىش ھېسابلىناتتى. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئۇنىڭ سوئالىغا ئويلىمىغان يەردىن جاۋاب بەرگەندە، كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ھالدا ياشلار قۇيۇلدى.

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مەدىنە بازىرىدا مېڭىپ يۈرگەندە مەدىنىگە ئاشلىق ساتقىلى كەلگەن شام دېھقانلىرىدىن بىرى: «كىم ماڭا كەئب ئىبنى مالىكنى كۆرسىتىپ قويىدۇ؟» دەپ توۋلىدى. ئەتراپتىكىلەر كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنى كۆرسىتىپ قويغاندا ئۇ غەسسان پادىشاھىنىڭ بىر پارچە خېتىنى ئۇنىڭغا بەردى. خەتتە: «مەقسەتكە كەلسەك، بۇرادىرىڭنىڭ سېنى چەتكە قاققانلىقىدىن

خەۋەر تاپتۇق. الله ساڭا زېمىندا ئاجىز ۋە خار ياشاشنى پۈتتۈۋەتكەن ئەمەس. بىزگە قوشۇلغىن، بىز سېنىڭ غەمگۇزارىڭ بولىمىز» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىكەن. ئۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن «بۇمۇ بىر سىناق بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، خەتنى تونۇرغا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. باتىل ئەھلىنىڭ پۇرسەتپەرەسلىكىگە قاراڭ!

باشقىلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان، ھەتتا ئۆزىگە ئەڭ يېقىن كىشىلىرى تەرىپىدىنمۇ قارشى ئېلىنمىغان كىشى ئىمانى زەئىپ بولغان تەقدىردە پادىشاھنىڭ چاقىرىقىغا تېزلا ئاۋاز قوشقان بولاتتى. لېكىن ئۇ كامىل مۇئمىن بولغاچقا، بۇنىڭ الله تەرەپتىن كەلگەن سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىپ خەتنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ خەتنى كۆيدۈرۈۋېتىشىدىكى ھېكمەت شۇكى، ئۇ خەتنى كۆيدۈرۈۋەتمەستىن يېنىدا ساقلىغاندا كېيىنچە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئەگىشىپ پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر.

ھەدىسنىڭ بۇ بۆلىكىدىن، ئەتراپىدىكىلەر تەرىپىدىن سوغۇق مۇئامىلە ۋە چەتكە قېقىشقا ئۇچرىغان ۋە بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن كىشىنىڭ جامائەت نامىزىغا بارمىسا جائىز ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ ئۆزىگە سالام قىلمايدىغان ۋە سالىمىغىمۇ جاۋاب قايتۇرمايدىغان جامائەت ئارىسىدا ياشىشى نەپسىگە ئېغىر كېلىدىغان ئىش بولۇپ، بۇنداق ھالەتتە جامائەت نامىزىغا قاتناشمىغان كىشى شەرئىي ئۆزرە ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ.

ھەدىستىكى ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقىنى ناھايىتى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇندايدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

بۇ ھەدىستىن يامان نىيەتلىك رەزىل كىشىلەر ئۆزىنىڭ قەبىھ پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئەڭ ئاجىز نۇقتىسىنى بايقاپ تۇرۇپ قول سالىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن ھەمىشە پەخەس بولۇش كېرەكلىكىنى بىلەلەيمىز. غەسسان پادىشاھى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ باتىل يولىغا جەلپ قىلماقچى بولغان ئىدى.

بۇ ھەدىستىن كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمانى كامىل ۋە ئىخلاسمەن مۇئمىن ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالا سۈپەتلىگەن تۆۋەندىكى كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُولُ آمَنَّا بِاللَّهِ فَإِذَا أُوذِيَ فِي اللَّهِ جَعَلَ فِتْنَةَ النَّاسِ كَعَذَابِ اللَّهِ﴾ «بەزى كىشىلەر: <الله قا ئىمان ئېيتتۇق> دەيدۇ، الله نىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن كۈلپەتنى الله نىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ»[1].

ئادەملەر ئارىسىدا مۇسۇلمانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئىمانى سۇس كىشىلەر باركى، ئۇلار ئەگەر دىنى سەۋەبلىك بىرەر ئەزىيەتكە ئۇچرىسا، مۇرتەد ياكى پاسىق بولۇپ ئىتائەتتىن باش تارتىدۇ. ئەمما كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىسىمۇ، الله تىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ چىرايلىق سەۋر قىلدى. الله تائالا كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىنى دەۋر قىيامەتكىچە تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىپ راستچىللىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدىمۇ روياپقا چىقىرىپ بەردى.

بىز ھەر قېتىملىق ناماز ۋە قۇرئان تىلاۋەتلىرىمىزدە ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىنى ئوقۇيمىز، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ كاتتا پەزىلەتتۇر.

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ ھەدىستىن ئىنساننىڭ پىتنىگە مۇپتىلا بولۇشتىن ساقلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ۋاستە بولىدىغان نەرسىلەردىن يىراقلىشىشى كېرەكلىكى مەلۇم بولىدۇ. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، بۇ خەتنىڭ پادىشاھقا مايىل بولۇپ قېلىشقا ۋاستە بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ خەتنى كۆيدۇرۇۋەتكەن.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىشى بۇ مەنىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۇرۇپ بېرىدۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئەسىر نامىزى ۋاقتىدا ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلگەن ئېسىل ئاتلارنى تاماشا قىلىپ يۈرۈپ ناماز ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالدى. نەتىجىدە، قۇياش پېتىپ ئەسىر نامىزىمۇ قازا بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇ ئاتلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆز نەپسىنى جازالاش مەقسىتىدە ئاتلارنىڭ بويۇنلىرىغا ۋە پاچاقلىرىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇ بۇ ئېسىل ئاتلار سەۋەبىدىن الله نى زىكىر قىلىشتىن توسۇلۇپ قالغانىدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَقَالَ إِنِّي أَحْبَبْتُ حُبَّ الْخَيْرِ عَنْ ذِكْرِ رَبِّي حَتَّى تَوَارَتْ بِالْحِجَابِ۞ رُدُّوهَا عَلَيَّ فَطَفِقَ مَسْحًا بِالسُّوقِ وَالْأَعْنَاقِ۞﴾ «ئاندىن ئۇ ‹مەن ھەقىقەتەن ئاتلارنى پەرۋەردىگارىمنى ياد ئېتىشتىن بەكرەك ياخشى كۆرۈپ كېتىپتىمەن ـ دە، قاراپ تۇرۇپ كۈن ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ› دېدى [32]. (ئاتلار ئېلىپ كېلىنگەندە) سۇلايمان ئۇلارنىڭ پاچاقلىرىنى، بويۇنلىرىنى چېپىشقا باشلىدى[33]».①

مۇھىمى، ئەگەر سىز مال ـ مۈلكىڭىزنىڭ الله نىڭ زىكرىدىن توسۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسىڭىز قايسى ۋاستە بىلەن بولسۇن ئۇنى ئۆزىڭىزدىن يىراق قىلىڭ! الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُلْهِكُمْ أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى الله نىڭ زىكرىدىن (يەنى الله نىڭ تائەت ـ

---
① سۈرە ساد 32 ـ ۋە 33 ـ ئايەت.

ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر»①.

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يالغۇز قالدۇرۇلغىنىغا تولۇق قىرىق كۈن بولغان بولسىمۇ ۋەھيي نازىل بولمىغان ئىدى. بۇنداق بولۇشىدا كۆپلىگەن ئىلاھىي ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قىلىنغان بوھتان ۋەقەسىدىمۇ بۇ ھادىسە تەكرارلانغانىدى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ۋەھيي ئۈزۈلۈپ قېلىشىنىڭ ھېكمىتى شۇ ئىدىكى، كىشىلەرنىڭ ۋەھيىگە بولغان تەقەززالىقى يەنىمۇ ئېشىپ، ۋەھيىگە بولغان باغلىنىشى تېخىمۇ كۈچىيەتتى.

شۇنداق قىلىپ، قىرىق كۈنگىچە ۋەھيي نازىل قىلىنمىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى ئايالىدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ھىلال ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى ياشىنىپ قالغان، يەنە كېلىپ خىزمەتچىسى يوق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئايالى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئىجازەت سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالغا ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرماسلىق شەرتى بىلەن رۇخسەت بەرگەندە، ئۇ ئايال: «ئۇنىڭ ھازىر ئاياللارغا رايى يوق. ئۇ مۇشۇ ئىش يۈز بەرگەندىن بۇيان يىغلاپلا كەلدى» دېدى.

ئىلگىرى بايان قىلىنغاندەك، شۇنچە كەڭرى زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلۇپ قەلبلىرى سىقىلدى. ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىسى ئۇلارغا تولىمۇ ئېغىر كەلگەنلىكتىن، سىرتقىمۇ چىققۇسى كەلمىدى. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە ناماز ئوقۇۋاتقاندا بىرسىنىڭ سەلئى تېغىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ: «ئەي كەئب ئىبنى مالىك، مۇبارەك بولسۇن!» دەپ توۋلىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا بىر كىشى مەسجىدتىن

① سۈرە مۇنافىقۇن 9 ـ ئايەت.

ئاتلىق ھالدا كېلىپ كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خۇشخەۋەرنى يەتكۈزدى. يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ۋە مۇراره ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭمۇ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خۇشخەۋەرنى يەتكۈزدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن خۇشاللىنىدىغان قەلبىي بىردەكلىكىگە قاراڭ! ئۇلار خۇشخەۋەرنى بالدۇرراق يەتكۈزۈپ قېرىندىشىنى باشقىلاردىن بالدۇرراق خۇشال قىلىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاتلىق ۋە پىيادە ھالەتتە كېلىشىۋاتاتتى. پىيادە كىشىنىڭ خۇشخەۋىرى ئاتلىق كىشىنىڭكىدىن بالدۇر يېتىپ كەلدى. چۈنكى، پىيادە كىشىنىڭ ئاۋازى ئاتلىق كىشىنىڭكىدىن ئازراقلا بالدۇر كەلگەنىدى.

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇچامدىكى بىردىنبىر پۇلغا يارايدىغان نەرسە بولغان ئىشتىنىم ۋە تونۇمنى خەۋەر يەتكۈزگۈچىگە تارتۇق قىلىپ بېرىۋەتتىم ۋە ئۇچامدا كىيىم قالماي باشقىلاردىن كىيىم ئارىيەت ئېلىپ كىيدىم». كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇشاللىقىدا خۇشخەۋەرنى يەتكۈزگەن كىشىگە يېنىدا بار نەرسىنىڭ ھەممىنى سۆيۈنچە قىلىپ بېرىۋەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالانىڭ تەۋبىسىگە مۇۋەپپەق بولۇش ھەممە نەرسىدىن قىممەتلىك ئىدى.

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئىزدەپ مەسجىد تەرەپكە قاراپ ماڭدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇممىتىنىڭ ھىدايىتىنى ۋە تەۋبىسىنى ھەممىدىن ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەرگە بۇ ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خۇشخەۋەرنى بالدۇرلا يەتكۈزگەن ئىدى.

كىشىلەر ئۆيلىرىدىن توپ ـ توپ بولۇپ كېلىشىپ كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى بۇرادىرىنى مۇبارەكلەشتى. ئۇلار قېرىندىشىنىڭ قۇرئاندا

ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىش شەرىپىگە ئېرىشكەنلىكىگە خۇددى ئۆزى ئېرىشكەندەك خۇش بولۇشقان ئىدىكى، ئۇلارنىڭ خۇشاللىق جىلۋىلەنگەن يۈزلىرىدە نە ھەسەت ۋە قىزغىنىش ئىپادىلىرى كۆرۈنمەيتتى.

## ھەدىسنىڭ بۇ بۆلىكىدىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

**پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ ئۈچ كىشىگە يۈرگۈزگەن سوغۇق مۇئامىلە جازاسى خېلىلا ئېغىر دەرىجىدە يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھەتتا ئاياللىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇش دەرىجىسىگە بارغان ئىدى. ئەر ۋە ئايالنىڭ ئايرىۋېتىلىشىدىن شۇ مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ تەۋبىگە ئېرىشىشى ئۇنداق ئاسانغا توختىمىغان.**

**ئەر كىشى ئايالىغا: «ئاتا ـ ئانىڭىز ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ئۆيىگە كېتىڭ» دېسە، بۇ سۆزدىن تالاق ھاسىل بولمايدۇ.** چۈنكى، بۇ ھەدىستە كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالىنى: «ئائىلە ـ تاۋابىئاتىڭىزنىڭ يېنىغا كېتىڭ!» دېگەن بولۇپ، ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدا ئۇنىڭ بۇ سۆزنى ئايالىنى تالاق قىلىش مەقسىتىدە ئېيتمىغانلىقى مەلۇمدۇر. بۇنىڭدىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئەگەر ئەر كىشى ئايالىغا تالاق قىلىشنى نىيەت قىلماستىن: «ئائىلە ـ تاۋابىئاتىڭىزنىڭ يېنىغا كېتىڭ!» دېگەن بولسا، بۇ سۆز ئايالىنى تالاق قىلىش ھېسابلانمايدۇ. ئەمما، تالاقنى نىيەت قىلغان بولسا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «إنما الأعمال بالنيات، وإنما لكل امرىء ما نوى...» «بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق بولۇپ، كىشى پەقەت نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ...»[1] دېگەن سۆزىنىڭ روھىغا بىنائەن ئۇ كىشى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ. (يەنى ئايالى تالاق بولىدۇ).

**ساھابىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇندايدىغان**

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**كىشىلەردۇر.** ھەدىستە، كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقىغا سۆزسىز ئىتائەت قىلدى. ھەتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئازراق يەڭگىللىتىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىپ رۇخسەتمۇ سورىمىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەربىر بۇيرۇقلىرىنى شەرتسىز بەجا كەلتۈردى.

**پەيغەمبەر ﷺ ئۈممىتىگە تولىمۇ رەھىمدىل كىشى ئىدى.** ئۇ بۇ ئۈچ كىشىنى ئاياللىرىدىنمۇ ئايرىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن ھىلال ئىبنى ئۈمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئايالىنىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى.

**پەتىۋا ياكى گۇۋاھلىق بېرىشكە ئوخشىغان ئىشلاردا كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشى ياقتۇرۇلمايدىغان ھالەتلىرىنى زۆرۈرىيەت ئۈچۈن ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىش دۇرۇستۇر.** چۈنكى ھىلال ئىبنى ئۈمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ ئاياللارغا رىغبىتى يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

**ئەگەر بىر كىشى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالغا ئۇچرىسا، يەنى كىشىلەر ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ، يالغۇز ھالدا تاشلاپ قويىسا ھەمدە جامائەت سورۇنىغا قاتنىشىپ ئازار يەپ بۇ مۇئامىلىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىسە، جامائەت نامىزىدىن ئايرىلىش دۇرۇس بولۇپ، بۇ شەرئىي ئۆزرە ھېسابلىنىدۇ.** چۈنكى ئادەم بۇنداق روھىي ھالەتتە مەسجىدكە كەلسە نامىزىنى ئەركىن ۋە راھەت ئوقۇيالماي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بامدات نامىزىنى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە ئوقۇغان. بىز بۇ ھەقتە ئىلگىرىمۇ سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق.

**ساھابىلەر باشقىلارغا خۇشخەۋەر يەتكۈزۈشكە ھېرىسمەن كىشىلەر ئىدى.** مۇسۇلمانىنى خۇرسەن قىلىش اللە قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، اللە تائالا ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەجرىنى زايە قىلمۇەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز قېرىندىشىڭىزنى

خۇرسەن قىلىدىغان ھەرقانداق بىر ئىشنى كۆرسىگىز ئۇنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق قېرىندىشىڭىزنى خۇشال قىلىشقا تىرىشىڭ.

**خۇشخەۋەر يەتكۈزگەن كىشىگە مەلۇم مىقداردا ھەدىيە بېرىشنى ئۇنۇتماڭ.** چۈنكى، كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە خۇشخەۋەر يەتكۈزگەن كىشىنى تارتۇقلاپ ئۆزىنىڭ ئىككى كىيىمىنى بەرگەن. خۇشخەۋەر يەتكۈزگەن كىشىگە ھەدىيە بېرىشنىڭ مۇھىملىقىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنغان مۇنۇ ئەسەر دەلىلدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما كىشىلەرنى ئۆمرە ھەجنى تاماملىغاندىن كېيىن پەرز ھەج قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ئەمما، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەئبىنىڭ داۋاملىق زىيارەت قىلغۇچىلار بىلەن ئاۋات بولۇشى ئۈچۈن كىشىلەرنى ئۆمرە ھەجنى تاماملىغاندىن كېيىن ئىھرامدىن چىقىپ پەرز ھەجكە قايتىدىن ئىھرام باغلاپ كىرىشتىن توساتتى ۋە ئۆمرە ھەج بىلەن پەرز ھەجكە بىرلىكتە نىيەت قىلىپ ھەج قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ قىلغىنى دۇرۇس بولغان ئىجتىھادتۇر. ئەمما رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش ئەۋزەلدۇر.

مۇھىمى، بىر ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن بۇ مەسىلە ھەققىدە پەتىۋا سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشىنى ھەج تەمەتتۇ[1] قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆمرەگە ئىھرام باغلاپ، كېيىن ئىھرامدىن چىقىشقا بۇيرۇدى. ھېلىقى ئادەم چۈشىدە بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە «پەرز ھەج ۋە ئۆمرە ھەج قوبۇل قىلىنغۇچىدۇر» دەپ نىدا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە بۇنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا خەۋەر قىلدى.

---

[1] بۇ ــ ئۆمرە ھەجگە ئىھرام باغلاپ ئۆمرە ھەجنى تاماملىغاندىن كېيىن ئىھرامدىن چىقىپ ئىھرام باغلىغان ھالىتىدە چەكلەنگەن نەرسىلەردىن بىر ئاز مەنپەئەتلەنگەندىن كېيىن قايتىدىن ئىھرام باغلاپ پەرز ھەجنى باشلاشنى كۆرسىتىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بەرگەن پەتىۋاسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە بىرىلگەن بۇ بىشارەتتىن تولىمۇ خۇرسەن بولدى ۋە ئۇ كىشىگە ھەدىيە ئالمىغۇچە جايىدىن كەتمەي تۇرۇشنى تاپىلىدى.[①] شۇنىڭ ئۈچۈن، كىمكى سىزگە بىرەر خۇشخەۋەر يەتكۈزسە ياكى ياخشىلىققا دالالەت قىلىدىغان بىشارەتلەرنى بەرگەن بولسا، ئۇنى ئىمكانىيىتىڭىزنىڭ يېتىشىچە بىرەر نەرسە بىلەن مۇكاپاتلاڭ! ياكى ھېچ بولمىسا، ئۇنىڭغا خەيرلىك دۇئا قىلىپ قويۇڭ.

قىسسىگە قايتىپ كەلسەك، كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدكە كىرگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرۇۋاتقان ئىدى. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «الله بىلەن قەسەمكى، مۇھاجىرلار ئىچىدىن تەلھەدىن باشقىسى ئورنىدىن تۇرمىدى». كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇنى تەبرىكلىگىنىدىن تولىمۇ تەسىرلەنگەن ئىدى. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئىماندا راستچىل بۇ ئۈچ ساھابىنىڭ مەقبۇل قىلىنغان تەۋبىسىدىن شادلىنىپ خۇشاللىقىدىن يۈزلىرى تولۇن ئايدەك نۇرلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئەمدى بۇ ئۈچ ساھابىنىڭ خۇشاللىقىنى دېمەي قويايلى، ئەللىك كۈنلۈك يۈرەكزۆرۈلگەن سوغۇق مۇئامىلە جازاسى ۋە قىرىق كۈندىن كېيىنكى ئاياللىرىدىنمۇ ئايرىپ تاشلاشلار بۇ ۋاقىتلارنىڭ ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ۋە ئېغىر كۈنلەر ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئىدى.

پەيغەمبەر ﷺ كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «أبشر بخير يوم مر عليك مذ ولدتك أمك» «ئاناڭ سېنى تۇغقاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان كۈنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خۇشاللىق بىر كۈن بىلەن خۇش بىشارەت ئالغىن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ راست ئېيتقاندى. چۈنكى، الله تائالا ئۇنىڭ ۋە ئىككى ھەمراھىنىڭ

[①] بۇخارى توپلىغان.

تەۋبىسىنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇھەممەد ﷺ گە نازىل قىلغان ۋە قىيامەتكىچە ساقلىنىپ، تىلاۋەت قىلىنىدىغان قۇرئاندا زىكىر قىلغان ئىدى. پەيغەمبەرلەر ۋە ئاز ساندىكى كىشىلەردىن باشقا ھېچبىر كىشىنىڭ قىسسىسى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىنىڭ قىسسىسىدەك مۇكەممەل ساقلانغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇ قىسسىسى نامازلاردا، جەڭ مەيدانلىرىدا، مۇنبەرلەردە ۋە ھەربىر ئۆيلەردە تىلاۋەت قىلىنىپ، ئوقۇغان كىشىگە ھەربىر ھەرپ ئۈچۈن ئون ياخشىلىق بېرىلىدىغان بەرىكەتلىك بىر قىسسىگە ئايلاندى.

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ بېشارەت الله تەرەپتىنمۇ ياكى سەن تەرەپتىنمۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «لا، بل من عند اللّه - عز وجل» «ياق، بەلكى الله تەرەپتىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. چۈنكى، بۇ بېشارەت الله تەرەپتىن بولسا تېخىمۇ شەرەپلىك ۋە تېخىمۇ ئەۋزەل بولىدۇ. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! تەۋبەمنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن، مال ـ مۈلۈكۈمنىڭ ھەممىسىنى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەدىقە قىلىۋېتەي» دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۆزۈڭگىمۇ بىر قىسمىنى ئېلىپ قالغىن! شۇنداق قىلغىنىڭ تېخىمۇ ياخشى>» دېدى. ھەدىسنىڭ بۇ بۆلىكىدە تۆۋەندىكىدەك پايدىلارغا ئېرىشەلەيمىز:

**مۇسۇلمان كىشى ئېرىشكەن ئۇتۇقلار مەيلى دىن ياكى دۇنيالىق ياخشىلىق بولسۇن، خۇش بېشارەتلەر ئارقىلىق قېرىنداشىنى خۇرسەن قىلىش سۈننەتتۇر.** شۇنىڭ ئۈچۈن پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن ۋە ئىلىملىك بىر ئوغۇل بىلەن بېشارەت بەرگەن. مۇلايىم ئوغۇل بولسا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام، ئىلىملىك ئوغۇل بولسا ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدۇر.

**بىر كىشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە ياكى ئۇنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن**

**ئورنىدىن تۇرۇش دۇرۇس بولىدۇ.** بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ دىن بەزى ھەدىسلەر نەقىل قىلىنغان. شۇنىڭدەك، ئەگەر كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئادەتلىنىپ قالغان بولسا، تۇرۇۋاتقان ئورنىڭىزدىن قوزغىلىپ كەتمەستىن ئورنىڭىزدىن تۇرسىڭىز ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. بۇنداق شەكىلدە ئورنىدىن تۇرۇش چەكلەنمەيدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇشىنى ياخشى كۆرۈش چەكلەنگەندۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من أحب أن يتمثل له الناس قياما فليتبوأ مقعده من النار» «كىمكى ئۆزى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىنى ياخشى كۆرسە، ئورنىنى دوزاختىن تەييارلاپ قويسۇن».[①]

ئالىملار ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ شەكلىنى مۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىغان: بىرىنچى، بىراۋنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇش؛ ئىككىنچى، ئۆرپ ـ ئادەت يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇش؛ ئۈچىنچى، بىراۋنى چوڭ بىلىش يۈزىسىدىن يېنىدا قول باغلاپ ئورنىدىن تۇرۇش.

بىرىنچى، بىر ئادەمنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇش. بۇنداق شەكىلدە ئورنىدىن تۇرۇش دۇرۇس بولۇپ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئورنىدىن تۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقى، ئورنىدىن تۇرغۇچىلارغا سۈكۈت قىلغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقى نەقىل قىلىنغان.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئورنىدىن تۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسكە كەلسەك، سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەنى قۇرەيزە ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «قوموا إلى سيدكم» «خوجاڭلارغا ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار» دېگەنىدى.[②] ئەھزاب غازىتىدا سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ قولىدىكى چوڭ تومۇرغا ئوق تەگكەن بولۇپ، ئەگەر بۇ چوڭ تومۇر ئۈزۈلۈپ

---

[①] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كەتسە ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلاتتى. سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ھالاكىتىنى كۆرمىگۈچە ۋاپات تاپقۇزماسلىقىنى تىلەپ اللە قا دۇئا قىلغانىدى. بەنى قۇرەيزەلىكلەر پەيغەمبەر ﷺ گە بەرگەن ئەھدىسىگە خىيانەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قارشى بىرلەشمە قوشۇنلار تەرەپكە ئۆتۈۋالغانىدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يارىلانغاندا: «اللهم لا تخرج نفسي حتى تقر عيني من بني قريظة» «ئى اللە ! بەنى قۇرەيزەنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە كۆزۈم خۇرسەن بولىدىغان ئىشنى كۆرمىگۈچە، مېنى ۋاپات تاپقۇزمىغىن» دەپ دۇئا قىلدى.[1]

ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نەزىرىدىكى ئورنى يۇقىرى بولغاچقا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن مەسجىدتە ئۇنىڭ ئۈچۈن كىچىك بىر چېدىر راسلاپ بېرىشكە بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى پات ـ پات يوقلاپ تۇراتتى. بەنى قۇرەيزە غازىتى يۈز بەرگەندە ئۇلار سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشىغا رازى بولۇشتى. پەيغەمبەر ﷺ سەئىدنى بەنى قۇرەيزەگە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جاراھىتى ئېغىر بولغاچقا، ئېشەككە مىنىپ يېتىپ كەلدى. ئۇ يېتىپ كەلگەندە رەسۇلۇللاھ ﷺ: «قوموا إلى سيدكم» «خوجاڭلار ئۈچۈن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر ئورنىدىن تۇرۇشتى ۋە ئۇنى ئېشەكتىن چۈشۈردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «إن هؤلاء نزلوا على حكمك» «بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئۆزى ھەققىدە سېنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىڭنى تەلەپ قىلدى» دېگەنىدى،[2] سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇلار ئىچىدە مېنىڭ ھۆكمىم ئىجرا بولامدۇ؟» دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ﷺ «ھەئە» دېدى. بەنى قۇرەيزەلىكلەرمۇ بۇنى تەستىقلاپ: «ھەئە، سېنىڭ ھۆكمىڭ ئىجرا بولىدۇ»

[1] تىرمىزى توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

دېيىشتى. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مۇشۇ كىشىلەر ئىچىدىمۇ (ئۇ رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى ئىشارە قىلغان ئىدى) مېنىڭ ھۆكمىم ئىجرا بولامدۇ؟» دېگەنىدى، ئۇلار: «ھەئە» دېيىشتى.

سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ئۇلار ھەققىدە ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە، ئايال-بالىلىرىنىڭ ئەسىر ئېلىنىشىغا ۋە ماللىرىنىڭ غەنىيمەت ئېلىنىشىغا ھۆكۈم قىلىمەن» دەپ كەسكىن ھۆكۈم چىقاردى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ: «لقد حكمت فيهم بحكم اللّٰه من فوق سبع سماوات» «ھەقىقەتەن سەن ئۇلار ھەققىدە يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىكى الله نىڭ ھۆكمىگە مۇۋاپىق ھۆكۈم قىلدىڭ» دېدى.[1] پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىپ ئۇلاردىن يەتتە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈردى، ئايال-بالىلىرىنى ئەسىر ئالدى ۋە ماللىرىنى غەنىيمەت قىلدى.

ھەدىستىن ئېلىنىدىغان دەلىل بولسا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «قوموا إلى سيدكم» «خوجاڭلار ئۈچۈن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار» دېگەن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىكى سۆزىدۇر. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدكە كىرگەندە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ بۇنى كۆرۈپ ھېچنېمە دېمىگەن. «جىئرانە» دېگەن ئورۇندا سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلار ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان ئىدى. دېمەك، بىر ئادەمگە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇش دۇرۇستۇر.

ئىككىنچى، سىرتتىن كىرگەن كىشىگە ئورنىدىن تۇرماسلىق ئۇ كىشىنى كەمسىتكەنلىك دەپ قارىلىدىغان بولۇپ قالسا، ئۆرپ-ئادەت يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇش دۇرۇس بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلىپ ئورنىدىن

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

تۇرماسلىق ئەۋزەل، ئەمما كىشىلەر شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالغان بولسا بۇنىڭدا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، بىراۋنى چوڭ بىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ يېنىدا قول باغلاپ ئۆرە تۇرۇش. بىر ئادەم ئولتۇرغان بولسا يەنە بىر ئادەم ئۇ كىشىنى چوڭ بىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان بولسا، مانا بۇ شەرئىەتتە چەكلىنىدىغان ھارام ئىشتۇر. پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن: «لا تقوموا كما تقوم الأعاجم يعظم بعضهم بعضا» «ئەجەملەر بىر-بىرىنى ئۇلۇغلاپ ئورنىدىن تۇرۇشقاندەك ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار».[1] ھەتتا نامازدا ئىماملىق قىلغان كىشى قىيامدا تۇرالمىغان بولسا، ئىقتىدا قىلغۇچىلار گەرچە قىيامدا تۇرالىسىمۇ، پادىشاھلىرىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرىدىغان ئەجەملەرگە ئوخشاپ قالماسلىق ئۈچۈن ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ.

بىر كىشىنىڭ يېنىدا قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇرۇش چەكلەنگەن ئىش بولۇپ، ئەمما شۇنداق قىلىشقا ھاجەت چۈشۈپ قالسا دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن، بىرەر ئادەمنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستىدىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرسا جائىز. يەنە شۇنىڭدەك، بىر ئادەمنى ھۆرمەتلەش ئارقىلىق دۈشمەننى كەمسىتىش مەقسەت قىلىنىپ مۇشۇ ھالەتتە ئۆرە تۇرغان بولسا بۇمۇ جائىزدۇر. بۇنىڭغا ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدە مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرەيشلىكلەر ئالدىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ھىمايە قىلىپ تۇرغانلىقى دەلىلدۇر.

مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن كەلگەن كاپىرلارنىڭ ئەلچىلىرىنى كەمسىتىش ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن قولىدا قىلىچىنى تۇتقان ھالدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان ئىدى. بۇ ھەقتىكى ھەدىس «سەھىھ بۇخارى»دا تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

بۇ ھەدىستىن كاپىرلارنى سۆز ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق غەزەپلەندۈرۈشنىڭ

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

مۇھىملىقى بىلىنىدۇ. چۈنكى، كاپىرلارنى غەزەپلەندۈرۈش الله تائالا بۇيرۇغان ئەمەللەرنىڭ قاتارىدىندۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا النَّبِيُّ جَاهِدِ الْكُفَّارَ وَالْمُنَافِقِينَ وَاغْلُظْ عَلَيْهِمْ﴾ «ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن، ئۇلارغا (قارشى غازات قىلىش ۋە قورقۇنچ سېلىش بىلەن) قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لِيَغِيظَ بِهِمُ الْكُفَّارَ﴾ «(مۇئمىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر»[2]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَطَئُونَ مَوْطِئًا يَغِيظُ الْكُفَّارَ وَلَا يَنَالُونَ مِنْ عَدُوٍّ نَيْلًا إِلَّا كُتِبَ لَهُمْ بِهِ عَمَلٌ صَالِحٌ﴾ «ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەربىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇب قىلىش قاتارلىق) ھەربىر نەرسىسى ئۈچۈن (الله نىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ»[3].

تولىمۇ ئەپسۇس، ئارىمىزدىكى بەزى كىشىلەر كاپىرلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن الله نى نارازى قىلىدىغان، ھەتتا غەزەپلەندۈرىدىغان كۇفرى بايراملىرىغا قاتنىشىپ، بۇ بايراملارنى كاپىرلار بىلەن بىرگە تەبرىكلىمەكتە. بۇنداق كىشىلەر دىنىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلمەيدىغان كىشىلەردۇر. ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ «أحكام أهل الذمة» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «پەقەت دىنىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى پايخان قىلىدىغان پاسىق كىشىلەرلا كاپىرلارنىڭ بايراملىرىغا شېرىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بايراملىرىنى تەبرىكلەيدۇ. الله نىڭ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى خۇرسەن قىلىش قانداقمۇ توغرا بولسۇن؟! ئەكسىچە الله نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ، سىددىقلارنىڭ، شەھىدلەرنىڭ ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارنى غەم-

---

[1] سۈرە تەۋبە 73- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە فەتىھ 29- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە تەۋبە 120- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قايغۇغا سېلىش، غەزەپلەندۈرۈش ۋە ئۇلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇش ﷲ تائالا بۇيرۇغان ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر».

مۇھىمى، مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى كاپىرلارغا كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئولتۇرغاندا قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالەتتە ئۇنى قوغداپ ئۆرە تۇردى. ھەتتا، پەيغەمبەر ﷺ تۈكۈرسە، ساھابىلەر ئۇنىڭ تۈكۈرۈكىنى يەرگە چۈشۈرمەستىن، ئۇنى يۈزلىرى ۋە مەيدىلىرىگە سۈركىشەتتى. ساھابىلەر قۇرەيش ئەلچىلىرىگە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قانداق ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ۋە بۇ ئەھۋالنى قۇرەيشلىكلەرگە يەتكۈزۈپ قويۇشى ئۈچۈنلا بۇ ئىشنى قىلغانىدى. دەرۋەقە، قۇرەيش ئەلچىلىرى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىبقتىماي ـ تېمىتىماي سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇلار ساھابىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى بۇ قەدەر چوڭ بىلىدىغانلىقىدىن ياقىلىرىنى چىشلىشىپ: «ﷲ بىلەن قەسەمكى، مەن كىسرا، قەيسەر ۋە نەجاشىدىن ئىبارەت نۇرغۇن پادىشاھلارنىڭ يېنىغا كىرگەن. ئەمما ھېچبىرىنىڭ ھەمراھلىرى ئۇلارنى مۇھەممەدنىڭ ھەمراھلىرى مۇھەممەدنى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلىغانلىقىنى كۆرمىگەن» دېيىشتى. ﷲ ساھابىلەردىن رازى بولسۇن!

خۇلاسە كالام، بىر ئادەم ئولتۇرغاندا يەنە بىر كىشىنىڭ ئولتۇرغان كىشىنى ھىمايە قىلىش ياكى دۈشمەننى غەزەپلەندۈرۈش ئۈچۈن ئولتۇرغان كىشىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇشى جائىزدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بۇنداق قىلىش شەرىئەتتە چەكلىنىدۇ.

**ﷲ تائالانىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن كىشى بۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن، قول ئىلكىدىكى نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىشى سۈننەتنىڭ تاقازىسىدۇر.** كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىيامەت كۈنىگىچە ئۆزىگە پەخىر بولىدىغان بۇ كاتتا پەزىلەتكە ئېرىشكەندە ﷲ قا تەۋبە قىلىش يۈزىسىدىن مېلىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە

قىلماقچى بولغانىدى.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ راستچىللىقى ئارقىلىق الله نىڭ تەۋبىسىگە ئېرىشكەن بولغاچقا، ئۆزىنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگەن بۇ گۈزەل خۇلقنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تاشلىماسلىققا، مەڭگۈ يالغان سۆزلىمەسلىككە ئەھدە قىلدى. دەرھەقىقەت، ئۇ ئۆز ئەھدىسىدە سادىق تۇرۇپ مەڭگۈ يالغان سۆزلىمىدى، بەلكى راستچىللىقنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدىغان نەمۇنىلىك شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. الله تائالا ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىنىڭ سادىق كىشىلەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَكُونُوا مَعَ الصَّادِقِينَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار»[①].

الله تائالا تەبۇك غازىتىغا قاتناشقان مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ تَابَ اللَّهُ عَلَى النَّبِيِّ وَالْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ الَّذِينَ اتَّبَعُوهُ فِي سَاعَةِ الْعُسْرَةِ مِنْ بَعْدِ مَا كَادَ يَزِيغُ قُلُوبُ فَرِيقٍ مِنْهُمْ ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ إِنَّهُ بِهِمْ رَءُوفٌ رَحِيمٌ﴾ «الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. (ئەينى زاماندا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، الله ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. الله ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[②]. الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە، مۇھاجىرلارغا ۋە ئەنسارىلارغا تەۋبە ئاتا قىلغانلىقىنى ﴿لَقَدْ تَابَ اللَّهُ﴾ «الله ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى» دېگەن سۆزى بىلەن تەستىقلىغان.

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەر بولسا ئىنىقكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ

---

① سۈرە تەۋبە 119 ـ ئايەت.

② سۈرە تەۋبە 117 ـ ئايەت.

توگەنچىسى، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان زات مۇھەممەد ﷺ دۇر.

مۇھاجىرلار بولسا ئانا يۇرتى مەككىدىن الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ساھابىلەردۇر، ئۇلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئارقىلىق ھىجرەت ئىبادىتىنى ئادا قىلغان، يۇرت-ۋەتەنلىرىدىن ئايرىلغان ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىشتە كۆچ چىقارغان پىداكار ساھابىلەردۇر.

ئەنسارىلار بولسا مەدىنىگە يەرلىك بولغان، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان ئېيتقان، پەيغەمبەر ﷺ گە ئورۇن بەرگەن ۋە ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھىمايە قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا بار كۈچى بىلەن ياردەم بەرگەن كىشىلەردۇر. الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇھاجىرلارنى ئەنسارىلاردىن ئىلگىرى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھىجرەت قىلىش ۋە پەيغەمبەرگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى ئەمەلنى بىرگە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەنسارىلاردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ﴿وَالْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ الَّذِينَ اتَّبَعُوهُ فِي سَاعَةِ الْعُسْرَةِ مِنْ﴾ «ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلار» دىن كۆزدە تۇتۇلغىنى بولسا ئىسسىقنى ئىسسىق دېمەي، باغلاردىكى پىشقان مېۋە-چېۋىلىرىنىڭ مېھرىدىن ۋاز كېچىپ، يىراق ۋە شارائىتى قىيىن بولغان تەبۇك غازىتىغا چىققان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئەڭ موھتاج ۋە قىيىن پەيتلەردە «لەببەي» دەپ ئوتتۇرىغا چىقالىغان ئىدى. ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى ﴿مِنْ بَعْدِ مَا كَادَ يَزِيغُ قُلُوبُ فَرِيقٍ مِنْهُمْ﴾ «(ئەينى زاماندا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن» دېگەن ئايەتكە كەلسەك، ھەقىقەتەن، ئۇلارنىڭ بەزىسى جىھادتىن ئۆزرىسىز ئايرىلىپ قېلىپ قەلبى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاسلا قالدى. لېكىن الله تائالا ئۇلارنى ھەقتە مۇستەھكەم تۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلدى ۋە نەتىجىدە پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە

تەبۇك غازىتىغا چىقتى.

الله تائالانىڭ: ﴿ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ﴾ «الله ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، الله تائالا ئۇلارغا تەۋبە ئاتا قىلغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىگەن ۋە ئارقىدىنلا ﴿إِنَّهُ بِهِمْ رَءُوفٌ رَحِيمٌ﴾ «الله ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئاتا قىلغان مەرھەمىتى ۋە غەمخورلۇقىنى ئەسلەتكەن.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَلَى الثَّلَاثَةِ الَّذِينَ خُلِّفُوا حَتَّى إِذَا ضَاقَتْ عَلَيْهِمُ الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ وَضَاقَتْ عَلَيْهِمْ أَنْفُسُهُمْ وَظَنُّوا أَنْ لَا مَلْجَأَ مِنَ اللَّهِ إِلَّا إِلَيْهِ ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ لِيَتُوبُوا إِنَّ اللَّهَ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾ «جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ الله قوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، ئۇلار الله قا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ الله نىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، الله ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»[①].

بۇ ئۈچ كىشى بولسا كەئب ئىبنى مالىك، مۇرارە ئىبنى رەبىئە ۋە ھىلال ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بولۇپ، ئۇلار جىھادتىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن الله تائالانىڭ ھۆكۈم قىلىپ قويۇشىغا قالدۇرۇلۇپ قويۇلغان كىشىلەردۇر. ئايەتتىكى «خُلِّفُوا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ غازاتتىن ئايرىلىپ قالغان دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى الله تائالانىڭ ئۇلار ھەققىدە نېمە ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىغا قاراش ئۈچۈن قالدۇرۇلۇپ قويۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

الله تائالانىڭ: ﴿حَتَّى إِذَا ضَاقَتْ عَلَيْهِمُ الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ﴾ «شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇلاردىكى ئىچى سىقىلىشنىڭ

---

① سۈرە تەۋبە 118_ ئايەت.

قاتتىقلىقىدىن كەڭرى زېمىن تار ۋە يات تۇيۇلغانىدى. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «زېمىن ماڭا يات تۇيۇلۇپ ئىچىم شۇ قەدەر سىقىلاتتىكى، ھەتتا ئۆز-ئۆزۈمگە: <مەن مەدىنىدىمۇ ياكى باشقا يەردىمۇ؟> دەپ قالاتتىم».

الله تائالانىڭ: ﴿وَضَاقَتْ عَلَيْهِمْ أَنْفُسُهُمْ﴾ «ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ سۆز ئۇلارنىڭ قەلبى سىقىلىپ، ھەتتا ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزۈش دەرىجىسىگە يەتكەن ھالىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. لېكىن ئۇلار الله تائالا ئۇلارنى كەڭچىلىككە ئېرىشتۈرگەنگە قەدەر سەۋر قىلىشقان ئىدى.

ئايەتنىڭ: ﴿وَظَنُّوا أَنْ لَا مَلْجَأَ مِنَ اللَّهِ إِلَّا إِلَيْهِ﴾ «ئۇلار الله قا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ الله نىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى» دېگەن بۇ قىسمىدا بۇ ئۈچ ساھابىنىڭ الله تىن باشقا ھېچبىر باشپاناھى يوقلۇقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىپ يەتكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

ئاندىن، ئايەتنىڭ: ﴿ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ لِيَتُوبُوا إِنَّ اللَّهَ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾ «ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، الله ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى، الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېگەن بۇ قىسمىدا الله تائالا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك دوستلىرى بولغان تەۋبە قىلغۇچىلار مەرتىۋىسىگە ئېرىشتۈرگەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن. ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلار الله تائالانىڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ﴾ «الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ»[1].

ئەمما، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىغا ئۆزرە ئېيتىپ بارغان، رەسۇلۇللاھ ﷺ

---

[1] سۈرە بەقەرە 222- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇلارنىڭ مەغپىرەتنى ھەققىدە دۇئا قىلىپ، قەلبىنى اﷲ قا تاپشۇرغان مۇناپىقلارغا كەلسەك، اﷲ تائالا ئۇلارنى ئەيىبلەپ تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلغان. اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَيَحْلِفُونَ بِاللَّهِ لَكُمْ إِذَا انْقَلَبْتُمْ إِلَيْهِمْ لِتُعْرِضُوا عَنْهُمْ فَأَعْرِضُوا عَنْهُمْ إِنَّهُمْ رِجْسٌ﴾ «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ)، اﷲ بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار (يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار)، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر»[1]. اﷲ قا سېغىنىپ بۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمىز.

«نىجىس» كەلىمىسى ھاراق ئۈچۈنمۇ، ئادەم ياكى ھايۋاناتلارنىڭ چوڭ-كىچىك تەرەتى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. دېمەك، مۇناپىقلار ئەنە شۇ نەرسىلەرگە ئوخشاشتۇر. اﷲ تائالا ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾ «قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر»[2]. اﷲ ساقلىسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنى نېمىدېگەن يامان! ھەقىقەتەن ئۇلار ئەلىمى يۈرەكلەرگىچە يېتىپ بارىدىغان قىزىق ئوت توشقۇزۇلغان دوزاختا كىرىدۇ ۋە دوزاختىكى ئېگىز تۈۋرۈكلەرگە باغلىنىدۇ.

كېيىنكى ئايەتتە، اﷲ تائالا بۇ مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَحْلِفُونَ لَكُمْ لِتَرْضَوْا عَنْهُمْ﴾ «سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ»[3]. سىلەر پەقەت ئۇلارنىڭ سىرتقى قىياپەتلىرىنىلا بىلىسىلەر، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىلمەيسىلەر. اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنْ تَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنَّ اللَّهَ لَا يَرْضَى عَنِ الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ﴾ «سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ) چۈنكى اﷲ پاسىق قەۋمدىن

[1] سۈرە تەۋبە 95- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەۋبە 95- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەۋبە 96- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رازى بولمايدۇ»[1].

ناۋادا ھەممە كىشىلەر سىزدىن رازى بولۇپ، الله سىزدىن رازى بولمىسا بۇنداق رازىلىقنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئىنسان ئۈچۈن ئىككىلى دۇنيادا پايدىلىق بولغىنى ـــ الله نىڭ رازىلىقىدۇر. چۈنكى، الله سىزدىن رازى بولسا، باشقىلارنى سىزدىن رازى قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى سىزگە مايىل قىلىپ بېرىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «إن اللّه إذا أحب عبدا دعا جبريل فقال إنى أحب فلانا فأحبه فيحبه جبريل ثم ينادى فى السماء إن اللّه يحب فلانا فأحبوه فيحبه أهل السماء ثم يوضع له القبول فى الأرض» «الله تائالا بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىلنى چاقىرىپ: <ئى جىبرىئىل! مەن پالانىنى ياخشى كۆرىمەن سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن> دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى جىبرىئىلمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن جىبرىئىل ئاسماندىكىلەرنى چاقىرىپ: <الله پالانىنى ياخشى كۆرىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار!> دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇ زېمىندىمۇ ياخشى كۆرۈلىدۇ»[2]. دېمەك، ئۇ زېمىندىكىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَيَجْعَلُ لَهُمُ الرَّحْمَنُ وُدًّا﴾ «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن الله ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ دىللىرىدا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ»[3]. لېكىن كىشى الله نى غەزەپلەندۈرۈش يولى بىلەن ئادەملەرنى رازى قىلىشنى ئىزدىسە، بۇنىڭ ئەكسىچە ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. ئۇنداق كىشى الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى الله تائالا ئۇنى ئادەملەرنىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندا

[1] سۈرە تەۋبە 96 ـ ئايەت.
[2] مۇسلىم توپلىغان.
[3] سۈرە مەريەم 96 ـ ئايەت.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ خەت يازغان ئىدى: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «من التمس رضى اللّٰه بسخط الناس كفاه اللّٰه مؤونة الناس. ومن التمس رضى الناس بسخط اللّٰه وكله اللّٰه إلى الناس» «كىمكى ئادەملەرنى غەزەپلەندۈرۈپ سالسىمۇ الله رازىلىقىنى ئىزدىسە، الله ئۇنى كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن قوغدايدۇ. كىمكى الله نى غەزەپلەندۈرۈش يولى بىلەن كىشىلەرنى رازى قىلىشنى ئىزدىسە، الله ئۇنى كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ قويىدۇ». [1] ئەپسۇسكى، رەببىنى غەزەپلەندۈرۈش بەدىلىگە ئادەملەرنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى تاللىۋالغان كىشىلەر ئەتراپىمىزدا تولۇپ تۇرۇپتۇ.

ئادەملەرنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن الله نىڭ غەزىپىگە پىسەنت قىلمايدىغان كىشىلەردىن ئادەملەر رازى بولغان تەقدىردىمۇ، ئادەملەرنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۇلارغا قىلچىلىك مەنپەئەت بەرمەيدۇ. الله تائالا بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَحْلِفُونَ لَكُمْ لِتَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنْ تَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنَّ اللَّهَ لَا يَرْضَى عَنِ الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ﴾ «سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ) چۈنكى الله پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ» [2]. الله تائالا مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولغان پەيغەمبەر ﷺ نى رازى قىلىشنىڭمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى دەۋاتقان يەردە، باشقىلارنى رازى قىلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن! شۈبھىسىزكى، بۇنداق قىلىش پاسىقلارنىڭ قىلىقى بولۇپ، الله تائالا پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ. پاسىقلىق دېگەن گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە بېرىلىشنى كۆرسىتىدۇ. پاسىقلىقنىڭ ئەڭ چوڭى كۇفۇرلۇق بولۇپ، بۇ ئايەت بىزنى پاسىقلىقتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

[1] تىرمىزى توپلىغان.
[2] سۈرە تەۋبە 96- ئايەت.

ئىنساندىكى پاسىقلىق مىقدارىدا الله نىڭ رازىلىقى كېمىيىدۇ. چۈنكى ھۆكۈم سۈپەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، سۈپەت زىيادە بولغانسېرى ھۆكۈم شۇنچە زىيادە بولىدۇ. دېمەك، سۈپەتنىڭ كېمىيىشى بىلەن ھۆكۈم كېمىيىدۇ ۋە سۈپەتنىڭ زىيادە بولۇشى بىلەن ھۆكۈم زىيادە بولىدۇ.

پاسىقلىق الله نى غەزەپلەندۈرىدىغان ناچار قىلمىش بولۇپ، الله تائالا ئادەملەرنى رازى قىلىشنى ئاساسلىق غايە قىلىۋالغان كىشىلەرنى پاسىقلار دەپ ئاتىغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَحْلِفُونَ لَكُمْ لِتَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنْ تَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنَّ اللَّهَ لَا يَرْضَى عَنِ الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ﴾ «سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ) چۈنكى الله پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ»[①]. پاسىقلىقنىڭ دەرىجىسى ۋە تۈرلىرىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈش، كىشىلەرنى ئالداش، ۋەدىدىن يېنىۋېلىش ۋە يالغانچىلىق قاتارلىق چوڭ گۇناھلار. شۇنداقلا بىزدىن ھەمىشە سادىر بولۇپ تۇرىدىغان كىچىك گۇناھلارمۇ پاسىقلىقنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان بولسىمۇ، ئەمما كىچىك گۇناھلار ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَقِمِ الصَّلَاةَ لِدُلُوكِ الشَّمْسِ إِلَى غَسَقِ اللَّيْلِ وَقُرْآنَ الْفَجْرِ إِنَّ قُرْآنَ الْفَجْرِ كَانَ مَشْهُودًا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقا قەدەر ناماز ئوقۇغىن[②]. بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن، (كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى) چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ»[③]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ﴾ «شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ»[④].

---

[①] سۈرە تەۋبە 96 ـ ئايەت.

[②] بۇ يەردە پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن نامازلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[③] سۈرە ئىسرا 78 ـ ئايەت.

[④] سۈرە ھۇد 114 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەرقانداق ياخشى ئەمەل كىچىك گۇناھلارنىڭ كەففارىتى ھېسابلىنىدۇ. ياخشىلىقلار ئارقىلىق يامانلىقلار دەپئى قىلىنىدۇ. ئەمما، چوڭ گۇناھلارغا تەۋبىدىن باشقىسى كار قىلمايدۇ. پاسىقلىق گوياكى الله نىڭ رازىلىقىغا ئۇرۇلغان تىغقا ئوخشاش بەندىنى الله نىڭ رازىلىقىدىن مەھرۇم قىلىپ تاشلايدۇ. پاسىقلىقنىڭ ئەكسى الله قا ئىتائەت قىلىش بولۇپ، ئىتائەت ئارقىلىق الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئى الله نىڭ رىزاسىنى ئۈمىد قىلغۇچى قېرىندىشىم! شۇنى بىلگىكى، الله نىڭ رازىلىقىغا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەگەر سىز كىشىلەرنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى خالىسىڭىز، باشتا الله نى رازى قىلىڭ.

سۆزىمىزگە قايتىپ كەلسەك، كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسىسىنىڭ باياندا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەدىنىدىن پەيشەنبە كۈنى يولغا چىققانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ پەيشەنبە كۈنى سەپەرگە چىقىشنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن بۇ دائىملىق ئەھۋال ئەمەس، بەزى ۋاقىتتا شەنبە (ھەججەتۇل ۋىدا ئۈچۈن شەنبە كۈنى يولغا چىققانىدى) ۋە باشقا كۈنلىرىدىمۇ چىقاتتى. ئەمما، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پەيشەنبە كۈنى سەپەرگە چىقاتتى.

ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ چاشگاھ ۋاقتىدا مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ، مەسجىدتە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ سەپەردىن قايتىپ كەلسە ئەڭ ئاۋۋال مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. مانا بۇ ــــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىدۇر. بۇ ئىككى رەكئەت ناماز سەۋەب نامىزى[1] بولغانلىقى ئۈچۈن، سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ۋاقىت قانداق

[1] سەۋەب نامىزى دېگەندە، تاھارەت ئالغان سەۋەبلىك، سەپەردىن قايتىپ كەلگەن سەۋەبلىك ۋە مەسجىدكە كىرگەن سەۋەبلىك ئوقۇلىدىغان نامازلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ۋاقىتتا توغرا كەلسە (ھەتتا ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ۋاقىتلارغا توغرا كەلسىمۇ) شۇ ۋاقىتتا ئوقۇسا بولىدۇ.

## 22 ـ ھەدىس

وَعَنْ أَبي نُجَيد - بضَمِّ النُّونِ وفتحِ الجيم - عِمْرَانَ بن الحُصَيْنِ الخُزَاعِيِّ رضي اللَّه عنهما: أَنَّ امْرَأَةً مِنْ جُهَيْنَةَ أَتَتْ رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - وَهِيَ حُبْلَى مِنَ الزِّنَى، فقالتْ: يَا رسولَ اللَّه، أَصَبْتُ حَدًّا فَأَقِمْهُ عَلَيَّ، فَدَعَا نَبيُّ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - وَلِيَّها، فقالَ: «أَحْسِنْ إِلَيْهَا، فإذا وَضَعَتْ فَأْتِني» فَفعَلَ فَأَمَرَ بهَا نبيُّ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - فَشُدَّتْ عَلَيْهَا ثِيَابُهَا، ثُمَّ أَمَرَ بِهَا فَرُجِمَتْ، ثُمَّ صَلَّى عَلَيْهَا. فقالَ لَهُ عُمَرُ: تُصَلِّي عَلَيْهَا يَا رَسُول اللَّه وَقَدْ زَنَتْ؟ قَالَ: «لَقَدْ تَابَتْ تَوْبَةً لَوْ قُسِمَتْ بَيْنَ سَبْعِينَ مِنْ أَهْلِ المَدِينَةِ لَوَسِعَتْهُمْ، وَهَلْ وَجَدْتَ أَفْضَلَ مِنْ أَنْ جَادَتْ بنفْسِها للَّه - عز وجل؟!» رواه مسلم.

ئەبۇ نۇجەيد ئىمران ئىبنى ھۇسەين خۇزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: جۇھەينە قەبىلىسىدىن بىر ئايال رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدى. ھالبۇكى، ئۇ زىنادىن قورساق كۆتۈرگەن ئىدى. ئۇ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن جازاغا لايىق بولۇپ قالدىم، ماڭا جازا ئىجرا قىلغىن» دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالنىڭ ۋەلىيسىنى چاقىرىپ: «ئايالغا ياخشى قارىغىن، ئۇ يەڭگىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قېشىمغا ئېلىپ كەلگىن» دېدى. ئايالنىڭ ۋەلىيسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دېگىنىدەك قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئايالنى ئۆز كىيىمىگە چىڭ يۆگىنىۋېلىشقا بۇيرۇدى. ئاندىن ساھابىلەرنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى. نەتىجىدە ئايال چالما ـ كېسەك قىلىندى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! زىنا قىلغان ئايالنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەمسەن؟» دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇ ئايال ھەقىقەتەن شۇنداق تەۋبە قىلدىكى، ئۇنىڭ تەۋبىسى مەدىنە خەلقىدىن 70 ئادەمگە تەقسىم قىلىنسا، ئەلۋەتتە ئۇلارغا

يېتىپ ئاشاتتى. ئۆز جېنىنى الله تائالاغا ئاتىغان كىشىدىنمۇ ئەۋزەل كىشى تاپالامسەن؟» دېدى.[1]

## شەرھىسى

مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىسنى بايان قىلدى. بۇ ھەدىستە، زىنادىن ھامىلدار بولغان بىر ئايال پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ئايال: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھەقىقەتەن مەن جازاغا لايىق بولۇپ قالدىم. ماڭا جازا ئىجرا قىلغىن!» دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالنىڭ ۋەلىيسىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بۇ ئايالغا ياخشىلىق قىلىشنى، بالىسىنى تۇغۇپ بولغاندا ئۇ ئايالنى يېنىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

ئۇ ئايال بالىنى تۇغۇپ بولغاندا ۋەلىيسى ئۇ ئايالنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالنى ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆز كىيىمىگە چىڭ يۆگىنىشكە بۇيرۇدى. ئۇ ئايال كىيىمىگە چىڭ يۆگەنگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالنى چالما-كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال چالما-كېسەك قىلىندى. (ئۇ چوڭمۇ ئەمەس ۋە كىچىكمۇ ئەمەس تاشلار ئىدى). ئۇ ئايال ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مېيىت دۇئاسى ئوقۇدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! زىنا قىلغان ئايالنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەمسەن؟» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزىدىن «چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئايالنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەمسەن» دېمەكچى ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «لقد تابت توبة لو قسمت بين سبعين من أهل المدينة لوسعتهم» «ئۇ ئايال ھەقىقەتەن

[1] مۇسلىم توپلىغان.

شۇنداق تەۋبە قىلدىكى، ئۇنىڭ تەۋبىسى مەدىنە خەلقىدىن 70 ئادەمگە تەقسىم قىلىنسا، ئەلۋەتتە ئۇلارغا يېتىپ ئاشاتتى» دېدى. يەنى، ئۇ شۇنداق تەۋبە قىلدىكى، ھەممىسى گۇناھكار يەتمىش ئادەمگە تەقسىم قىلىنسا، ئەلۋەتتە ئۇلارغا يېتىپ ئاشاتتى ۋە مەنپەئەت بېرەتتى. پەيغەمبەر ﷺ: «وهل وجدت أفضل من أن جادت بنفسها للّه - عز وجل؟!» «ئۆز جېنىنى الله تائالاغا ئاتىغان كىشىدىنمۇ ئەۋزەل كىشى تاپالامسەن؟» دېدى. يەنى سەن مۇشۇ ھالەتتىن ئەۋزەل ھالەتنى تاپالامسەن؟ بىر ئايال كېلىپ الله قا يېقىنلىشىش، زىنا گۇناھىدىن پاكلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى الله قا تاپشۇردى. بۇ يەردە بۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل ئىش بارمۇ؟ بۇ ھەدىستە كۆپلىگەن پايدىلار بار.

## بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

**ئەگەر توي قىلغان كىشى ھەقىقەتەن زىنا قىلغان بولسا، ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.** مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئايەتنى ئوقۇغانلىقى، يادلىغانلىقى ۋە چالما ـ كېسەك قىلغانلىقى «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم» دا نەقىل قىلىنغان.

پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەلىپىلەر دەۋرىدە چالما ـ كېسەك قىلىش ئىجرا قىلىنغان ئىدى. لېكىن الله تائالا ئۆز ھېكمىتى بىلەن قۇرئاندىن ئۇنىڭ لەۋزىنى مەنسۇخ قىلىپ (ئەمەلدىن قالدۇرۇپ)، ھۆكمىنى ئۇممەت ئىچىدە قالدۇرۇپ قويدى. ئەگەر توي قىلغان بىر ئادەم زىنا قىلغان بولسا، زىناخور كىشى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، كەڭرى بىر مەيدان ھازىرلىنىپ كىشىلەر توپلىنىدۇ. زىنا قىلغان كىشى مەيداننىڭ ئوتتۇرىدا تۇرغۇزۇلىدۇ. مەيداندىكىلەر چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇراھال تاشلارنى زىنا قىلغۇچىغا ئاتىدۇ. زىنا قىلغۇچى مۇشۇ تەرىقىدە چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

زىنا قىلغۇچىغا قىلىچ بىلەن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنماي، چالما-كېسەك بىلەن ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىشى الله نىڭ ھېكمەتلىرى قاتارىدىندۇر. چۈنكى، زىنا قىلغان كىشىنىڭ پۈتۈن بەدىنى مانا بۇ قەبىھ ئىش ئارقىلىق ھوزۇر ئالغان بولغاچقا، ئېتىلغان تاشلار بىلەن بەدەنىنىڭ ھارام ئىش ئارقىلىق ھوزۇر ئالغان ھەممە قىسمى تېگىشلىك ئازاب ۋە ئەلەمنى تېتىيدۇ. ھارام ئىش بەدىنىگە ھوزۇر ئالغان بەدەنگە شەرئىي جازا ئارقىلىق تېگىشلىك ئەلەم ۋە ئازابنى ھېس قىلدۇرۇش شەرىئەتنىڭ ئادالىتىگە دەلىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار مۇنداق دېگەن: «چالما-كېسەك قىلغاندا بەك چوڭ تاشلار بىلەن ياكى بەك كىچىك تاشلار بىلەن چالما-كېسەك قىلىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، چوڭ تاش ئۇنى تېز ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ-دە، ئۇ ئادەم يېتەرلىك ئازابلانماي قالىدۇ. كىچىك تاش ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كېچىكتۈرۈۋېتىدۇ-دە، چالما-كېسەك قىلىنغۇچى بەك قىينىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇراھال تاشلار بىلەن چالما-كېسەك قىلىنىدۇ».

ئەگەر بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «فإذا قتلتم فأحسنوا القتلة، وإذا ذبحتم فأحسنوا الذبحة» «جانلىق ئۆلتۈرمەكچى ياكى مال بوغۇزلىماقچى بولساڭلار ياخشى ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىڭلار».[1] (يەنى قىينىۋەتمەڭلار) دېگەن ھەدىسىنى دەلىل قىلىپ: «قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈش چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرگەنگە قارىغاندا راھەت بېغىشلايدىغان تۇرسا، نېمىشقا ئادەمنى قىينايدىغان ئۇسۇلنى تاللايمىز؟» دەپ سورىسا، جاۋاب شۇكى، ياخشى ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىش شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئۆلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. چالما-كېسەك قىلىش شەرىئەتنىڭ ھۆكمىگە مۇۋاپىق بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشى ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ھېسابلىنىدۇ.

[1] مۇسلىم توپلىغان.

مەسىلەن، قاتىل قانداق ئۇسۇلدا ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، قىساس ئېلىش ئۈچۈن قاتىلمۇ شۇنداق ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈلىدۇ. ناۋادا بىر ئادەم بىراۋنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئالداپ قەستەن ئۆلتۈرگەن بولسا، بىزمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن ئاۋۋال ئۇنى ئالداپ ئاندىن ئۆلتۈرىمىز. بىر كىشى بىر ئادەمنى ئاۋۋال قولىنى، ئاندىن پۇتىنى، ئاندىن تىلىنى، ئاندىن بېشىنى كېسىپ ئۆلتۈرگەن بولسا، بىز بۇ جىنايەتچىنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرمەيمىز. بەلكى ئۇنى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمگە قوللانغان ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش ئۇسۇلدا ئۆلتۈرىمىز. مانا بۇ ئۆلتۈرۈش ياخشى ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىش دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئۆلتۈرۈش شەرئىەتكە مۇۋاپىق بولغان ئۆلتۈرۈشتۇر.

**بۇ ھەدىستىن زىنا قىلغۇچىنىڭ ھەد ئارقىلىق پاكلىنىش مەقستىدە زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. زىنا قىلغۇچى قازى ياكى قازىنىڭ نائىبىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەد ئىجرا قىلىپ قويۇشى ئۈچۈن زىنا قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرسە، زىنا قىلغۇچىنى سۆكۈش ۋە مالامەت قىلىش دۇرۇس ئەمەس.** ئەمما ھەممە ئادەمگە ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى دەپ يۈرۈش ئۆز-ئۆزىنى رەسۋا قىلىش بىلەن باراۋەردۇر. بۇنداق كىشى الله تائالا گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولالمايدۇ. بۇ سۆزىمىزگە تۆۋەندىكى ھەدىس دەلىلدۇر:

رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كل أمتي معافى إلا المجاهرين» «ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى كەچۈرۈلگۈچىدۇر، پەقەت ئاشكارىلىغۇچىلار كەچۈرۈلمەيدۇ» دېگەندە، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاشكارىلىغۇچىلار كىملەر؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «أن يعمل الرجل بالليل عملا، ثم يصبح وقد ستره الله عليه، فيقول: يا فلان، عملت البارحة كذا وكذا» «<ئاشكارىلىغۇچى> دېگەن كېچىدە بىر ئىشلارنى قىلغان، ئاندىن الله ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپسا، تاڭ ئاتقۇزۇپ: <ئى پالانى! مەن كېچىدە مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلدىم> دېگەن كىشىدۇر» دېدى.[1]

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

«زىنا قىلىپ سالغان بىر كىشىنىڭ ھەد ئىجرا قىلىپ قويۇشى ئۈچۈن قازىنىڭ يېنىغا بېرىپ گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلىشى ئەۋزەلمۇ ياكى گۇناھىنى يوشۇرۇشى ئەۋزەلمۇ؟» دەپ سورالسا، بىز دەيمىزكى، ئەگەر بىر كىشى سەممىمي تەۋبە قىلىپ گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىدىغان ۋە بۇنى قايتا قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىدىغان كىشى بولسا، بۇ كىشىنىڭ قازىنىڭ يېنىغا بارماسلىقى ئەۋزەل. بەلكى بۇ كىشى گۇناھىنى ئۆزى بىلەن رەببى ئارىسىدا مەخپىي تۇتىدۇ. كىمكى ﷲ قا تەۋبە قىلسا، ﷲ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئەمما، سەممىمي تەۋبە قىلالماسلىقىدىن ۋە بۇ گۇناھنى يەنە بىر قېتىم سادىر قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن كىشىگە كەلسەك، بۇ كىشىنىڭ ھەد ئىجرا قىلىپ قويۇشى ئۈچۈن قازى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ گۇناھىنى ئىقرار قىلىشى ئەۋزەلدۇر.

## 23 ـ ھەدىس

وعن ابنِ عباسٍ - رضي اللَّه عنهما - أَنَّ رَسُولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - قَالَ: «لَوْ أَنَّ لِابْنِ آدَمَ مِثْلَ وَادٍ مَالاً لَأَحَبَّ أَنَّ لَهُ إِلَيْهِ مِثْلَهُ وَلَا يَمْلَأُ عَيْنَ ابْنِ آدَمَ إِلَّا التُّرَابُ وَيَتُوبُ اللَّهُ عَلَى مَنْ تَابَ». مُتَّفَقٌ عليه.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئادەم بالىسىنىڭ بىر جىلغا مېلى بار بولسا، ئۇ ئادەم يەنە بىر جىلغا مېلى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئادەم بالىسىنىڭ كۆزىنى پەقەت تۇپىلا تويغۇزالايدۇ. كىمكى (گۇناھلىرىدىن) تەۋبە قىلسا، ﷲ ئۇنى تەۋبىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ».[1]

## 24 ـ ھەدىس

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

وعن أبي هريرة - رضي اللَّه عنه - أنَّ رسولَ اللَّه - صلى اللَّهُ عليه وسلم - قَالَ: «يَضْحَكُ اللَّهُ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى إِلَى رَجُلَيْنِ يَقْتلُ أَحَدهُمَا الآخَرَ يَدْخُلانِ الجَنَّةَ، يُقَاتِلُ هَذَا في سَبيلِ اللَّه فَيُقْتَلُ، ثُمَّ يتُوبُ اللَّهُ عَلَى القَاتلِ فيُسْلِم فَيُسْتَشْهَدُ». مُتَّفَقٌ عليه.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ئىككى ئادەمدىن كۈلىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ-دە، ئۆلگۈچى الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولغاچقا، جەننەتكە كىرىدۇ. كېيىن الله تائالا قاتىلغا تەۋبە ئاتا قىلىپ ئۇمۇ مۇسۇلمان بولىدۇ. ئاندىن ئۇ شەھىد قىلىنىپ، ئۇمۇ جەننەتكە كىرىدۇ».[1]

## شەرھىسى

بۇ ئىككى ھەدىستە تەۋبىنىڭ ھەرقانداق گۇناھلارنى يوققا چىقىرىپ تاشلايدىغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى زات ئىكەنلىكى ھەققىدىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَامًا۝ يُضَاعَفْ لَهُ الْعَذَابُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَانًا۝ إِلَّا مَنْ تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَالِحًا فَأُولَئِكَ يُبَدِّلُ اللَّهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا﴾ «ئۇلار الله قا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار) نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ [68]. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ [69]. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، الله ئۇلارنىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، الله تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر [70]»①.

بىرىنچى ھەدىسكە كەلسەك، ئۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستۇر. ئۇنىڭ مەنىسى، ئادەم بالىسى مال-دۇنياغا ھەرگىز تويمايدىغان بولۇپ، ناۋادا ئۇنىڭ بىر جىلغا مېلى بولسا، يەنە بىر جىلغا مېلى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. تاكى ئىنسان ئۆلۈپ تۇپراق بىلەن كۆزى ۋە قورسىقى توپىغا توشمىغۇچە، مال-دۇنيا ھەۋىسى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇنداق ئاچكۆزلۈك كىشىلەرنى گۇناھ-مەئسىيەتكە ۋە تۈرلۈك ھارام يوللارغا باشلاپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا كىشىلەرنى تەۋبىگە قىزىقتۇرغان.

ھەقىقەتەن، زالالەت ۋە گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى — اللهقا تەۋبە قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا: «ويتوب اللّٰه على من تاب» «كىمكى (گۇناھلىرىدىن) تەۋبە قىلسا، الله ئۇنى تەۋبىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ» دېگەن. يەنى، كىمكى خاتالىقلىرى ۋە يامانلىقلىرىدىن تەۋبە قىلسا، گەرچە بۇ خاتالىقلار مال-مۈلۈككە ئالاقىدار ئىشلار بولغان تەقدىردىمۇ، الله تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئىككىنچى ھەدىسكە كەلسەك، ئۇ ھەدىس ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ ھەدىستە الله تائالانىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرگەن ئىككى كىشىگە قاراپ كۈلگەنلىكى بايان قىلىنغان. چۈنكى، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا دۇنيادا ئاداۋەت بار بولۇپ، ئىككىيلەننىڭ بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. الله تائالا جەننەت ئەھلىنىڭ قەلبىدىكى ئۆچمەنلىكلەرنى چىقىرىپ تاشلايدىغان بولغاچقا، ئۇ ئىككىسىنىڭ قەلبىدىكى

---

① سۈرە فۇرقان 68-، 69- ۋە 70- ئايەت.

ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكنى يوقىتىۋېتىدۇ. اللە تائالا جەننەت ئەھلىنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنَزَعْنَا مَا فِي صُدُورِهِمْ مِنْ غِلٍّ إِخْوَانًا عَلَى سُرُرٍ مُتَقَابِلِينَ﴾ «ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ»[1].

مانا بۇ اللە تائالانىڭ بىر-بىرىگە ئاداۋەتتى بولغان ئىككى ئادەمگە قاراپ كۆلۈشىنىڭ سەۋەبىدۇر. ئىلگىرى كاپىر ھالىتىدە ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىمۇ اللە تائالا مەرھەمەت قىلىپ تەۋبىگە مۇشەررەپ قىلىدۇ.

بۇ ھەدىستە، يېڭى ئىمان ئېيتقان كىشى ئىلگىرى مۇسۇلمانلاردىن بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، كۇفۇرلۇقتىن تەۋبە قىلسا اللە تائالانىڭ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا دەلىل بار. چۈنكى، ئىسلام ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھلارنى سۈرۈشتە قىلمايدۇ.

❁ ❁ ❁

[1] سۈرە ھىجر 47- ئايەت.

## 3 ـ باب: سەۋر قىلىش توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اصْبِرُوا وَصَابِرُوا﴾ «ئى مۇئمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِنَ الْخَوْفِ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِنَ الْأَمْوَالِ وَالْأَنْفُسِ وَالثَّمَرَاتِ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ﴾ «بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُونَ أَجْرَهُمْ بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ «پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَمَنْ صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ «كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر»④.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»⑤.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ حَتَّى نَعْلَمَ الْمُجَاهِدِينَ مِنْكُمْ وَالصَّابِرِينَ وَنَبْلُوَ أَخْبَارَكُمْ﴾ «بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك

① سۇرە ئال ئىمران 200 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۇرە بەقەرە 155 ـ ئايەت.
③ سۇرە زۇمەر 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ سۇرە شۇرا 43 ـ ئايەت.
⑤ سۇرە بەقەرە 153 ـ ئايەت.

ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (الله نىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر»[①].

سەۋرگە بۇيرۇش ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىش ھەققىدە كۆپلىگەن ئايەت ـ ھەدىسلەر يېتىپ كەلگەن بولۇپ، تۆۋەندە بىز ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

## شەرھىسى

«الصبر» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «توختىتىش» دېگەنلىك بولۇپ، شەرئىي ئىستىلاھى مەنىسى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى، الله قا ئىتائەت قىلىشتا ئۆزىنى كونترول قىلىش؛ ئىككىنچى، الله نىڭ چەكلىگەن ئىشلىرىدىن ئۆزىنى توختىتىش؛ ئۈچىنچى، الله نىڭ ئەلەملىك تەقدىرلىرىدە ئۆزىنى توختىتىش. مانا بۇ ئالىملار بايان قىلغان سەۋرنىڭ تۈرلىرىدۇر.

بىرىنچى، ئىنسان الله قا ئىتائەت قىلىشتا سەۋر قىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئىتائەت ئىنسانغا ئېغىر كېلىدىغان ئىش بولۇپ، ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلار تۈپەيلى ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقۇسى كېلىپ قالىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، زاكات ۋە ھەجگە ئوخشاش مال چىقىم قىلىنىدىغان ئىشلاردىمۇ قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

دېمەك، ئىتائەت نەپس ۋە بەدەنگە ئېغىر كېلىدىغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن سەۋر بىلەن ئوزۇقلىنىشقا موھتاج بولىمىز. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اصْبِرُوا وَصَابِرُوا وَرَابِطُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر

[①] سۈرە مۇھەممەد 31 ـ ئايەت.

قىلىقلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىدامىلىق بولۇشلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىهادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن اﷲ تىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)»①.

ئىككىنچى، نەپسىنى اﷲ هارام قىلغان ئىشلاردىن توختىتىش ئارقىلىق اﷲ چەكلىگەن ئىشلاردا سەۋر قىلىش. چۈنكى ئىنساننىڭ نەپسى يامانلىققا ئۈندەيدىغان بولۇپ، ئۇ ئىنساننى اﷲ قا ئاسىيلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۆز نەپسىنى يالغانچىلىق، مۇئامىلىدىكى ئالدامچىلىق، ماللارنى باتىل يوللار بىلەن يەۋېلىش، زىنا قىلىش، هاراق ئىچىش، ئوغرىلىق قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان تۈرلۈك گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن چەكلىشى كېرەك. دېمەك، ئىنسان نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە ئەگىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، هاۋايى-هەۋەسلىرىگە چەك قويۇشقا ۋە گۇناھ-مەئسىيەتكە بولغان كۆڭۈل مايىللىقىنى تىزگىنلەشكە موهتاج بولىدۇ.

ئۈچىنچى، تەقدىر-قىسمەتتىكى تۈرلۈك سىناقلارغا سەۋر قىلىش. چۈنكى، ئىنساننىڭ هاياتىغا راهەت-پاراغەتلىك قولاي تۇرمۇش ياكى ئازاب-ئوقۇبەتكە تولغان قىيىنچىلىقلار پۈتۈلگەن بولىدۇ. كۆڭۈلدىكىدەك قولاي تۇرمۇشقا ئىگە بولغان كىشى اﷲ ئاتا قىلغان نېئمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشى كېرەك. چۈنكى شۈكۈر قىلىش ئىتائەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇنداق بولغانىكەن، ئىتائەت قىلىش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىش بىرىنچى تۈرلۈك سەۋر هېسابلىنىدۇ.

هاياتلىقتا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك ئېغىرچىلىقلار ئادەمگە ئېغىر كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانغا مۇشەققەتلىك بىلىنىدۇ. ئادەم هاياتىدا جىسمانىي، ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋىي جەھەتلەردە تۈرلۈك سىناقلارغا ئۇچراپ

---

① سۈرە ئال ئىمران 200- ئايەت.

تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان كىشى تۇرلۇك سىناقلارغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا، سەۋر قىلىش ئارقىلىق تىل، قەلب ۋە ياكى باشقا بەدەن ئەزالىرى بىلەن پەرياد قىلىشتىن توختاپ ئۆز نەپسىنى تىزگىنلىشى كېرەك. ئادەملەرنىڭ مۇسىبەتكە تۇتقان مۇئامىلىسى تۆۋەندىكىدەك تۆت تۇرلۇك بولىدۇ: بىرىنچى، غەزەپلىنىش؛ ئىككىنچى، سەۋر قىلىش؛ ئۈچىنچى، رازى بولۇش؛ تۆتىنچى، شۈكۈر قىلىش.

بىرىنچى ھالەت، قەلبى، تىلى ياكى باشقا بەدەن ئەزالىرى بىلەن غەزىپىنى ئىپادىلەش. قەلبىدىن غەزىپىنى ئىپادىلەش دېگەندە قەلبىدە رەببىنىڭ سىنىقىغا نارازى بولۇپ غەزەپلىنىش ۋە الله نى ئۆزىگە زۇلۇم قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

تىلى بىلەن غەزىپىنى ئىپادىلەشكە كەلسەك، ئۇ مۇسىبەتكە سەۋەب بولغان كىشىنى قارغاپ دۇئا قىلىش، زامانىنى تىللاش بىلەن الله قا ئەزىيەت بېرىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

بەدەن ئەزالىرى ئارقىلىق غەزىپىنى ئىپادىلەشكە كەلسەك، ئۇ يۈزىگە كاچاتلاش، بېشىغا ئۇرۇش، چېچىنى يۇلۇش، كىيىمىنى يىرتىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇچرىغان مۇسىبەتلەرگە غەزەپلىنىدىغان كىشىلەر الله تائالانىڭ مۇسىبەتلەنگۈچىلەرگە ئاتا قىلىدىغان ساۋابىدىن مەھرۇم قېلىشنىڭ ئۈستىگە مۇسىبەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. دېمەك، بۇ تۇردىكى كىشىلەر گۇناھكار ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇسىبىتى ئىككى خىل مۇسىبەتكە ئۆرۈلىدۇ. بىرى، نارازى بولۇش سەۋەبلىك دىندا مۇسىبەتلىنىش بولسا؛ يەنە بىرى، دۇنيادا ئۇچرىغان قىيىنچىلىق سەۋەبلىك مۇسىبەتلىنىشتۇر.

ئىككىنچى ھالەت، نەپسىنى تىزگىنلەش ئارقىلىق مۇسىبەتكە سەۋر قىلىش. ئۇنداق كىشى بالا-مۇسىبەتلەرگە ئۇچراشنى ياخشى كۆرمىسىمۇ،

ئەمما مۇسىبەت يۈز بېرىپ قالسا، سەۋر قىلىپ تىلى ۋە باشقا بەدەن ئەزالىرى ئارقىلىق الله ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ ۋە بۇنى ئۆزىگە كەلگەن سىناق دەپ بىلىپ الله ھەققىدە ناتوغرا گۇمان قىلمايدۇ. ئۇچرىغان مۇسىبەتلىرىنى يامان كۆرسىمۇ، نارازىلىق بىلدۈرمەستىن سەۋر قىلىدۇ.

ئۈچىنچى ھالەت، دۇچ كەلگەن مۇسىبەتلەرگە خۇشاللىق بىلەن يۈزلىنىش ۋە بۇنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىش.

تۆتىنچى ھالەت، ئۇچرىغان مۇسىبەتلەرنى الله نىڭ نېئمىتى دەپ بىلىپ ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش. بۇ خىل ھالەتتىكى كىشى ئۇچرىغان مۇسىبەتلىرى ئۈچۈن الله قا شۈكۈر ۋە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىدۇ ۋە الله نىڭ بۇ مۇسىبەتكە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك مۇكاپات بېرىشى ئۈچۈن الله قا شۈكۈر قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشنى كۆرسە: «الحمد للّٰه على كل حال» «ھەرقانداق ھالەتتە الله قا ھەمدۇ ـ سانا بولسۇن»[1] دەيتتى.

شۇڭا ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن ئىبادەتگۈي ئايالارنىڭ بەزىسى بارمىقى زەخىملىنىپ قالسا، الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقان. ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا: «بارمىقىڭ زەخىملەنسىمۇ الله قا ھەمدە ئېيتىۋاتىسەنغۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «بۇ مۇسىبەت ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ئەجرىنىڭ ھالاۋىتى ئۇچرىغان ئەزىيىتىمنىڭ ئاچچىقىنى ئۇنتۇلدۇردى» دېگەنىكەن. الله توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

الله تائالا قۇرئان كەرىمدىكى كۆپلىگەن ئورۇنلاردا سەۋرگە قىزىقتۇرغان ۋە سەۋر قىلغۇچىلارنى ماختىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن سەۋرنىڭ نەقەدەر ياخشى ئەمەل ئىكەنلىكىنى بىلىۋالايمىز.

الله تائالا ئىمان ئېگىلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان تۆت تۈرلۈك

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان.

سۈپەتنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اصْبِرُوا وَصَابِرُوا وَرَابِطُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن الله تىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)»[①]. دېمەك، الله تائالا ئايەتتە بۇيرۇغان تۆت تۈرلۈك سۈپەت بولسا مەئسىيەتتىن توختاش، ئىتائەتتە چىداملىق بولۇش، ياخشى ئەمەلنى كۆپ قىلىش ۋە بۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش، شۇنداقلا الله قا تەقۋادارلىق قىلىشتۇر. بۇنىڭ ئىچىدە الله قا تەقۋادارلىق قىلىش ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئايەتتە ئىپادىلەنگەن مەنە «الله ھارام قىلغان ئىشلاردىن توختاڭلار، ئۇنىڭغا قەدەم باسماڭلار، ھەتتا ئۇنىڭدىن يىراقلىشىڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ.

گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن توختاش بولسا نەپسىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنى تىزگىنلەپ، گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىشتىن توختاش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئەمما، كۆڭلىگە يامانلىقلارنى پۈكۈپ باقمىغان ئادەم «مەئسىيەتتىن توختاپ سەۋر قىلدى» دېيىلمەيدۇ. ئەگەر نەپسىڭىز سىزنى گۇناھ ـ مەئسىيەتكە ئۈندىسە سەۋر قىلىڭ ۋە نەپسىڭىزنى تىزگىنلەڭ.

چىدامچان بولۇش ئىتائەت قىلىش جەريانىدا ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى، ئىتائەت ئىككى تۈرلۈك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىسى، ئىنسان تەبىئىتىگە سىڭدۈرۈلگەن ۋە نەپسىگە خۇشياقىدىغان ئىشلار؛ ئىككىنچىسى، نەپسىگە ئېغىر كېلىدىغان ئىشلار. چۈنكى، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن توختاش يامانلىققا ئۈندىگۈچى نەپسىگە ئېغىر كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىتائەتكە سەۋر

---

[①] سۈرە ئال ئىمران 200 ـ ئايەت.

قىلىش مەئسىيەتكە سەۋر قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر. شۇڭا الله تائالا ﴿وَصَابِرُوا﴾ «سەۋر قىلىڭلار!» دېگەن. خۇددى ئىنسان ئۇرۇش ۋە جىهادتا دۈشمىنىگە قارشى جىهادتا چىداملىق كۆرسەتكەنگە ئوخشاش، الله قا قىلىنغان ئىتائەتتە چىداملىق بولۇشى كېرەك.

رىباتتا تۇرۇش — «ياخشىلىقنى كۆپ قىلىش ۋە ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش» دېگەنلىكتۇر. بۇ ئايەتنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنەلەيمىز. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إسباغ الوضوء على المكاره، وكثرة الخطا إلى المساجد، وانتظار الصلاة بعد الصلاة فذلكم الرباط» «مۇشەققەتلىك ۋاقىتلاردا تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسجىدكە كۆپ بېرىش، بىر نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازنى كۈتۈش — مانا بۇلارمۇ رىباتتۇر». [1]

بۇ ھەدىستىن رىباتتا تۇرۇشنىڭ ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇنى كۆپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

تەقۋالىق قىلىش بولسا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ مەزمۇننىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، تەقۋادارلىق قىلىش بولسا شەرىئەتتە بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىش، چەكلىمىلەردىن يېنىش ئارقىلىق الله نىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

الله تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە تەقۋالىقنى مەئسىيەتتىن توختاش، ئىتائەتتە چىداملىق بولۇش، ياخشىلىقنى كۆپ قىلىش ۋە بۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىگە مۇناسىۋەتلىك قىلىپ كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ بولسا ئومۇمىي مەنىنى تەپسىلىيلەشتۈرۈپ بايان قىلىش ئۇسۇلىدۇر. الله تائالا بۇ تۆت تۈرلۈك بۇيرۇقنى ئەمەل قىلىشنىڭ نىجات تېپىشنىڭ مۇھىم

[1] مۇسلىم توپلىغان.

شەرتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى ﴿لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن» دېگەن سۆزدىكى «الفلاح» كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، ئۇ ئاساسلىق ئىككى خىل مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، مەقسەت ـ مۇددىئاسى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش؛ يەنە بىرى، خەۋپسىرىگەن نەرسىدىن خالاس بولۇش دېگەنلىكتۇر. دېمەك، كىمكى الله تىن قورقسا، ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىگە ئېرىشىدۇ ۋە ئەندىشىلەردىن خالاس بولىدۇ.

مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ كەلتۈرگەن الله تائالانىڭ ﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِنَ الْخَوْفِ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِنَ الْأَمْوَالِ وَالْأَنْفُسِ وَالثَّمَرَاتِ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ﴾ «بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن»[1] دېگەن ئايىتىگە كەلسەك، الله تائالا بەندىلىرىنى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان نەرسىلەر بىلەن سىنايدىغانلىقىنى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ئېيتقان.

الله تائالانىڭ ﴿بِشَيْءٍ مِنَ الْخَوْفِ﴾ دېگەن سۆزى «پۈتۈن قورقۇنچ بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر ئاز قورقۇنچ بىلەن» دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئادەم پۈتۈن قورقۇنچ بىلەن سىنالسا، بەرداشلىق بېرەلمەي ھالاك بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

﴿الْخَوْفِ﴾ «قورقۇنچ» خاتىرجەملىكنىڭ يوقىلىشى دېگەنلىك بولۇپ، قورقۇنچ ئاچلىقتىنمۇ خەتەرلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا قورقۇنچنى ئاچلىقتىن ئىلگىرى تىلغا ئالغان. چۈنكى، ئاچ قالغان ئادەم قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن دەرەخ قوۋزىقى يەپ بولسىمۇ جېنىنى ساقلايدۇ. لېكىن قورقۇنچ ئىچىدە قالغان كىشى (الله ساقلىسۇن) ھېچبىر ئورۇندا خاتىرجەم

[1] سۈرە بەقەرە 155 ـ ئايەت.

ئۆلتۈرۈلمايدۇ. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر بارچە قورقۇنچ، خەتەر، ھالاكەت ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ئازابتا قېلىشنىڭ سەۋەبى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بىز ئەڭ قورقۇشقا تېگىشلىك نەرسە ھېسابلىنىدۇ.

﴿وَالْجُوعِ﴾ «ئاچلىق» يەنى، ئاچلىق بىلەن سىنىلىدۇ. ئاچلىق ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى مەنىسى، الله تائالانىڭ بەندىلەرنى ئاچلىق كېسىلىگە گىرىپتار قىلىشىدۇر. ئاچلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشى شۇنچە كۆپ نەرسە يېسىمۇ قورسىقى تويمايدۇ. بۇنداق كېسەلنى باشتىن كەچۈرگەنلەر ئەتراپىمىزدا خېلى بار. ھەقىقەتەن، بۇ شەھەردە (ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ ئۆزى ياشىغان شەھەرنى مەقسەت قىلىدۇ) «ئاچلىق يىلى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يىلنى باشتىن كەچۈردۇق. ئادەملەر كۆپ نەرسىلەرنى يەيدۇ ـ يۇ، لېكىن ھەرگىز تويمايدۇ، بىرلا ۋاقىتتا تولۇق بىر ساپاق خورمىنى يەيدۇ، ئەمما يەنىلا تويمايدۇ، كۆپ نان يەيدۇ، لېكىن ئۆزىدىكى كېسەللىك تۈپەيلى تويمايدۇ. مانا بۇ ئاچلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر.

ئاچلىقنىڭ ئىككىنچى مەنىسى، ھۆل ـ يېغىن كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن زىرائەتلەر ھالاك بولۇپ، قەھەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىقنىڭ يۈز بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇمۇ ئاچلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

الله تائالانىڭ ﴿وَنَقْصٍ مِنَ الْأَمْوَالِ﴾ «ماللارنىڭ كېمىيىشى» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ بەيتۇل ماللارنىڭ ئازىيىشى، ئىقتىسادنىڭ ئاجىزلىشىشى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلاردا پېقىرلىق ۋە موھتاجلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ يىمىرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

الله تائالانىڭ ﴿وَالْأَنْفُسِ﴾ «جانلىرىڭلارغا» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ ئادەملەر ئارىسىدا كەڭ كۆلەملىك ۋابا تارقاپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ. بىز بۇ ۋەقەلەرنىڭمۇ ئەتراپىمىزدا يۈز بەرگەنلىكىنى

ئاڭلىدۇق. ئاڭلىشىمچە، بىر يىلى نەجدى شەھىرىدە كەڭ كۆلەملىك ۋابا كېسىلى تارقالغان بولۇپ، كىشىلەر بۇ ۋاقىتلارنى «رەھمەت يىلى» دەپ ئاتىغان ئىكەن. بۇ ۋاقىتلاردا ۋابا بىلەن ۋاپات تاپقانلار شۇ قەدەر كۆپ ئىدىكى، بىر ئۆيگە ۋابا كىرگەن بولسا، شۇ ئۆيدىن ھېچبىر ئادەم ساق قالمىغان. الله ساقلىسۇن! «ئەنىزە» دېگەن كەنتتىكى چوڭ مەسجىدتە بىر پەرز نامازدىن كېيىن يەتتە-سەككىز كىشىنىڭ جىنازا نامىزى ئوقۇلغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇ يەردە ھازىرمۇ ئادەملەر بەك ئاز. الله قا سېغىنىپ بۇنداق جانلارنى قىرىپ تاشلىغۇچى ۋابالاردىن پاناھ تىلەيمىز.

الله تائالانىڭ ﴿وَالثَّمَرَاتِ﴾ «زىرائەتلىرىڭلارغا» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ يەردە ئاچارچىلىق يۈز بەرمەيدۇ. لېكىن ھوسۇل كېمىيىپ، تۈرلۈك زىرائەت ۋە مېۋە-چېۋىلەردە بەرىكەت تارتىلىپ كېتىدۇ. الله تائالا بەندىلەرنىڭ قىلغان گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىشى ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن مۇشۇنداق سىناقلارغا مۇپتىلا قىلىدۇ.

دېمەك، ئىنسانلار مۇشۇنداق مۇسىبەتلەرگە مۇپتىلا بولغاندا بىز ئىلگىرى بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك پەرقلىق ھالەتلەردە ئىنكاس قايتۇرىدۇ. مەسىلەن، الله نىڭ سىناقلىرىغا غەزەپ قىلىدۇ، ياكى سەۋر قىلىدۇ، ياكى رازى بولىدۇ ۋە ياكى شۈكۈر قىلىدۇ (الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر).

ئۈچىنچى ئايەت، الله تائالانىڭ: ﴿إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُونَ أَجْرَهُمْ بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ «پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ»[1] دېگەن سۆزىدۇر. الله تائالانىڭ ﴿بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئادەتتە، سالىھ ئەمەللەر ھەسسىلىنىپ بىر ياخشىلىق ئون ھەسسىدىن، يەتتە يۈز ھەسسىگىچە كۆپىيىدۇ. ئەمما، سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرى الله تەرەپتىن ھېسابسىز

[1] سۈرە زۇمەر 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىرىلىدىغان بولۇپ، ئىنسان بۇنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. مانا بۇنىڭدىن سەۋر ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ئەجرىنىڭ نەقەدەر كۆپ ۋە ھەددى-ھېسابسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. بۇ ئايەتتە سەۋر قىلغۇچىلار ئېرىشىدىغان مۇكاپات ئەڭ گۈزەل بايانلار ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىپ، كىشىلەرنى سەۋرگە قىزىقتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

نۆۋەتتە مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ نەقىل قىلغان تۆۋەندىكى ئايەت ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَمَنْ صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ «كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (اللە نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر»[1]. يەنى، كىشىلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىگە چىدايلىقچە سەۋر قىلىش، يامانلىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىش دىنىمىزدا قىزىقتۇرۇلغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. شۈبھىسىزكى، بۇنداق ئىشلار يۈكسەك ئىرادە ۋە غايەت زور چىدام-غەيرەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان مۇشەققەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ، اللە يولىدا قىلىنىدىغان جىھاد ۋە تائەت-ئىبادەتلەر تېخىمۇ شۇنداقتۇر.

كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇچرايدىغان ئەزىيەتنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرى بولىدۇ. ئەگەر اللە قا ئىتائەت قىلىش، اللە يولىدا جىھاد قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش سەۋەبلىك ئەزىيەتكە ئۇچرىغان بولسا، ئىنسان بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى تەرەپتىن مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ: بىرىنچى، ئۇچرىغان مۇسىبەتلىرى ئۈچۈن؛ ئىككىنچى، اللە نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتا سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن.

بۇ ئايەت بىزنى باشقىلاردىن ئۇچرىغان ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشكە ئۈندەيدۇ. لېكىن يامانلىق

---

[1] سۈرە شۇرا 43- ئايەت.

قىلغان كىشىنى كەچۈرۈم قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ كەچۈرۈم قىلىش ئارقىلىق يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئەمەللىرى تۈزۈلۈشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن يامانلىق قىلغان كىشىلەرنى مۇتلەق كەچۈرۈۋېتىش مەدھىيىلەنمەيدۇ. چۈنكى، اللە تائالا كەچۈرۈم قىلىشنىڭ ئىسلاھقا تۈرتكە بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَنْ عَفَا وَأَصْلَحَ فَأَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ﴾ «كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى اللە بېرىدۇ»[1]. ئەمما ئەپۇ ۋە كەچۈرۈم قىلىش ئەمەللەرنىڭ تۈزىلىشىگە تۈرتكە بولمىسا، ئەپۇ قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، يامانلىق ۋە ئەسكىلىكتە نامى پۇر كەتكەن بىر كىشىنىڭ بىراۋغا قىلغان يامانلىقى ئەپۇ قىلىنسا، ئۇنىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى بىلىنسە ئۇنى ئەپۇ قىلماسلىق كېرەك. ئەكسىچە بۇنداق كىشىدىن ئەمەللىرىنىڭ تۈزىلىشى ئۈچۈن ھەققىنى قايتۇرۇپ ئېلىشى ياخشىراق بولىدۇ. لېكىن ئەپۇ قىلىنغان كىشىنىڭ شۇ يامانلىقنى قايتا سادىر قىلمايدىغانلىقى جەزملەشسە، بۇنداق كىشىنى ئەپۇ قىلىش ياخشىدۇر. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَنْ عَفَا وَأَصْلَحَ فَأَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ﴾ «كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى اللە بېرىدۇ»[2]. قېرىندىشىڭىزنىڭ يامانلىقلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىپ اللە نىڭ ئەجىر-ساۋابلىرىغا ئېرىشكىنىڭىز، قېرىندىشىڭىزنى كەچۈرمەستىن ئۇنىڭ قىلغان يامانلىقلىرى بەدىلىگە ياخشى ئەمەللىرىنى ئېلىۋېلىشىڭىزدىن ياخشىدۇر.

بەشىنچى ئايەتتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ

[1] سۈرە شۇرا 40- ئايەت.
[2] سۈرە شۇرا 40- ئايەت.

**﴿وَالصَّلَاةِ إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾** «ئى مۆئمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. اللە ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر».[1] اللە تائالا بۇ ئايەتتە تۆرلۈك ئىشلارغا سەۋر قىلىش ئارقىلىق اللە تائالادىن ياردەم سورىشىمىزنى بۇيرۇغان. چۈنكى ئىنسان ئېغىرچىلىقلار ئالدىدا سەۋر قىلىپ اللە تائالانىڭ ياردىمىگە ئۈمىد باغلىسا، قىيىنچىلىقلىرى ئازىيىپ ئىشلىرى ئاسانلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر سىز بىرەر مۇسىبەتكە دۇچ كەلسىڭىز ئېغىرچىلىقلار ئالدىدا بوشاشماڭكى، ئاداققىچە بەرداشلىق بېرىڭ. شۇنى بىلىڭكى، غەلىبە ھەقىقەتەن سەۋر قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ، ھەربىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن چىقىش يولى بولىدۇ، ھەربىر مۇشكۈلگە بىر ئاسانچىلىق ھەمراھ بولىدۇ.

ئەمما نامازغا كەلسەك، ئۇ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلارنىڭ ئىسلاھ بولۇشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ھەدىس نەقىل قىلىنغان: «كان النبي صلى اللَّه عليه و سلم إذا حزبه أمر صلى» «پەيغەمبەر ﷺ بىرەر ئىشتىن غەم قىلسا، ناماز ئوقۇيتتى».[2] قۇرئان كەرىمدە نامازنىڭ قەبىھ ئىشلار ۋە گۇناھلاردىن توسىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئەگەر ئىنسان ناماز ئارقىلىق ئىشلىرىغا ياردەم تەلەپ قىلىدىغان بولسا، اللە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، ناماز بەندە بىلەن رەببىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پىنھان ئالاقىدۇر. ئىنسان ناماز ئارقىلىق اللە نىڭ ھۇزۇرىغا بارىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىدۇ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ ۋە نامازدىكى رۇكۇ-سەجدە ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىنلىق ئىزھار قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ناماز ئەڭ چوڭ ۋاستە بولىدۇ.

اللە تائالانىڭ **﴿إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾** دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ يەردىكى

---

[1] سۈرە بەقەرە 153- ئايەت.
[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

«بىرگە بولۇش» الله تائالانىڭ يەككە شەخسلەر بىلەن بىرگە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، الله تائالانىڭ بىرگە بولۇشى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى، ھەربىر كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي خالايىقلار بىلەن بىرگە بولۇش. بۇنىڭغا الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى دەلىلدۇر: ﴿وَهُوَ مَعَكُمْ أَيْنَ مَا كُنْتُمْ﴾ «سىلەر قەيەردە بولساڭلار، الله سىلەر بىلەن بىرگە»[1]. شۇنداقلا بۇنىڭغا الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىمۇ دەلىلدۇر: ﴿مَا يَكُونُ مِنْ نَجْوَى ثَلَاثَةٍ إِلَّا هُوَ رَابِعُهُمْ وَلَا خَمْسَةٍ إِلَّا هُوَ سَادِسُهُمْ وَلَا أَدْنَى مِنْ ذَلِكَ وَلَا أَكْثَرَ إِلَّا هُوَ مَعَهُمْ أَيْنَ مَا كَانُوا﴾ «ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، الله ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر، بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، الله ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولمىسۇن، الله ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر»[2].

الله تائالانىڭ ئومۇمىي خالايىقلار بىلەن بىرگە بولۇشى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله تائالا مەخلۇقاتلار بىلەن بىرگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

ئىككىنچى، الله تائالانىڭ يەككە شەخسلەر بىلەن بىرگە بولۇشى —— غەلىبە ۋە ياردەمنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى روياپقا چىقىرىدىغان بىرگە بولۇشتۇر. بۇنداق بىرگە بولۇش پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھ مۇئمىنلەرگىلا تەئەللۇق بولۇپ، بۇ توغرىسىدا قۇرئان كەرىمدىن كۆپلىگەن ئايەتلەر نەقىل قىلىنغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ مَعَ الَّذِينَ اتَّقَوْا وَالَّذِينَ هُمْ مُحْسِنُونَ﴾ «الله ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[3]. الله تائالا يەنە

---

[1] سۈرە ھەدىد 4- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە مۇجادەلە 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە نەھل 128- ئايەت.

مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ «الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[1] . بۇ ئايەتلەر الله تائالانىڭ يەككە شەخسلەر بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر.

لېكىن ھەر ئىككى بىللە بولۇش الله تائالانىڭ ئادەملەر ياشىغان جۇغراپىيىلىك ماكانلاردا قېلىپ ئۇلار بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى الله تائالا ئەرش ئۈستىدە تۇرۇپمۇ كىشىلەر بىلەن بىللە بولۇشقا قادىردۇر. ئەتراپىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، يەر يۈزىدىكى نەرسىلەر ھەرىكەتلىنىۋاتقان ۋاقىتتا، ئاسمان جىسىملىرىمۇ بىللە ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئورنى ئۆزگەرمەيدۇ. ئەرەبلەرنىڭ مۇنداق بىر گېپى بار: «بىز سەپەر قىلىۋاتىمىز، لېكىن ئاي بىزدىن ئايرىلىپ باقمىدى».

ھەممە ئادەم ئاينىڭ ئاسماندا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز سەپەر قىلىۋاتىمىز، لېكىن ئۇكەر يۇلتۇزى بىزدىن ئايرىلىپ باقمىدى». بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق يۇلتۇز. ئۇنداقتا، ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغان رەببىمىزنىڭ ھەربىر ئادەم بىلەن بىللە بولۇشى ۋە ھەر نەرسىنى قورشاپ تۇرۇشى قانداقمۇ مۇمكىن بولمىسۇن! سىز ھەرقانچە يالغۇز قالدىم دېسىڭىزمۇ، الله تائالا ئۆز ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن سىزنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ تۇرىدۇ.

الله تائالانىڭ ﴿إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ «الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[2] دېگەن سۆزىدىن الله تائالانىڭ سەۋر قىلغان كىشىگە ياردەم بېرىدىغانلىقى، ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى ۋە قەدەملىرىنى تېخىمۇ بەرقارار قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

[1] سۇرە بەقەرە 153 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۇرە بەقەرە 153 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئالتىنچى ئايەت، اللە تائالانىڭ ﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ حَتَّى نَعْلَمَ الْمُجَاهِدِينَ مِنْكُمْ وَالصَّابِرِينَ وَنَبْلُوَ أَخْبَارَكُمْ﴾ «بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمىر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (اللە نىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر»[①] دېگەن سۆزىدۇر. يەنى، اللە تائالا ئىمتىھان قىلىش ئارقىلىق بەندىلەر ئىچىدىن ھەقىقىي سەۋر قىلغۇچىلارنى ئايرىش ئۈچۈن بەندىلەرگە جىھادنى پەرز قىلدى. اللە تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا لَقِيتُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا فَضَرْبَ الرِّقَابِ حَتَّى إِذَا أَثْخَنْتُمُوهُمْ فَشُدُّوا الْوَثَاقَ فَإِمَّا مَنًّا بَعْدُ وَإِمَّا فِدَاءً حَتَّى تَضَعَ الْحَرْبُ أَوْزَارَهَا ذَلِكَ وَلَوْ يَشَاءُ اللَّهُ لَانْتَصَرَ مِنْهُمْ وَلَكِنْ لِيَبْلُوَ بَعْضَكُمْ بِبَعْضٍ وَالَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَلَنْ يُضِلَّ أَعْمَالَهُمْ ۞ سَيَهْدِيهِمْ وَيُصْلِحُ بَالَهُمْ ۞ وَيُدْخِلُهُمُ الْجَنَّةَ عَرَّفَهَا لَهُمْ ۞﴾ «سىلەر كۇففارلارغا (جەڭ مەيدانىدا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇب قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ)، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر (يەنى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر) ئىش مانا شۇنداقتۇر. ئەگەر اللە خالىسا ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن اللە بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمىر قىلدى)، اللە نىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ (يەنى شەھىدلەرنىڭ) ئەمەللىرىنى اللە بىكار قىلىۋەتمەيدۇ [4]. اللە ئۇلارنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە ھالىنى ياخشىلايدۇ [5]. اللە ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، اللە ئۇنى ئۇلارغا تونۇتتى (يەنى جەننەتكە كىرگەن ئادەم

---

[①] سۈرە مۇھەممەد 31 ـ ئايەت.

ئۆزىنىڭ ئۇ يەردىكى جايىنى ئىلگىرى كۆرگەندەكلا بىلىدۇ)»[1].

ئايەتتىكى ﴿حَتَّى نَعْلَمَ الْمُجَاهِدِينَ﴾ «(جىهادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە قەدەر» دېگەن سۆزگە كەلسەك، بەزى ئىلمى چولتا كىشىلەر الله تائالا بىرەر ئىش يۈز بەرمىگۈچە ئۇنى بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق چۈشىنىش توغرا ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، الله تائالا ھەربىر ئىشنى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىلا بىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ اللَّهَ يَعْلَمُ مَا فِي السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ إِنَّ ذَلِكَ فِي كِتَابٍ إِنَّ ذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرٌ﴾ «بىلمەمسەنكى، الله ئاسمان، زېمىندىكى شەيئىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن لەۋھۇلمەھپۇزدا (يېزىلغان)، بۇ (يەنى بىلىش) ھەقىقەتەن الله قا ئاسان»[2].

كىمكى «الله تائالا بىر نەرسىنى پەقەت يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن بىلىدۇ» دەپ دەۋا قىلىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇ الله تائالانىڭ پۈتۈن ئىشلارنى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى بىلىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدىغان بۇ ئايەتنى ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا ئايەتلەرنى يالغانغا چىقارغان بولىدۇ.

ئەمما، ﴿حَتَّى نَعْلَمَ الْمُجَاهِدِينَ﴾ «(جىهادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە قەدەر» دېگەن ئايەتتىكى <الله نىڭ بىلىشى>دىن مۇكاپات ياكى جازا ئەگىشىپ كېلىدىغان بىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، الله تائالا بەندە بىر ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ يېقىندا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئېنىقكى، بۇنداق بىلىشكە مۇكاپات ياكى جازا ئەگىشىپ كەلمەيدۇ. ئەمما بەندە ئىمتىھان قىلىنغان ۋاقىتتىكى ئىشلىرىغا قارىتا مۇكاپات ياكى جازاغا لايىق بولىدۇ. دېمەك، الله تائالانىڭ ﴿حَتَّى نَعْلَمَ

[1] سۈرە مۇھەممەد 4 ـ، 5 ـ ۋە 6 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھەج 70 ـ ئايەت.

﴿الْمُجَاهِدِينَ﴾ دېگەن سۆزىدىن مۇكاپات ياكى جازا ئەگىشىپ كېلىدىغان بىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ ﴿حَتَّى نَعْلَمَ الْمُجَاهِدِينَ﴾ دېگەن سۆزىدىن مەقسەت قىلىنغىنى ئاشكارا بىلىشتۇر. چۈنكى، الله تائالا بىرنەرسە مەۋجۇد بولۇشتىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭ يېقىندا مەۋجۇد بولىدىغانلىقىنى ۋە مەۋجۇد بولغان نەرسىنىڭ مەۋجۇد بولۇشتىن ئىلگىرى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ھەم بىلىدۇ. بۇ ئىككى بىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك پەرق بار.

بۇ پەرقنى تۆۋەندىكى مىسال ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ناۋادا بىر كىشى سىزگە: «مەن ئەتە مۇنداق بىر ئىشنى قىلىمەن» دېگەن بولسا، سىزدە ئۇ كىشى خەۋەرلەندۈرگەن ئىش ھەققىدە يۈزەكى بىلىش ھاسىل بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئەتىسى شۇ ئىشنى قىلغان بولسا، سىزدە يەنە بىر بىلىش پەيدا بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ــــ سىزگە سۆزلەپ بەرگەن ئىشنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىنى تەپسىلىي بىلىشتۇر. مانا بۇ ئىككى خىل بىلىش الله تائالانىڭ ﴿حَتَّى نَعْلَمَ﴾ دېگەن سۆزىنى شەرھلەشتىكى ئىككى خىل يولدۇر.

بىرىنچى يولنىڭ مەنىسى بولسا الله تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى بىلىشىدۇر. مانا بۇ بىلىش الله تائالا بەندىسىنى سىناپ ئىمتىھان قىلغاندىن كېيىن بولىدۇ.

ئىككىنچى يولنىڭ كۆرسىتىدىغىنى ئاشكارا بىلىشتۇر. الله تائالا بىر ئىش يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. دېمەك، الله تائالانىڭ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىلىشى يۈز بېرىپ بولغان ئىشلارنى بىلگىنىگە ئوخشاش ھېسابلىنىدۇ.

ئايەتتىكى ﴿الْمُجَاهِدِينَ﴾ دېگەن سۆزگە كەلسەك، «مۇجاھىد» دېگەن سۆز الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغان كىشىنى

كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ ئىلىمى ئارقىلىق جىھاد قىلغان ۋە قورال بىلەن جىھاد قىلغان كىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمەن، ھەر ئىككىلىسى الله يولىدىكى مۇجاھىد ھېسابلىنىدۇ. ئىلىمى ئارقىلىق جىھاد قىلغان كىشى ئۆگەنگەن ئىلىملىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئىلىمنى تارقىتىش ئارقىلىق الله نىڭ شەرىئىتىنى ھاكىم قىلىش ئۈچۈن كۈچ قوشىدۇ. دۈشمەنلەرگە قارشى قوراللىق جىھاد قىلغان كىشى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلغان بولسا، بۇنداق كىشىمۇ الله يولىدىكى مۇجاھىد ھېسابلىنىدۇ.

ئايەتتىكى ﴿وَالصَّابِرِينَ﴾ دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇلار جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ جىھاد قىلغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئايەتتىكى ﴿وَنَبْلُوَ أَخْبَارَكُمْ﴾ دېگەن سۆز «بىز سىلەرنى ئىمتىھان قىلىش ئارقىلىق، جازالاشقا ياكى مۇكاپاتلاشقا لايىق ئەمەللىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولىمىز» دېگەنلىك بولىدۇ.

الله تائالا بۇ سىناقلارنى زىكىر قىلغاندا ﴿وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ﴾ «سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن»[①] دېگەن. بۇ ئايەتتىكى خىتاب يالغۇز پەيغەمبەرﷺ گىلا خاس بولماستىن، بەلكى بۇ ئايەتنى ئوقۇغان ھەربىر كىشىگە ئومۇمىيدۇر. يەنى، ئى مۇھەممەد! ئى بۇ خىتابقا قۇلاق سالغۇچى بەندە! دۇچ كەلگەن سىناقلارغا غەزەپلىنىپ نارازىلىق بىلدۈرمەستىن، چىرايلىق سەۋر قىلغان كىشىلەرگە خۇش بېشارەت بەرگىن.

سىناقلارغا رازى بولۇش، ھەتتا بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش بالا ـ مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىشنىڭ ئەڭ گۈزەل ھالىتى ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، الله نىڭ سىناقلىرىغا مۇلاقات بولىدىغان كىشىلەرنىڭ

---

① سۈرە بەقەرە 155 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

هالىتى تۆت خىل بولىدۇ. ئۇلار: غەزەپلىنىش، سەۋر قىلىش، رازى بولۇش ۋە شۈكۈر قىلىشتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ۝ الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُمْ مُصِيبَةٌ قَالُوا إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ۝﴾ «(بىشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگىن [155]. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: <بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى الله نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز> دەيدۇ [156]»[1].

الله تائالانىڭ ﴿قَالُوا إِنَّا لِلَّهِ﴾ «<بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى الله نىڭ بەندىلىرىمىز)» دېگەن ئايىتىگە كەلسەك، ئەگەر ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە، ھەممە نەرسىنىڭ، شۇنداقلا ئۆز ئىلىكىدىكى نەرسىلەرنىڭمۇ الله تائالانىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەمدە الله تائالانىڭ ھەممە نەرسىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىشىغا رازى بولىدۇ. شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ ﷺ قىزلىرىدىن بىرىگە: «إن للّه ما أخذ وله ما أعطى» «ئالغان نەرسە الله نىڭ، بەرگىنىمۇ الله نىڭ» دېگەن.[2] دېمەك، سىز الله تائالانىڭ مۈلكى ھېسابلىنىسىز، ئۇنداق بولغانىكەن الله تائالا ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى ۋە خاھىشى بويىچە خالىغان ئىشلارنى قىلىدۇ.

الله تائالانىڭ ﴿وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾ «چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دېگەن ئايىتىگە كەلسەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چوقۇم الله تەرەپكە قايتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلار الله تەقدىر قىلغان مۇسىبەتلەرگە غەزەپلەنسە جازالىنىدىغانلىقىنى، سەۋر قىلسا مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

[1] سۈرە بەقەرە 155 ـ ۋە 156 ـ ئايەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

اللہ تائالا ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أُولَئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِنْ رَبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُهْتَدُونَ﴾ «ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر»[1]. «الصلوات» دېگەن سۆز اللہ تائالانىڭ سەۋر قىلغۇچىلارنى بىر توپ پەرىشتىلەر ئالدىدا ماختايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

اللہ تائالانىڭ ﴿وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُهْتَدُونَ﴾ «ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، اللہ تائالا ھىدايەت ئاتا قىلغان كىشىلەر مۇسىبەتكە ئۇچرىسا غەزەپلەنمەيدۇ ياكى نارازىلىق بىلدۈرمەيدۇ، ئەكسىچە يەتكەن مۇسىبەتلەرگە چىرايلىق سەۋر قىلىدۇ. بۇ ئايەتتە شۇنىڭغا دەلىل باركى، ئايەتتىكى ﴿صَلَوَاتٌ مِنْ رَبِّهِمْ﴾ دېگەن جۈملە اللہ تائالانىڭ رەھمىتىنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى بۇ سۆز ئۇنىڭدىنمۇ ئالاھىدە، ئۇنىڭدىنمۇ مۇكەممەل ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ.

بىر بۆلۈك ئالىملار «‹الصلاة› دېگەن سۆزنى تەپسىرلەپ: بۇ سۆز اللہ تائالا تەرەپتىن بولسا رەھمەتنى، پەرىشتىلەر تەرەپتىن بولسا دۇئانى، ئادەملەر تەرەپتىن بولسا مەغپىرەت تىلەشنى ئۇقتۇرىدۇ» دېگەن. ئەمما بۇ توغرا قاراش ئەمەستۇر. «الصلاة» دېگەن سۆزنى «رەھمەت» دەپ ئىزاھلاش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، اللہ تائالا «وَرَحْمَةٌ» «رەھمەت» دېگەن سۆز بىلەن «الصلوات» دېگەن سۆزنى باغلىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق بىر ئورۇندا كەلتۈرگەن بولۇپ، سۆزلەرنى باغلىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق بىر ئورۇندا كەلتۈرۈش بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئوخشىمىغان مەنىلەردە قوللىنىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئالىملار: «اللهم ارحم فلانا» «ئى اللہ ، پالانچىغا رەھىم قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن «اللهم

[1] سۈرە بەقەرە 157 ـ ئايەت.

صل عليه» دەپ دۇئا قىلىشىنىڭ دۇرۇسلۇقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇنداق دۇئا قىلىشنى مۇتلەق دۇرۇس دەپ قارىغانلارمۇ بار ۋە بۇنى مۇتلەق توسقانلارمۇ بار، شۇنداقلا «بۇنداق دۇئا قىلىش پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگەشتۈرۈلۈپ دېيىلسە دۇرۇس» دەپ قارىغانلارمۇ بار. توغرىسى شۇكى، بۇنداق دۇئانى خۇددى «اللهم صل على محمد وعلى آل محمد» دېگەن دۇئاغا ئوخشاش پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگەشتۈرۈپ قىلىش دۇرۇس. ئەمما بىرەر زۆرۈرىيەت تۈپەيلى پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگەشتۈرمەي دۇئا قىلغان بولسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا وَصَلِّ عَلَيْهِمْ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن»[1]. ئومۇمەن، ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالماستىن، زۆرۈرىيەت ئۈچۈن مۇشۇنداق دۇئا قىلىش دۇرۇستۇر.

ناۋادا بىر ئادەم سىزگە زاكىتىنى ئېلىپ كېلىپ: «بۇ مېنىڭ زاكىتىم، بۇنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىڭ» دېگەن بولسا، سىزنىڭ «صلى الله عليك» «الله سىزگە رەھمەت ئاتا قىلسۇن» دەپ دۇئا قىلىشىڭىز دۇرۇس. چۈنكى الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نى زاكاتلىرىنى ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرگە دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغان.

## 25 ـ ھەدىس

وعن أبي مالكٍ الحارث بن عاصم الأشعريِّ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: قَالَ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «الطُّهُورُ شَطْرُ الإيمان، والحَمدُ للَّه تَمْلأُ الميزَانَ، وَسُبْحَانَ اللَّه والحَمدُ للَّه تَملآن - أَوْ تَمْلأُ - مَا بَينَ السَّماوَاتِ وَالأَرْضِ، والصَّلاةُ نُورٌ، والصَّدقةُ بُرهَانٌ، والصَّبْرُ ضِياءٌ، والقُرْآنُ حُجةٌ لَكَ أَوْ عَلَيْكَ. كُلُّ النَّاسِ يَغْدُو فَبَائعٌ نَفسَهُ فَمُعْتِقُهَا أَوْ مُوبِقُها». رواه مسلم.

[1] سۈرە تەۋبە 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەبۇ مالىك ھارىس ئىبنى ئاسىم ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «پاكىزلىق ئىمانىنىڭ يېرىمىدۇر. اللە قا ھەمدە ئېيتىش تارازا ـ مىزاننى توشقۇزىدۇ، اللە نى پاك دەپ ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا ھەمدە ئېيتىش (يەنى سۇبھانەللاھ ۋەلھەمدۇلىللاھ دېيىش) ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ ئارىسىنى توشقۇزىدۇ. ناماز نۇردۇر، سەدىقە پاكىتتۇر، سەۋر نۇرلۇق چىراقتۇر. قۇرئان سېنىڭ پايداڭغا ياكى زىيىنىڭغا ھۆججەتتۇر. ھەرقانداق ئىنسان سەھەردىن باشلاپ ئۆز ئىشىغا ماڭىدۇ؛ ئۇ ياخشى ئىش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزىدۇ ياكى يامان ئىش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ».[1]

## شەرھىسى

بىز يۇقىرىدا سەۋرنىڭ مۇكاپاتلىرى ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇش ھەققىدىكى ئايەتلەرگە ئىزاھات بېرىپ ئۆتتۇق. مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ سەۋر ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى بايان قىلىپ، ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان بۇ ھەدىسنى كەلتۈرگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەدىستە پاكىزلىق ئىمانىنىڭ يېرىمى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا سەۋرنىڭ نۇر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىنسان قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا سەۋر قىلىش يولىنى تاللىسا، سەۋر ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھىدايەتكە باشلاپ ماڭىدىغان نۇرلۇق مەشئەلنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. سەۋر اللە تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۈرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ قەلب نۇرى ۋە ھىدايەت چىرىقىدۇر. ئىنسان سەۋر قىلىش ئارقىلىق اللە قا يېقىنلاشقانسېرى اللە تائالا ئۇنىڭ ھىدايىتىنى تېخىمۇ زىيادە، قەلب كۆزىنى تېخىمۇ روشەن قىلىدۇ. شۇنىڭ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئۇچۇن پەيغەمبەر ﷺ: «والصبر ضياء» «سەۋر نۇرلۇق چىراقتۇر» دېگەن.

ھەدىسنىڭ باش قىسمىدىكى «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر» دېگەن سۆزگە كەلسەك، «الطهور» دېگەن سۆزدىن ئىنساننىڭ پاكلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «شطر الإيمان» دېگەن سۆز «ئىماننىڭ يېرىمى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ئىمان شېرىك ۋە باشقا گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن پاكلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ يەردىكى پاكلىق ئىنساننىڭ ماددىي ۋە مەنىۋي جەھەتتىكى پاكلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ پاكلىقنى «ئىماننىڭ يېرىمى» دەپ ئېيتقان.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «والحمد للّٰه تملأ الميزان» «اللّٰه قا ھەمدە ئېيتىش تارازا-مىزاننى توشقۇزىدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئىبنى ئەلان بۇنى ئىخچام چۈشەندۈرۈپ: «بۇ جۈملە چوڭقۇر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە ھەمدە تۈرلىرىنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئەۋزەل شەكلىنى كۆرسىتىپ بەرگەن» دېگەن. شۇڭا بۈيۈك كىتاب قۇرئان كەرىم اللّٰه قا ھەمدە ئېيتىش بىلەن باشلانغان.

«والحمد للّٰه» دېگەن سۆز اللّٰه تائالانى ئىختىيارى ھالەتتە گۈزەل سۆزلەر بىلەن مەدھىيىلەش، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ۋە ھۆكمىگە رازى بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

«الميزان» — بۇنىڭدىن ئەمەللەر ئۆلچىنىدىغان ھەقىقىي <مىزان> مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەمەللەرنى تارتىش ياكى ئەمەللەرنى جىسىمغا ئايلاندۇرۇش ۋە ياكى دەپتەرلەرنى ئۆلچەش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن مۇئمىنلەرنىڭ يامانلىق دەپتەرلىرى يەڭگىل كېلىپ، ياخشىلىق دەپتەرلىرى ئېغىر كېلىدۇ. «والحمد للّٰه» دېگەن كەلىمە بارلىق سالىھ ئەمەللەرنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن بۇ كەلىمىنىڭ ساۋابى مىزاننى توشقۇزىدۇ. چۈنكى، اللّٰه قا ھەمدۇ-سانا ئېيتىش بەزىدە اللّٰه نىڭ كامىل سۈپەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرسا، بەزىدە ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ؛ بەزىدە

بەندىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئۇقتۇرسا، يەنە بەزىدە الله نىڭ ئەڭ ئالىي ئورۇندا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

«الحمد» دېگەن سۆزدىكى ئەلىف ۋە لام ئومۇمنى ئۇقتۇرغانلىقى ئۈچۈن بىز بىلگەن ۋە بىلمىگەن بارلىق ماختاش تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەقىقەتەن بۇنداق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش ئىلاھ بولۇشقا لايىق زاتنىڭ سۈپىتىدۇر.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «وسبحان اللّٰه والحمد للّٰه تملآن - أو تملأ - ما بين السماوات والأرض» «الله نى پاك دەپ ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا ھەمدە ئېيتىش (يەنى سۇبھانەللاھ ۋەلھەمدۇلىللاھ دېيىش) ئاسمان-زېمىنىنىڭ ئارىسىنى توشقۇزىدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، «سبحان اللّٰه» دېگەن سۆزدە الله نى بارلىق نۇقساندىن پاكلاش، «الحمد للّٰه» دېگەن سۆزدە الله نى بارلىق مۇكەممەللىك بىلەن سۈپەتلەش مەقسەت قىلىنىدۇ.

ھەقىقەتەن، بۇ ئىككى كەلىمىدە ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاكلاش بىلەن كەم-كۈتسىز مۇكەممەللىكنى ئىسپاتلاش بىرلەشتۈرۈلگەن. دېمەك، «سبحان اللّٰه» دېگەن سۆز ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاكلاش رولىنى ئۆتىسە، «الحمد للّٰه» دېگەن سۆز مۇكەممەللىك سۈپىتىنى ئىسپاتلاش رولىنى ئۆتەيدۇ.

تەسبىھ ئېيتىش — الله تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىدە، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ۋە ئەھكاملىرىدا نالايىق سۈپەتلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، الله تائالا ئىسىم-سۈپەتلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە ھۆكۈملىرىدە بارچە ئەيىب-نۇقساندىن پاكتۇر.

الله تائالا ھەرقانداق ھالەتتە مەدھىيىلىنىشكە لايىق زاتتۇر. پەيغەمبەر ﷺ گە بىرەر خۇرسەنچىلىك يەتسە: «الحمد للّٰه الذي بنعمته تتم الصالحات» «نېئمىتى بىلەن ياخشى ئىشلار تاماملىنىدىغان الله قا ھەمدۇ-سانا بولسۇن!» دەيتتى. ئەگەر ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىشقا ئۇچرىسا: «الحمد للّٰه على كل حال» «ھەرقانداق

ھالەتتە اللە قا ھەمدۇ-سانا بولسۇن!» دەيتتى.[1] ئەمما كىشىلەر ئارىسىدا تارقالغان: «الحمد للّٰه الذي لايحمد على مكروه سواه» «ياقتۇرۇلمايدىغان ئىشلار ھەققىدە ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ھەمدە ئېيتىلمايدىغان اللە قا ھەمدۇ-سانا بولسۇن!» دېگەن سۆز كەمتۈك ھەمدە ئېيتىشتۇر. چۈنكى، «ياقتۇرۇلمايدىغان ئىشقا» دېگەن بۇ سۆز سەۋرنىڭ ئازلىقىنى ياكى ھېچ بولمىسا سەۋرنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى ۋە كەلگەن مۇسىبەتنى ياقتۇرمىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئىنساننىڭ بۇ سۆزلەرنى ئىشلەتمەي، بەلكى پەيغەمبەر ﷺ ئىشلەتكەن سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ: «ھەرقانداق ھالەتتە اللە قا ھەمدۇ-سانا بولسۇن!» دېيىشى ياكى «ھەرقانداق ھالەتتە ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ھەمدە ئېيتىلمايدىغان اللە قا ھەمدۇ-سانا بولسۇن!» دېيىشى ئەۋزەلدۇر.

كىشىلەر ئارىسىدا تارقالغان «ياقتۇرۇلمايدىغان ئىشلار ھەققىدە ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ھەمدە ئېيتىلمايدىغان اللە قا ھەمدۇ-سانا بولسۇن!» دېيىش، اللە تەرەپتىن يەتكەن مۇسىبەتكە نارازى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئوچۇق سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەشتۇر. مەن بۇ سۆزنى ئىشلىتىش ياخشى ئەمەس دېيىش ئارقىلىق «ئىنسان ئۆزىگە يەتكەن بالا-مۇسىبەتنى يامان كۆرمەسلىكى كېرەك» دېمەيمەن. چۈنكى، ئىنسان تەبىئىتى بۇنى ياقتۇرمايدۇ. لېكىن سىز اللە نى مەدھىيىلەيدىغان ئورۇندا تىلىڭىز بىلەن بۇنى ئاشكارا قىلماڭ. ئەكسىچە پەيغەمبەر ﷺ ئىشلەتكەن سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلىتىڭ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «والصلاة نور» «ناماز نۇردۇر» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ناماز بەندىنىڭ قەلبىدە، يۈزىدە، قەبرىسىدە ۋە مەھشەر مەيدانىدا يورۇق نۇر بولۇپ جۇلالىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز كۆپىنچە ھاللاردا كۆپ ناماز ئوقۇيدىغان،

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

نامىزنى الله تىن قورقۇش تۇيغۇسى بىلەن ئادا قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ يۈزىنىڭ نۇرلۇق بولىدىغانلىقىنى بايقايسىز. شۇنىڭدەك، ناماز بەندىنىڭ قەلبىدە پارلاپ تۇرغان يورۇق نۇرغا ئايلىنىپ، ئۇنى الله نىڭ بارچە ئىسىم-سۈپەتلىرىنى توغرا تونۇشقا يېتەكلەيدۇ. ناماز نۇر بولۇپ ئىنساننىڭ قەبرىسىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكىدۇر. ئەگەر تۈۋرۈك مۇستەھكەم بولسا بىنا مۇستەھكەم بولىدۇ، تۈۋرۈك مۇستەھكەم بولمىسا بىنامۇ مۇستەھكەم بولمايدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك، ناماز مەھشەر مەيدانىدا يورۇق نۇرغا ئايلىنىپ، ئىگىسىنى قىيامەتنىڭ زۇلمەتلىرىدىن قۇتقۇزىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنىڭدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «من حافظ عليها كانت له نورا، وبرهانا، ونجاة يوم القيامة، ومن لم يحافظ عليها لم يكن له نور، ولا برهان، ولا نجاة، وكان يوم القيامة مع قارون، وفرعون، وهامان، وأبي بن خلف» «كىمكى نامازغا ئەھمىيەت بەرسە، ناماز قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە نۇر، ھۆججەت ۋە نىجاتلىق بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىسە، ناماز قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە نۇر، ھۆججەت ۋە نىجاتلىق بولمىغاننىڭ ئۈستىگە ئۇ كىشى پىرئەۋن، ھامان، قارۇن ۋە ئۇبەي ئىبنى خەلەفلەر بىلەن بىللە بولىدۇ».[①]

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ناماز ئىنساننىڭ بارچە ھالەتلىرىدە نۇر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نامازغا ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇنىڭغا ھېرىسمەن بولغان ۋە كۆپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ئىلمى ۋە نۇرىمۇ زىيادە بولىدۇ.

سەۋر ھەققىدە توختالساق، پەيغەمبەر ﷺ «والصبر ضياء» «سەۋر نۇرلۇق چىراقتۇر» دېگەن. دېمەككى، سەۋر نۇردۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**هُوَ الَّذِي جَعَلَ الشَّمْسَ ضِيَاءً وَالْقَمَرَ نُورًا**﴾ «الله قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلىپ

---

[①] ئەھمەد توپلىغان. ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

ياراتتى»[1]. دېمەك، سەۋرنىڭ نۇرى يۇقىرى ھارارەتكە ئىگە نۇر بولۇپ، ئۇنىڭدا ھارارەت ۋە چارچاش تەڭ مەۋجۇدتۇر. سەۋر قاچىسى جاپا-مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىق بىلەن پۈتۈلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەجرى تولىمۇ كاتتا ۋە ھېسابسىز بولىدۇ. نامازدىكى نۇر بىلەن سەۋردىكى نۇر روشەن پەرقلىنىدۇ. سەۋردىكى نۇر ھارارەتلىك بولغاچقا، چارچاش ۋە ھارغىنلىق ئىنسانغا ھەمراھ بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «والصدقة برهان» «سەدىقە پاكىتتۇر» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، سەدىقە دېگىنىمىز الله قا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئائىلىسىگە، كەمبەغەللەرگە، مەسجىد بىنا قىلىش، شۇنداقلا ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقىنى ئىماننىڭ ھۆججىتى دەپ ئاتايمىز. چۈنكى، مال-مۈلۈك دېگەن ئىنسان نەپسىگە سۆيۈملۈك نەرسە بولغاچقا، مال-مۈلكىنى سەدىقە قىلىش نەپس ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر تۇيۇلىدۇ. ئىنساننىڭ الله رازىلىقى ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىشى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى ئۇنىڭدىنمۇ سۆيۈملۈك زات ئۈچۈن سەرپ قىلغىنىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەندىنىڭ الله ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىشى ئىماننىڭ ساپ ۋە كامىل ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ. شۇڭلاشقا سىز ئىماندا راستچىل كىشىلەرنىڭ سەدىقە قىلىشقا ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «والقرآن حجة لك أو عليك» «قۇرئان سېنىڭ پايداڭغا ياكى زىيىنىڭغا ھۆججەتتۇر» دېگەن سۆزى ھەققىدە توختالساق، قۇرئان الله نىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسى ۋە الله نىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى روشەن پاكىتىدۇر. ئۇ قىيامەت كۈنى سىزنىڭ مەنپەئىتىڭىز ياكى زىيىنىڭىز ئۈچۈن ھۆججەت

[1] سۈرە يۇنۇس 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولىدۇ. ئەگەر سىز قۇرئاننى تەستىقلاپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىپ، چەكلىمىلىرىدىن يانسىڭىز ھەمدە قۇرئاندا كەلتۈرۈلگەن ھەممە خەۋەرلەرگە شەرتسىز ئىمان كەلتۈرۈپ، قۇرئان كەرىمنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەشنى ئۆز بۇرچۇم دەپ بىلسىڭىز، بۇ ھالدا ئۇ سىزنىڭ مەنپەئىتىڭىز ئۈچۈن ھۆججەت بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە قۇرئانغا ئەمەل قىلىشنى تەرك ئېتىپ، ئۇنىڭ يوليورۇقلىرىغا بويسۇنمىسىڭىز قۇرئاننى خورلىغان بولىسىز. ئۇ ھالدا قىيامەت كۈنى قۇرئان سىزنىڭ زىيىنىڭىزغا ھۆججەت بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئورۇندا قۇرئاننىڭ ئادەملەرنىڭ پايدىسى ياكى زىيىنىغا ھۆججەت بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇرئان سىزنىڭ پايدىڭىزغا ياكى زىيىنىڭىزغا ھۆججەت بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئەھۋال مەۋجۇد ئەمەس. ئۇ ھەرقانداق ھالەتتە سىزنىڭ پايدىڭىزغا ياكى زىيىنىڭىزغا ھۆججەت بولىدۇ. شۇڭا الله تائالادىن قۇرئاننى ھەممىمىزنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھۆججەت قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز. شۇندىلا بىز قۇرئان كەرىم بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە توغرا يول تاپالايمىز.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «كل الناس يغدو فبائع نفسه فمعتقها أو موبقها» «ھەرقانداق ئىنسان سەھەردىن باشلاپ ئۆز ئىشىغا ماڭىدۇ؛ ئۇ ياخشى ئىش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزىدۇ ياكى يامان ئىش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ناھايىتى ئېنىقكى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كېچىدە ئارام ئېلىپ كۈندىلىك مەشغۇلاتىنى سەھەردىن باشلايدۇ. الله تائالا كېچىنى ئادەم بەدىنى ئۈچۈن راھەت قىلىپ ياراتقان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَهُوَ الَّذِي يَتَوَفَّاكُمْ بِاللَّيْلِ وَيَعْلَمُ مَا جَرَحْتُمْ بِالنَّهَارِ ثُمَّ يَبْعَثُكُمْ فِيهِ﴾ «الله سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە ياشىشىڭلار

ئۈچۈن، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدۇ»[1].

كېچىدىكى ئۇيقۇ ئادەم ئۈچۈن كىچىك ئۆلۈم ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بەدەنلەر راھەتلىنىپ نېرۋىلار ئارام ئالىدۇ، ئادەم بەدىنىدىكى ھەرقايسى ئەزالار يېڭىدىن كۈچكە تولۇپ، يېڭى بىر كۈن ئۈچۈن كۆتۈرەڭگۈ روھقا ئىگە بولىدۇ.

سەھەر ۋاقتى بولغاندا ھەربىر كىشى ئۆز مەشغۇلاتىغا تۇتۇش قىلىدۇ. مۇسۇلمان كىشىنىڭ تۇنجى قەدىمى ياخشىلىق ئۈچۈن بېسىلسا، كاپىرلارنىڭ تۇنجى قەدىمى گۇناھ-مەئسىيەت ۋە يامانلىق ئۈچۈن بېسىلىدۇ (الله ساقلىسۇن). چۈنكى مۇسۇلمان كىشىنىڭ سەھەر بولغاندا تۇنجى قىلىدىغان ئىشى «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر» دېگەن ھەدىسنىڭ روھى بويىچە، تاھارەت ئارقىلىق پاكلىنىپ، ناماز ئوقۇش بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ تۇنجى كۈننى روھ ۋە بەدەننى پاكلايدىغان، بەندە بىلەن رەببى ئوتتۇرسىدىكى ئالاقىنى ئۇلايدىغان ناماز ئارقىلىق باشلايدۇ. ئۇ سەھەردىكى تۇنجى قەدىمىنى الله نىڭ ئىبادىتىگە قەدەم قويۇش ئارقىلىق باشلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ تۇنجى سۆزى تەۋھىد كەلىمىسى ئارقىلىق باشلانغان بولىدۇ. چۈنكى، مۇئمىن ئويغانغاندا ئۇيقۇدىن ئويغانغان ۋاقىتتا ئوقۇلىدىغان زىكىرنى ۋە ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئون ئايەتنى ئوقۇيدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمان كىشى ئەتىگەندە ئۆزىنىڭ بارچە مەشغۇلاتىنى الله ئۈچۈن سەرپلىگەن بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ ئۆزىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلغان ھېسابلىنامدۇ؟

ھەئە، مۇسۇلمان كىشى شۇ كۈننى ئۆزىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ «ھەرقانداق ئىنسان سەھەردىن باشلاپ ئۆز ئىشىغا ماڭىدۇ؛ ئۇ ياخشى ئىش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى

[1] سۈرە ئەنئام 60- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھالاكەتتىن قۇتقۇزىدۇ ياكى يامان ئىش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ» دېگەن. شۇنداق، مۇسۇلمان ئۆزىنى قۇتقۇزىدىغان ئەمەللەر ئارقىلىق تاڭ ئاتقۇزىدۇ، كاپىر كىشى بولسا دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىگە ۋاقتى ۋە ھاياتىنى سەرپلەيدۇ.

كاپىر كىشى سەھەردىكى تۇنجى ئىشىنى اللە قا ئاسىي بولۇش بىلەن باشلايدۇ. كاپىر اللە قا شېرىك كەلتۈرگەن ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزغان بولسا گەرچە ئۇ ئادەتتىكىدەك يەپ ـ ئىچكەن بولسىمۇ بۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. قىيامەت كۈنى كاپىر ھالەتتە تۇرۇپ ئېغىزىغا سالغان بىر يۇتۇم سۇيىدىن تارتىپ، بىر لوقما تاماقلىرىغىچە تېگىشلىك ئازابقا دۇچار بولىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ قُلْ هِيَ لِلَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ**﴾ «ئېيتقىنكى، <اللە بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟> ئېيتقىنكى، <ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆئمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۆئمىنلەرگىلا خاستۇر>»[1] . يەنى، قىيامەت كۈنىدىكى نېئمەت پەقەت مۆئمىنلەرگىلا خاس بولۇپ، ئۇنىڭغا كاپىرلار شېرىك بولالمايدۇ. ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە، ئۇ مۆئمىنلەردىن باشقىلارغا ھارام بولۇپ، قىيامەت كۈنى كاپىرلار دۇنيادا مۆئمىنلەرگە تەئەللۇق نېسۋىلەرنى يەۋالغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئازابلىنىدۇ.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لَيْسَ عَلَى الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ جُنَاحٌ فِيمَا طَعِمُوا**﴾ «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ»[2]. بۇ بولسا ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. مۆئمىنلەردىن باشقا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتا

---

[1] سۈرە ئەئراف 32ـ ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە 93ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىستېمال قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىگە گۇناھ پۈتۈلۈپ ماڭىدۇ. دېمەك، كاپىر تاڭ ئاتقۇزغان ۋاقىتتىن تارتىپ ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئەمما مۇئمىن ئۆزىنى ئازاد قىلىدىغان ۋە دوزاختىن قۇتقۇزىدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ. بىز الله تائالادىن ھەممىمىزنى شۇنداق مۇئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن قىلىشىنى سورايمىز.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەدىسىنىڭ ئاخىرىدا كىشىلەرنىڭ ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەدىستە «والقران حجة لك» «قۇرئان سېنىڭ پايداڭغا ھۆججەتتۇر» دېگەندەك، قۇرئان كەرىم بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ھۆججەت بولىدۇ. بۇ تۈردىكى كىشىلەر سالىھ ئەمەللىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى دوزاختىن ئازاد قىلسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر يامان ئەمەللىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىدۇ. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 26 ـ ھەدىس

وعن أبي سَعيد سعدِ بن مالكِ بنِ سنانٍ الخدري رضي اللَّه عنهما: أَنَّ نَاسًا مِنَ الأَنْصَارِ سَألوا رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - فَأَعْطَاهُمْ، ثُمَّ سَألوهُ فَأَعْطَاهُمْ، حَتَّى نَفِدَ مَا عِنْدَهُ، فَقَالَ لَهُمْ حِينَ أَنْفَقَ كُلَّ شَيءٍ بِيَدِهِ: «مَا يَكُنْ عِنْدي مِنْ خَيْرٍ فَلَنْ أَدَّخِرَهُ عَنْكُمْ، وَمَنْ يَسْتَعْفِفْ يُعِفهُ اللَّه، وَمَنْ يَسْتَغْنِ يُغْنِهِ اللَّه، وَمَنْ يَتَصَبَّرْ يُصَبِّرْهُ اللَّه. وَمَا أُعْطِيَ أَحَدٌ عَطَاءً خَيْرًا وَأَوْسَعَ مِنَ الصَّبْرِ» مُتَّفَقٌ عليه.

ئەبۇ سەئىد سەئىد ئىبنى مالىك ئىبنى سىنان خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئەنسارىلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ دىن غەنىيمەتلەردىن بېرىشىنى سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا غەنىيمەتلەردىن بەردى. ئۇلار يەنە سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا يەنە بەردى. نەتىجىدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قولىدىكى ھەممە نەرسە تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۇلارغا: «مەن ئۆزۈمدىكى ياخشى نەرسىلەرنى سىلەردىن ھەرگىز ئايىمايمەن. كىمكى

ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا، الله ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ. كىمكى بىھاجەت بولۇشنى تەلەپ قىلسا، الله ئۇنى باي قىلىدۇ، كىمكى سەۋر قىلسا، الله ئۇنى سەۋرچان قىلىدۇ. بىراۋغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى مول رىزىق سەۋرچانلىقتۇر» دېدى.[①]

## شەرھىسى

رەسۇلۇللاھ ﷺ باشقىلار بىرنەرسە سورىسا يېنىدا بولۇپلا قالسا ئۇنى بېرەتتى. ئۇ ھېچقاچان پېقىرلىقتىن خەۋپسىرەپ ياكى قول ئىلكىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن قورقۇپ، بىرنەرسە سوراپ كەلگەن كىشىلەرنى قۇرۇق قول قايتۇرۇپ باقمىغانىدى. ئەمما ئۇيەدە بولسا غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرەتتى. شۇنچە ھۆرمەتلىك ۋە ئابرۇيلۇق كىشى تۇرۇپ بەزىدە ئاچ قالاتتى، ھەتتا ئاچلىقتىن قورسىقىغا تاش تاڭاتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزىدىن بىرنەرسە سوراپ كەلگەن كىشىلەرگە قولىدىكى نەرسىلەرنى بېرىپ تۈگىتىۋەتكەندىن كېيىن: «ما يكن عندي من خير فلن أدخره عنكم» «مەن ئۆزۈمدىكى ياخشى نەرسىلەرنى سىلەردىن ھەرگىز ئايىمايمەن» دېگەن. دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆزىدىكى نەرسىلەرنى ئاياپ ئۇلارغا بەرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى ئىپپەتلىك، سەۋرچان ۋە باشقىلاردىن بىھاجەت بولۇشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ومن يستعفف يعفه اللَّه، ومن يستغن يغنه اللَّه، ومن يتصبر يصبره اللَّه» «كىمكى ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا، الله ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ؛ كىمكى بىھاجەت بولۇشنى تەلەپ قىلسا، الله ئۇنى باي قىلىدۇ؛ كىمكى سەۋر قىلسا، الله ئۇنى سەۋرچان قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ بۇ بۆلىكى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

• كىمكى موھتاجلىقتىن پاناھ تىلىسە، اللە تائالا ئۇنى كىشىلەردىن بىھاجەت قىلىدۇ. يەنى، كىمكى اللە نىڭ ھۇزۇرىدىكى نەرسىلەر بىلەن كۇپايىلىنىپ كىشىلەرنىڭ قوللىرىدىكى نەرسىلەردىن بىھاجەت بولۇشنى تەلەپ قىلسا، اللە ئۇنى باشقىلارغا موھتاج قىلىپ قويمايدۇ. ئەمما، كىمكى باشقىلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى تەمە قىلىپ باشقىلاردىن بىرنەرسە سوراپ ئادەتلەنسە، مەنىۋىي موھتاجلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ ۋە پېقىرلىققا مۇپتىلا بولىدۇ. ھەقىقىي بايلىق قەلب بايلىقى بولۇپ، اللە تىن باشقىغا ئۈمىد باغلىمايدىغان ۋە اللە تىن باشقىسىغا موھتاجلىقىنى ئىزھار قىلمايدىغان كىشى قەلبى باي كىشىدۇر. ئەگەر ئىنسان باشقىلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن بىھاجەت بولۇشنى تەلەپ قىلسا، اللە ئۇنى موھتاجلىقتىن خالاس قىلىدۇ.

• كىمكى ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا، اللە ئۇنى ھارام ئىشلاردىن يىراق قىلىدۇ. كىمكى زىنا ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ھارام ئىشلاردىن يىراق بولۇشنى تەلەپ قىلسا، اللە ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ. ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلگەن، زىنا ۋە شاللاقلىقتىن نېرى بولمىغان، كۆز، قۇلاق ۋە قول ـ پۇتنىڭ زىناسىدىن ساقلانمىغان كىشى ئەڭ قەبىھ گۇناھلاردىن بىرى بولغان ئەۋرەت زىناسىغا مۇپتىلا بولىدۇ (اللە ساقلىسۇن!). دېمەك، ئىنسان ھارام ئىشلاردىن يىراق بولۇشنى اللە تىن تەلەپ قىلسا، اللە ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ.

• كىمكى سەۋرلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا، اللە ئۇنى سەۋرچان قىلىپ قويىدۇ. يەنى، اللە ئۇنىڭغا سەۋرنى نېئمەت قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر سىز نەپسىڭىزنى ھارام ئىشلاردىن يىغىپ، ئۆزىڭىزدىكى موھتاجلىق ۋە كەمبەغەللىككە سەۋر قىلسىڭىز، شۇنداقلا باشقىلاردىن بىزەڭلىك بىلەن بىرنەرسە سورىمىسىڭىز، اللە تائالا سىزگە سەۋر ئاتا قىلىدۇ ۋە سىزنى سەۋرچانلاردىن قىلىپ قويىدۇ. ھەدىسنىڭ بۇ بۆلىكى سەۋر ھەققىدىكى مۇھىم

مەزمۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر بابتا بايان قىلىنغان.

ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ «وما أعطي أحد عطاء خيرا وأوسع من الصبر» «بىراۋغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى مول رىزىق سەۋرچانلىقتۇر، ھېچبىر كىشىگە سەۋردىنمۇ ياخشى مول رىزىق بېرىلمىدى» دېگەن. چۈنكى ئىنسان سەۋرچان بولسا ھەرقانداق نەرسىگە بەرداشلىق بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە، سەۋر قىلىدۇ، نەپسى-خاھىشىغا ئەگەشمەيدۇ، مەغلۇبىيەتلەر ئالدىدا ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ.

ئەگەر الله تائالا بىر كىشىگە سەۋر ئاتا قىلغان بولسا، مانا بۇ شۇ كىشىگە بېرىلگەن نېئمەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز سەۋرچان كىشىنىڭ ئۆزىگە قىلىنغان قوپاللىق ۋە مۇتتەھەملىكلەرگە ئېسىللىق بىلەن پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بايقايسىز. سەۋرچان كىشى دۇنيا مۇسىبەتلىرىنىڭ الله نىڭ سىناقلىرى ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەچكە، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئىچى سىقىلمايدۇ، ئەكسىچە بۇنداق سىناقلارغا رەببىدىن رازى بولغان ھالەتتە خۇشاللىق بىلەن يۈزلىنىدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھېچبىر كىشىگە سەۋردىنمۇ ياخشى مول رىزىق بېرىلمىدى» دېگەن. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

### 27 ـ ھەدىس

وعن أبي يحيى صهيب بن سنانٍ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: قَالَ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «عَجَبًا لأمْرِ المُؤمنِ إنَّ أمْرَهُ كُلَّهُ لَهُ خيرٌ، ولَيسَ ذلِكَ لأَحَدٍ إلاَّ للمُؤْمِن: إنْ أَصَابَتْهُ سَرَّاءُ شَكَرَ فَكانَ خَيرًا لَهُ، وإنْ أصَابَتْهُ ضَرَاءُ صَبَرَ فَكانَ خَيْرًا لَهُ». رواه مسلم

ئەبۇ يەھيا سۇھەيب ئىبنى سىنان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنىنىڭ ئىشى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىككى، ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشى ياخشىلىقتۇر. مۇئمىندىن باشقىلار ئۇنداق ئەمەس. پەقەت مۇئمىنىنىڭ ئىشىلا شۇنداق. ئەگەر ئۇنىڭغا خۇشاللىق

يەتسە شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىق يەتسە سەۋر قىلىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ».[1]

## شەرھىسى

سۇھەيىب رۇمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان بۇ ھەدىس «عجبا لأمر المؤمن إن أمره كله له خير» «مۇئمىنىنىڭ ئىشى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىككى، ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشى ياخشىلىقتۇر» دېگەن جۈملە بىلەن باشلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇئمىنىنىڭ ھايات مۇساپىسى ياخشىلىققا بېسىلغان قەدەملەر بىلەن داۋاملىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. چۈنكى، مۇئمىنىنىڭ ھەممىلا ئىشى ياخشى بولىدۇ، ئەمما مۇئمىندىن باشقا كىشىلەرگە ئۇنداق بولمايدۇ. ئاندىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ سۆزنى تەپسىلىي بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «إن أصابته سراء شكر فكان خيرا له، وإن أصابته ضراء صبر فكان خيرا له» «ئەگەر ئۇنىڭغا خۇشاللىق يەتسە شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىق يەتسە سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ».

مانا بۇ مۇئمىنىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىدۇر. ھەممە ئىنسان تەقدىر قىلىپ پۈتۈۋېتىلگەن ئېغىرچىلىق ۋە قىيىنچىلىق، خۇشاللىق ۋە خاپىلىقتىن ئىبارەت الله نىڭ ئەزەلىي ھۆكمى ئارىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. كۇفۇر ۋە ئىمان ئەھلى الله تائالا پۈتۈۋەتكەن تەقدىر ـ قىسمەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا پەرقلىق بولىدۇ. مۇئمىن ئۆزىگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلار ئالدىدا الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئمىنگە كەلگەن ھەربىر مۇسىبەت ئۇ ئېرىشىدىغان ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئەگەر مۆئمىنگە ئىلىم ۋە سالىھ ئەمەل، مال ـ مۈلۈك ۋە پەرزەنتلەرگە ئوخشاش دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نېئمەتلەر بېرىلسە، اﷲ قا شۈكۈر ۋە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىدۇ. اﷲ قا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق نېئمەتنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىدۇ. چۈنكى، «شۈكۈر» دېگەن ئىنساننىڭ «اﷲ قا شۈكۈر» دەپ قويۇشى بىلەنلا ئادا بولمايدۇ، بەلكى اﷲ قا بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى شەرتسىز بەجا كەلتۈرۈش ئارقىلىق بولىدۇ. ئىنسانغا دىن ۋە دۇنيا نېئمىتىنىڭ تەڭ بېرىلىشى گۈل ئۈستىگە گۈل، نۇر ئۈستىگە نۇر بولغاندەك ئىش ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ مۆئمىننىڭ ئەھۋالىدۇر.

ئەمما كاپىرغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ يامان بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر قىيىنچىلىق يەتسە سەۋر قىلماستىن، قەلبى سىقىلىپ ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيدۇ ۋە زاماننى قارغايدۇ، ھەتتا اﷲ نى تىللاشتىنمۇ يانمايدۇ. ئەگەر بىرەر خۇشاللىقىقا ئېرىشسە، اﷲ قا شۈكۈر قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئېرىشكەن بۇ خۇشاللىقى ئاخىرەتلىك ئازابقا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى، ئىمانسىز كىشى بىر لوقما تائام يېسە ياكى بىر يۇتۇم سۇ ئىچسىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگىنىگە باراۋەر بولىدۇ. ئەمما، مۆئمىننىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ قُلْ هِيَ لِلَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾ «ئېيتقىنكى، <اﷲ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟> ئېيتقىنكى، <ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆئمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۆئمىنلەرگىلا خاستۇر>»[1].

كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلار ھارام ئىشلارنى قىلىدۇ ۋە ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يەيدۇ. ئۇلار قانداق بىر ئىشقا دۇچ كەلمىسۇن قىيامەتتىكى

[1] سۈرە ئەئراف 32 ـ ئايەت.

ئازابىدىن ھېچنەرسە يەڭگىللىمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتى يامانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. ئەمما مۆئمىنىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىن تامامەن پەرقلىق بولۇپ، قىيامەت كۈنىدىكى بارچە ياخشىلىق ۋە ئەجىر-مۇكاپاتلار مۆئمىنلەرگىلا تېگىشلىك بولىدۇ.

## مەزكۇر ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

**بۇ ھەدىس مۆئمىننىڭ ھەر ۋاقىت ياخشىلىق ۋە پەزل-ئېھسانغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن مۆئمىنگە بېرىلگەن ئىلھام ۋە مەدەتتۇر.**

**بۇ ھەدىس سەۋرنىڭ مۆئمىن ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم خىسلەتنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ۋە كىشىلەرنى سەۋرچان كىشىلەردىن بولۇشقا قىزىقتۇرىدۇ.** ئەگەر سىز بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا سەۋر قىلىپ الله نىڭ ئاسايىشلىق بېرىدىغانلىقىغا، تارتقان مۇشەققەتلىرىڭىز ئۈچۈن الله نىڭ ئەجىر ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنسىڭىز، بۇ سىزدىكى ئىماننىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلسىڭىز ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈڭ ۋە الله قا تەۋبە قىلىڭ.

**بۇ ھەدىس ئۆزىگە بىرەر خۇشاللىق يەتكەندە ياكى بىرەر نېئمەتكە ئېرىشكەندە الله قا شۈكۈر قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.** چۈنكى، بىر كىشى الله قا قانچە كۆپ شۈكۈر قىلسا، الله ئۇ كىشىگە نېئمەتلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكُمْ لَئِنْ شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ وَلَئِنْ كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار <نېئمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر (كۇفرانى نېئمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ> دەپ جاكالىدى»[1]. ئەگەر الله تائالا بىر كىشىنى شۈكۈر قىلىدىغان قەلبكە ئىگە قىلسا، مانا بۇ ئىككىنچى قېتىم

[1] سۈرە ئىبراھىم 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۈكۈر قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نېئمەت ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا الله ئاتا قىلغان نېئمەتلەرنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلالىغان بولسا، مانا بۇ ئۈچىنچى قېتىم شۈكۈر قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىشتۇر. لېكىن الله قا شۈكۈر قىلىدىغان ئادەملەر تولىمۇ ئاز. ئەگەر سىز الله قا ھەقىقىي شۈكۈر قىلغۇچى بولالىغان بولسىڭىز، بىلىڭكى، بۇ الله تائالانىڭ سىزگە قىلغان پەزلى ـ ئېھسانىدۇر.

بىر شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

شۈكۈر قىلىش الله نىڭ نېئمىتى بولسا،

نېئمەتكە شۈكۈر قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

دۇنيادا قانچىلىك ياشىسۇن ئىنسان،

ساناقسىز نېئمەتتە ئۈزۈلۈپ يۈرىدۇ.

الله تائالا بىزنى شۈكۈر ئېيتىشقا، شۈكۈرنى ئادا قىلىشقا ۋە ھەمىشە الله قا شۈكۈر قىلىدىغان بەندىلەردىن بولۇشقا نېسىپ قىلغان بولسا، بۇ نېئمەتلەرنىڭ ھەربىرىگە ئايرىم شۈكۈر قىلىشىمىز لازىم بولىدۇ. لېكىن ئەمەلىي رېئاللىقىمىزدا بۇنى ئىشقا ئاشۇرالىغانلار تولىمۇ ئاز. الله تائالادىن قەلبلىرىمىز ۋە ئەمەللىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز. الله تائالا سېخىي ۋە قولى ئوچۇق زاتتۇر.

## 28 ـ ھەدىس

وعن أنسٍ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: لَمَّا ثَقُلَ النَّبيُّ - صلى اللَّه عليه وسلم - جَعلَ يَتَغَشَّاهُ الكَرْبُ، فَقَالَتْ فَاطِمَةُ رضي اللَّه عنها: وَا كَربَ أَبَتَاهُ. فقَالَ: «لَيْسَ عَلَى أَبيكِ كَرْبٌ بَعْدَ اليَوْمِ». فَلَمَّا مَاتَ، قَالَتْ: يَا أَبَتَاهُ، أَجَابَ رَبًّا دَعَاهُ! يَا أَبَتَاهُ، جَنَّةُ الفِردَوسِ مَأْوَاهُ! يَا أَبَتَاهُ، إِلَى جبْرِيلَ نَنْعَاهُ! فَلَمَّا دُفِنَ قَالَتْ فَاطِمَةُ رَضي اللَّه عنها: أَطَابَتْ أَنْفُسُكُمْ أَنْ تَحْثُوا عَلَى رَسُول اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - التُّرَابَ! رواه البخاري.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئۇنىڭغا بىھوشلۇق يەتكەن چاغدا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ۋاي ئېغىرچىلىق كەلگەن ئاتام!» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «بۇنىڭدىن كېيىن ئاتىڭىزغا ئېغىرچىلىق كەلمەيدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئالەمدىن ئۆتكەندە فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «الله نىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلغان ئى ئاتام! ياتقان جايىڭ فىردەۋس جەننىتى بولغان ئى ئاتام! ۋاي ئاتام ئۆلۈم خەۋىرىڭنى جىبرىئىلغا يەتكۈزىمىز» دېدى. ئۇ دەپنە قىلىنغان چاغدا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۈستىگە توپا تاشلاشقا كۆڭلۈڭلار قانداقمۇ ئۇنىدى؟» دېدى. [1]

## شەرھىسى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان بۇ ھەدىستە تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان: رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئېغىر ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە كېسەللىك تەگسە ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئىككى ھەسسىگە باراۋەر ئاغرىق ئازابى تارتىدىغان بولغاچقا، ئۇ ھەتتا كېسەلنىڭ قاتتىقلىقىدىن بىھوش بولۇپ قالغانىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ باشقىلاردىن ئېغىر كېسەللىك ئازابى تارتىشىنىڭ ھېكمىتى بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سەۋرىنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىرىگە يېتىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى سەۋر قىلغۇچىلار ئېرىشىدىغان كاتتا ماقامغا پەقەت الله تەرەپتىن بولغان سىناق ۋە ئىمتىھان ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدۇ. سەۋر قىلىش بولسا نەپسىگە ياقمايدىغان ۋە كۆڭۈللەر خالىمايدىغان ئىشلاردىلا ئوچۇق نامايان بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ حَتَّى نَعْلَمَ الْمُجَاهِدِينَ مِنْكُمْ وَالصَّابِرِينَ﴾ «بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش

[1] بۇخارى توپلىغان.

بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (الله نىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە قەدەر»[1].

رەسۇلۇللاھ ﷺ كېسەللىك ئازابىدىن ئىنتايىن قىينىلىپ، ھوشىدىن كەتكەن ۋاقىتتا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كېسەللىك ئازابىدا قىينىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچى ئاغرىغىنىدىن: «ۋاي ئېغىرچىلىق كەلگەن ئاتام!» دېگەنىدى. چۈنكى، ئايال كىشىنىڭ تەبىئىتى ئاجىز بولغاچقا، كەلگەن مۇسىبەتلەر ئالدىدا چىدامسىزراق بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «ليس على أبيك كرب بعد اليوم» «بۈنىڭدىن كېيىن ئاتىڭىزغا ئېغىرچىلىق كەلمەيدۇ» دېگەن. بۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغانلىقىدىن بېرىلگەن بېشارەتتى ئىدى. يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە قاراپ تۇرۇپ: «اللهم الرفيق الأعلى، اللهم الرفيق الأعلى» «ئى الله ! ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىدىكى ھەمراھلىرىمغا قوشۇلۇشنى سورايمەن»[2] دېگەنىدى.

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋاپات بولغان ۋاقىتتا ئېيتقان بۇ سۆزى شەرىئەتتە يوللۇق بولغان تەزىيە بىلدۈرۈش ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ الله نىڭ تەقدىرىگە نارازى بولغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ.

ئۇنىڭ «ئى الله نىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلغان ئاتام!» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، كائىناتتىكى پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ ئەجىلى الله نىڭ قولىدا بولۇپ، مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى الله تەرەپتىن كېلىپ، يەنە الله تەرەپكە قايتىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ الله نىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، الله نىڭ دەرگاھىغا قايتقان.

[1] سۈرە مۇھەممەد 31- ئايەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۇ ۋاپات بولسا باشقا مۆئمىنلەرگە ئوخشاش روھى يەتتە قات ئاسمان ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ الله نىڭ ئالدىدا توختىتىلىدۇ. شۇڭا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى الله نىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان ئاتام» دېگەن.

ئۇنىڭ «ياتقان جايىڭ فىردەۋس جەننىتى بولغان ئى ئاتام!» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسى ھەرقانداق كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىدىن ئۈستۈن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سلوا اللّٰه لي الوسيلة فإنها منزلة في الجنة لا تنبغي إلا لعبد من عباد اللّٰه وأرجو أن أكون أنا هو» «مەن ئۈچۈن الله تىن <ۋەسىلە> دېگەن ماقامىنى سوراڭلار. ئۇ جەننەتتىكى ئەڭ ئالىي دەرىجە بولۇپ، بىر ئادەمدىن باشقىسى ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ، مەن شۇ كىشى بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن» دېگەن.[1] پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئورنىنىڭ فىردەۋس جەننىتى ئىكەنلىكىدە شەك يوق بولۇپ، فىردەۋس جەننىتى بولسا جەننەت دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ ئالىيسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىدە الله تائالانىڭ ئەرشى بار. پەيغەمبەر ﷺ جەننەتنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسىدە بولىدۇ.

ئۇنىڭ «ۋاي ئاتام، ئۆلۈم خەۋىرىڭنى جىبرىئىلغا يەتكۈزىمىز» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، «النعي» دېگەن سۆز مېيىتنىڭ ئۆلۈمىنى خەۋەر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ﷺ گە ئەتىگەن ۋە كەچتە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن زېمىنغا ۋەھيي ئېلىپ چۈشەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات بولۇشى بىلەن تەڭ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىنغا ۋەھيي ئېلىپ چۈشۈشى توختاپ قالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «بىز ئۆلۈم خەۋىرىڭنى جىبرىئىلغا يەتكۈزىمىز» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ دەپنە قىلىنىپ بولغاندا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۈستىگە توپا تاشلاشقا كۆڭلۈڭلار قانداقمۇ ئۇنىدى؟» دېگەن. بۇ سۆز

[1] مۇسلىم توپلىغان.

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋاپاتىغا بولغان چوڭقۇر قايغۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ناۋادا باشقىلار تەرىپىدىن «ساھابىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى ياخشى كۆرۈشى ئۇلارنىڭ قەلب تارىلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن، ئۇلار رەسۇلۇللاھنى دەپنە قىلىشقا رازى بولۇشقانمۇ؟» دەپ سوئال قويۇلسا، بۇنىڭغا جاۋابىمىز شۇكى، ساھابىلەر بۇنىڭغا رازى بولۇشقان. چۈنكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولۇشى الله نىڭ ئىرادىسى ۋە اللّٰه نىڭ قانۇنىيىتىدۇر. ناۋادا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھايات قېلىشى ئۇچۇن پۈتۈن زېمىندىكى نەرسىلەرنى پىدا قىلىشقا ئىمكان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۇنى بېرىشكە تەييار ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بولغان مۇھەببىتىنى الله نىڭ ھۆكمىدىن ئۈستۈن قويمايتتى. الله تائالا ئۆز كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّكَ مَيِّتٌ وَإِنَّهُمْ مَيِّتُونَ۞ ثُمَّ إِنَّكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عِنْدَ رَبِّكُمْ تَخْتَصِمُونَ۞﴾ «سەن ھەقىقەتەن ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن ئۆلىدۇ [30]. ئاندىن كېيىن سىلەر قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا بىر-بىرىڭلار بىلەن دەۋا قىلىشىسىلەر [31]»①.

## ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

**رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇ باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش كېسەل بولۇش، قورساق ئېچىش، ئۇسساش، توڭۇش ۋە قىزىپ قېلىشتەك تۈرلۈك مۇشەققەتلەرگە ئۇچرايتتى.** پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إنما أنا بشر مثلكم أنسى كما تنسون» «ھەقىقەتەن، مەن سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان، سىلەر ئۇنتۇپ قالغاندەك مەنمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن».②

**بۇ ھەدىس «رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىشنى دۇرۇس» دەپ قارايدىغان كىشىلەرگە كۈچلۈك رەددىيەدۇر.** ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا

① سۈرە زۇمەر 30- ۋە 31- ئايەت.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى گوياكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى دۇئالارنى ئىجابەت قىلىدىغان زات دەپ قارىغانغا باراۋەردۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇ بىزگە ئوخشاش ئىنسان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرەتتىكى پايدا ـ زىيىنىغا ئىگە بولالمايدۇ. قەبرىدىكى ئۆلۈكلەردىن مەدەت تىلەش ئەقىلسىزلىك ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لَا أَقُولُ لَكُمْ عِنْدِي خَزَائِنُ اللَّهِ وَلَا أَعْلَمُ الْغَيْبَ وَلَا أَقُولُ لَكُمْ إِنِّي مَلَكٌ إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَى إِلَيَّ﴾ [(ئى مۇھەممەد! سەندىن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى تەلەپ قىلغۇچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە <مەندە الله نىڭ خەزىنىلىرى بار> دېمەيمەن، مەن غەيبنىمۇ بىلمەيمەن، سىلەرگە: <مەن بولسام ھەقىقەتەن بىر پەرىشتە> دەپمۇ ئېيتمايمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن»][1].

**رەسۇلۇللاھمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش الله نىڭ بەندىسىدۇر.** الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنِّي لَا أَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلَا رَشَدًا۝ قُلْ إِنِّي لَنْ يُجِيرَنِي مِنَ اللَّهِ أَحَدٌ وَلَنْ أَجِدَ مِنْ دُونِهِ مُلْتَحَدًا۝ إِلَّا بَلَاغًا مِنَ اللَّهِ وَرِسَالَاتِهِ﴾ «ئېيتقىنكى، <(ئەگەر مەن الله قا ئاسىي بولسام) مېنى الله نىڭ ئازابىدىن ھېچ كىشى قۇتقۇزالمايدۇ، الله تىن باشقا ھېچ پاناھگاھمۇ تاپالمايمەن (شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارنى قانداق قوبۇل قىلالايمەن)[22]. مەن پەقەت (سىلەرگە) الله نىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشكە قادىرمەن> [23]»[2].

الله تائالانىڭ ﴿وَأَنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ﴾ «يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن» [3] دېگەن سۆزى نازىل بولغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ مۇنداق دېگەنىدى: «يا فاطمة بنت محمد! سليني من مالي ما شئت لا أغني عنك من اللّٰه شيئا» «ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! مېلىمدىن

[1] سۈرە ئەنئام 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە جىن 21 ـ، 22 ـ ۋە 23 ـ ئايەت.
[3] سۈرە شۇئەرا 214 ـ ئايەت.

خالىغىنىڭنى سورىغىن، ئۇنى بېرەي، لېكىن مەن الله تەرەپتىن كەلگەن ھېچقانداق نەرسىنى سەندىن خالاس قىلالمايمەن».[①] رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا، يۆلەنچۈكى بولغان جانجىگەر قىزىنى الله تەرەپتىن كەلگەن ھەرقانداق نەرسىدىن قۇتۇلدۇرالمايدىغان يەردە، باشقىلارنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىپ، الله نىڭ يۈتۈۋەتكەن تەقدىر-قىسمەتلىرىدىن بىرەر نەرسىنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر.

**بۇ ھەدىس رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن مەدەت سوراپ دۇئا قىلىدىغان ئازغۇن كىشىلەرنىڭ خاتالىقىنى پاش قىلىپ بېرىدۇ.** ئۇلار مەسجىد نەبەۋىيدە دۇئا قىلغاندا قەبرە تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلىدۇ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قەبرىسى ئالدىدا خۇددى الله تائالانىڭ ئالدىدا نامازغا تۇرغىنىغا ئوخشاش قىمىرلىماي تۇرىدۇ.

**ۋاپات بولغانلارغا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەستىن مۇۋاپىق يوسۇندا تەزىيە بىلدۈرۈش دۇرۇستۇر.** الله نىڭ تەقدىرىگە نارازىلىق ئىپادىلەنمەسلىك شەرتى ئاستىدا مېيىت ئۈچۈن قايغۇرسا دۇرۇس بولىدۇ.

**بۇ ھەدىستىن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىر مەزگىل ياشىغانلىقى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋاپات بولغاندىن كېيىن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقا بىرەر پەرزەنتى قالمىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.** رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقا قىز-ئوغۇل پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ ھايات ۋاقتىدىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىرىغا، تاغىسى ئاbbاسقا ۋە تۇغقانلىرىدىن ھېچبىر كىشىگە مىراس بېرىلمىدى. چۈنكى پەيغەمبەرلەر مىراس قالدۇرمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «إنا معشر الانبياء لا نورث، ما تركناه صدقة» ھەقىقەتەن، پەيغەمبەرلەر

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مىراس قالدۇرمايدۇ، بىز قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر سەدىقىدۇر».[1]

پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراس قالدۇرماسلىقىدا الله تائالانىڭ زور ھېكمىتى يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئەگەر ئۇلار مىراس قالدۇرغان بولسا بەزى كىشىلەر: «بۇلار ئەۋلادلىرىغا پادىشاھلىقنى مىراس قالدۇرۇش نىيىتىدە پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى كۆتۈرۈپ چىققان» دېگەن بولاتتى. لېكىن الله تائالا بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراس قالدۇرمايدىغانلىقىنى بېكىتتى. بەلكى ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سەدىقە قىلىنىپ، ئۇنىڭغا لايىق كىشىلەر ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ. الله توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 29 ـ ھەدىس

وعن أبي زَيدٍ أُسَامَةَ بنِ زيدِ بنِ حارثةَ مَوْلَى رسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - وحِبِّه وابنِ حبِّه رضي اللَّهُ عنهما، قَالَ: أرْسَلَتْ بنْتُ النَّبيِّ - صلى اللَّه عليه وسلم - إنَّ ابْني قد احْتُضِرَ فَاشْهَدنَا، فَأَرْسَلَ يُقْرِىءُ السَّلامَ، ويقُولُ: «إنَّ للَّه مَا أخَذَ ولَهُ مَا أعطَى، وَكُلُّ شَيءٍ عِندَهُ بِأَجَلٍ مُسَمًّى فَلتَصْبِرْ وَلْتَحْتَسِبْ». فَأَرسَلَتْ إِلَيْهِ تُقْسِمُ عَلَيهِ لَيَأتِينَّهَا. فقامَ وَمَعَهُ سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ، وَمُعَاذُ بْنُ جَبَلٍ، وَأُبَيُّ بْنُ كَعْبٍ، وَزَيْدُ بْنُ ثَابتٍ، وَرجَالٌ - رضي اللَّه عنهم - فَرُفعَ إِلَى رَسُول اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - الصَّبيُّ، فَأَقْعَدَهُ فِي حِجْرِهِ وَنَفْسُهُ تَقَعْقَعُ، فَفَاضَتْ عَينَاهُ فَقَالَ سَعدٌ: يَا رسولَ اللَّه، مَا هَذَا؟ فَقَالَ: «هذِهِ رَحمَةٌ جَعَلَها اللَّهُ تَعَالَى فِي قُلُوبِ عِبَادِهِ» وفي رواية: «فِي قُلُوبِ مَنْ شَاءَ مِنْ عِبَادِهِ، وَإِنَّما يَرْحَمُ اللَّهُ مِنْ عِبادِهِ الرُّحَماءَ». مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

پەيغەمبەرﷺ نىڭ ئازادگەردىسى ۋە دوستى زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ ئوغلى ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىزى پەيغەمبەر ﷺ گە: «مېنىڭ ئوغلۇم ھازىر سەكراتتا، ئاتام بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلسىكەن» دەپ ئادەم ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ﷺ سالام يوللاش بىلەن بىرگە: «ئالغىنىمۇ الله نىڭدۇر، بەرگىنىمۇ الله نىڭدۇر. ھەرقانداق ئىش الله نىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بەلگىلىگەن مۇددىتى بويىچە بولىدۇ. قىزىم سەۋر قىلسۇن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلسۇن!» دەپ ئادەم ئەۋەتتى.

قىزى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چوقۇم كېلىشىگە يەنە ئادەم ئەۋەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئورنىدىن تۇردى ۋە سەئىد ئىبنى ئۇبادە، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبەي ئىبنى كەئب، زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىرقانچە ساھابىلەر بىلەن بىللە قىزىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. پەيغەمبەر ﷺ قىزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بالىنى قولىغا ئالدى، بالىنىڭ نەپەس ئېلىشى خۇددى سۇنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئېگىز-پەس بولۇۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! نېمىشقا يىغلايسەن؟» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «بۇ بولسا الله ئۆز بەندىلىرىنىڭ دىللىرىغا ئورناتقان رەھمەتتۇر، الله ئۆز بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىن رەھىمدىل كىشىلەرگىلا رەھىم قىلىدۇ» دېدى.

يەنە بىر نەقىلدە: «الله تائالا بەندىلىرى ئىچىدىن خالىغان كىشىلەرگە رەھىمدىللىكنى ئاتا قىلىدۇ. الله تائالا ھەقىقەتەن رەھىمدىل بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىدۇ» دېيىلگەن.

## شەرھىسى

مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ زەيد، يەنى ئۇسامە ئىبنى زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنغان بۇ ھەدىسنى كەلتۈرگەن. زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئازاد قىلغان قۇل ئىدى. ئەسلىدە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ھەدىيە قىلغان بولۇپ، كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئازاد قىلىۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى دەپ ئاتالغان ئىدى. ئۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دوستى» دەپ لەقەملىنەتتى، زەيد ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئۇسامە

ھەم: «رەسۇلۇللاھنىڭ دوستىنىڭ ئوغلى» دەپ چاقىرىلاتتى. ئۇسامە بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دوستى ۋە دوستىنىڭ ئوغلى ئىدى.

ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىر قىزى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئوغلىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى تاپىلاپ ئادەم ئەۋەتتى. ئەلچى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەھۋالنى يەتكۈزگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا «إن للّه ما أخذ وله ما أعطى، وكل شيء عنده بأجل مسمى فلتصبر ولتحتسب» «ئالغان نەرسىمۇ الله نىڭدۇر، بەرگىنىمۇ الله نىڭدۇر. ھەرقانداق ئىش الله نىڭ بەلگىلىگەن مۇددىتى بويىچە بولىدۇ. قىزىم سەۋر قىلسۇن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلسۇن!» دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ قىزىنىڭ سەۋر قىلىش ئارقىلىق الله تائالادىن ئەجىر ئۈمىد قىلىشىنى تاپىلاپ: «سەۋر قىلسۇن!» دېگەن. چۈنكى، كۆپ قىسىم كىشىلەر بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر ئالدىدا سەۋر قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ ۋە الله تائالانىڭ سەۋر قىلغۇچىلارغا بېرىدىغان ئەجىر-ساۋابلىرىغا سۈس قارايدۇ. بۇ كىشىلەر مۇشۇ سەۋەبتىن كۆپلىگەن ئەجىر-ساۋابلاردىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەمما، سەۋر قىلىپ الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلغان كىشىنىڭ ساۋابى تولىمۇ كاتتىدۇر.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «إن للّه ما أخذ وله ما أعطى» «ئالغان نەرسىمۇ الله نىڭدۇر، بەرگىنىمۇ الله نىڭدۇر» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ كەڭ دائىرىلىك مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملە ھېسابلىنىدۇ. يەنى، زېمىندىكى ھەممە نەرسە الله قا تەۋە بولۇپ، ئۇ مەيلى بەندىدىن بىر نەرسىنى ئالسۇن ياكى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىپ بەرسۇن، ھەممىسى الله نىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر. الله تائالا بىرەر كىشىگە بەرگەن نېئمىتىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالسا، ئۇنىڭغا غەزەپلىنىشىنىڭ ھېچبىر ئورنى يوق. الله تائالا خالىغىنىنى بېرىدۇ ۋە خالىغىنىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانغا مۇسىبەت يەتكەندە «إنا للّه وإنا إليه راجعون» «بىز ئەلۋەتتە

الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز. (يەنى الله نىڭ بەندىلىرىمىز) چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دېيىشى سۈننەتتۇر. دۇئادا ئېيتىلغاندەك، بىز الله تائالانىڭ مۈلكى بولغاچقا، بىزنىڭ بارچە ئىختىيارلىقىمىز الله تائالانىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بىز ئىگە بولغان بارچە نەرسىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىمۇ الله قا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ بىز ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ياكى خالىغان بىرىنى تارتىپ ئالسىمۇ، ھەممىگە ھەقلىقتۇر. ئىنسان ئىگە بولغان بارچە نەرسىلەر الله نىڭ شۇ بەندىگە بەرگەن ئامانىتى بولۇپ، الله نىڭ ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىنى ھارام يوللارغا سەرپلەش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس.

ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ھارام يوللارغا سەرپ قىلماقچى بولسا، بۇنى توسۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ بۇ قىلمىشى الله نىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزى بىلگەنچە ھارام يوللارغا ئىشلىتىش ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَآتُوهُمْ مِنْ مَالِ اللَّهِ الَّذِي آتَاكُمْ﴾ «سىلەرگە الله ئاتا قىلغان مال ـ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار»[1]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆزىگە بېرىلگەن ماللارنى ھالال يوللارغا سەرپ قىلىشى كېرەك.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «للّه ما أخذ وله ما أعطى» «ئالغان نەرسە الله نىڭ، بەرگىنىمۇ الله نىڭدۇر». الله تائالانىڭ ئۆز مۈلكىنى خالىغانچە ئىشلىتىش ھەققى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالغىنىغا قارىتا بىزنىڭ بىئارام ۋە نارازى بولۇشىمىز ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «وكل شيء عنده بأجل مسمى» «ھەرقانداق ئىش الله نىڭ بەلگىلىگەن مۇددىتى بويىچە بولىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ھەربىر نەرسىنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدا پۈتۈلگىنى بويىچە بولىدىغانلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس.

---

[1] سۈرە نۇر 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ﷲ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكُلُّ شَيْءٍ عِنْدَهُ بِمِقْدَارٍ﴾ «ﷲ نىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر»[1]. يەنى، ﷲ نىڭ دەرگاھىدا ھەربىر نەرسىنىڭ ۋاقتى، ئورنى، سۈپىتى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان بارچە نەرسىلەر خاتىرىلەنگەن بولىدۇ.

«بأجل مسمى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «مۇئەييەن مۇددەت بەلگىلەنگەن» دېگەنلىك بولىدۇ. ﷲ تائالانىڭ خالىغان نەرسىنى بېرىش ۋە ئېلىشقا ھوقۇقلۇق بىردىنبىر زات ئىكەنلىكىگە جەزم قىلغان ۋە ھەربىر نەرسىنىڭ ﷲ نىڭ دەرگاھىدا بەلگىلەنگەن مۇددىتى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن كىشى پۈتۈلگەن ئەجەلنى ئالدىغا سۈرۈش ياكى كېچىكتۈرۈشكە ھېچبىر ئىمكان بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لِكُلِّ أُمَّةٍ أَجَلٌ إِذَا جَاءَ أَجَلُهُمْ فَلَا يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ﴾ «ھەر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مەلۇم ۋاقتى بولىدۇ، شۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ»[2].

ئەگەر بىرەر ئىشنىڭ بېكىتىپ قويۇلغان مۇددىتىدىن ئالدىغا سۈرۈلمەيدىغانلىقى ياكى كېچىكتۈرۈلمەيدىغانلىقى ئېنىق بولسا، ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە ئالدىراش ياكى كېچىكتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق، شۇنداقلا سەۋرسىزلىك قىلىپ نارازى بولۇشنىڭمۇ ھېچبىر پايدىسى يوق.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ سۆزى قىزىغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىزى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ يەنە ئادەم ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ﷺ بىر تۈركۈم ساھابىلەر بىلەن قىزىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. بالا پەيغەمبەر ﷺ گە بېرىلگەندە، بالىنىڭ نەپەس ئېلىشى ئېگىز-پەس بولۇۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆزىدىن ياش ئاقتى. سەئىد ئىبنى ئۇبادە

---

[1] سۈرە رەئد 8- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە يۇنۇس 49- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئۇ خەزرەج قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىدى): «ئى رەسۇلۇللاھ!، بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى سەۋرسىزلىك قىلىپ يىغلىدى دەپ ئويلاپ قالغانىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ «هذه رحمة» «بۇ دېگەن رەھمەت» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ سۆزى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەۋرسىزلىك قىلىپ ئەمەس، بەلكى بالىغا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن ئىدى.

ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ: «وإنما يرحم اللّه من عباده الرحماء» «الله تائالا ھەقىقەتەن رەھىمدىل بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىدۇ» دېگەن. بۇ ھەدىستىن بىرەر مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كىشىگە ئىچ ئاغرىتىش يۈزىسىدىن يىغلاشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر سىز ئەقلىي ياكى جىسمانىي جەھەتتىن مېيىپ كىشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلىغان بولسىڭىز، بۇ الله تائالانىڭ قەلبىڭىزدە رەھمەت ۋە مېھرىبانلىقنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا دەلىلدۇر. ئەگەر الله تائالا بىر ئىنساننى مېھىر-مۇھەببەتلىك قەلبكە ئىگە قىلغان بولسا، ئۇ ئىنسان الله نىڭ رەھمىتىگە نائىل بولغان رەھىمدىل بەندە قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولىدۇ. بىز الله تائالادىن بىزگە ۋە سىلەرگە ئۆز رەھمىتى بىلەن رەھىم قىلىشنى سورايمىز.

بۇ ھەدىس سەۋرنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ قىزىغا: «فلتصبر ولتحتسب» «سەۋر قىلسۇن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلسۇن!» دېگەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ سۆزى ئەڭ ئەۋزەل تەسەللىي سۆزى ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ بەزى كىشىلەرنىڭ «اعظم اللّه أجرك وأحسن عزاءك وغفر لميتك» «الله كۆپلەپ ئەجىر بەرسۇن، ياخشى سەۋر ئاتا قىلسۇن ۋە ۋاپات بولغان كىشىنى مەغپىرەت قىلسۇن» دېگەن سۆزىدىن ئەۋزەلدۇر. بەزى ئالىملار مۇسىبەتدار كىشىگە يۇقىرىقى دۇئا بىلەن تەسەللىي بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرگەن. لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ تاللىغان بۇ سۆز ئۇنىڭدىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كىشى

بۇ سۆزنى ئاڭلىسا كۆپرەك تەسەللىي تاپىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، تەزىيە بىلدۈرۈش دېگەنلىك كۆپىنچە كىشىلەر قىلىۋاتقاندەك خاس ئورۇندۇقلارنى قويۇپ، تائام راسلاپ ۋە شاملارنى يېقىپ تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش دېگەنلىك ئەمەس. تەزىيە بىلدۈرۈش بۇنداق بولمايدۇ، تەزىيە بىلدۈرۈش دېگەن مۇسىبەتكە ئۇچرىغۇچىغا ياخشى سۆزلەر بىلەن تەسەللى بېرىپ ئۇنى سەۋرگە ئۈندەش ئارقىلىق بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ناۋادا بىر ئادەمنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم تاغىسىنىڭ ئوغلىنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكىنىگە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەن بولسا، بۇ كىشىگە تەزىيە بىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئالىملار مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كىشىگە تەزىيە بىلدۈرۈشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئالىملارنىڭ بۇ سۆزىدىن مۇسىبەتكە ئۇچرىغۇچىنىڭ تۇغقانلىرىغا تەزىيە بىلدۈرۈش سۈننەت دېگەن ھۆكۈم چىقمايدۇ. چۈنكى، بەزى ۋاقىتلاردا يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋاپات بولغان كىشى ئۇلارغا قايغۇرۇپ كەتمەيدۇ، ئەمما يىراقتىكى كىشىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ بەكرەك قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمىدۇ. شۇڭا مۇسىبەتدار كىشىلەر گەرچە ئۇرۇق ـ تۇغقان بولمىسىمۇ ئۇلارغا تەزىيە بىلدۈرۈلىدۇ. بىراق ھازىر بۇنىڭ ئەكسىچە، تەزىيە بىلدۈرۈش مۇسىبەتدار كىشىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا خاس بولۇپ قالدى. ھەتتا ئۇلار ئۇرۇق ـ تۇغقىنىنىڭ ۋاپاتىغا خۇرسەن بولۇپ دۇمباق چالسىمۇ ئۇلارغا تەزىيە بىلدۈرۈۋاتىدۇ.

بەزى كىشىلەر كەمبەغەل بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن تاغىسىنىڭ ئوغلىنىڭ ئارىسىدا كۆپ مۇشكۈلاتلار بولۇشى مۇمكىن. تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۆلۈپ كېتىپ مىليونلىغان دەرھەملەرنى قالدۇرۇپ قويسا، ئۇ كىشى بۇ ئەھۋالدا مۇسىبەتلەنگەن ھېسابلانمايدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا بۇ كىشى خۇرسەن بولىدۇ ۋە

«الله قا ھەمدۇ-سانالار بولسۇنكى، مېنى ئۇنىڭ مۇشكۇلاتلىرىدىن خالاس قىلدى ۋە ئۇنىڭ مېلىنى ماڭا مىراس قىلىپ بەردى» دەيدۇ. مانا بۇ كىشىگە تەزىيە بىلدۈرۈلمەيدۇ. ناۋادا بىرنەرسە دېمەكچى بولساق، بۇ كىشى تەبرىكلىنىدۇ.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، تەزىيە بىلدۈرۈش ۋە تەسەللى بېرىش مۇسىبەتلەنگەن كىشىنى سەۋرگە ئۈندەيدىغان گۈزەل سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق تاماملىنىدۇ. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ دىن نەقىل قىلىنغان سۆز-ئىبارىلەر ئەڭ مۇناسىپتۇر. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 30 ـ ھەدىس

وعن صهيب - رضي اللَّه عنه: أنَّ رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - قَالَ: «كَانَ مَلِكٌ فيمَنْ كَانَ قَبلَكمْ وَكَانَ لَهُ سَاحِرٌ فَلَمَّا كَبِرَ قَالَ للمَلِكِ: إنِّي قَدْ كَبِرْتُ فَابْعَثْ إلَيَّ غُلاماً أُعَلِّمْهُ السِّحْرَ؛ فَبَعثَ إلَيْهِ غُلاماً يُعَلِّمُهُ، وَكانَ في طرِيقِهِ إذَا سَلَكَ رَاهِبٌ، فَقَعدَ إلَيْه وسَمِعَ كَلامَهُ فَأعْجَبَهُ، وَكانَ إذَا أتَى السَّاحِرَ، مَرَّ بالرَّاهبِ وَقَعَدَ إلَيْه، فَإذَا أتَى السَّاحِرَ ضَرَبَهُ، فَشَكَا ذلِكَ إلَى الرَّاهِب، فَقَالَ: إذَا خَشيتَ السَّاحِرَ، فَقُلْ: حَبَسَنِي أَهْلِي، وَإذَا خَشِيتَ أهلَكَ، فَقُلْ: حَبَسَنِي السَّاحِرُ. فَبَيْنَما هُوَ عَلَى ذلِكَ إذْ أتَى عَلَى دَابَّةٍ عَظِيمَةٍ قَدْ حَبَسَتِ النَّاسَ، فَقَالَ: اليَوْمَ أعْلَمُ السَّاحِرُ أفْضَلُ أم الرَّاهبُ أفْضَلُ؟ فَأخَذَ حَجَراً، فَقَالَ: اللَّهُمَّ إنْ كَانَ أمْرُ الرَّاهِبِ أَحَبَّ إلَيْكَ مِنْ أمْرِ السَّاحِرِ فَاقْتُلْ هذِهِ الدّابَّةَ حَتَّى يَمضِيَ النَّاسُ، فَرَمَاهَا فَقَتَلَها ومَضَى النَّاسُ، فَأتَى الرَّاهبَ فَأَخبَرَهُ. فَقَالَ لَهُ الرَّاهبُ: أَيْ بُنَيَّ أَنْتَ اليَومَ أفْضَل منِّي قَدْ بَلَغَ مِنْ أَمْرِكَ مَا أَرَى، وَإنَّكَ سَتُبْتَلَى، فَإن ابْتُليتَ فَلاَ تَدُلَّ عَلَيَّ؛ وَكانَ الغُلامُ يُبْرِئُ الأكْمَهَ وَالأَبْرَصَ، ويداوي النَّاسَ مِنْ سَائِرِ الأدْوَاء. فَسَمِعَ جَليسٌ لِلملِكِ كَانَ قَدْ عَمِيَ، فأتاه بِهَدَايا كَثيرَةٍ، فَقَالَ: مَا ها هُنَا لَكَ أَجْمعُ إنْ أنتَ شَفَيتَنِي، فَقَالَ: إنّي لا أَشْفِي أحَداً إِنَّمَا يَشفِي اللَّهُ تَعَالَى، فَإنْ آمَنْتَ بِاللَّه تَعَالَى دَعَوتُ اللَّه فَشفَاكَ، فَآمَنَ باللَّه تَعَالَى فَشفَاهُ اللَّهُ تَعَالَى، فَأَتَى المَلِكَ فَجَلسَ إلَيْهِ كَمَا كَانَ يَجلِسُ، فَقَالَ لَهُ المَلِكُ: مَنْ رَدّ عَلَيْكَ بَصَرَكَ؟ قَالَ: رَبِّي، قَالَ: وَلَكَ رَبٌّ غَيري؟ قَالَ: رَبِّي وَرَبُّكَ اللَّهُ، فَأَخَذَهُ فَلَمْ يَزَلْ يُعَذِّبُهُ حَتَّى دَلَّ عَلَى الغُلامِ، فَجيء بالغُلاَمِ، فَقَالَ لَهُ المَلِكُ: أيْ بُنَيَّ، قَدْ بَلَغَ مِنْ

سِحْرِكَ مَا تُبْرِىء الأَكْمَهَ وَالأَبْرَصَ وتَفْعَلُ وتَفْعَلُ! فَقَالَ: إنِّي لا أَشْفي أحَدًا، إنَّمَا يَشفِي اللَّهُ تَعَالَى. فَأخَذَهُ فَلَمْ يَزَلْ يُعَذِّبُهُ حَتَّى دَلَّ عَلَى الرَّاهبِ؛ فَجِيء بالرَّاهبِ فَقيلَ لَهُ: ارجِعْ عَنْ دِينكَ، فَأَبَى، فَدَعَا بِالمِنْشَارِ فَوُضِعَ المِنْشَارُ فِي مَفْرِق رَأسِهِ، فَشَقَّهُ حَتَّى وَقَعَ شِقَّاهُ، ثُمَّ جِيءَ بِجَلِيسِ المَلِكِ فقيل لَهُ: ارْجِعْ عَنْ دِينِكَ، فَأَبَى، فَوضِعَ المِنْشَارُ فِي مَفْرِق رَأسِهِ، فَشَقَّهُ بِهِ حَتَّى وَقَعَ شِقَّاهُ، ثُمَّ جِيءَ بالغُلامِ فقِيلَ لَهُ: ارْجِعْ عَنْ دِينِكَ، فَأَبَى، فَدَفَعَهُ إِلَى نَفَرٍ مِنْ أصْحَابِهِ، فَقَالَ: اذْهَبُوا بِهِ إلَى جَبَلِ كَذَا وَكَذَا فَاصْعَدُوا بِهِ الجَبَلَ، فَإذَا بَلَغْتُمْ ذِرْوَتَهُ فَإنْ رَجَعَ عَنْ دِينِهِ وَإلاَّ فَاطْرَحُوهُ. فَذَهَبُوا بِهِ فَصَعِدُوا بِهِ الجَبَلَ، فَقَالَ: اللَّهُمَّ أكْفِنيهمْ بِمَا شِئْتَ، فَرَجَفَ بِهِمُ الجَبلُ فَسَقَطُوا، وَجاءَ يَمْشي إِلَى المَلِكِ، فَقَالَ لَهُ المَلِكُ: مَا فَعَلَ أصْحَابُكَ؟ فَقَالَ: كَفَانِيهمُ اللَّه تَعَالَى، فَدَفَعَهُ إِلَى نَفَرٍ مِنْ أَصْحَابِهِ فَقَالَ: اذْهَبُوا بِهِ فاحْمِلُوهُ فِي قُرْقُورٍ وتَوَسَّطُوا بِهِ البَحْرَ، فَإنْ رَجعَ عَنْ دِينِهِ وإلاَّ فَاقْذِفُوهُ. فَذَهَبُوا بِهِ، فَقَالَ: اللَّهُمَّ أكْفِنيهمْ بمَا شِئْتَ، فانْكَفَأَتْ بِهِمُ السَّفينةُ فَغَرِقُوا، وَجَاء يَمْشِي إِلَى المَلِك. فَقَالَ لَهُ المَلِكُ: مَا فعلَ أصْحَابُكَ؟ فَقَالَ: كَفَانِيهمُ اللَّهُ تَعَالَى. فَقَالَ لِلمَلِكِ: إنَّكَ لَسْتَ بقَاتلي حَتَّى تَفْعَلَ مَا آمُرُكَ بِهِ. قَالَ: مَا هُوَ؟ قَالَ: تَجْمَعُ النَّاسَ فِي صَعيدٍ وَاحدٍ وتَصْلُبُنِي عَلَى جِذْعٍ، ثُمَّ خُذْ سَهْمًا مِنْ كِنَانَتي، ثُمَّ ضَعِ السَّهْمَ فِي كَبدِ القَوْسِ ثُمَّ قُلْ: بسْم اللَّه ربِّ الغُلاَمِ ثُمَّ ارْمِني، فَإنَّكَ إِذَا فَعَلْتَ ذلِكَ قَتَلْتَنِي، فَجَمَعَ النَّاسَ فِي صَعيد واحدٍ، وَصَلَبَهُ عَلَى جِذْعٍ، ثُمَّ أَخَذَ سَهْمًا مِنْ كِنَانَتِهِ، ثُمَّ وَضَعَ السَّهْمَ فِي كَبِدِ القَوْسِ، ثُمَّ قَالَ: بِسمِ اللَّه ربِّ الغُلامِ، ثُمَّ رَمَاهُ فَوقَعَ فِي صُدْغِهِ، فَوَضَعَ يَدَهُ فِي صُدْغِهِ فَمَاتَ، فَقَالَ النَّاسُ: آمَنَّا بِرَبِّ الغُلامِ، ، فَأُتِيَ المَلِكُ فقيلَ لَهُ: أَرَأَيْتَ مَا كُنْتَ تَحْذَرُ قَدْ واللَّه نَزَلَ بكَ حَذَرُكَ. قَدْ آمَنَ النَّاسُ. فَأَمَرَ بالأُخْدُودِ بأفْواهِ السِّكَكِ فَخُدَّتْ وَأُضْرِمَ فيهَا النِّيرانُ وَقَالَ: مَنْ لَمْ يَرْجعْ عَنْ دِينهِ فَأَقْحموهُ فيهَا، أَوْ قيلَ لَهُ: اقتَحِمْ ففَعَلُوا حَتَّى جَاءت امْرَأَةٌ وَمَعَهَا صَبيٌّ لَهَا، فَتَقَاعَسَتْ أَنْ تَقعَ فِيهَا، فَقَالَ لَهَا الغُلامُ: يَا أُمَّاهْ اصْبِرِي فَإِنَّكِ عَلَى الحَقِّ!». رواه مسلم.

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ئىچىدە بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سېھىرگىرى بار ئىدى. ئۇ سېھىرگەر قېرىغاندا پادىشاھقا: «مەن قېرىپ قالدىم. ماڭا بىر بالا ئەۋەتسەڭ، مەن ئۇنىڭغا سېھىرگەرلىكنى ئۆگەتسەم» دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر بالىنى سېھىر ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇ. ئۇ بالا يولدا

كېتىۋېتىپ، بىر راھىبقا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى سېھىرگەرنىڭ قېشىغا كېتىۋېتىپ راھىبنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىكەن ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىكەن. سېھىرگەرنىڭ قېشىغا كەلگەندە سېھىرگەر ئۇنى كېچىكىپ قالدىڭ دەپ ئۇرىدىكەن. ئۇ بالا بۇ ئىشنى راھىبقا شىكايەت قىلىپتۇ. راھىب ئۇنىڭغا: «ئەگەر سەن سېھىرگەردىن قورقساڭ، ئۇنىڭغا <مېنى ئۆيدىكىلەر كېچىكتۈرۈپ قالدى> دېگىن، ئەگەر ئۆيۈڭدىكىلەردىن قورقساڭ: <مېنى سېھىرگەر كېچىكتۈرۈپ قويدى> دېگىن» دەپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۇيۇقسىز يوغان بىر ھايۋان پەيدا بولۇپ كىشىلەرنىڭ يولىنى توسۇۋاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «راھىبنىڭ يولى توغرىمۇ ياكى سېھىرگەرنىڭ يولى توغرىمۇ بۇنى بۈگۈن بىلىمەن» دەپتۇ-دە، تاشتىن بىرنى ئېلىپ: «ئى الله ! ئەگەر ساڭا راھىبنىڭ ئىشى سېھىرگەرنىڭ ئىشىدىن ياخشى بولسا، مۇشۇ تاش بىلەن ھايۋاننى ئۆلتۈرگىن. كىشىلەر يولىغا ماڭسۇن» دەپ تاشنى ئېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايۋان ئۆلۈپتۇ. كىشىلەر يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

ئۇ راھىبنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇ ئىشتىن راھىبنى خەۋەرلەندۈرۈپتۇ. راھىب ئۇ بالىغا: «ئى ئوغلۇم! سەن بۈگۈن مەندىن ئۈستۈن بولۇپ كېتىپسەن. مەن كۆرگەن نەرسىلەر ساڭا يېتىپتۇ. سەن ھەقىقەتەن كەلگۈسىدە سىناققا دۇچ كېلىسەن. ئەگەر سەن سىنالساڭ مېنى ئاشكارىلاپ قويمىغىن» دەپتۇ.

ئۇ بالا قارىغۇ ۋە ئاق كېسەللەرنى ساقايتالايدىكەن. باشقا كېسەللەرنىمۇ داۋالايدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ قارىغۇ بولۇپ قالغان يېقىنلىرىدىن بىرى بۇنى ئاڭلاپ نۇرغۇن ھەدىيىلەر بىلەن كېلىپ ئۇنىڭغا: «ئەگەر كۆزۈمنى ساقايتىپ قويساڭ، مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن» دەپتۇ. ئۇ

بالا: «مەن ھەقىقەتەن ھېچبىر كىشىنى ساقايتالمايمەن، پەقەت اﷲ ساقايتىدۇ. ئەگەر سەن اﷲ قا ئىمان ئېيتساڭ، مەن اﷲ قا دۇئا قىلاي، سېنى ساقايتىپ قويسۇن» دەپتۇ. ئۇ اﷲ قا ئىمان ئېيتىپتۇ. اﷲ ئۇنى ساقايتىپتۇ.

ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇرۇنقى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: «كۆزۈڭنى كىم ساقايتىپ قويدى؟» دەپتۇ. ئۇ: «رەببىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ غەزىپى كېلىپ: «سېنىڭ مەندىن باشقا رەببىڭ بارمۇ؟» دەپتۇ. ئۇ: «اﷲ سېنىڭ ۋە مېنىڭ رەببىمدۇر» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنى قىيىن-قىستاققا ئالغاندا ئازابقا چىدىيالماي بالىنى دەپ قويۇپتۇ. ئۇ بالا دەرھال كەلتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: «ئى ئوغلۇم! سېنىڭ سېھرىڭ قارىغۇ ۋە ئاق كېسەللەرنى ساقايتالايدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ. ھەم مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلىپسەن» دەپتۇ. ئۇ بالا: «ياق، مەن ھېچكىمنى ساقايتالمايمەن، پەقەت اﷲ تائالا ساقايتىدۇ» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنىمۇ قىيناۋېرىپتۇ. ئۇمۇ ئازابقا چىدىيالماي راھىبنى پاش قىلىپ قويۇپتۇ. راھىب دەرھال كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا: «دىنىڭدىن يان!» دېيىلىپتۇ ، ئۇ ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەرە ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ تېنى ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە چۈشكىچە ھەرىدەپتۇ.

ئاندىن پادىشاھنىڭ يېقىنىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا: «دىنىڭدىن يان!» دەپتۇ. ئۇمۇ ئۇنىماپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭمۇ بېشىنىڭ ئوتتۇرىغا ھەرىنى قويۇپ، ئۇنىڭ تېنى ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە چۈشكىچە ھەرىدەپتۇ. ئاندىن ئۇ بالىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا: «دىنىڭدىن يان» دەپتۇ. ئۇمۇ ئۇنىماپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بىر توپ كىشىگە تاپشۇرۇپ: «سىلەر ئۇنى پالانى تاغنىڭ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىڭلار، چوققىغا چىققاندا ئەگەر ئۇ دىنىدىن يانسا قويۇۋېتىڭلار، ئەگەر دىنىدىن يانمىسا ئۇنى چوققىدىن تاشلىۋېتىڭلار» دەپتۇ.

ئۇلار ئۇنى ئېلىپ تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپتۇ. ئۇ بالا: «ئى الله ، سەن خالىغان يول بىلەن مېنى قۇتقۇزغىن!» دەپتۇ. شۇ چاغدا تاغلار تىترەپ پادىشاھنىڭ ئادەملىرى تاغدىن يۇمۇلاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بالا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: «ئۇ ئادەملەرگە نېمە بولدى؟» دەپتۇ. ئۇ بالا: «الله مېنى ئۇلاردىن قۇتقۇزدى» دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى يەنە بىر توپ كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ: «سىلەر ئۇنى ئېلىپ بېرىپ كېمىگە سېلىڭلار. كېمە دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا ئەگەر ئۇ دىنىدىن يانسا قويۇۋېتىڭلار، ئەگەر يانمىسا ئۇنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار» دەپتۇ. ئۇلار مېڭىپ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، ئۇ بالا: «ئى الله ! سەن خالىغان يول بىلەن مېنى قۇتقۇزغىن» دەپتۇ. شۇ چاغدا كېمە داۋالغۇپ پادىشاھنىڭ ئادەملىرى سۇغا غەرق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: «ئۇ ئادەملەرگە نېمە بولدى؟» دەپتۇ. ئۇ بالا: «الله مېنى ئۇلاردىن قۇتقۇزدى» دەپتۇ. ئۇ بالا پادىشاھقا: «سەن مەن دېگەن ئىشنى قىلمىغۇچە مېنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيسەن» دەپتۇ. پادىشاھ: «ئۇ نېمە ئىش؟» دەپتۇ. ئۇ بالا: «سەن كىشىلەرنى بىر تۈزلەڭلىككە يىغىپ، مېنى خورما دەرىخىگە ئاسقىن، ئاندىن ئوقدانىمدىن ئوق ئېلىپ ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ: <بالىنىڭ رەببى بولغان الله نىڭ نامى بىلەن ئاتىمەن> دېگىن. ئاندىن ماڭا ئاتقىن، شۇنداق قىلساڭ مېنى ئۆلتۈرەلەيسەن» دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ پادىشاھ كىشىلەرنى بىر تۈزلەڭلىككە يىغىپتۇ. ئۇنى بىر خورما دەرىخىگە ئېسىپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئوقدانىدىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ: «بالىنىڭ رەببى بولغان الله نىڭ نامى بىلەن ئاتىمەن» دەپ ئۇنىڭغا ئېتىپتۇ. ئوق بالىنىڭ چېكىسىگە تېگىپتۇ. ئۇ قولى بىلەن چېكىسىنى تۇتقىنىچە ئۆلۈپتۇ. كىشىلەر: «بىز بۇ بالىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. بىرسى پادىشاھنىڭ

قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: «ھەزەر قىلغان نەرسەڭنى كۆردۈڭمۇ؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن قورققان ئىش يۈز بەردى. ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەر ئىمان ئېيتىپ كەتتى» دەپتۇ.

ئاندىن پادىشاھ ئادەملىرىنى كوچا ئېغىزلىرىغا خەندەك كولاشقا بۇيرۇپتۇ. خەندەكلەر كولىنىپ ئۇنىڭغا ئوت يېقىلىپتۇ. پادىشاھ ئادەملىرىگە: «كىم دىنىدىن يانمايدىكەن، ئۇنى ئوتقا تاشلاڭلار!» دەپتۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىپتۇ. ھەتتا نۆۋەت كىچىك بالىسى بار بىر ئايالغا كەلگەندە، ئۇ ئايال ئوتتىن قورقۇپ كەينىگە چېكىنىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ بالىسى زۇۋانغا كېلىپ: «ئى ئانا، سەۋر قىل! چۈنكى سەن ھەقنىڭ ئۈستىدىدۇرسەن» دەپتۇ.[1]

## شەرھىسى

بۇ بابتا كەلتۈرۈلگەن ھەدىستە ئاجايىپ بىر قىسسە بايان قىلىنىدۇ. ئىلگىرىكى زامانلاردا ياشاپ ئۆتكەن مەلۇم بىر پادىشاھنىڭ يېنىدا بىر سېھىرگەر بولۇپ، سېھىرگەر بۇ پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇرۇپ خىزمەت قىلاتتى. پادىشاھ بۇ سېھىرگەرگە تايىنىپ خەلقنى قول قىلاتتى (بۇنىڭ تەپسىلاتى الله خالىسا ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ). سېھىرگەر قېرىپ قالغاندا پادىشاھقا: «مەن قېرىپ قالدىم، ماڭا بىر ياش يىگىت ئەۋەتكىن، ئۇنىڭغا سېھىرگەرلىكنى ئۆگىتىپ قوياي» دەپتۇ. پادىشاھ سېھىرگەرنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر ياش بالىنى تاللاپتۇ. چۈنكى، ياش بالىلار ئىلىم ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولغانلىقى ئۈستىگە، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى يۇقىرى ۋە چىدامچان كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىچىك ۋاقتىدا ئىلىم ئۆگىنىش چوڭ بولغاندا ئىلىم ئۆگىنىشتىن كۆپ ياخشى. لېكىن ھەر ئىككىلىسىدە ياخشىلىق بار. كىچىك ۋاقتىدا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىككى

[1] مۇسلىم توپلىغان.

تۇرلۇك پايدىسى بار، بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ كۆپ پايدىسى بولۇشى مۇمكىن.

بىرىنچى، كۆپىنچە ۋاقىتتا كىچىك بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى چوڭلارغا قارىغاندا ياخشىراق بولىدۇ. چۈنكى، كىچىك بالىلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ۋە غەم ـ ئەندىشىلىرى چوڭلارنىڭكىدىن ئازراق بولىدۇ.

ئىككىنچى، كىچىك ۋاقىتىدا يادلىغان نەرسىلەر تېز ئۇنتۇلۇپ قالمايدۇ. ئەكسىچە چوڭ بولغاندا يادلىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تېز ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئارىسىدا «ياش ۋاقتىدا ئالغان ئىلىم تاشقا نەقىش ئويغاندەك» دەيدىغان گەپلەر بار.

يەنە بىر تۇرلۇك پايدىسى شۇكى، ئادەملەر كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئىلىم ئۆگىنىشنى باشلىغاندا ئۇ شۇ ئىلىم ئۈستىدە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلىم ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە پۈتۈن جىسمىغىچە سىڭىپ كېتىدۇ.

مانا بۇ قىرى سېھىرگەر ئۇزۇن يىل ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇنلىغان تەجرىبىلەرگە ئېرىشكەن. شۇڭا ئۇ پادىشاھتىن سېھىر ئۆگىنىشكە ياش بالا تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە، پادىشاھ سېھىرگەرگە بىر ياش بالىنى ئەۋەتكەن. لېكىن الله تائالا بۇ ياش بالىغا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يىگىت سېھىر ئۆگەنگىلى كېتىۋېتىپ، بىر راھىبقا ئۇچراپ قالىدۇ. بۇ راھىب ئۆمرىنى الله قا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزىدىغان زاھىد كىشى ئىدى ۋە ناھايىتى ياخشى سۆزلەرنى قىلاتتى. راھىبتىن ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلىغان بۇ بالا ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالىدۇ.

بەزى راھىبلار ئالىم بولغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىبادىتى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، راھىب دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ بالا ئائىلىسىدىن چىقسا، راھىبنىڭ يېنىدا ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالاتتى ۋە سېھىرگەرنىڭ يېنىغا كېچىكىپ باراتتى. سېھىرگەر يىگىتنىڭ نېمە ئۈچۈن كېچىككەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنى ئۇراتتى. بالا بۇ ھەقتە راھىبقا شىكايەت قىلدى.

راھىب يىگىتكە بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشىنىڭ چارىسىنى ئۆگىتىپ قويىدى. راھىب ئۇنىڭغا: «سېھىرگەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ جازالىشىدىن قورقساڭ <ئائىلەمدىكىلەر مېنى كېچىكتۈرۈپ قويدى> دېگىن. ئائىلەڭگە قايتىپ بارساڭ <سېھىرگەر مېنى كېچىكتۈرۈپ قويدى> دېگىن. سەن بۇنىڭدىنمۇ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ قۇتۇلىسەن» دېدى. (الله تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر). راھىب بۇ يەردە يالغان سۆزلەش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان مەنپەئەتنىڭ راست سۆزلەشنىڭ زىيىنىدىن كۆپرەك بولىدىغانلىقىنى پەملىگەن بولۇشى مۇمكىن.

يىگىت راھىبنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئاۋۋال راھىبنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئاندىن سېھىرگەرنىڭ يېنىغا باراتتى. ئەگەر سېھىرگەر ئۇنى جازالىماقچى بولسا: «ئائىلەمدىكىلەر مېنى كېچىكتۈرۈپ قويدى» دەيتتى. ئائىلىسىگە قايتقاندا كېچىكىپ قالسا سېھىرگەر مېنى كېچىكتۈرۈپ قويدى دەيتتى. مەلۇم بىر كۈنى بۇ ياش بالا ناھايىتى چوڭ بىر ھايۋاننىڭ يولنى توسۇپ كىشىلەرنى ئۆتكىلى قويمىغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ مۇشۇ پۇرسەتتە راھىب ۋە سېھىرگەرنىڭ قايسىسىنىڭ ھەق يولدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، قولىغا بىر تال تاشنى ئېلىپ: «ئەگەر راھىبنىڭ ئىشى ياخشى بولسا، بۇ تاش بىلەن مۇشۇ ھايۋاننى ئۆلتۈرۈپ بەرگىن!» دەپ الله قا دۇئا قىلدى. يىگىت تاشنى ئاتقان ئىدى، ھېلىقى ھايۋان ئۆلۈپ كىشىلەر يولدىن ئۆتۈۋالدى.

نەتىجىدە، بالا راھىبنىڭ يولىنىڭ ھەق، سېھىرگەرنىڭ بولسا باتىل يولدا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ھەقىقەتەنمۇ سېھىرگەرلەر زالىم ياكى مۇشرىك كاپىردۇر. سېھىرگەرلەرنىڭ ھالىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۇلارغا بېرىلىدىغان ھۆكۈممۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ شەيتانلاردىن ياردەم سوراپ، ئۇلار بىلەن ئۇلپەت قىلىدىغان، ئۇلارغا ئىبادەت قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلىپ مەدەت سورايدىغان سېھىرگەر بولسا، ئۇ مۇشرىك كاپىردۇر. ئەگەر بۇنداق

قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى سىېھىر بىلەن يەۋالغان ياكى باشقىلارنى ئالدىغان بولسا، ئۇ كاززاپ ۋە زالىمدۇر.

راھىبقا كەلسەك، ئەگەر ئۇ شەرئىي كۆرسەتمىلەرگە ئاساسلىنىپ، اللە قا ئىبادەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىدايەت تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بىلىمسىزلىكى تۈپەيلى بەزى ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نىيىتى ياخشىدۇر.

مۇھىمى، ياش بالا راھىبقا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرگەندە، راھىب: «سەن بۈگۈن مەندىن ئېشىپ كېتىپسەن» دېگەن. چۈنكى، اللە ئۇنىڭ دۇئاسىنى كېچىكتۈرمەستىن ئىجابەت قىلغان.

ئەگەر بىر كىشى كۆپ تاللاشلارغا دۇچ كېلىپ، قايسىنى تاللاشنى بىلەلمىسە، اللە تىن توغرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر ئالامەت تەلەپ قىلسا اللە تائالا ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ بېرىدۇ. مانا بۇ، اللە تائالانىڭ ئۇ ئىنسانغا ئاتا قىلغان نېئمەتلىرى جۈملىسىدىندۇر.

شۇ سەۋەبتىن، ئادەم بىر ئىشنى قىلىشتا كۆپ تاللاشلارغا دۇچ كېلىپ بىر قارارغا كېلەلمىسە، ئىستىخارە سالسا بولىدۇ. اللە قا سەمىمىيلىك بىلەن ئىستىخارە سېلىنسا، اللە تائالا ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەتلەرنى چىقىرىپ بېرىدۇ. بەلكىم ئۇنىڭ كۆڭلى شۇ ئىشنى قىلىشقا مايىل بولىدۇ ياكى بىرەر چۈش ئارقىلىق بېشارەت ئالىدۇ ۋە ياكى بىرەر كىشىنىڭ توغرا مەسلىھەتىگە ئېرىشىدۇ.

اللە تائالا بۇ ياش بالىغا ئەما ۋە ئاق كېسەللەرنى ساقايتالايدىغان كارامەتنى ئاتا قىلغان ئىدى. ئۇ ئەما ۋە ئاق كېسەل كىشىلەر ئۈچۈن اللە قا دۇئا قىلاتتى، ئاندىن ئۇلار ساقىيىپ كېتەتتى.

ياش بالىنىڭ ئەما ۋە ئاق كېسەلنى ساقايتالايدىغان كارامىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام كېسەل كىشىنى سىيلاپ قوياتتى ـ دە، كېسىلى ساقىيىپ كېتەتتى. ئەمما، بۇ يىگىت اللە قا

دۇئا قىلاتتى. الله تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلاتتى ـ دە، ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن ئەما ۋە ئاق كېسەل ساقىيىپ كېتەتتى.

راھىب كىشى يىگىتنىڭ كەلگۈسىدە ئېغىر سىناقلار بىلەن سىنىلىدىغانلىقىنى يەملەپ، سىناقتا دۇچ كەلگەندە ئۆزىنى پاش قىلىپ قويماسلىقىنى تەلەپ قىلدى.

پادىشاھنىڭ ئەما بىر مەسلىھەتچىسى بار بولۇپ، ئۇ بۇ بالىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يېنىغا كۆپلىگەن ھەدىيىلەرنى ئېلىپ كەلدى ۋە: «ئەگەر سەن مېنى ساقايتالىساڭ، بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ» دېدى. يىگىت: «ياق، شىپالىق بەرگۈچى الله تۇر» دېدى.

ئۇنىڭدىكى بۇ ئىمانغا قاراڭكى، ئۇ ئۆزىدىكى بۇ كارامەتلەردىن مەغرۇرلانمىدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كېسەللەرنى ساقايتالايدىغانلىقى ھەققىدە داۋراڭ سالمىدى. ئەكسىچە شىپالىق بەرگۈچىنىڭ الله ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھنىڭ بەزى ئىشلىرىمۇ بۇ بالىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھنىڭ يېنىغا جىن چاپلىشىپ قالغان بىر ئادەم ئېلىپ كېلىنىدۇ. شەيخ ئۇنىڭغا رۇقيە ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن جىن چىقىپ كەتكىلى ئۇنىمايدۇ. ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ئۇنىڭ بوينىغا ناھايىتى قاتتىق ئۇرىدۇ، ھەتتا ئۇرغان قولى قاتتىق ئاغرىپ كېتىدۇ. ھېلىقى ئادەمگە چاپلىشىۋالغان جىن سۆز قىلىپ: «مەن شەيخنىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن چىقىپ كېتىمەن» دەيدۇ، شەيخ ئۇنىڭغا: «مېنىڭ ھۆرمىتىم يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن چىققىن» دەيدۇ.

شەيخ بۇ پەزىلەتنىڭ الله نىڭ نېئمىتى ئىكەنلىكىنى ۋە بارچە شۈكۈر ۋە رەھمەتنىڭ الله قىلا لايىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنداق قىلىپ، جىن

چىقىپ كېتىدۇ. جىن چىقىپ كەتكەندە ھېلىقى ئادەم ئەسلىگە كېلىپ: «مېنى شەيخنىڭ يېنىغا نېمىشقا ئېلىپ كەلدىڭلار؟» دەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم جىن چاپلىشىپ قالغاندا ئۆيدە ياكى بازاردا بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ھەمراھلىرى: «سۇبھانەللاھ، شەيخنىڭ سېنى ئۇرغانلىقىنى ھېس قىلمىدىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئۇ ئادەم: «مەن ھېچبىر ئاغرىقنى ھېس قىلمىدىم» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ كىشى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ھەقىقىي تەقۋادار ئالىم كىشى ئۆزىدىكى الله نىڭ نېئمىتىنى نام-ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ۋاستە قىلىۋالمايدۇ. ئەكسىچە ئۆزىدىكى پەزىلەتنىڭ الله تائالا ئاتا قىلغان نېئمەت ئىكەنلىكىنى كەمتەرلىك بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

ياش بالا پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىسىگە: «ئەگەر سەن ئىمان ئېيتساڭ، مەن سەن ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلىمەن» دېدى. ھېلىقى ئادەم ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ياش بالا ئۇ ئادەمگە شىپالىق تىلەپ الله قا دۇئا قىلدى. الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا شىپالىق بېرىشى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ كۆزى ئەسلىگە كەلدى.

بۇ كىشى كۆزى ساقايغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ ئادىتى بويىچە پادىشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. پادىشاھ ئۇنىڭدىن كۆزىنىڭ قانداق ساقايغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ: «رەببىم ساقايتتى» دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ: «سېنىڭ مەندىن باشقا رەببىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىغاندى. مەسلىھەتچىسى: «مېنىڭ رەببىم ۋە سېنىڭ رەببىڭ الله تۇر» دېدى. پادىشاھ ئۇنى قىيىن-قىستاققا ئېلىپ ئازابلاشقا باشلىدى. نەتىجىدە، بۇ كىشى ھېلىقى ياش بالىنى پاش قىلىپ قويدى. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ياش بالىنىمۇ تۇتۇپ كېلىپ ئۇنىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا ئازابلىدى. ئۇلار بۇ ياش بالىدىن بۇنى ئۆگەتكەن كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراپ تاكى ئىقرار قىلغۇچە راسا قىينىدى. راھىب ياش بالىغا: «ھەقىقەتەن، سەن ئىمتىھان قىلىنىسەن،

ئەگەر راستتىنلا ئىمتىھان قىلىنساڭ، مېنى ئاشكارىلاپ قويمىغىن» دېگەنىدى. لېكىن ياش بالا قىيىن-قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي راھىبنى پاش قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ زالىم پادىشاھ راھىبنىمۇ ئېلىپ كېلىپ دىنىدىن قايتىشقا مەجبۇرلىدى. راھىب دىنىدىن قايتىشقا ئۇنىمىدى. ئۇلار ھەرە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن پارچىلىدى. ئۇلار راھىبنىڭ بېشىدىن باشلاپ بويىنىنى، ئاندىن ئومۇرتقىسىنى ھەرىدەپ بەدىنىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. لېكىن بۇ راھىب ئۆلسىمۇ دىنىدىن قايتقىلى ئۇنىمىدى.

ئاندىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىسىمۇ ئېلىپ كېلىنىپ، دىنىدىن قايتىشقا مەجبۇرلاندى. لېكىن ئۇ كىشىمۇ دىنىدىن يانغىلى ئۇنىمىدى ۋە راھىبقا ئوخشاشلا ئىككى پارچە قىلىۋېتىلدى. مانا بۇنىڭدىن ئىبادەتلەردە سەۋر قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

لېكىن «كۇفۇر سۆزگە ئۆلۈم تەھدىتى بىلەن مەجبۇرلانغان كىشى سەۋر قىلىشى كېرەكمۇ ياكى مەجبۇرلانغانلىقى تۈپەيلى كۇفۇر سۆزنى قىلىشى دۇرۇسمۇ؟» دېگەن سوئالغا كەلسەك، بۇنىڭغا تەپسىلىي قارايمىز. ئەگەر بۇ ئىشلارنىڭ تەسىرى پەقەت شۇ كىشى بىلەنلا چەكلەنسە، ئۇ كىشى قەلبى ئىماندا مۇستەھكەم ھالەتتە تۇرۇپ كۇفۇر سۆز ۋە ياكى كۇفۇر قىلىقنى قىلسىمۇ ياكى بۇنداق قىلماستىن ئۆلگىچە چىڭ تۇرسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، بۇتقا سەجدە قىلىشقا مەجبۇرلانغان كىشى سەجدە قىلماي ئۆلۈپ كەتسىمۇ ياكى سەجدە قىلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلسىمۇ بولىدۇ.

ئەمما، مەجبۇرلىنىش سەۋەبىدىن دىندىن چىقىپ كېتىدىغان ئىشلارنى قىلىش پىتنە پەيدا قىلسا، ھەتتا ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالسا، ئۇ كىشىنىڭ كۇفۇر كەلىمىسىنى دېيىشى

دۇرۇس ئەمەس. بەلكى ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە يۈزلىنىدىغان ﷲ يولىدىكى مۇجاھىدقا ئوخشاش، تا ئۆلگىچە سەۋر قىلىشى ۋاجىب.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھنىڭ قىسسىسى بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ «قۇرئان مەخلۇق» دېگەن پىتنىگە دۇچ كەلگەندە قۇرئاننى مەخلۇق دېيىشكە ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن كۆپلىگەن مالامەتلەر ۋە ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان بولۇپ، ھەتتا ئۇ قېچىر بىلەن بازارلاردا سازايە قىلىنغان، زىندانغا تاشلانغان ۋە قامچىلار بىلەن ئۇرۇلغان. ئۇ قىيىن ـ قىستاقنىڭ دەستىدىن بىھوش بولۇپ قالاتتى، ئەمما ھوشىغا كەلسىلا «قۇرئان رەببىمنىڭ كالامىدۇر، ئۇ مەخلۇق ئەمەس» دەيتتى. ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ شۇ قەدەر مەجبۇرلانغان بولسىمۇ كۇفۇر سۆزنى دېيىشنى ئۆزىگە دۇرۇس دەپ قارىمىغان. چۈنكى، كىشىلەر ئىمام ئەھمەدنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى كۈتۈۋاتاتتى. ناۋادا ئىمام ئەھمەد «قۇرئان مەخلۇق» دېگەن بولسا، ھەممە كىشى ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھنىڭ مەجبۇرلانغان سۆزىنى تەستىقلاپ قۇرئان مەخلۇق دەپ ئېتىقاد قىلىپ دىن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولاتتى.

لېكىن ئۇ ﷲ تىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلدى ۋە دىنى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىدى. ئۇ ئىككى ئەۋلاد خەلىپە ئالماشقىچە ئېغىر قىيىنچىلىقلاردا ياشىدى. ﷲ قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، ئىمام ئەھمەدكە زۇلۇم قىلغان ئىلگىرىكى ئىككى خەلىپە ئۆلۈپ، ﷲ تائالا ئۇنى ئۈچىنچى سالىھ خەلىپە ئارقىلىق قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇردى.

ئۈچىنچى خەلىپە ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھنى ناھايىتى ھۆرمەتلىدى. ﷲ تائالا ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھقا ھەقنى ئۇنلۇك ئاۋازدا جاكارلاش پۇرسىتى ئاتا قىلماستىن ۋە ئۇنىڭ ساباتلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھەق يولدا ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىپ كۆزىنى خۇرسەن قىلماستىن ۋاپات تاپقۇزمىدى.

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھنى خەلىپىلەرگە يامانلاپ سەت كۆرسىتىدىغان دۈشمەنلىرى ياردەمسىز قالدى. الله قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، مانا بۇ سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

پادىشاھ راھىبنى ۋە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغان مەسلىھەتچىسىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ھېلىقى بالىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىمۇ دىنىدىن يېنىشقا مەجبۇرلىدى. پادىشاھ شېرىك ئەقىدىسىگە ئىگە مۇشرىك كىشى بولۇپ، ئۇ پۇقرالىرىنى ئۆز دىنىغا كىرىشكە ۋە ئۆزىنى ئىلاھ بىلىشكە چاقىراتتى.

ياش بالا دىنىدىن قايتىشقا ئۇنىمىدى. پادىشاھ قول ئاستىدىكىلەرگە بالىنى تاغنىڭ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىپ، دىنىدىن يەنە قايتقىلى ئۇنىمىسا تاغنىڭ چوققىسىدىن تاشلىۋېتىشنى بۇيرۇدى.

پادىشاھنىڭ ئادەملىرى بالىنى تاغنىڭ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىپ دىنىدىن قايتىشقا مەجبۇرلىغان بولسىمۇ، بالىنىڭ قەلبى ئىماندا مۇستەھكەم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەھدىتلىرىگە قىلچە بويۇن ئەگمىدى. چاپارمەنلەر بالىنى تاغ چوققىسىدىن تاشلىماقچى بولغاندا ئۇ: «ئى الله ، ئۇلارغا خالىغان نەرسە بىلەن كۇپايە قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. ئەمما ئۇ ـ بۇ يەردە مۇئەييەن نەرسە بىلەن ياردەم بېرىشنى سورىمىدى.

الله تائالا ئۆلۈم گىردابىدا چارىسىز قالغان بالىنىڭ بۇ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، تاغلارنى تەۋرىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى تاغدىن تاشلاپ ھالاك قىلىۋەتتى. بالا پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتىپ باردى. پادىشاھ: «سەن قانداق ھايات قالدىڭ؟ سەن بىلەن بىرگە كەتكەنلەر قەيەردە؟» دەپ سورىدى. يىگىت: «الله ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتى» دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ ئۇنى يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ بالا بىلەن دېڭىزغا چىقىشنى، دىنىدىن يەنە قايتمىسا، دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا تاشلىۋېتىشنى بۇيرۇدى.

ئۇلار دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە بالىنى دېڭىزدىن قايتىشقا مەجبۇرلىدى. بالا يەنىلا ئۇنىمىدى ۋە ئىلگىرىكى دۇئاسىنى تەكرارلىدى. نەتىجىدە، كېمە ئۆرۈلۈپ كېتىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېڭىزغا غەرق بولدى. اللە بالىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ئاندىن بالا پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا يەنە قايتىپ كەلدى. پادىشاھ بالىدىن: «سەن بىلەن بىللە كەتكەنلەر قەيەردە؟» دەپ سورىدى. بالا بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىنى پادىشاھقا بايان قىلىپ بەردى ۋە: «سەن مەن بۇيرۇغان ئىشنى قىلمىغۇچە، مېنى ئۆلتۈرەلمەيسەن» دېدى. پادىشاھ بالىدىن قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى سورىدى. بالا: «شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ئورۇنغا توپلاپ، ئاندىن مېنى دەرەخكە باغلايسەن. ئوقدىنىمدىن بىر تال ئوق ئېلىپ، ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ <بالىنىڭ رەببى بولغان اللە نىڭ نامى بىلەن ئاتىمەن> دەپ ئۇنى ماڭا ئاتىسەن، سەن مۇشۇنداق قىلساڭلا مېنى ئۆلتۈرەلەيسەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ كىشىلەرنى بىر تۈزلەڭلىككە يىغىپ، بالىنى دەرەخكە باغلىدى. ئۇنىڭ ئوقدىنىدىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ، ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويدى. ئاندىن «بالىنىڭ رەببى بولغان اللە نىڭ نامى بىلەن» دېگىنىچە ئوقنى ئاتتى. ئوق بالىنىڭ چېكىسىگە نەق تەگدى. يىگىت قولىنى چېكىسىنىڭ ئۈستىگە قويغىنىچە ۋاپات بولدى.

كىشىلەر: «بالىنىڭ رەببىگە ئىمان كەلتۈردۇق» دەپ توۋلاشتى. ئۇلار پادىشاھنىڭ ئارزۇسىغا قارشى ھالدا بەس-بەستە اللە قا ئىمان ئېيتىشتى. بالىنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىش ئىدى.

**ھەدىسنىڭ بۇ بۆلىكىدىن تۆۋەندىكى پايدىلارنى يەكۈنلەپ چىقىرالايمىز:**

**بىرىنچى، بۇ بالا ئىماندا راستچىل ۋە كەسكىن ئىرادىلىك ئىدى.**

**ئىككىنچى، بۇ بۆلەكتە اللە تائالانىڭ بالىنى ئۆزىنىڭ مۆجىزىلىرى بىلەن كۈچلەندۈرگەنلىكى ۋە دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ تاغلارنى تەۋرىتىش ئارقىلىق ئۇنى**

**دۈشمەنلىرىدىن خالاس قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ.**

**ئۈچىنچى، قىيىنچىلىقتا قالغان كىشى اللە قا دۇئا قىلسا، اللە تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ.** ئەگەر ئىنسان جىددىي پەيتلەردە اللە تائالانىڭ دۇئانى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ تۇرۇپ، رەببىگە چىن قەلبىدىن دۇئا قىلسا، اللە تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ. ھەتتا كاپىرلارمۇ ھالقىلىق پەيتلەردە اللە قا يېلىنىپ دۇئا قىلسا، اللە تائالا ئۇلارنىڭ غەمدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن كۇفۇرلۇققا قايتىۋالىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ. مەسىلەن، بىر بۆلۈك ئىمانسىز كىشىلەر دېڭىز سەپىرى جەريانىدا دولقۇنغا دۇچ كېلىپ، اللە نىڭ بۇ مۇسىبەتتىن قۇتقۇزۇپ قويۇشىنى تىلەپ اللە قا خالىسانە دۇئا قىلىدۇ. اللە ئۇلارنى قۇتقۇزغاندىن كېيىن ئۇلار يەنە شېرىك كەلتۈرىدۇ. شۇنداقتىمۇ اللە ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى دۇئاسىغا سەممىيەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىيىنچىلىقتا قالغان ئىمانسىز كىشىنىڭ دۇئاسىمۇ ئىجابەت قىلىنىدۇ.

**تۆتىنچى، بىر كىشىنىڭ ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدىغان ئىشلارغا تەۋەككۇل قىلىشى دۇرۇس.** چۈنكى بۇ بالا باشقىلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا سەۋەب بولۇش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلدى. پادىشاھ بالىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە بالىنىڭ ئوقدىنىدىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ «بالىنىڭ رەببى بولغان اللە نىڭ نامى بىلەن» دېگىنىچە، بالىغا ئاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بالىنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق اللە نىڭ مۆجىزىسى نامايەن بولىدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بالىنىڭ ئۇممەتنىڭ ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن ئۆلۈمگە تەۋەككۇل قىلغان بۇ ئىشى اللە يولىدىكى مۇجاھىدىنىڭ ئىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قىلغىنى جىھادنىڭ بىر تۈرىدۇر. چۈنكى بالا بەربىر ئۆلۈپ كېتىدىغان كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن

ھېچبىر نەرسىدە زىيان تارتقان بولمايدۇ».

كىشىلەر: «بالىنىڭ رەببى الله قا ئىمان كەلتۈردۇق» دېگىنىچە توپ ـ توپ بولۇپ، ئىمان ئېيتىشقا باشلىغاندا، قول ئاستىدىكىلەرنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدىغان تاغۇت پادىشاھنىڭ يانتاياقلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى پادىشاھ، سەن ئەنسىرىگەن ئىش يۈز بەردى. كىشىلەر بەس ـ بەستە بالىنىڭ رەببىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە باشلىدى» دېدى. پادىشاھ ئۆزىنى ئىلاھ قىلىپ كۆرسىتىپ پۇقرالىرىنى بويسۇندۇرىدىغان بولغاچقا، پۇقرالىرىنىڭ الله تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدى. ئەگەر بۇنداق بولغاندا پۇقرالار ئۇنىڭغا بويسۇنماي، ئۆزىنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى ئېچىلىپ قالاتتى.

ئۇ ھەقىقىي تاغۇت ۋە زالىم پادىشاھ بولغاچقا، ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرنى چوڭقۇر كولانغان ئورەكتىكى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلاش ئارقىلىق ئازابلىماقچى بولدى. پادىشاھ ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: «كىم دىنىدىن قايتمىسا، ئۇنى ئورەككە تاشلاڭلار!» دېدى. ئەمما مۇئمىنلەرنىڭ ھېچقايسىسى ۋاقىتلىق دۇنيا نېئمەتلىرىنى مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىك دىيارىغا تېگىشىشنى خالىمىدى. ئۇلار خەندەكلەردىكى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ بېرىدەملىك ئازابىغا سەۋر قىلسا، ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مەڭگۈلۈك نازۇنېئمەتلەر دۇنياسىغا يۆتكىلىدىغانلىقىغا جەزم قىلاتتى. پەرىشتىلەر ئۇلارنى پاك ھالەتتە ۋاپات تاپقۇزۇپ مۇنداق دەيتتى: ﴿يَقُولُونَ سَلَامٌ عَلَيْكُمُ ادْخُلُوا الْجَنَّةَ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ «پەرىشتىلەر ئۇلارغا: <سالام سىلەرگە! قىلغان ئەمەلىڭلارنىڭ خاسىيىتىدىن جەننەتكە كىرىڭلار> دەيدۇ»[1].

دۇنيادا كۆيۈك ئازابىدىنمۇ ئېغىر ئازاب، كۆيۈك ئازابىغا سەۋر قىلىشتىنمۇ كاتتا سەۋر بولمىسا كېرەك. مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە قۇچىقىدا بوۋىقى بار بىر

[1] سۈرە نەھل 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئايال ئوتنى كۆرۈپ كەينىگە سەل داجىغاندەك بولدى. ئايالنىڭ تىلى چىقمىغان بالىسى بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ: «ئى ئانا، سەۋر قىلىڭ! ھەقىقەتەن سىز ھەق ئۈستىدە» دېدى. الله تائالا بۇ مۆجىزە ئارقىلىق ئايالنىڭ قەدىمىنى بەرقارار قىلدى. ھەقىقەتەنمۇ تىلى چىقمىغان بالىنىڭ بۇنداق سۆزلىشى الله تەرەپتىن كەلگەن بىر مۆجىزە ئىدى. ئۆزىگە الله تەرەپتىن بېرىلگەن روشەن پاكىتنى كۆرگەن ئانا خاتىرجەم ھالدا ئوتقا سەكرىدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيُنَجِّي اللَّهُ الَّذِينَ اتَّقَوْا بِمَفَازَتِهِمْ لَا يَمَسُّهُمُ السُّوءُ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ «الله (شېرىكتىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان يوللار ئارقىلىق (ئازابتىن) قۇتۇلدۇرىدۇ، ئۇلارغا كۈلپەت يەتمەيدۇ، ئۇلار قايغۇرمايدۇ»[1].

مەريەم ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن، ئائىلىسىدىن تولىمۇ يىراق بىر ئورۇنغا كەتتى. ئۇ الله تائالانىڭ «ۋۇجۇدقا كەل!» دېگەن سۆزى بىلەن ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا قورساق كۆتۈرگەن ئىدى. ﴿فَأَجَاءَهَا الْمَخَاضُ إِلَى جِذْعِ النَّخْلَةِ﴾ «تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنى (يۆلىنىۋېلىش ئۈچۈن) بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى»[2].

الله تائالا مەريەمنىڭ ئاستىدا ئېقىپ تۇرىدىغان بىر ئېرىقنى پەيدا قىلدى ۋە مەريەمگە مۇنداق ۋەھيي قىلدى: ﴿وَهُزِّي إِلَيْكِ بِجِذْعِ النَّخْلَةِ تُسَاقِطْ عَلَيْكِ رُطَبًا جَنِيًّا﴾ «خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ»[3]. ئىرغىتىپ چۈشۈرۈلگەن پىشقان خورمىلارنىڭ ساپمۇساق يەرگە چۈشۈشى الله تائالانىڭ ھەزرىتى مەريەمگە بەرگەن ئىلتىپاتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، پىشقان خورما دەرەختىن ئەمەس، ھەتتا ئۆرە تۇرغان ئادەمنىڭ قولىدىن

[1] سۈرە زۇمەر 61 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مەريەم 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مەريەم 25 ـ ئايەت.

چۈشۈپ كەتسىمۇ ئېزىلىپ كېتىدىغانلىقى مەلۇمدۇر. يەنە كېلىپ، بۇ ئايال مۇشۇ چاغقىچە تولغاق تۇتۇپ باقمىغان ۋە تۇغۇپ باقمىغان ئاجىز ئايال بولۇشىغا قارىماي، خورمىنى غولىدىن ئىرغىتالىشىمۇ اللە نىڭ مەريەمگە ئاتا قىلغان يەنە بىر ئىلتىپاتىدۇر. چۈنكى، خورمىنى ناھايىتى كۈچلۈك ئادەممۇ تەستە ئىرغىتىدۇ. مەريەمگە مۇنداق دېيىلدى: ﴿فَكُلِي وَاشْرَبِي وَقَرِّي عَيْنًا﴾ «(بۇ شېرىن خورمىدىن) يېگىن، (بۇ تاتلىق سۇدىن) ئىچكىن ۋە خۇرسەن بولغىن»[1]. مەريەم بۇ بالىسىنى كۆتۈرۈپ قەۋمىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار مەريەمگە ﴿يَامَرْيَمُ لَقَدْ جِئْتِ شَيْئًا فَرِيًّا﴾ «ئى مەريەم! سەن ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش قىلدىڭ»[2] دېدى.

چۈنكى، ئۇلار مەريەمنىڭ توي قىلماي تۇرۇپ بالىلىق بولغىنىدىن ئەجەبلىنىپ، ئۇ ھەقتە ناتوغرا گۇمانلارغا چۈشكەن ئىدى (اللە ساقلىسۇن). ئۇلاردىن بەزىسى: ﴿يَاأُخْتَ هَارُونَ مَا كَانَ أَبُوكِ امْرَأَ سَوْءٍ وَمَا كَانَتْ أُمُّكِ بَغِيًّا﴾ «ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى! سېنىڭ ئاتاڭ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان خوتۇن ئەمەس ئىدى»[3] دېدى. ئۇلار مەريەمنى «سەن ئېسىل نەسەبلىك ئائىلىنىڭ بالىسى تۇرۇپ، نېمىشقا زىنا قىلدىڭ» دەپ ئەيىبلەپ كېتىشتى. مەريەم ئۇلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە جاۋابەن بالىنى كۆرسىتىپ: «ئۇنىڭدىن سوراڭلار» دېدى. ئۇلار: ﴿كَيْفَ نُكَلِّمُ مَنْ كَانَ فِي الْمَهْدِ صَبِيًّا﴾ «بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق سۆزلەيمىز»[4] دېدى ۋە مەريەم بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ دەپ گۇمان قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا مەريەمنى ئاقلاش ئۈچۈن بۇ بالىنى سۆزلەتتى. ﴿قَالَ إِنِّي عَبْدُ اللَّهِ آتَانِيَ الْكِتَابَ وَجَعَلَنِي نَبِيًّا۝ وَجَعَلَنِي مُبَارَكًا أَيْنَ مَا كُنْتُ وَأَوْصَانِي بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ مَا دُمْتُ حَيًّا۝ وَبَرًّا بِوَالِدَتِي وَلَمْ يَجْعَلْنِي جَبَّارًا شَقِيًّا۝ وَالسَّلَامُ عَلَيَّ يَوْمَ وُلِدْتُ وَيَوْمَ أَمُوتُ

---

[1] سۈرە مەريەم 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مەريەم 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مەريەم 28 ـ ئايەت.
[4] سۈرە مەريەم 29 ـ ئايەت.

﴿وَيَوْمَ أُبْعَثُ حَيًّا﴾ «بوۋاق ئېيتتى: <مەن ھەقىقەتەن الله نىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتابنى بەردى (يەنى ئىنجىلنى بېرىدۇ) ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (يەنى قىلىدۇ) [30]. قەيەردە بولاي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى [31]. مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر، شەقى قىلمىدى [32]. مەن تۇغۇلغان كۈنۈمدە، ۋاپات بولغان كۈنۈمدە، تىرىلىپ قەبرەمدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنۈمدە (الله تائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىقتا ئېرىشىمەن[33]>»①.

بۆشۈكتىكى يېڭى تۇغۇلغان بالىنىڭ سۆزلىشى، ھەتتا سۆزلىگەندىمۇ ھېكمەت ۋە پاساھەت تېمىپ تۇرىدىغان راۋان جۈملىلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئانىسىنى پاكلىشى ناھايىتى قۇدرەتلىك زات الله تائالانىڭ مۆجىزىسى ھەمدە الله تائالانىڭ مەريەمگە قىلغان كاتتا ئىلتىپاتىدۇر.

شۇنىڭدەك، الله تائالانىڭ ئۇتقا كىرىشتىن ئىككىلىنىپ قالغان ھېلىقى ئايالنىڭ بالىسىنى گەپ قىلغۇزۇش ئارقىلىق بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم قىلىشىمۇ، الله تائالانىڭ شۇ ئايالغا ئاتا قىلغان پەزلى ـ مەرھەمىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىسسىدىن ۋە ئىلگىرى بايان قىلىنغان قىسسىلەردىن شۇنداق خۇلاسىغا كېلىمىزكى، الله تائالا ئۆزىنىڭ تەقۋادار مۇئمىن بەندىلىرىنى ئۇلارنىڭ قىلغان سالىھ ئەمەللىرى يۈزىسىدىن، ئېغىر قىيىنچىلىقتا يولۇققان ئەھۋالدا ئۆز رەھمىتى بىلەن قۇتقۇلدۇرۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر: «تعرف إلى الله في الرخاء يعرفك في الشدة» «كەڭرىچىلىك ۋاقىتلاردا الله نى تونۇغىن. الله تائالامۇ سېنى قاتتىقچىلىق ۋاقىتلاردا تونۇيدۇ».② الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

① سۈرە مەريەم 30 ـ، 31 ـ، 32 ـ ۋە 33 ـ ئايەت.
② تىرمىزى توپلىغان.

## 31 ـ ھەدىس

وعن أنس - رضي الله عنه - قَالَ: مَرَّ النَّبيُّ - صلى اللَّه عليه وسلم - بامرأةٍ تَبكي عِنْدَ قَبْرٍ، فَقَالَ: «اتّقِي اللَّه وَاصْبِرِي» فَقَالَتْ: إِلَيْكَ عَنِّي؛ فإِنَّكَ لم تُصَبْ بمُصِيبَتي وَلَمْ تَعرِفْهُ، فَقيلَ لَهَا: إنَّه النَّبيُّ - صلى اللَّه عليه وسلم - فَأَتَتْ بَابَ النَّبيِّ - صلى اللَّه عليه وسلم - فَلَمْ تَجِدْ عِنْدَهُ بَوَّابينَ، فقالتْ: لَمْ أعْرِفكَ، فَقَالَ: «إنَّمَا الصَّبْرُ عِنْدَ الصَّدْمَةِ الأُولى». مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

وفي رواية لمسلم: «تبكي عَلَى صَبيٍّ لَهَا».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىر قەبرىنىڭ بېشىدا يىغلاۋاتقان بىر ئايالنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا: «الله تىن قورقۇڭ، سەۋر قىلىڭ» دېدى. ئايال: «مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ماڭا كەلگەن مۇسىبەت ساڭا كەلمىدى» دېدى. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نى تونۇمىغان ئىدى. كېيىن ئۇ ئايالغا: «ئۇ پەيغەمبەر ﷺ ئىدى» دېيىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئايال پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. ئىشىك ئالدىدا دەرۋازىۋەنلەر يوق ئىدى. ئۇ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن سىزنى تونۇيالماپتىمەن» دەپ ئۆزرە ئېيتتى. پەيغەمبەر ﷺ: «سەۋر مۇسىبەتنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا بولىدۇ» دېدى.[1]

يەنە بىر نەقىلدە: «ئۆلۈپ قالغان كىچىك بالىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ بېشىدا يىغلاۋاتقان» دېيىلگەن.

## شەرھىسى

مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىسنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىستە، پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات بولۇپ كەتكەن بالىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا يىغلاۋاتقان بىر ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدۇ. ئۇ ئايال بالىسىنى بەك سېغىنغانلىقىدىن، سەۋر

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلىپ بولالماي بالىسىنىڭ قەبرىسى يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئايالنى كۆرۈپ، ئۇنى الله قا تەقۋالىق قىلىشقا ۋە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇپ: «اتقي اللَّه واصبري» «الله تىن قورقۇڭ ۋە سەۋر قىلىڭ» دېدى. ئۇ ئايال پەيغەمبەر ﷺ گە: «مەندىن يىراق تۇر. ماڭا كەلگەن مۇسىبەت ساڭا كەلمىدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەتتى. بۇ سۆزدىن ئۇنىڭ قەلبىنىڭ نەقەدەر پەرىشان ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

كېيىن ئۇ ئايالغا بۇ كىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىكەنلىكى ئېيتىلغاندا ئۇ ئايال پۇشايمان قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. ئىشىك تۈۋىدە دەرۋازىۋەنلەر يوق ئىدى. يەنى، كىشىلەرنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كىرىشتىن توسىدىغان بىرەرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سېنى تونۇماپتىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «إنما الصبر عند الصدمة الأولى» «ھەقىقەتەن، سەۋر دېگەن مۇسىبەتنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا بولىدۇ» دېدى.

ئىگىسىنى ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشتۈرىدىغان ھەقىقىي سەۋر ــــ مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتتىكى سەۋردۇر. ئەمما، مۇسىبەت كەلگەندە يىغلاپ-قاقشاپ، ئامالسىز قالغاندا «سەۋر قىلدىم» دېيىش ھايۋانلارچە سەۋر قىلىشتۇر. ئەمەلىيەتتە، ھەقىقىي سەۋر دېگەن مۇسىبەت يۈز بەرگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە الله تىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ: «إنا للَّه وإنا إليه راجعون، اللهم أجرني في مصيبتي واخلف لي خيرا منها» «بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز. چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز. ئى الله ! مۇسىبىتىمدە ماڭا ئەجىر ئاتا قىلغىن. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بەرگىن»[1] دېيىشتۇر.

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

## بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

**بۇ ھەدىستىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىدىكى ۋە كىشىلەرنى ھەققە دەۋەت قىلىشىدىكى گۈزەل ئەخلاقىنى كۆرۈۋالالايمىز.** پەيغەمبەر ﷺ قەبرە يېنىدا يىغلاۋاتقان بۇ ئايالنى كۆرگەندە ئۇنى الله تىن قورقۇشقا ۋە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئايال: «إليك عني» «مەندىن يىراق تۇر» دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالنى زورلۇق بىلەن قوپۇرۇۋەتمىدى ياكى قوپال گەپ-سۆزلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرمىدى. ئەكسىچە، ئۇ ئايالنىڭ چوڭقۇر قايغۇ-ئەلەملىرىنىڭ تۈرتكىسىدە مۇشۇنداق دەۋاتقانلىقىنى توغرا چۈشىنىپ ئارتۇق گەپ-سۆز قىلمىدى. ئەگەر بىر ئادەم: «ئايال كىشىنىڭ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشى ھارام ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىسا، بىز دەيمىزكى، ئەلۋەتتە، قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئايال كىشىگە ھارامدۇر. بەلكى بۇ چوڭ گۇناھلار قاتارىدىندۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ: «لعن زائرات القبور، والمتخذين عليها المساجد والسرج» «قەبرىنى زىيارەت قىلغان ئاياللارغا، قەبرىنى مەسجىد قىلىۋالغانلارغا ۋە قەبرىدە شام-چىراغ ياققانلارغا لەنەت بولسۇن!» دېگەن.[1] لېكىن، بۇ ئايال قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن چىقمىغان، بەلكى بالىسىغا بولغان سېغىنىشلىرى ۋە دەرت-ئەلەملىرىنى باسالماي قالغانلىقى تۈپەيلى چىققان ئىدى. ئۇ ئايال دەرت-ئەلەمدىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغاندەك قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالنىڭ دەردىنى چۈشىنىپ، ئۇنى كۈچ بىلەن قوپۇرۇۋەتمىدى ياكى ئۇنى ئۆيىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇرلىمىدى.

**بۇ ھەدىسنىڭ پايدىلىرى قاتارىدىن — ئادەملەردىكى بىلمەسلىك ئۆزرىسى شەرىئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئۆزرىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.** رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئايالنى الله تىن قورقۇشقا ۋە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇغاندا ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تونۇمىغانلىقى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «مەندىن يىراق تۇر!» دېگەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ ئۆزرىنى

[1] تىرمىزى توپلىغان. ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

تونۇمىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى ئۆزرە قاتارىدا ھېسابلىغان.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرى قاتارىدىن ـــ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجەتلىرىگە مەسئۇل قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە باشقىلارنىڭ كىرىشىنى توسۇپ قويىدىغان دەرۋازىۋەن ياكى توسۇقلارنى ئورنىتىپ قويۇشى لايىق ئەمەس.** ئەگەر كىرىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبلىك قولايسىزلىق تۇغۇلسا ياكى باشقا ئىشلارنى قىلىشقا كاشىلا پەيدا قىلسا، ئىزدەپ كەلگۈچىلەرنىڭ باشقا ۋاقىتتا كېلىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراش ـــ نامەھرەملەرنىڭ كۆرۈنۈپ قالماسلىقى ۋە ئىنساننىڭ ئۆيىگە خالىغان كىشىنى كىرگۈزۈش ياكى خالىغان كىشىنى كىرگۈزمەسلىكتەك ئىختىيارىي تاللىشى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرى قاتارىدىن ـــ شەرىئەتتە ياخشى كۆرۈلىدىغان سەۋر مۇسىبەت يەتكەن تۇنجى ۋاقىتتىكى سەۋردۇر.** ئىنسان سەۋر قىلىپ ساۋاب ئۈمىد قىلىدۇ، اللہ نىڭ بەرگۈچى ۋە قايتۇرۇپ ئالغۇچى زات ئىكەنلىكىنى، ھەربىر نەرسىنىڭ اللہ نىڭ دەرگاھىدا بەلگىلەنگەن مىقدار بويىچە بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

**بۇ ھەدىسنىڭ پايدىلىرى قاتارىدىن ـــ قەبرىنىڭ يېنىدا يىغلاش سەۋرسىزلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.** شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئايالغا: «اتقي الله واصبري» «اللہ تىن قورقۇڭ ۋە سەۋر قىلىڭ» دېگەن.

بەزى كىشىلەر ئائىلىسىدىكى بىرەر يېقىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا، دائىم ئۇنىڭ قەبرىسىگە كېلىپ يىغلاشنى ئادەت قىلىۋالىدۇ. مانا بۇ ـــ سەۋرسىزلىكتۇر. ئۇنىڭغا ئېيتىمىزكى، مېيىتقا ياخشىلىق قىلىشنى خالىسىڭىز، ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇپ اللہ قا دۇئا قىلىڭ. قەبرىسىنىڭ يېنىغا تەكرار-تەكرار كېلىپ يۈرۈشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئىنساننىڭ ۋاپات بولغان كىشىنى ھەمىشە ئەسلەۋېرىپ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويۇشى ياخشى ئىش ئەمەس، مۇسىبەتنى ھەمىشە ئەسلەۋېرىش غەم-قايغۇغا سەۋەب بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى،

ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش كېرەك. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 32 ـ ھەدىس

وعن أبي هريرة - رضي اللَّه عنه: أنَّ رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - قَالَ: «يَقُولُ اللَّهُ تَعَالَى: مَا لعَبدِي المُؤْمِنِ عِنْدِي جَزَاءٌ إِذَا قَبَضْتُ صَفِيَّهُ مِنْ أَهْلِ الدُّنْيَا ثُمَّ احْتَسَبَهُ إلاَّ الجَنَّةَ». رواه البخاري

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ بىر ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: <ئەگەر مەن مۆئمىن بەندەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ياخشى كۆرگەن بىرەر ئادىمىنى ئېلىپ كەتسەم، ئاندىن ئۇ بۇنىڭدىن ساۋاب ئۈمىد قىلسا، مەن ئۇنى پەقەت جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايمەن>».[①]

## شەرھىسى

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەدىسنى الله تائالادىن نەقىل قىلغان بولۇپ، ئالىملار بۇ تۈردىكى ھەدىسلەرنى «ھەدىس قۇددۇسى» دەپ ئاتايدۇ.

ھەدىستىكى «صفيه» دېگەن سۆز بىر ئائىلىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ياكى يېقىن دوست ـ بۇرادەرلەرگە ئوخشاش قويۇق ئالاقە مۇناسىۋىتى بار بولغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر الله تائالا بىر كىشىنىڭ بىرەر يېقىن كىشىسىنى ۋاپات تاپقۇزسا، ئۇ كىشى بۇنىڭغا ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا جەننەت بولىدۇ.

## ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

**بۇ ھەدىستىن ياخشى كۆرگەن ئادەملىرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن كىشى سەۋرنىڭ كاتتا پەزىلىتىنى تونۇپ الله تائالادىن ساۋاب ئۈمىد قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ جەننەت بىلەن**

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.**

**بۇ ھەدىس الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان پەزلى ـ ئېھسانىنىڭ كاتتىلىقىغا ۋە تولىمۇ سېخىي زات ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.** دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىلەر الله تائالانىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، الله تائالا خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىشقا ھەقلىق بولىدۇ. ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ يېقىن كىشىلىرىمۇ ھەم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش الله نىڭ مۈلكىدۇر. ئەمما الله تائالا بىرەر كىشىنىڭ ياخشى كۆرگەن يېقىن ئادىمىنى ئېلىپ كەتسە، ئۇ كىشى بۇ مۇسىبەتكە سەۋر قىلىپ ساۋاب ئۈمىد قىلسا كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

**الله تائالانىڭ بۇ ھەدىستىكى «إذا قبضت صفيه» «مەن ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى ئېلىپ كەتسەم» دېگەن سۆزى الله تائالانىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىكى مەلۇم ھالەتتىن خەۋەردار قىلىدۇ.** الله تائالا خالىغىنىنى قىلىدىغان، پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارلىقىغا ئىگە زات بولۇپ، الله تائالانىڭ قىلغان ھەممە ئىشىنى ياخشىلىق دەپ تونۇشىمىز ۋاجىبتۇر. الله تائالاغا ھەرگىز يامانلىق نىسبەت بېرىلمەيدۇ. ئەگەر بىر كىشىگە ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان بىرەر يامانلىق يەتكەن بولسا، بۇ ھەرگىزمۇ شۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىدىكى يامانلىقنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى شۇ كىشىگە كۆرسەتكەن سەلبىي تەسىرىگە نىسبەتەن يامانلىق دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، الله تائالا تەقدىر قىلىپ پۈتۈۋەتكەن نەرسىلەردە مەلۇم بىر كىشى ياكى ئومۇمىي خەلق ئۈچۈن ياخشىلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ ـــ الله تائالانىڭ ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى زات ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

الله تائالا تەقدىر قىلىپ پۈتۈۋەتكەن ئىش بەزىدە مۇئەييەن شەخس بىلەن چەكلەنسە بەزىدە بارلىق كىشىلەرگە ئومۇمىي بولىدۇ. ئەگەر الله تائالا مەلۇم بىر شەخسكە نىسبەتەن يامانلىقنى تەقدىر قىلغان بولسا، ئۇ كىشى سەۋر قىلىپ

ساۋاب ئۈمىد قىلسا كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. يامانلىق تەقدىر قىلىنغان كىشى رەببىگە قايتىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئىنسان داۋاملىق نازۇنېمەت ئىچىدە پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرسە نازۇنېمەتلەرنى ئاتا قىلغان رەببىگە شۈكرى قىلىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ ۋە الله قا ئىلتىجا قىلمايدۇ. ئەمما بىرەر قىيىنچىلىق بىلەن مۇسىبەتلەنسە رەببىنى ئەسلەيدۇ ۋە رەببىگە قايتىدۇ-دە، بۇ ئارقىلىق كاتتا پايدىغا ئېرىشىدۇ. ئەمما بەزىدە مەلۇم بىر شەخسكە يەتكەن مۇسىبەتتىن باشقىلار پايدىغا ئېرىشىدۇ.

مەسىلەن، بىر يۇرتتا توختىماستىن كۆپ يامغۇر ياغسا، شۇ يۇرتتىكى كىشىلەر ئۈچۈن خەيرلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، بۇ يامغۇر شۇ يۇرتتا ياشايدىغان لايدىن ياسالغان ئۆيى بار كىشى ئۈچۈن زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ شەخسكە نىسبەتەن يامانلىق، ئەمما ئومۇم ئۈچۈن پايدىلىق ئىش بولغان بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشنىڭ ھېلىقى شەخس ئۈچۈن مۇتلەق يامانلىق بولۇشى ناتايىن. بەلكىم بۇ ۋاقىتتا ئۇ كىشى الله تىن باشقا پاناھلىنىدىغان ئورۇنىنىڭ يوقلىقىنى چىن دىلىدىن ھېس قىلىپ الله تەرەپكە قايتىشى مۇمكىن. دېمەك، ئىنسان سەۋر قىلسا ئۆزى ئۈچۈن يامانلىق دەپ قارىغان ئىشتىمۇ چوڭ پايدىغا ئېرىشىدۇ. مۇھىمى، مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى سەۋر ھەققىدىكى بابتا نەقىل قىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىستە دېيىلگىنى بويىچە، ئىنسان ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ۋاپاتىغا سەۋر قىلسا، جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 33 ـ ھەدىس

وعن عائشةَ - رضيَ اللَّه عنها: أَنَّهَا سَأَلَتْ رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - عَنِ الطّاعُونِ، فَأَخْبَرَهَا أَنَّهُ كَانَ عَذَابًا يَبْعَثُهُ اللَّهُ تَعَالَى عَلَى مَنْ يشاءُ، فَجَعَلَهُ اللَّهُ تعالى رَحْمَةً للْمُؤْمنِينَ، فَلَيْسَ مِنْ عَبْدٍ يَقَعُ فِي الطَّاعُونِ فيمكثُ في بلدِهِ صَابرًا مُحْتَسِبًا يَعْلَمُ أَنَّهُ لا يصيبُهُ إلاَّ مَا كَتَبَ اللَّهُ لَهُ إلاَّ كَانَ لَهُ

مِثْلُ أَجْرِ الشّهيدِ. رواه البخاري.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن ۋابا كېسىلى توغرۇلۇق سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: «ۋابا كېسىلى بۇرۇن اﷲ تائالانىڭ خالىغان بەندىلىرىگە ئەۋەتىدىغان ئازابى ئىدى. كېيىن ئۇنى اﷲ تائالا مۇئمىنلەرگە رەھمەت قىلدى. ۋابا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم: <ماڭا پەقەت اﷲ پۈتۈۋەتكەن نەرسىدىن باشقا نەرسە يەتمەيدىغۇ> دەپ سەۋر قىلىپ ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئۆز شەھىرىدە تۇرۇۋەرسە، جەزمەن ئۇنىڭغا شەھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ» دېدى.[1]

## 34 ـ ھەدىس

وعن أنس - رضي اللَّه عنه - قَالَ: سمعتُ رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - يقول: «إنَّ اللَّه - عز وجل - قَالَ: إِذَا ابْتَلَيْتُ عبدي بحَبيبتَيه فَصَبرَ عَوَّضتُهُ مِنْهُمَا الجَنَّةَ» يريد عينيه، رواه البخاري.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىر ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: <مەن بەندەمنى سۆيۈملۈك ئىككى كۆزىدىن ئايرىۋېتىپ سىنىسام، ئاندىن ئۇ بۇنىڭغا سەۋر قىلسا، ئۇ ئىككى كۆزنىڭ ئورنىغا جەننەتنى بېرىمەن».[2]

## شەرھىسى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ۋابا كېسىلى توغرۇلۇق سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ۋابا كېسىلىنىڭ اﷲ تائالا خالىغان بەندىلىرىگە ئەۋەتىدىغان ئازاب ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

ھەدىستە تىلغان ئېلىنغان «الطاعون» دېگەن سۆزنى بەزىلەر: «مۇئەييەن بىر

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] بۇخارى توپلىغان.

ۋابا كېسەللىكىدۇر» دېسە، يەنە بەزىلەر «جانغا زامىن بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى» دەپ شەرھلەيدۇ. مەيلى ئۇ مەلۇم بىر كېسەللىك بولسۇن ياكى ھەرقانداق يۇقۇملۇق ۋابا كېسەلى بولسۇن، بۇ الله تائالا تەرىپىدىن كاپىرلارغا ئەۋەتىلگەن ئازاب، مۇئمىنلەر ئۈچۈن رەھمەتتۇر. ئەگەر ۋابا كېسەلى مۇسۇلمانلار زېمىنىدا تارقىلىپ كەتسە، مۇئمىن كىشى الله تائالا پۈتكۈزگەندىن باشقا نەرسىنىڭ قەتئىي يەتمەيدىغانلىقىغا كەسكىن ئىشىنىپ، سەۋر قىلىپ ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ شۇ زېمىندا ياشىسا، الله تائالا ئۇ كىشىگە شەھىدنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا سمعتم به بأرض فلا تقدموا عليه وإذا وقع بأرض وأنتم بها فلا تخرجوا فرار منه» «سىلەر بىر زېمىندا ۋابا كېسەلى پەيدا بولۇپتۇ دەپ ئاڭلىساڭلار ئۇ يەرگە بارماڭلار. ئەگەر سىلەر تۇرۇۋاتقان يەردە ۋابا كېسەلى يۈز بەرسە، ۋابا كېسەلىدىن قېچىپ ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار».[①]

ئەگەر بىر يەردە ۋابا كېسەلى تارقالغان بولسا، ئۇ يەرگە بارماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئۇ يەرگە بېرىش ئۆزىنى ھالاكەتكە ئاتقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا الله تەقدىر قىلىپ بېكىتكەن نەرسىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، ۋابا كېسەلىدىن قېچىپ باشقا جايغا چىقىپ كەتمەسلىك لازىم.

الله تائالا بىزگە ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئۆز دىيارلىرىدىن چىقىپ كەتكەن بىر بۆلۈك كىشىلەر ھەققىدىكى قىسسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ خَرَجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ وَهُمْ أُلُوفٌ حَذَرَ الْمَوْتِ فَقَالَ لَهُمُ اللَّهُ مُوتُوا ثُمَّ أَحْيَاهُمْ﴾ «ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ الله ئۇلارنى ئۆلۈڭلار دېدى (ئۇلار ئۆلدى) ئاندىن

[①] مۇسلىم توپلىغان.

كېيىن اللە ئۇلارنى تىرىلدۈردى».[1] بەزى ئالىملار بۇ ئايەتنى تەپسىرلەپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ۋابا كېسىلىدىن قورقۇپ يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن كىشىلەر بولۇپ، اللە تائالا ئۇلارغا ‹ئۆلۈڭلار!› دېگەندە، ئۇلار ئۆلگەن. ئاندىن اللە تائالا ئۇلارغا اللە نىڭ ھۆكمىدىن قاچىدىغان ئورۇن يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرگەن».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسىدە ۋابا كېسىلى يۈز بەرگەن ئورۇندىن يۆتكەلمەي ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلغان ھالدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن كىشىگە شەھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدىغانلىقى سۆزلەنگەن.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ۋابا تارقالغان ۋاقىتتا كىشىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىش ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش بولىدۇ. بەزىلەر جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ۋابا كېسىلى تارقالغان ئورۇندىن قېچىپ كېتىشى مۇمكىن. لېكىن، ئىنسان سەۋر قىلىپ ئۆزىگە اللە تائالا تەقدىر قىلغاندىن باشقا نەرسىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەن ھالەتتە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ شۇ يەردە قالسا ۋە ۋاپات بولۇپ كەتسە، ئۇ شەھىدنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. مانا بۇ ـــ اللە تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرى جۈملىسىدىندۇر.

ئىككىنچى ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ اللە تائالانىڭ «إذا ابتليت عبدي بحبيبتيه» «مەن بەندەمنى سۆيۈملۈك ئىككى كۆزىدىن ئايرىۋېتىپ سىنىسام» دېگەن سۆزىنى كەلتۈرگەن. دېمەك، ئەما بولۇپ قالغان كىشى اللە تائالانىڭ ئىمتىھانىغا سەۋر قىلسا، اللە تائالا ئۇ بەندىنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى نەرسىلەرنى جەملىسىمۇ جەننەتكە باراۋەر بولالمايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «لموضع سوط أحدكم في الجنة خير من الدنيا وما فيها»

[1] سۈرە بەقەرە 243_ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى قامچا چاغلىق ئورنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر».[1] يەنى، جەننەتتىكى بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى نەرسە دۇنيادىكى بارچە نەرسىدىن ياخشىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاخىرەت نېئمەتلىرى دۇنيادىكى نەرسىلەرگە ئوخشاش يوقۇلۇپ كەتمەيدىغان بولغاچقا، جەننەتتىن كىچىككىنە ئورۇنغا ئېرىشىش دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارچە نەرسىدىن ياخشىدۇر.

شۇنى بىلىڭكى، الله تائالا ئىنساننى بىرەر سەزگۈ ئەزاسىدىن ئايرىپ قويسا، ئۇنىڭ ئورنىنى تولۇقلاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ھېسسىي تۇيغۇسىنى كۈچلەندۈرۈپ بېرىدۇ. كۆپىنچە ئەما كىشىلەردە بۇ خىل ھالەتلەر تېپىلىدۇ. سىز بەزى ئەما كىشىلەرنىڭ بازارلاردا نورمال كىشىلەردەك مېڭىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. ئۇلار بازارلاردىكى ھەربىر دوقمۇش ۋە ئېگىز-پەس يەرلەرنى ھېس-تۇيغۇسى ئارقىلىق بىلەلەيدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسى كىرا ماشىنىسىغا چىققاندا ئۆزىنىڭ ئۆيىنى بىلمەيدىغان شوپۇرغا يول باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ماڭىدىغان يوللارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شوپۇر ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئەما كىشىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختايدۇ. سۇبھانەللاھ، «كۆزىدىن ئايرىغان خۇدا ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەندەك، الله تائالا بۇنداق كىشىلەرگە ئالاھىدە ھېس قىلىش تۇيغۇسىنى ئاتا قىلغان بولىدۇ.

## 35 ـ ھەدىس

وعن عطَاء بن أَبِي رَباحٍ، قَالَ: قَالَ لِي ابنُ عَباسٍ رضي اللَّه عنهما: أَلاَ أُرِيكَ امْرَأَةً مِنْ أَهْلِ الجَنَّة؟ فَقُلْتُ: بَلَى، قَالَ: هذِهِ المَرْأَةُ السَّوداءُ أَتتِ النَّبيَّ - صلى اللَّه عليه وسلم - فَقَالَتْ: إِنِّي أُصْرَعُ، وإِنِّي أَتَكَشَّفُ، فادْعُ اللَّه تعَالَى لِي. قَالَ: «إِنْ شَئْتِ صَبَرْتِ وَلَكِ الجَنَّةُ، وَإِنْ شَئْتِ دَعَوتُ اللَّه تعَالَى أَنْ يُعَافِيكِ» فَقَالَتْ: أَصْبِرُ، فَقَالَتْ: إِنِّي أَتَكَشَّفُ فَادْعُ اللَّه أَنْ لا أَتَكَشَّف، فَدَعَا لَهَا. مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا: «مەن ساڭا ئەھلى جەننەتتىن بولغان بىر ئايالنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. مەن: «شۇنداق قىلغىن» دېدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئاۋۇ قارا تەنلىك ئايال جەننەت ئەھلىدۇر. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: ‹مېنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلىم بار، بەزى ۋاقىتلاردا كېسىلىم تۇتقاندا يىقىلىپ چۈشۈپ بەدەنلىرىم ئېچىلىپ قالىدۇ. مېنىڭ ساقىيىپ كېتىشىم ئۈچۈن الله تائالاغا دۇئا قىلغىن› دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالغا: ‹ئەگەر خالىسىڭىز سەۋر قىلىڭ، سىزگە جەننەت بار. ئەگەر خالىسىڭىز ساقىيىشىڭىز ئۈچۈن الله تائالاغا دۇئا قىلاي› دېدى. ئايال: ‹ئۇنداقتا مەن سەۋر قىلاي، لېكىن كېسىلىم تۇتقاندا بەدەنلىرىمنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلىپ قويغىن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالغا دۇئا قىلدى».[1]

## شەرھىسى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئايالنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە، جەننەت ئەھلى دەپ تونۇلىدىغان كىشىلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلار: بىرىنچىسى، قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەلگەن جەننەت ئەھلىنىڭ سۈپەتلىرىگە ئاساسەن بىلىنىدىغان كىشىلەر. ئىككىنچىسى، پەيغەمبەر ﷺ تەرىپىدىن جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن كىشىلەر.

بىرىنچى تۈرلۈك جەننەت بىلەن گۇۋاھلىق بېرىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىگە ھەربىر مۇئمىن ۋە سالىھ كىشىلەر كىرىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشكە بولىدۇ. چۈنكى، الله تائالا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

جەننەتنىڭ تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغانلىقىنى بايان قىلغان. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ﴾ «تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان»[1]. ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أُولَئِكَ هُمْ خَيْرُ الْبَرِيَّةِ﴾ ﴿جَزَاؤُهُمْ عِنْدَ رَبِّهِمْ جَنَّاتُ عَدْنٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا﴾ «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ــــ ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر[7]. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ»[2]. دېمەك، ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە، سالىھ ئەمەل قىلىدىغان ھەربىر تەقۋادار مۇئمىننىڭ جەننەت ئەھلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىلىدۇ. ئەمما، بۇنىڭغا ئاساسەن مەلۇم بىر كىشىنى جەننەت ئەھلى دەپ كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ قانداق ئەمەل بىلەن ھاياتى ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قەلبىدە نېمىلەر بار ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىشىنىڭ دۇنيادىكى ئەمەللىرىگە قاراپلا ئاخىرەتتىكى ئورنىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا كەسكىن ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ۋاپات بولۇپ كېتىپ ئۇنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىلسە، ئۇنىڭ جەننەت ئەھلىدىن بولۇشى ئۈمىد قىلىنىدۇ. ئەمما، ئۇنى جەننەت ئەھلى دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولمايدۇ.

ئىككىنچى تۈرلۈك كىشىلەر بولسا پەيغەمبەر ﷺ ئۇلار ھايات ۋاقتىدىلا جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگەن ئون كىشىدۇر، بىز بۇلارنىڭ جەننەت ئەھلى ئىكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتالايمىز. ئۇلار: ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، سەئىد ئىبنى زەيد، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف،

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 133 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەييىنە 7 ـ ۋە 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ، ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىر ئىبنى جەرراھ، زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردۇر. بۇنىڭدىن باشقا سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماس، سەئىد ئىبنى مۇئاز، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، بىلال ئىبنى رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا پەيغەمبەر ﷺ جەننەت بىلەن گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جەننەت ئەھلى ئىكەنلىكىنى تەستىقلايمىز.

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شاگىرتى ئەتا ئىبنى رەباھقا: «ئاۋۇ قارا تەنلىك ئايال جەننەت ئەھلىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن مۇشۇ ئايالمۇ جەننەت ئەھلىنىڭ قاتارىدىندۇر. كىشىلەر ئىچىدە نامى تىلغا ئېلىنمايدىغان بۇ قارا تەنلىك ئايال تۇتقاقلىق كېسەلى سەۋەبلىك يىقىلىپ چۈشۈپ بەدەنلىرى ئېچىلىپ قالاتتى. ئۇ ئايال بۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە خەۋەر قىلىپ ئۇنىڭدىن ئۆزى ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلىشىنى سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئايالغا: «خالىسىڭىز مەن سىز ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلاي، خالىسىڭىز سەۋر قىلىڭ سىزگە جەننەت بار» دېدى. ئۇ ئايال: «ئۇنداقتا مەن سەۋر قىلىمەن» دېدى. گەرچە ئۇ ئايال تۇتقاقلىق كېسەلى سەۋەبلىك كۆپ مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىسىمۇ، جەننەت ئەھلى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشىش ئۈچۈن سەۋر قىلىشنى تاللىغان. بۇ ئايال رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! يىقىلىپ كەتسەم بەدەنلىرىم ئېچىلىپ قالىدۇ، شۇڭا ئېچىلىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلساڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئايالنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئايال يىقىلىپ چۈشەتتى ـ يۇ، ئەمما بەدەنلىرى ئېچىلىپ قالمايتتى.

هوشىدىن كېتىشنىڭ سەۋەبى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

بىرىنچى، پېيى تارتىشىپ قېلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكنى داۋالاش ئارقىلىق كېسەلنىڭ تەسىرىنى يوقاتقىلى ۋە پەسەيتكىلى بولىدۇ.

يەنە بىرى، جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئادەم بەدىنىگە كىرىۋېلىشى سەۋەبلىك پەيدا بولىدىغان ھوشىدىن كېتىش بولۇپ، جىن ئادەم بەدىنىنى كونترول قىلىپ ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالىدۇ. جىن ئىنساننىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇنى يەرگە يىقىتىدۇ ۋە ئادەم بۇ سەۋەبتىن بىھوش بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئادەم بۇنى ھېس قىلمايدۇ. ئادەم بەدىنىگە كىرىۋالغان شەيتان ياكى جىن ئۇنىڭ تىلىدا سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان كىشى بۇنى ئادەمنىڭ ئۆزى سۆزلەۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ سۆزى ئادەمنىڭ ساق ۋاقتىدىكى سۆزىگە ئوخشاش بولمىغاچقا، سۆزلىرىدە بەلگىلىك پەرقلەر بولىدۇ. ئىنساننىڭ سۆزى جىننىڭ سۆز قىلىشى سەۋەبلىك ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. الله تائالادىن بىزنى ۋە سىلەرنى بۇنداق پېشكەللىكلەردىن ساقلاپ قېلىشىنى سورايمىز. بۇ تۈردىكى كېسەللىكنى پەزىلەتلىك ئەھلى ئىلىملەرگە ئوقۇتۇش ئارقىلىق داۋالىغىلى بولىدۇ.

ئادەم بەدىنىگە چاپلىشىۋالغان جىن بەزى ۋاقىتلاردا ئادەملەر بىلەن سۆزلىشىدۇ ۋە چاپلىشىۋېلىشىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەمما تولىراق ئەھۋالدا سۆزلەشكىلى ئۇنىمايدۇ. بۇلار رېئاللىقتا ئىسپاتلانغان ئىش بولۇپ، بۇ ھەقتە قۇرئان ۋە سۈننەتتىمۇ ئوچۇق دەلىللەر بار. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يَأْكُلُونَ الرِّبَا لَا يَقُومُونَ إِلَّا كَمَا يَقُومُ الَّذِي يَتَخَبَّطُهُ الشَّيْطَانُ مِنَ الْمَسِّ﴾ «جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ»[1]. مانا بۇ شەيتاننىڭ ئىنسانغا چاپلىشىۋالىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى.

ھەدىسكە كەلسەك، ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھنىڭ «مۇسنەد» ناملىق كىتابىدا مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «ان امرأة جاءت إلى النبي صلى اللّٰه عليه و سلم معها

[1] سۈرە بەقەرە 275 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

صبي لها به لمم فقال النبي صلى اللّٰه عليه و سلم اخرج عدو اللّٰه انا رسول اللّٰه قال فبرا فأهدت إليه كبشين وشيئا من أقط وشيئا من سمن قال فقال رسول اللّٰه صلى اللّٰه عليه و سلم خذ الأقط والسمن واحد الكبشين ورد عليها الآخر» «بىر ئايال جىن چاپلىشىپ قالغان بىر بالىسىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئى الله نىڭ دۈشمىنى! مەن الله نىڭ ئەلچىسى بولىمەن، چىقىپ كەتكىن> دېدى. جىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى بالا ساقىيىپ كەتتى. بالىنىڭ ئانىسى بۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئىككى قوچقار، بىر تۇركۇم قۇرت ۋە سېرىق مايلارنى ھەدىيە قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <قوچقارنىڭ بىرىنى، قۇرت ۋە سېرىق مايىنى ئېلىڭلار، قالغىنىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار> دېدى».①

يەنە شۇنىڭدەك، بىر بۆلۈك ئالىملار كىشىلەرگە چاپلىشىۋالغان جىنلار بىلەن سۆزلەشكەن بولۇپ، بۇنىڭ بىرى دەل شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھتۇر.

شەيخۇلئىسلامنىڭ شاگىرتى ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھتىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: شەيخۇلئىسلامنىڭ يېنىغا جىن چاپلىشىپ قالغان بىر ئادەم ئېلىپ كېلىندى. ئۇنىڭغا چاپلىشىپ قالغىنى ئايال جىن بولۇپ، شەيخۇلئىسلام ئۇنىڭغا: «الله تىن قورقىن، ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىقىپ كەت» دېدى. جىن شەيخۇلئىسلامغا: «مەن بۇ ئادەمنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى. شەيخۇلئىسلام ئۇنىڭغا: «ئەمما بۇ ئادەم سېنى ياخشى كۆرمەيدۇ. چىقىپ كەتكىن» دېدى. ھېلىقى جىن: «مەن بۇ ئادەم بىلەن ھەج قىلىشنى خالايمەن» دېدى. شەيخۇلئىسلام يەنە: «بۇ ئادەم سەن بىلەن ھەج قىلىشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىقىپ كېتىشىڭنى خالايدۇ» دېگەندى، جىن چىقىپ كەتكىلى ئۇنىمىدى. شەيخۇلئىسلام ئۇنىڭغا رۇقىيە ئوقۇپ

① ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ئىسنادى زەئىپ» دېگەن.

بولۇپ، ھېلىقى ئادەمنى شۇ قەدەر قاتتىق بىرنى ئۇردىكى، ئۇرغىنىدىن قوللىرى ئاغرىپ كەتتى.

ھېلىقى جىن: «مەن شەيخنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ چىقىپ كېتەي» دېگەنىدى، شەيخ: «مېنىڭ ھۆرمىتىم يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن چىقىپ كەتكىن» دېدى. شەيخۇلئىسلام جىن بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق چاپلىشىۋالغان جىن چىقىپ كەتتى. جىن چىقىپ كېتىپ ھېلىقى ئادەم ھوشىغا كەلگەندە: «مەن قانداق بولۇپ شەيخنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ قالدىم؟» دەپ سورىدى. ھەمراھلىرى: سۇبھانەللاھ! سەن شەيخنىڭ سېنى قاتتىق ئۇرغىنىنىمۇ تۇيمىدىڭمۇ؟» دېگەنىدى. ھېلىقى ئادەم: «ھېچنەرسىنى تۇيمىدىم» دېدى.

بۇ ھەقتە نۇرغۇن مىساللارنى ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن. جىن چاپلىشىپ قېلىشنى داۋالاشنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئىككى خىل چارىسى بار.

بىرىنچى، ئەتىگەن ۋە كەچلىك زىكىرلەرنى قولدىن بەرمەي ئوقۇش، بولۇپمۇ ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىش. بۇ ھەقتە مۇنۇ ھەدىس نەقىل قىلىنغان: «أن من قرأها في ليلة لم يزل عليه من الله حافظ، ولا يقربه شيطان حتى يصبح» «كىمكى ئايەتۇلكۇرسىنى كېچىسى ئوقۇسا، الله تەرەپتىن بىر قوغدىغۇچى ئۇنى ھەمىشە قوغداپ تۇرىدۇ. شەيتان تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمايدۇ».[1] ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىمۇ شۇنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، بۇ سۈرىلەر ئادەمنى جىننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتىگەن ۋە كەچتە ئوقۇلىدىغان زىكىرلەرنى قولدىن بەرمەي ئوقۇش كېرەك.

ئىككىنچى، جىن چاپلىشىپ قېلىشنى داۋالاش ئۈچۈن قۇرئاندىكى تەھدىت ۋە ئەسلىتىش مەزمۇنىدىكى ئايەتلەر ھەمدە الله قا سېغىنىلىدىغان

[1] بۇخارى توپلىغان.

پاناھلىق تىلەش ئايەتلىرىنى كۆپرەك ئوقۇسا بولىدۇ.

ھەدىسنىڭ بۇ بابقا مۇناسىۋەتلىك يېرى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ ئايالغا «إن شئت صبرت ولك الجنة» «ئەگەر خالىسىڭىز سەۋر قىلىڭ، سىزگە جەننەت بار» دېگەن سۆزىدۇر. بۇ ھەدىستىن سەۋرنىڭ جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان كاتتا پەزىلەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 36 ـ ھەدىس

وعن أبي عبد الرحمانِ عبدِ اللَّه بنِ مسعودٍ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: كَأَنِّي أَنْظُرُ إِلَى رسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - يَحْكِي نَبِيًّا مِنَ الأَنْبِياءِ، صَلَواتُ اللَّه وَسَلامُهُ عَلَيْهِمْ، ضَرَبه قَوْمُهُ فَأَدْمَوهُ، وَهُوَ يَمْسَحُ الدَّمَ عَنْ وَجْهِهِ، يَقُولُ: «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِقَومي، فَإِنَّهُمْ لا يَعْلَمونَ». مُتَّفَقٌ عليَه.

ئەبۇ ئابدۇراھمان ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئىلگىرى ئۆتكەن مەلۇم بىر پەيغەمبەرنىڭ قىسسىسىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شۇ ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەرگەن ۋاقىتتىكى ھالىتى ھېلىمۇ ناھايىتى ئېنىق ئىسىمدە تۇرۇپتۇ. پەيغەمبەرلەرگە الله نىڭ سالامى بولسۇن! پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇنى قەۋمى ئۇرۇپ، يۈزىنى قان قىلىۋەتتى. ئۇ يۈزىدىكى قاننى سۈرتۈپ تۇرۇپ: <ئى الله ! قەۋمىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلار ھەقىقەتەن بىلمەيدۇ>» دېگەن ئىدى.[1]

## شەرھىسى

بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىدا بولۇپ ئۆتكەن ئەمەلىي ۋەقەلەردىن بىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەرلەر ئۆزگە

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يوكلەنگەن رىسالەتنى يەتكۈزۈشكە ئەڭ لايىق كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ﷲ تائالا ئۇلارنى ئىنسانلار ئارىسىدىن ئالاھىدە تاللاپ چىققان. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللَّهُ أَعْلَمُ حَيْثُ يَجْعَلُ رِسَالَتَهُ﴾ «ﷲ تائالا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ»①. پەيغەمبەرلەر ئۆزىدىكى رىسالەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا ۋە ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتا ساباتلىق تۇرۇپ سەۋرىنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان كىشىلەردۇر.

پەيغەمبەرلەر تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان بولۇپ، ھەتتا ئۇلار قەۋمى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈش دەرىجىسىگە يەتكەن ئىدى. ﷲ تائالا بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ﷺ گە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ كُذِّبَتْ رُسُلٌ مِنْ قَبْلِكَ فَصَبَرُوا عَلَى مَا كُذِّبُوا وَأُوذُوا حَتَّى أَتَاهُمْ نَصْرُنَا وَلَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَاتِ اللَّهِ وَلَقَدْ جَاءَكَ مِنْ نَبَإِ الْمُرْسَلِينَ۞ وَإِنْ كَانَ كَبُرَ عَلَيْكَ إِعْرَاضُهُمْ فَإِنِ اسْتَطَعْتَ أَنْ تَبْتَغِيَ نَفَقًا فِي الْأَرْضِ أَوْ سُلَّمًا فِي السَّمَاءِ فَتَأْتِيَهُمْ بِآيَةٍ﴾ «سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى. ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى، ﷲ نىڭ سۆزلىرىنى ھەرقانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ساڭا نازىل بولدى [34]. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا يەر ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا شوتا تېپىپ بىر مۆجىزە كەلتۈرەلىسەڭ (كەلتۈرگىن)»②. يەنى، سەن شۇنى قىلىشقا قادىر بولالىساڭ، شۇنداق قىلغىن. ﴿وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَجَمَعَهُمْ عَلَى الْهُدَى﴾ «ئەگەر ﷲ خالىسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھىدايەتكە بىرلەشتۈرەتتى»③. لېكىن ﷲ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ

---

① سۈرە ئەنئام 124 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ئەنئام 34 ـ ۋە 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە ئەنئام 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەقەززاسى بويىچە كۆپلىگەن مۇنازىرىلەردىن كېيىن ھەقنىڭ باتىلدىن ئېنىق ئايرىلىشى ئۈچۈن، ئۇلار سېنى يالغانغا چىقاردى، ﴿فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ الْجَاهِلِينَ﴾ «سەن ھەرگىز (اللە نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدىغانلاردىن بولمىغىن»[1].

پەيغەمبىرىمىز ﷺ ئىلگىرىكى ياشاپ ئۆتكەن مەلۇم بىر پەيغەمبەر ئۈچرىغان ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قەۋمى ئۇنى يالغانغا چىقىرىپ ئۇردى. نەتىجىدە، كىشىلەر ئۇنىڭ يۈزىنى قانغا بويىۋەتتى. ئۇ پەيغەمبەر يۈزىدىكى قاننى سۈرتۈپ تۇرۇپ: <ئى اللە ! قەۋمىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن ئۇلار بىلمەيدۇ> دېگەن.

مانا بۇ ئالىيجاناب خۇلقنىڭ ۋە گۈزەل سەۋرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىنسان بىراۋلاردىن ناھەق تاياق يېسە ياكى تىل ـ ھاقارەتكە ئۇچرىسا، غەزىپى تېشىپ قارشى تەرەپتىن ئىنتىقام ئالىدۇ. ئەمما، بۇ پەيغەمبەر قەۋمى تەرىپىدىن كەلگەن ئەزىيەتلەر ئالدىدا ھېچبىر تېرىكمەستىن ۋە ھېچبىر مەنپەئەت تەلەپ قىلماستىن كىشىلەرنى ھەققە دەۋەت قىلغان. شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلار پەيغەمبىرىنى ئۇرۇپ، يۈزىنى قانغا بويىۋەتكەن ئىدى. لېكىن ئۇ يۈزىدىكى قاننى سۈرتۈپ تۇرۇپ: «اللهم اغفر لقومي، فإنهم لا يعلمون» «ئى اللە ! قەۋمىمنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلار ھەقىقەتەن بىلمەيدۇ» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ قىسسىنى ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ياكى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىن ئۆلگە ۋە ئىبرەت ئېلىشىمىز ئۈچۈن سۆزلەپ بەرگەن. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِأُولِي الْأَلْبَابِ﴾ «ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ»[2].

بۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان ئىبرەت شۇكى، اللە قا دەۋەت قىلىش يولىدا

[1] سۈرە ئەنئام 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە يۇسۇف 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

باشقىلارنىڭ سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن كېلىدىغان ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشىمىز ۋە مۇنۇ شېئىردا ئېيتىلغاندەك دېيىشىمىز كېرەك.

سەن پەقەت قانىغان بىر تال بارماق،

سەن ئۇچرىغان نەرسە الله يولىدىدۇر.

دېمەك، دەۋەت يولىدا يەتكەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىشىمىز ۋە بۇنى دەرىجىلىرىمىزنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، خاتالىقلىرىمىزنىڭ ئۆچۈرۈلۈشىگە ۋاستە بولىدىغان پايدىلىق نەرسە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. دەۋەت قىلىش جەريانىدا، ئىخلاسىمىزدا ياكى دەۋەت مېتودىدا ھەرخىل كەمچىلىكلەر بولۇشى مۇمكىن. ئىنسان ھەرقاچان خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ، ئۇ ئۇچرىغان ھەربىر ئەزىيەت ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىگە كەففارەت بولىدۇ. دەۋەت يولىدا ئۇچرىغان ھەربىر مۇسىبەت ۋە ئەزىيەت دەۋەت ئىگىسىنىڭ ئاخىرەتتىكى دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە پەزىلىتىنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتچى بولغان كىشى ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىق ۋە مۇسىبەتلەرنى ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ پەلەمپىيى قىلىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ روھى جەھەتتىن مەغلۇب بولۇشنىڭ سەۋەبى قىلىۋالماسلىقى كېرەك. چۈنكى دەۋەت قىلىش يولىدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىش ۋاجىبتۇر. دۇنيا مۇشەققەتلىرى ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا الله نىڭ ئەمرى يېتىپ كەلگۈچە سەۋر قىلىڭ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «كأني أنظر إلى رسول اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - يحكي نبيا من الأنبياء» «پەيغەمبەر ﷺ ئىلگىرى ئۆتكەن مەلۇم بىر پەيغەمبەرنىڭ قىسسىسىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شۇ ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەرگەن ۋاقىتتىكى ھالىتى ھېلىمۇ ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ» دېگەن سۆزى نەقىل قىلغۇچىنىڭ بۇ ھەدىسنى ناھايىتى

ئىنىق ئىسىدە ساقلىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كەتكەن سۆز بولۇپ، ۋەقەلىكلەرنى خۇددى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن، مەن پالانىدىن ئاڭلىغان سۆزلەر خۇددىكى مەن ھازىرمۇ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك ئېسىمدە دېگەنگە ئوخشاش. سەلەف ـ سالىھلارمۇ سۆزلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بۇ ئۇسلۇبنى قوللانغان ئىدى. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 37 ـ ھەدىس

وعن أبي سعيدٍ وأبي هريرةَ رضيَ اللَّه عنهما، عن النَّبيِّ - صلى اللَّه عليه وسلم - قَالَ: «مَا يُصِيبُ المُسْلِمَ مِنْ نَصَبٍ، وَلاَ وَصَبٍ، وَلاَ هَمٍّ، وَلاَ حَزَنٍ، وَلاَ أذًى، وَلاَ غَمٍّ، حَتَّى الشَّوكَةُ يُشَاكُهَا إلاَّ كَفَّرَ اللَّه بِهَا مِنْ خَطَاياهُ». مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

ئەبۇ سەئىد ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانغا يېرەر ئىغىرچىلىق، كېسەل، غەم ـ قايغۇ، ئەزىيەت، ھەسرەت، ھەتتا سانجىلغان تىكەنگە قەدەر ئەزىيەت يېتىپلا قالسا، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن الله ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدۇ».[1]

## 38 ـ ھەدىس

وعن ابنِ مسعودٍ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: دخلتُ عَلَى النَّبيِّ - صلى اللَّه عليه وسلم - وهو يُوعَكُ، فقلت: يَا رسُولَ اللَّه، إنَّكَ تُوْعَكُ وَعْكًا شَدِيدًا، قَالَ: «أجَلْ، إنِّي أوعَكُ كمَا يُوعَكُ رَجُلانِ مِنكُمْ» قلْتُ: ذلِكَ أن لَكَ أجْرينِ؟ قَالَ: «أَجَلْ، ذلِكَ كَذلكَ، مَا مِنْ مُسْلِمٍ يُصِيبُهُ أذًى، شَوْكَةٌ فَمَا فَوقَهَا إلاَّ كَفَّرَ اللَّهُ بِهَا سَيِّئَاتِهِ، وَحُطَّتْ عَنْهُ ذُنُوبُهُ كَمَا تَحُطُّ الشَّجَرَةُ وَرَقَهَا». مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپتۇ. مەن: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قىزىتماڭ بەك ئۆرلەپ كېتىپتۇ» دېدىم.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ: «شۇنداق، مەن سىلەردىن ئىككى ئادەمنىڭ قىزىتمىسىغا باراۋەر قىزىۋاتىمەن» دېدى. مەن: «ئۇنداقتا ساڭا ئىككى ئەجىر بولامدۇ؟» دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ: «ھەئە، شۇنداق بولىدۇ. بىر مۇسۇلمانغا تىكەنچىلىك ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق نەرسە كىرىپ كېتىپ ئەزىيەت يەتسە، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن الله ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۆچۈرىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭدىن خۇددى دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەنگە ئوخشاش تۆكۈلىدۇ» دېدى.

## شەرھىسى

ئەبۇ سەئىد بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ بۇ ئىككى ھەدىسىدە ئىنسانغا يەتكەن ھەربىر مۇسىبەت ۋە ئېغىرچىلىقلارنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلارغا كەففارەت بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. الله تائالا بەندىسىنى مۇسىبەتلەر بىلەن سىنايدۇ. بۇ مۇسىبەتلەر ئۇنىڭ خاتالىقلىرىغا كەففارەت بولۇپ، گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدۇ. مانا بۇ الله تائالانىڭ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان نېئمىتى قاتارىدىندۇر. ئادەم بۇ دۇنيادا ھەمىشە شاد-خۇرام ياشاۋەرمەيدۇ؛ بىر كۈن خۇشال ياشىسا، يەنە بىر كۈن غەم-قايغۇدا ئۆتىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا كەڭرى نېئمەتلەردە ياشىسا، بەزى ۋاقىتلاردا يوقسۇزلۇق ۋە قىيىنچىلىق شارائىتتا ياشايدۇ. مۇسىبەتلەر بەزى ۋاقىتلاردا ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، بەزى ۋاقىتلاردا ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بەزىدە ئۇزۇن داۋاملاشسا، بەزىدە قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئاياغلىشىدۇ. لېكىن مۆئمىننىڭ ھەممە ئىشى ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق يەتسە سەۋر قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا خۇرسەنلىك يەتسە شۈكۈر قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۆئمىن ئۈچۈن ياخشىدۇر.

ئەگەر سىزگە بىرەر مۇسىبەت يەتسە، سىز بۇنى بەختسىزلىك ياكى شور

پېشانىلىكىنىڭ ئالامىتى دەپ قارىماڭ. جىسمىڭىزغا سانجىلغان بىر تال تىكەن ئۇچۇنمۇ سىزگە ئەجىر يېزىلغان يەردە، بۇنىڭدىن چوڭراق مۇسىبەتلەرنىڭ ساۋابىڭىزنى كۆپەيتىپ، گۇناھلىرىڭىزنى دەرەخ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈشىگە سەۋەب بولۇشىغا ئىشەنچ قىلىڭ. مانا بۇ الله نىڭ نېئمىتى قاتارىدىندۇر. ئەگەر ئىنسان كەلگەن مۇسىبەتلىرىگە سەۋر قىلىش بىلەن بىرگە الله تىن ساۋاب ئۈمىد قىلسا ئېرىشىدىغىنى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ.

**مۇسىبەتلەرنىڭ نەتىجىسى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:**

- ئىنسان بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر ئۈچۈن الله تىن ئەجىر ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلسا، بۇ سەۋەبلىك گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ ۋە ياخشىلىقلىرى كۆپىيىدۇ.
- بەزى ۋاقىتلاردا ئىنسان كەلگەن مۇسىبەتلەر تۈپەيلى الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلىشتىن غاپىل قېلىپ قەلبى سىقىلىدۇ ۋە بىئارام بولىدۇ. بۇنداق ھالەتتىكى كىشىنىڭ ياخشىلىقى كۆپەيتىپ بېرىلمەيدۇ، ئەمما خاتالىقلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ. دېمەك، ئىنسان ئۆزىگە كەلگەن مۇسىبەتلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ھەرھالەتتە بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر سەۋەبلىك پايدىغا ئېرىشىدۇ.

يېغىپ ئېيتقاندا، كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلمىغان ۋە بۇنىڭدىن ئەجىر ئۈمىد قىلمىغان كىشى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىشتىن ئىبارەت بىر پايدىغا ئېرىشسە، كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغان ۋە بۇنىڭدىن ئەجىر ئۈمىد قىلغان كىشى ئەجرى كۆپىيىپ، گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىشتەك قوش پايدىغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان پۇتىغا سانجىلغان تىكەن چاغلىق مۇسىبەتكە ئۇچرىسىمۇ، بۇ مۇسىبەتلىرى ئۈچۈن الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلىشى

كېرەك. مانا بۇ الله نىڭ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان پەزلى ـ ئېھسانى بولۇپ، الله تائالا مۇئمىننى تۇرلۇك سىناقلارغا مۇپتىلا قىلىش ئارقىلىق ئۇنى مۇكاپاتلايدۇ ياكى خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرىدۇ. بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ رەببى الله قا خاستۇر.

## 39 ـ ھەدىس

وعن أبي هريرة - رضي اللَّه عنه - قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «مَنْ يُرِدِ اللَّهُ بِهِ خَيْرًا يُصِبْ مِنْهُ». رواه البخاري.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى كېلىشمەسلىككە مۇپتىلا قىلىدۇ». [1]

## شەرھىسى

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ «يصب» دېگەن سۆزى زەبەر ۋە زېرلىك ھالەتتە ئىككى خىل ئوقۇلىدىغان بولۇپ، ھەر ئىككى خىل ئوقۇلۇش شەكلى توغرىدۇر.

«يصِب منه» دېيىش ئارقىلىق زېر ئوقۇلسا، بۇنىڭ مەنىسى «الله تائالا بەندىلەرنى مۇسىبەتلەرگە مۇپتىلا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتىنى سىنايدۇ» دېگەن بولىدۇ. ئەمما «يُصَب منه» دەپ زەبەر ئوقۇلسا «الله تەرەپتىن ۋە باشقىلار تەرەپتىن كەلگەن مۇسىبەتكە گىرىپتار بولىدۇ» دېگەن كەڭرى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن ئومۇمىي مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەزمۇن دائىرىسى بىر قەدەر كەڭرى بولغان بۇ ھەدىس، باشقا ھەدىسلەر ئارقىلىق خاسلاشتۇرۇلىدۇ. ھەدىسنىڭ مەنىسى، <الله تائالا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان كىشىلەر الله نىڭ ئىمتىھان سىناقلىرىغا سەۋرى قىلىدۇ ۋە ساۋاب ئۈمىد

[1] بۇخارى توپلىغان.

قىلىدۇ> دېگەن بولىدۇ. ئەگەر سەۋر قىلمىسا، ئىنسان كۆپ ئىمتىھان سىناقلارغا ئۇچرىسىمۇ ئۇنىڭدا ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ ھەمدە الله ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلمىغان بولىدۇ.

كاپىرلارمۇ تۈرلۈك مۇسىبەتلەر بىلەن سىنىلىدۇ، ئەمما ئۇلار ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە كۇفۇرلۇق ئۈستىدە داۋاملىشىدۇ، شۈبھىسىزكى بۇ الله تائالانىڭ ئۇلارغا ھېچبىر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

كىمكى بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلسا، ئەجىر-ساۋابى كۆپىيىپ، گۇناھلىرى كەچۈرۈلىدۇ. دۇنيادا ئىنساننىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا-بارا يەڭگىللەيدۇ، ھەتتا بەزىدە يوقۇلۇپ كېتىدۇ. لېكىن ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىق ۋە مەڭگۈلۈك بولۇپ، ئىنسان ئۈچۈن گۇناھلارنىڭ ئۆچۈرۈلۈشىدىنمۇ كاتتىراق ياخشىلىق يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان كىشى ئۆزىگە كەلگەن مۇسىبەتلەرنى الله ئاتا قىلغان ياخشىلىق دەپ تونۇشى كېرەك.

## 40 - ھەدىس

وعن أنس - رضي اللّٰه عنه - قَالَ: قَالَ رسولُ اللّٰه - صلى اللّٰه عليه وسلم: «لاَ يَتَمَنَّيَنَّ أَحَدُكُمُ المَوتَ لضُرٍّ أَصَابَهُ، فَإنْ كَانَ لاَ بُدَّ فَاعِلًا، فَلْيَقُلْ: اللَّهُمَّ أَحْيِني مَا كَانَتِ الحَيَاةُ خَيرًا لِي، وَتَوفَّنِي إِذَا كَانَتِ الوَفَاةُ خَيرًا لي». مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە يەتكەن زىيان سەۋەبىدىن ھەرگىز ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئەگەر شۇنداق قىلىشتىن باشقا چارە بولمىسا، ئۇ ھالدا: <ئى الله ! ئەگەر ماڭا ھاياتلىق ياخشى بولسا، مېنى ھايات قالدۇرغىن. ئەگەر ئۆلۈم ياخشى بولسا، مېنى ۋاپات تاپقۇزغىن> دېسۇن».[1]

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## شەرھىسى

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەدىستە ئىنساننى ئۆزىگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىپ بولالماي ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشتىن توسقان. چۈنكى ئىنسان بەزىدە ئۆزىگە يەتكەن بىر قىسىم مۇسىبەتلەر تۈپەيلى ھىممىتى سۇسلاپ، ئارتۇق سەۋر قىلىشقا تاقىتى يەتمەيدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ، مەيلى تىلدا ياكى قەلبىدە بولسۇن: «ئى رەببىم، مېنى ۋاپات تاپقۇزغىن!» دەپ دۇئا قىلىپ سالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ بۇنداق قىلىشتىن توسۇپ: «لا يتمنين أحدكم الموت لضر أصابه» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە يەتكەن زىيان سەۋەبىدىن ھەرگىز ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن» دېگەن. چۈنكى، ئىنسانغا يەتكەن بەزى كۈلپەتلەر ئۇ كىشى ئۈچۈن ياخشىلىق بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان كىشى: «ئى الله ! ماڭا سەۋر ئارقىلىق ياردەم بەرگىن» دېسۇن. الله تىن سەۋر تىلەش ئارقىلىق سەۋرچان بولغىلى بولىدۇ، سەۋرچانلىق الله ئاتا قىلغان نېئمەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى ئەمەس، بەلكى ئۆلۈم بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئېغىرچىلىقلارغا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى، ئۆلۈم ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن راھەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

ئۆلگەنلەر ئۆلۈمدىن ئالالماس راھەت،

تىرىكلا ئۆلۈشتۇر خەتەرلىك پەقەت.

ئۆلۈم ئارقىلىق ھايات مۇشەققەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالماقچى بولغان كىشى بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ قىيىن ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مۇشەققەتلىك بولغان قەبرە ئازابىغا دۇچار بولۇشى مۇمكىن (الله ساقلىسۇن!). ئەمما، ھايات قالسا الله تەرەپكە

قايتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى ۋە تەۋبە قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن. مۇھىمى، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا سەۋرسىزلىك قىلىپ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلماڭ. پەيغەمبەر ﷺ ئىنساننىڭ ئۆزىگە يەتكەن قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلالماي ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشىدىن توسقان يەردە، مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتتا سەۋرسىزلىك قىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار-ھە؟!

بەزى ئەخمەق كىشىلەر باركى، ئۇلار بىرەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، گېلىنى بوغۇش ياكى زەھەر ئىچىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ قىيىنچىلىقتىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولىدۇ. ھەقىقەتەن، ئۇلارنىڭ بۇ قىلغىنى يەڭگىل ئازابتىن ئېغىر قاتتىق ئازابقا سەپەر قىلىش بولىدۇ. ئۇلار بۇنداق قىلىش ئارقىلىق قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش مەقسىتىگە يېتەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ مۇشەققەتلىك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ قىيىن ئازابقا يۇزلىنىدۇ. چۈنكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشى ئۆلتۈرۈۋالغان نەرسە بىلەن جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈ ئازابلىنىدۇ. «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم»دا بۇ ھەقتە ھەدىس بايان قىلىنغان.

پىچاق ياكى مىخقا ئوخشىغان تىغلىق ئەسۋابلار ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشى قىيامەت كۈنى جەھەننەمدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان تۆمۈرنى ئۆزىگە تىقىپ ئازابلىنىدۇ. ئەگەر بىر كىشى زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولسا، ئۇ جەھەننەمدىمۇ شۇ زەھەرنى ئىچىش بىلەن ئازابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋالغان كىشى ئۇچۇن جەھەننەمدە بىر تاغ بەرپا قىلىنىدۇ ۋە شۇ تاغدىن تاشلىنىپ ئازابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى ئېغىرچىلىقلارنىڭ قاتتىق بولۇپ كېتىشى سەۋەبلىك ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشتىن توسقان يەردە، ئىنساننىڭ ﷲ تەقدىر

قىلىنغان ئەجەل كېلىشتىن بۇرۇن ئالدىراپ كېتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر. الله تائالادىن سالامەتچىلىك سورايمىز.

پەيغەمبەر ﷺ بىرەر ئىشنى قىلىشتىن چەكلىگەن ۋاقىتتا ئەگەر شۇ ئىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغان ئايرىم ھالەتلىرى بولۇپ قالسا شۇنى بىرگە بايان قىلىپ بېرىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ ھەدىسنىڭ باش تەرىپىدە ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشتىن چەكلىگەندىن كېيىن ئەگەر ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشتىن باشقا چارە يوق بولۇپ قالسا: «ئى الله ! ئەگەر ماڭا ھاياتلىق ياخشى بولسا، مېنى ھايات قالدۇرغىن. ئەگەر ئۆلۈم ياخشى بولسا، مېنى ۋاپات تاپقۇزغىن» دېگەن دۇئانى ئوقۇشنى كۆرسەتمە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ مەزمۇن قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَقُولُوا رَاعِنَا وَقُولُوا انْظُرْنَا﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (پەيغەمبەرگە) رائىنا دەپ خىتاب قىلماي، ئۇنزۇرنا دەپ خىتاب قىلىڭلار»[1]. الله تائالا ساھابىلەرنى پەيغەمبەر ﷺ گە خىتاب قىلغاندا ﴿رَاعِنَا﴾ «بىزگە رىئايە قىلغىن» دېيىشتىن قايتۇرۇپ، ﴿انْظُرْنَا﴾ «بىزگە مۆھلەت بەرگىن» دېيىشكە بۇيرۇغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ياخشى خورمىلار ئېلىپ كېلىنگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ھەيران بولۇپ: «أكل تمر خيبر هكذا؟» «خەيبەر خورمىسىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداقمۇ؟» دەپ سورىغاندى، ھېلىقى ئادەم: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز بۇنىڭدىن بىر سا خورمىنى ئىككى سا خورمىغا، ئىككى سا خورمىنى ئۈچ سا خورمىغا تېگىشىمىز» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «لا تفعل بع الجميع بالدراهم، ثم ابتع بالدراهم جنيبا» «بۇنداق قىلمىغىن! ھەممىسىنى دەرھەمگە ساتقىن ۋە ياخشى خورمىلارنى دەرھەمگە سېتىۋالغىن» دېدى.[2] پەيغەمبەر ﷺ بۇ يەردە خورما تېگىشىشنى توسۇپ، بۇنى پۇلغا سېتىۋېلىشنى يولغا قويدى.

---

[1] سۈرە بەقەرە 104_ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش اللە نىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلالمىغانلىقنىڭ ئىپادىسى بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش ۋە ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەشتىن توسۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ‹ئى اللە ! ئەگەر ماڭا ھاياتلىق ياخشى بولسا، مېنى ھايات قالدۇرغىن. ئەگەر ئۆلۈم ياخشى بولسا، مېنى ۋاپات تاپقۇزغىن› دېگەن دۇئانى قىلىشنى بۇيرۇغان. چۈنكى ئىنسان غەيبنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ دۇئانى قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئىشىنى غەيبنى بىلىدىغان زات اللە قا تاپشۇرغان بولىدۇ.

ئۆلگەن كىشى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتىن ۋە اللە قا تەۋبە قىلىشنىڭ پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ما من ميت يموت إلا ندم ، إن كان محسنا ندم على أن لا يكون ازداد ، وإن كان مسيئا ندم أن لا يكون استعتب» «ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ھەممىسى چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشى ئىش قىلىدىغان كىشى بولسا ياخشىلىقنى كۆپلەپ قىلىۋالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ يامان ئىش قىلىدىغان كىشى بولسا، تەۋبە قىلىۋالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ».[1]

ئەگەر بىرەرسى: ‹ئى اللە ! ئەگەر ماڭا ھاياتلىق ياخشى بولسا، مېنى ھايات قالدۇرغىن. ئەگەر ئۆلۈم ياخشى بولسا، مېنى ۋاپات تاپقۇزغىن› دەپ دۇئا قىلىشنىڭ سەۋەبىنى سورىسا، ئۇنىڭغا جاۋابىمىز شۇكى، اللە تائالا ئىلگىرى ۋە كېيىن بولىدىغان ھەممە ئىشلارنى بىلىدۇ، ئەمما ئىنسان بۇنى بىلمەيدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لَا يَعْلَمُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الْغَيْبَ إِلَّا اللَّهُ﴾ «اللە تىن باشقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ»[2]، اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ مَاذَا تَكْسِبُ غَدًا وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ بِأَيِّ أَرْضٍ تَمُوتُ﴾ «ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش

[1] تىرمىزى توپلىغان. ئەلبانى «بەك زەئىپ» دېگەن.
[2] سۈرە نەمل 65- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولىدىغانلىقىنى، ياخشى-يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ»[1]. دېمەك، ئىنسان ھايات قېلىش ياكى ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ قايسىسىنىڭ ئۆزىگە مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بىر كىشىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا دۇئا قىلماقچى بولسا، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ ئۇنىڭغا ياخشىلىق بولۇشىنى شەرت قىلىپ: «الله تائالا ساڭا تائەت-ئىبادەت ئۈستىدە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن» دېيىشى كېرەك.

ئەگەر بىر كىشى مەريەم بىنتى ئىمران ﴿يَالَيْتَنِي مِتُّ قَبْلَ هَذَا وَكُنْتُ نَسْيًا مَنْسِيًّا﴾ «كاشكى مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ! كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن (ئەرزىمەس) نەرسىگە ئايلىنىپ كەتسەمچۇ»[2] دەپ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلغانغۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش چەكلىنىدۇ؟ دەپ سورىسا، بۇنىڭغا ئىككى نۇقتا ئاساسىدا جاۋاب بېرىمىز: بىرىنچى نۇقتا، بىزنىڭ شەرىئىتىمىزگە قارشى بولغان ئىلگىرىكى شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىز ئۈچۈن شەرئىي ھۆججەت بولالمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ شەرىئىتىمىز ئىلگىرىكى دىنلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. ئىككىنچى نۇقتا، بۇ يەردە مەريەم ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلماستىن بەلكى بۇ پىتنىلەرگە ئۇچراشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسەمچۇ دېيىش ئارقىلىق ئۆزى ئۇچرىغان مۇسىبەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى بايان قىلغان. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿أَنْتَ وَلِيِّي فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ تَوَفَّنِي مُسْلِمًا وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِينَ﴾ «دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا

[1] سۈرە لوقمان 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مەريەم 23- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلغىن»[①] دېگەن سۆزىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇ ئايەتتە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام الله تائالادىن ئۆزىنىڭ ۋاپاتىنى سورىمىغان، بەلكى الله تىن ئۆزىنى ئىسلام ئۇستىدە ۋاپات تاپقۇزۇشىنى سورىغان. بۇ خۇددى: «ئى الله! مېنى ئىسلام، ئىمان، تەۋھىد ۋە ئىخلاس ئۇستىدە ۋاپات تاپقۇزغىن، ياكى سەن مەندىن رازى بولغان هالدا مېنى ۋاپات تاپقۇزغىن» دېگەن دۇئاغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۆزىگە يەتكەن بىر يامانلىق تۈپەيلى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلغان كىشى بىلەن الله تائالا رازى بولىدىغان ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشنىڭ پەرقىنى ئايرىش كېرەك. دېمەك بىرەر يامانلىق تۈپەيلى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش پەيغەمبەر ﷺ چەكلىگەن ئىشتۇر. ئەمما الله تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن هالەتتە ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىش بولسا دۇرۇستۇر.

ھەقىقەتەن، يەتكەن ئېغىرچىلىقلار سەۋەبىدىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش سەۋرسىزلىكنىڭ ئىپادىسى هېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆزىگە يەتكەن قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىپ، الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلىشى كېرەك. ئىنساننىڭ بېشىغا يەتكەن قىيىنچىلىقلار ئۇ كىشىنىڭ خاتالىقىغا كەففارەت بولىدۇ ياكى ئۇ كىشى الله تىن ئەجىر ئۈمىد كۈتسە، ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. دۇنيا هاياتىدا يەتكەن ھەرقانداق مۇشكۈلاتنىڭ تۈگەيدىغان ۋاقتى ۋە بەلگىلىك چېكى بولىدۇ. پەقەت قىيىنچىلىقلار ئالدىدا مەلۇم مۇددەت سەۋر قىلىسىڭىزلا، خاتالىقىڭىز يۇيۇلۇپ، ئاخىرەتتىكى دەرىجىڭىز يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئاقىۋەت، بۇ سىز ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇنۇ ھەدىس نەقىل قىلىنغان: «عجبا لأمر المؤمن إن أمره كله له خير، إن أصابته سراء شكر فكان خيرا له، وإن أصابته ضراء صبر فكان خيرا له» «مۇئمىننىڭ ئىشى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىككى، ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشى

---

[①] سۈرە يۇسۇف 101 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياخشىلىقتۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا خۇشاللىق يەتسە شۇكۇر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىق يەتسە سەۋر قىلىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ»[1] دېمەك، مۇئمىن كىشى مەيلى قىيىنچىلىق ياكى ئازادىچىلىك ئىچىدە بولسۇن، ھەرقانداق ھالەتتە ياخشىلىق ئۈستىدە بولغان بولىدۇ.

## 41 ـ ھەدىس

وعن أبي عبد اللَّه خَبَّاب بنِ الأَرتِّ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: شَكَوْنَا إِلَى رسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - وَهُوَ متَوَسِّدٌ بُرْدَةً لَهُ فِي ظلِّ الكَعْبَةِ، فقُلْنَا: أَلاَ تَسْتَنْصِرُ لَنَا أَلاَ تَدْعُو لَنا؟ فَقَالَ: «قَدْ كَانَ مَنْ قَبْلَكُمْ يُؤْخَذُ الرَّجُلُ فَيُحْفَرُ لَهُ فِي الأَرضِ فَيُجْعَلُ فِيهَا، ثُمَّ يُؤْتَى بِالمِنْشَارِ فَيُوضَعُ عَلَى رَأْسِهِ فَيُجْعَلُ نصفَيْنِ، وَيُمْشَطُ بأَمْشَاطِ الحَديدِ مَا دُونَ لَحْمِه وَعَظْمِهِ، مَا يَصُدُّهُ ذلِكَ عَنْ دِينِهِ، وَاللَّه لَيُتِمَّنَّ اللَّه هَذَا الأَمْر حَتَّى يَسيرَ الرَّاكبُ مِنْ صَنْعَاءَ إِلَى حَضْرَموتَ لاَ يَخَافُ إِلاَّ اللَّه والذِّئْب عَلَى غَنَمِهِ، ولكنكم تَسْتَعجِلُونَ». رواه البخاري. وفي رواية: «وَهُوَ مُتَوَسِّدٌ بُرْدَةً وَقَدْ لَقِينا مِنَ المُشْرِكِينَ شدَّةً».

ئەبۇ ئابدۇللاھ خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا (مۇشرىكلارنىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرىدىن) شىكايەت قىلغىلى كەلسەك، ئۇ كەئبىنىڭ سايىسىدا تونىنى ياستۇق قىلىپ يېتىپتىكەن. بىز: «بىزگە نۇسرەت تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلغان بولساڭ ئىكەن» دېدۇق. پەيغەمبەر ﷺ: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۇئمىنلەرنى كاپىرلار تۇتۇپ كېلىپ يەرنى كولاپ ئۇلارنى شۇ يەرگە تاشلايتتى. ئاندىن ھەرە ئېلىپ كېلىنىپ، ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىگە قويۇلاتتى ۋە ھەرىدىلىپ، ئىككى پارچە قىلىۋېتىلەتتى. تۆمۈر تاغاقلار بىلەن تارىلىپ، گۆشى سۆڭەكلىرىدىن ئايرىۋېتىلەتتى. شۇنداق ئازابلارمۇ ئۇنى دىنىدىن ياندۇرۇۋېتەلمەيتتى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله ئىسلام دىنىنى

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئەلۋەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ. ھەتتا سەنئادىن ھەزرەمەۋتكىچە ئۇلاغلىق سەپەر قىلغان كىشى پەقەت الله تائالادىن ۋە قويلىرىنى بۆرىلەر يەپ كېتىشىدىن قورققاندىن سىرت ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان كۈنلەر كېلىدۇ، لېكىن سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر» دېدى.[①]

يەنە بىر نەقىلدە: «بىز مۇشرىكلار تەرىپىدىن ئۇچرىغان قىيىن-قىستاقلاردىن شىكايەت قىلغىلى كەلسەك، پەيغەمبەر ﷺ تونىنى بېشىغا قويۇپ يېتىپتىكەن» دېيىلگەن.

## شەرھىسى

بۇ ھەدىستە خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى مەككىدە بوزەك قىلىنغان بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەرەپتىن ئۇچرىغان ئەزىيەتلەرنى شىكايەت قىلىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كەلگەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ۋاقىتتا كەئبىنىڭ سايىسىدا تونىنى ياستۇق قىلىپ ياتقان بولۇپ، ئۇلارغا ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز دىنىدا بولاردىنمۇ ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

ئىلگىرىكى كىشىلەر دىنى سەۋەبلىك ئورەككە تاشلىنىپ، ئاندىن ھەرە بىلەن بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن پارچىلىناتتى ۋە تۆمۈر تاغاقلار بىلەن تارىلىپ گۆشلىرى ئۇستىخانلىرىدىن ئايرىلىپ كېتەتتى. مانا بۇ ھەقىقەتەن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكتۇر. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ الله تائالانىڭ ئۆز دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىدىغانلىقىغا قەسەم قىلغان، ھەتتاكى سەنئادىن ھەزرەمەۋتكىچە ئۇلاغ بىلەن سەپەر قىلغان كىشىنىڭ الله تائالادىن ۋە قويلىرىنى بۆرىلەرنىڭ يەپ كېتىشىدىن باشقا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان دەۋرلەر كېلىدىغانلىقى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىقىنى

① بۇخارى توپلىغان.

تەكىتلىگەن ۋە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇغان.

ئۇزۇن ئۆتمەي، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ سۆزى ئىشقا ئاشقان بولۇپ، بۇ ھەدىس الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە ئاتا قىلغان مۆجىزىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خەۋەرلىرىنى روياپقا چىقىرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئىسپاتلاپ بەرگەن. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَكِنِ اللَّهُ يَشْهَدُ بِمَا أَنْزَلَ إِلَيْكَ أَنْزَلَهُ بِعِلْمِهِ وَالْمَلَائِكَةُ يَشْهَدُونَ وَكَفَى بِاللَّهِ شَهِيدًا﴾ «(يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بەرمىسە گۇناھى ئۆزىگە) لېكىن الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ، الله قۇرئاننى (باشقىلار بىلمەيدىغان ئۆزىگە خاس) ئىلمى بىلەن نازىل قىلدى. پەرىشتىلەرمۇ (الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ، (باشقىلار گۇۋاھلىق بەرمىگەندىمۇ) الله نىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر»[①].

يۇقىرىقى ھەدىس، دۈشمەنلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ. سەۋر قىلىش غەلىبىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان كىشى كاپىرلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىش ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە ھامان بىر كۈنى كەڭچىلىككە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئۈمىدۋار بولۇشى ھەمدە غەلىبە ـ نۇسرەتنىڭ تېز ئىشقا ئېشىشىغا ئالدىراپ كەتمەسلىكى كېرەك. خۇددى بەنى ئىسرائىلغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن كۆلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەنگە ئوخشاش، الله تائالا مۇئمىنلەرنى كاپىرلارنىڭ تۈرلۈك ئەزىيەتلىرى ئارقىلىق ئىمتىھان قىلىدۇ. شۇڭا غەلىبىنىڭ ئۇزاق ۋاقىت كېچىكىپ كەتكەنلىكىدىن زېرىكىپ كەتمەسلىك كېرەك. شۇنى بىلىش كېرەككى، غەلىبە تەقۋادارلارغا مەنسۇپ،

[①] سۈرە نىسا 166 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ﷲ تائالا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىرگىدۇر.

ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرى خىزمەتنى تەرتىپلىك ۋە تەشكىللىك ئېلىپ بېرىشى، بۇ جەرياندا ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقلارغا سەۋر قىلىپ ساباتلىق تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى كاپىرلار ۋە مۇناپىقلاردىن ئىبارەت دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دىنىمىزغا ئېلىپ بېرىۋاتقان دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىمۇ تەشكىللىك ۋە پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

ئەمما، ئىشلارغا يۈزەكى قاراپ، ھېسسىياتقا بېرىلىپ، پۇختا تەييارلىق قىلماستىنلا ھۇجۇم قوزغىغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار بەزىدە كۆپلىگەن ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالىدۇ ۋە يەنە بەزىدە ئۇلاردىن سادىر بولغان خاتالىق پۇختا تەييارلىق بىلەن پىلانلانغان نۇرغۇن ئىشلارنى بەربات قىلىۋېتىدۇ.

لېكىن ھەقىقىي مۇئمىن دىن دۈشمەنلىرىگە قارشى پۇختا ۋە ئەتراپلىق پىلان بىلەن ئىش قىلىدۇ. ئالدىراقسانلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويمايدۇ. دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ھەمىشە مۇئمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارمايدۇ. ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىنى سەۋرگە تەۋسىيە قىلغان. ئىلگىرىكى مۇئمىنلەر بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر سىناقلار ئالدىدا تىز پۈكمىگەن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇممىتى ئۇلاردىن بەكرەك سەۋر قىلىشقا لايىقتۇر. شۇڭا دەيمەنكى، ئى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇممىتى! سەۋر قىلىڭلاركى، غەلىبە ھامان سەۋرچان ۋە تەقۋادار مۇئمىنلەرگە مەنسۇپتۇر.

ئى قېرىندىشىم! ئەتراپىڭىزدىكى مۇنكەرلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن پۇختا پىلان، تەرتىپلىك تۈزۈم ۋە مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن ھەرىكەت قىلىڭ. بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ تىز بەل

قويۇۋەتمەك ۋە زېرىكىپ قالماق. بولۇپمۇ ئىسلامنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاۋانگارتلار سەپلىرىدىن ئورۇن ئالغان، ئىمانىي سىناقتا ئەڭ كۆپ دۇچ كېلىدىغان كىشىلەر قاتارىدىن بولسىڭىز تېخىمۇ شۇنداق قىلماڭ. دىنغا قارشى سۇيىقەستچىلەر ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋاستىلەر بىلەن ئىسلام دىنىغا ئەڭ چوڭ زىيانلارنى سېلىشقا ئۇرۇنىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك پىلانلىرىنى بەربات قىلىڭ. قولىڭىزدىن كېلىشىچە، ماددىي سەۋەبلەرنى ھازىرلاڭ ـ دە، الله نىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ھالدا الله قا تەۋەككۇل قىلىڭ. الله نىڭ دۈشمەنلىرى تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىشى مۇمكىن، لېكىن الله نىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن كۈچلۈكتۇر. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 42 ـ ھەدىس

وعن ابن مسعودٍ - رضي اللّه عنه - قَالَ: لَمَّا كَانَ يَومُ حُنَينٍ آثَرَ رسولُ اللَّه - صلى اللّه عليه وسلم - نَاسًا في القسْمَةِ، فَأعْطَى الأقْرَعَ بْنَ حَابسٍ مئَةً مِنَ الإبِلِ، وَأَعطَى عُيَيْنَة بْنَ حصن مِثْلَ ذلِكَ، وَأَعطَى نَاسًا مِنْ أشْرافِ العَرَبِ وآثَرَهُمْ يَوْمَئِذٍ فِي القسْمَةِ. فَقَالَ رَجُلٌ: واللَّه إنَّ هذِهِ قِسْمَةٌ مَا عُدِلَ فِيهَا، وَمَا أُرِيدَ فيهَا وَجْهُ اللَّه، فَقُلْتُ: وَاللَّه لأُخْبِرَنَّ رسولَ اللَّه - صلى اللّه عليه وسلم - فَأَتَيْتُهُ فَأخْبَرْتُهُ بمَا قَالَ، فَتَغَيَّرَ وَجْهُهُ حَتَّى كَانَ كالصِّرْفِ. ثُمَّ قَالَ: «فَمَنْ يَعْدِلُ إِذَا لم يَعْدِلِ اللَّهُ وَرسولُهُ؟» ثُمَّ قَالَ: «يَرْحَمُ اللَّهُ مُوسَى قَدْ أُوذِيَ بأكْثَرَ مِنْ هَذَا فَصَبر». فَقُلْتُ: لاَ جَرَمَ لاَ أرْفَعُ إلَيْه بَعدَهَا حَدِيثًا. مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ھۇنەيىن غازىتى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ﷺ غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىشتا بەزى كىشىلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئەقرەئ ئىبنى ھابىسقا 100 تۆگە، ئۇيەينە ئىبنى ھىسنىگە 100 تۆگە بەردى ۋە ئەرەبلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەرگىمۇ كۆپ نەرسە بەردى ۋە ئۇلارغا شۇ كۈندىكى تەقسىماتتا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلدى. ئارىدىن بىر كىشى: «الله بىلەن قەسەمكى، بۇ تەقسىمات ئادىل بولمىدى، ئۇنىڭدا الله نىڭ رازىلىقىمۇ مەقسەت قىلىنمىدى»

دېدى. مەن: «اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ سۆزۈڭنى چوقۇم پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكۈزىمەن» دېدىم.

ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكۈزۈۋېدىم، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، گويا قىزىل بوياقتا ئوخشاش بولۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇ: «اﷲ ۋە اﷲ نىڭ رەسۇلى ئادىل بولمىسا، كىم ئادىل بولىدۇ؟» دېدى. ئۇ يەنە: «اﷲ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلسۇن! ئۇنىڭغا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەزىيەتلەر يەتكەندە ئۇ سەۋر قىلغانىدى» دېدى. مەن ئىچىمدە: «بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ﷺ گە گەپ كۆتۈرۈپ كەلمەيمەن» دەپ كەتتىم.[1]

## شەرھىسى

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان بۇ ھەدىس «لما كان يوم حنين» «ھۆنەين غازىتى بولغان كۈنى» دېگەن جۈملىدىن باشلانغان بولۇپ، ھۆنەين غازىتى بولسا مەككە فەتھىسىدىن كېيىن بولغان تائىف غازىتىنى كۆرسىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىپ، بىرمۇنچە غەنىيمەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئاندىن، پەيغەمبەر ﷺ «جىئىران» دېگەن ئورۇنغا چۈشۈپ، غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ بەزى كىشىلەر (يەنى قەبىلە چوڭلىرى) نىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلماقچى بولۇپ، غەنىيمەتلەرنىڭ كۆپرەكىنى ئۇلارغا بەردى. ھەتتا ئۇلاردىن بىر ئادەمگە 100 دىن تۆگە بەردى.

قەۋم ئىچىدىكى بىر ئادەم: «اﷲ بىلەن قەسەمكى، بۇ تەقسىمات ئادىل بولمىدى، ئۇنىڭدا اﷲ نىڭ رازىلىقىمۇ مەقسەت قىلىنمىدى» دېدى. اﷲ قا سېغىنىپ بۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمىز. بۇ كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غەنىيمەت

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تەقسىماتىغا نارازى بولۇپ مۇشۇ سۆزنى قىلغان ئىدى. دۇنياغا بولغان زىيادە ھېرىسمەنلىك ۋە شەيتانغا ئەگىشىش ئىنساننى ھالاكەتكە دۇچار قىلىدىغان ئاساسلىق سەۋەبلەر ھېسابلىنىدۇ.

الله نىڭ پەيغەمبەرنى ئادالەتسىزلىكتە ۋە الله رازىلىقىنى مەقسەت قىلمىغانلىقتا ئەيىبلەش ئوپئوچۇق كۇفرى سۆز بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ تەقسىمات بىلەن الله رازىلىقىنى مەقسەت قىلغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇنداق قىلىش ئارقىلىق قەبىلە ۋە جەمەت ئاقساقاللىرىنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلماقچى ئىدى. چۈنكى، قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئىسلامغا مايىل بولۇپ ئىمانى كۈچەيسە، ئۇلار ئۆزىگە ئەگىشىدىغان كۆپ كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىگە ۋە دەۋەتنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىگە ۋاستە بولاتتى.

ئىنسان بىلىمسىزلىكى ۋە ئۆز ئېغىزى تۇپەيلى پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەققىدە ئېيتىلغان بۇ سۆزنى پەيغەمبەر ﷺ گە خەۋەر قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇنى ئاڭلاپ، غەزەپلەنگەنلىكتىن چىرايى قىزىرىپ كەتكەن، ئاندىن: «فمن يعدل إذا لم يعدل اللّٰه ورسوله؟» «الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى ئادىل بولمىسا، كىم ئادىل بولىدۇ؟» دېگەن. پەيغەمبەر ﷺ راست ئېيتىدۇ. ئەگەر الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ تەقسىماتى ئادىل بولمىسا، ئۇنداقتا كىم ئەڭ ئادىل تەقسىمات قىلىدۇ؟!

ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «يرحم اللّٰه موسى قد أوذي بأكثر من هذا فصبر» «الله مۇسا ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلسۇن! ئۇنىڭغا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەزىيەتلەر يەتكەندە ئۇ سەۋر قىلغانىدى» دېگەن. مانا بۇ سۆز ھەدىسنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىدۇر. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەزىيەتلەرگە ئۇچراپ سەۋر قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ گە ئېيتىلغان «الله رىزالىقىنى كۆزلىمىدىڭ، ئادىللىق قىلمىدىڭ» دېگەنگە ئوخشاش ئەيىبلەشلەر پەيغەمبەر ﷺ گە روشەن فەتىھلەر

بېرىلىپ، سۆزلىرى راستقا چىقىرىلغان ۋە ھىجرەتتىن كېيىن توپتوغرا سەككىز يىل بولغان چاغلاردا يۈز بېرىشى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىدى.

پەيغەمبەر ﷺ دىن تەلىم ئالغان ۋە بىللە جىھاد قىلغان كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەر ﷺ نى ئەيىبلىگەن ۋە ئۇنىڭدىن نۇقسان ئىزدىگەن كىشىلەر چىققان يەردە، دەۋرىمىزدىكى ئالىملار ھەققىدە تۈرلۈك گەپ ـ سۆزلەرنى تارقىتىدىغان كىشىلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. ئالىملارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكۈش شەيتان ئەڭ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان ئىشلاردىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. چۈنكى ئالىملار كەمسىتىلسە، كىشىلەر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ھېچبىر ئېتىبارغا ئالمايدۇ ـ دە، كىشىلەرنى الله نىڭ كىتابى بىلەن يېتەكلەيدىغان ھېچبىر كىشى قالمايدۇ. ئۆلىمالارغا ئىشەنمىگەن ۋە ئۇلارغا ئەگەشمىگەن كىشىلەر تەبىئىيلا شەيتان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىغا ئەگىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنىڭ گۇناھى باشقا كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ئېغىر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئادەتتىكى كىشىنىڭ غەيۋىتى قىلىنسا پەقەت غەيۋىتى قىلىنغان كىشىگىلا زىيان يېتىدۇ، لېكىن ئالىمنىڭ غەيۋىتى قىلىنغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى تۆكۈلۈش بىلەن بىرگە ئىسلامنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە زىيان يېتىدۇ. چۈنكى، ئالىملار ئىسلامنىڭ رەمزى ۋە بايراقدارلىرى بولۇپ، ئەگەر ئۇلارغا بولغان ئىشەنچ سۇسلاپ كەتسە، ئۇممەت ئۇچرايدىغان زىيان تولىمۇ ئېغىر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يېگەنگە باراۋەر بولسا، ئالىملارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش زەھەرلەنگەن ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يېگەنگە ئوخشاشتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ دەك زاتمۇ باشقىلارنىڭ مالامىتىگە ئۇچرىغان بولۇپ، كۈنىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ ئالىملارنى تىللاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرسىڭىز ھەرگىز ھەيران قالماڭ.

باشقىلارنىڭ مالامىتىگە ئۇچرىسىڭىز الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلىپ سەۋر

قىلىش. شۇنى بىلىشكى، ياخشى ئاقىۋەت الله نىڭ ھىدايىتى ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغان ۋە بارچە ھالەتلىرىدە الله تىن قورققان تەقۋادار كىشىلەرگە مەنسۇپتۇر.

يەنە شۇنىڭدەك، بەزى كىشىلەر باركى، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ بىرەر خاتالىقىنى كۆرسە، ئۇنى ئەيىبلەيدۇ، تىللايدۇ ھەتتاكى كەمسىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارغا ئۇچرىغان كىشى پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ قەۋمى تەرىپىدىن شائىر، كاھىن، سېھىرگەر دېگەنگە ئوخشاش تىل ـ ھاقارەت ۋە دەشناملارغا ئۇچرىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَصَبَرُوا عَلَى مَا كُذِّبُوا وَأُوذُوا حَتَّى أَتَاهُمْ نَصْرُنَا﴾ «سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى. ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۇزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى»[①].

بۇ ھەدىستىن مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بولغان كىشى بەزى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، نەرسىلەرنى كۆپرەك بەرسە بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. لېكىن شەرت شۇكى، خەلىپە بولغان كىشى بۇنىڭدا ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى ئەمەس، بەلكى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك. ئەمما، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى ئاساس قىلىنغان ۋاقىتتا قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ رەھبەرلەرنىڭ نىيىتىگە باھا بېرىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەقسىماتىغا ئېتىراز بىلدۈرۈشى توغرا ئەمەس. ئەگەر بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرسە، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.

بۇ ھەدىستىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەردىن ئىبرەت ئالغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ: «يرحم الله موسى

---

[①] سۈرە ئەنئام 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قد أوذي بأكثر من هذا فصبر» «اللە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلسۇن! ئۇنىڭغا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەزىيەتلەر يەتكەندە ئۇ سەۋر قىلغانىدى» دېگەن. چۈنكى، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِأُولِي الْأَلْبَابِ﴾ «ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ»[1]. اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أُولَئِكَ الَّذِينَ هَدَى اللَّهُ فَبِهُدَاهُمُ اقْتَدِهْ﴾ «ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) اللە ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن» [2]. دېمەك، اللە تائالا پەيغەمبىرىنى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشكە بۇيرۇغانغا ئوخشاش، بىزمۇ ئەزىيەتكە سەۋر قىلىشتا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشىمىز، ھەمدە اللە تائالادىن ئەجىر ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىشىمىز ۋە سەۋر قىلىشنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى ئۆچۈرۈپ، ئەجرىمىزنى زىيادە قىلىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. اللە تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 43 ـ ھەدىس

وعن أنسٍ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: قَالَ رَسُول اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «إِذَا أَرَادَ اللَّه بعبدِهِ الخَيرَ عَجَّلَ لَهُ العُقُوبَةَ فِي الدُّنْيا، وَإِذَا أَرَادَ اللَّهُ بِعَبدِهِ الشَّرَّ أمْسَكَ عَنْهُ بذَنْبِهِ حَتَّى يُوَافِيَ بِهِ يومَ القِيَامَةِ». وَقالَ النَّبيُّ - صلى اللَّه عليه وسلم: «إنَّ عِظَمَ الجَزَاءِ مَعَ عِظَمِ البَلاَءِ، وَإنَّ اللَّه تَعَالَى إِذَا أَحَبَّ قَوْمًا ابْتَلاَهُمْ، فَمَنْ رَضِيَ فَلَهُ الرِّضَا، وَمَنْ سَخِطَ فَلَهُ السُّخْطُ». رواه الترمذي وَقالَ: حديث حسن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر اللە تائالا بىرەر بەندىسىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ جازاسىنى دۇنيادىلا بېرىۋېتىدۇ. ئەگەر اللە تائالا بىرەر بەندىسىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا تولۇق جازا بېرىش ئۈچۈن گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئۇنى جازالاشنى قىيامەت كۈنىگە كېچىكتۈرىدۇ».[3]

---

[1] سۈرە يۈسۈف 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنئام 90 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىناق قانچە ئېغىر بولسا، مۇكاپاتمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. اللّٰه تائالا بىرەر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، تۇرلۇك بالالار بىلەن ئۇلارنى سىنايدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا رازى بولسا، اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭدىن غەزەپلەنسە، اللّٰه ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ.»[1]

## شەرھىسى

ئىشلارنىڭ ھەممىسى اللّٰه نىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدۇ. اللّٰه تائالا ئۆزىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَعَّالٌ لِمَا يُرِيدُ﴾ «پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر»[2]. اللّٰه تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يَفْعَلُ مَا يَشَاءُ﴾ «اللّٰه ھەقىقەتەن خالىغىنىنى قىلىدۇ (يەنى ئازاب قىلىش، رەھىم قىلىش، ئەزىز قىلىش، خار قىلىش، باي قىلىش، كەمبەغەل قىلىش اللّٰه نىڭ خاھىشىدىكى ئىش بولۇپ، اللّٰه قا ھېچ كىشى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)»[3]. دېمەك، ئىشلارنىڭ ھەممىسى اللّٰه نىڭ قولىدىدۇر.

ئىنسان ھاياتىدا خاتالىقتىن، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن ۋە ۋاجىبلارغا سەل قاراشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەگەر اللّٰه تائالا بەندىسىگە ياخشىلىقنى خالىسا، ئۇنى بۇ دۇنيادىلا مال ـ مۈلكى ياكى يېقىن ـ يورۇقلىرىدىن ئايرىۋېتىش ئارقىلىق سىنايدۇ. ئىنسان دۇچ كەلگەن سىناقلار خاتالىقلارنىڭ ئۆچۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر بىر بەندە دۇنيانىڭ ئۆزىدە ئېغىر مۇسىبەتلەر ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن سىنالسا، خاتالىقلىرى ئۆچۈرۈلگەن ھالەتتە رەببى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. دۇنيا ئازابى ئاخىرەت ئازابىدىن يەڭگىل بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق ئۆلۇم ئىنسان ئۈچۈن كاتتا نېئمەتنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

---

[1] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن» دېگەن.
[2] سۈرە ھۇد 107 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ھەج 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

لېكىن الله تائالا بەندىسىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى تەدرىجىي جازالاش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بەلگىلىك مۆھلەت بېرىپ كۆپ نېئمەت ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئازابىنى كېچىكتۈرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ الله تائالا ئاتا قىلغان نېئمەتلەر بىلەن كۆرەڭلەشكە باشلايدۇ ـ دە، گۇناھقا چۆمگەن ھالدا رەببىگە ئۇچرىشىدۇ ھەمدە ئاخىرەتتە ئازابلىنىدۇ. الله تائالادىن سالامەتچىلىك سورايمىز.

ئەگەر سىز الله قا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئاسىيلىق قىلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ قىيىنچىلىق ۋە مۇسىبەتلەردىن خالىي ھالدا پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز، بىلىپ قويۇڭكى، ئۇ ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان نېئمەتلەرگە دۇنيادىلا تولۇق ئېرىشىپ بولغان، جازاسى قىيامەت كۈنىگىچە كېچىكتۈرۈلگەن كىشىدۇر.

ئاندىن، پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەدىستە: «إن عظم الجزاء مع عظم البلاء» «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىناق قانچە ئېغىر بولسا، مۇكاپاتمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ» دېگەن. يەنى سىناق قانچىلىك چوڭ بولغانسېرى، ئەجىرمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئەكسىچە، سىناق قانچە ئاسان بولغانسېرى، ئېرىشىدىغان ئەجىرمۇ شۇنچە ئاز بولىدۇ. الله تائالا تولىمۇ مەرھەمەتلىك زات بولغانلىقى ئۈچۈن، بەندىلىرىنى قىيىنچىلىقلار بىلەن ئىمتىھان قىلغان ۋاقىتتا ئۇلارغا كۆپ ئەجىر ئاتا قىلىدۇ. ئەگەر مۇسىبەت يەڭگىل بولسا ئەجىرمۇ ئاز بولىدۇ.

«الله تائالا بىرەر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، تۈرلۈك بالالار بىلەن ئۇلارنى سىنايدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا رازى بولسا، الله ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭدىن غەزەپلەنسە، الله ئۇنىڭغا غەزەپلىنىدۇ». مانا بۇ مۇئمىنگە بېرىلگەن خۇش بېشارەتتۇر. مۇئمىن كىشى بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنى بۇ ماڭا كەلگەن الله نىڭ غەزىپى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالمىسۇن. بەلكى بۇ، بەزىدە الله تائالانىڭ بەندىسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئىنسان بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرگە رازى بولۇپ سەۋر قىلسا ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلسا، الله ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەردىن غەزەپلەنسە، الله مۇ ئۇنىڭغا غەزەپلىنىدۇ.

بۇ ھەدىس ئىنساننى مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىشقا ۋە سەۋر قىلىش ئارقىلىق الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە قىزىقتۇرىدۇ. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 44 ـ ھەدىس

وعن أنسٍ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: كَانَ ابنٌ لأبي طَلْحَةَ - رضي اللَّه عنه - يَشتَكِي، فَخَرَجَ أبُو طَلْحَةَ، فَقُبِضَ الصَّبيُّ، فَلَمَّا رَجعَ أَبُو طَلْحَةَ، قَالَ: مَا فَعَلَ ابْنِي؟ قَالَتْ أمُّ سُلَيم وَهِيَ أمُّ الصَّبيِّ: هُوَ أَسْكَنُ مَا كَانَ، فَقَرَّبَتْ إليه العَشَاءَ فَتَعَشَّى، ثُمَّ أَصَابَ منْهَا، فَلَمَّا فَرَغَ، قَالَتْ: وَارُوا الصَّبيَّ فَلَمَّا أَصْبحَ أَبُو طَلْحَةَ أَتَى رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - فَأَخْبَرَهُ، فَقَالَ: «أعَرَّسْتُمُ اللَّيلَةَ؟» قَالَ: نَعَمْ، قَالَ: «اللَّهُمَّ بَارِكْ لَهُمَا»، فَوَلَدَتْ غُلامًا، فَقَالَ لي أَبُو طَلْحَةَ: احْمِلْهُ حَتَّى تَأْتِيَ بِهِ النَّبيَّ - صلى اللَّه عليه وسلم - وَبَعَثَ مَعَهُ بِتَمَراتٍ، فَقَالَ: «أَمَعَهُ شَيءٌ؟» قَالَ: نَعَمْ، تَمَراتٌ، فَأَخَذَهَا النَّبيُّ - صلى اللَّه عليه وسلم - فَمَضَغَهَا، ثُمَّ أَخَذَهَا مِنْ فِيهِ فَجَعَلَهَا في فِيِّ الصَّبيِّ، ثُمَّ حَنَّكَهُ وَسَمَّاهُ عَبدَ اللَّه. مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

وفي رواية للبُخَارِيِّ: قَالَ ابنُ عُيَيْنَةَ: فَقَالَ رَجُلٌ مِنَ الأَنْصارِ: فَرَأَيْتُ تِسعَةَ أَوْلادٍ كُلُّهُمْ قَدْ قَرَؤُوا القُرْآنَ، يَعْنِي: مِنْ أَوْلادِ عَبدِ اللَّه المَولُود.

وَفي رواية لمسلمٍ: مَاتَ ابنٌ لأبي طَلْحَةَ مِنْ أمِّ سُلَيمٍ، فَقَالَتْ لأَهْلِهَا: لاَ تُحَدِّثُوا أَبَا طَلْحَةَ بابْنِهِ حَتَّى أَكُونَ أَنَا أُحَدِّثُهُ، فَجَاءَ فَقَرَّبَتْ إِلَيْه عَشَاءً فَأَكَلَ وَشَرِبَ، ثُمَّ تَصَنَّعَتْ لَهُ أَحْسَنَ مَا كَانَتْ تَصَنَّعُ قَبْلَ ذلِكَ، فَوَقَعَ بِهَا. فَلَمَّا أَنْ رَأَتْ أَنَّهُ قَدْ شَبعَ وأَصَابَ مِنْهَا، قَالَتْ: يَا أَبَا طَلْحَةَ، أَرَأَيتَ لو أنَّ قَومًا أعارُوا عارِيَتَهُمْ أَهْلَ بيتٍ فَطَلَبُوا عارِيَتَهُمْ، أَلَهُمْ أن يَمْنَعُوهُمْ؟ قَالَ: لا، فَقَالَتْ: فَاحْتَسِبْ ابْنَكَ، قَالَ: فَغَضِبَ، ثُمَّ قَالَ: تَرَكْتِني حَتَّى إِذَا تلطَّخْتُ، ثُمَّ أَخْبَرتني بِابْنِي؟! فانْطَلَقَ حَتَّى أَتَى رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - فَأَخْبَرَهُ بِمَا كَانَ فَقَالَ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «بَارَكَ اللَّه في لَيْلَتِكُمَا»، قَالَ: فَحَمَلَتْ. قَالَ: وَكانَ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - في سَفَرٍ وَهيَ مَعَهُ، وَكَانَ رسولُ اللَّه - صلى

اللَّه عليه وسلم - إِذَا أَتَى المَدِينَةَ مِنْ سَفَرٍ لاَ يَطْرُقُهَا طُرُوقًا فَدَنَوا مِنَ المَدِينَة، فَضَرَبَهَا المَخَاضُ، فَاحْتَبَسَ عَلَيْهَا أَبُو طَلْحَةَ، وانْطَلَقَ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم. قَالَ: يَقُولَ أَبُو طَلْحَةَ: إنَّكَ لَتَعْلَمُ يَا رَبِّ أَنَّهُ يُعْجِبُنِي أَنْ أَخْرُجَ مَعَ رسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - إِذَا خَرَجَ وَأَدْخُلَ مَعَهُ إِذَا دَخَلَ وَقَدِ احْتَبَسْتُ بِمَا تَرَى، تَقُولُ أُمُّ سُلَيْمٍ: يَا أَبَا طَلْحَةَ، مَا أَجِدُ الَّذِي كُنْتُ أجدُ، انْطَلِقْ، فَانْطَلَقْنَا وَضَرَبَهَا المَخَاضُ حِينَ قَدِمَا، فَوَلَدَت غُلامًا. فَقَالَتْ لِي أمِّي: يَا أَنَسُ، لا يُرْضِعْهُ أَحَدٌ حَتَّى تَغْدُو بِهِ عَلَى رسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم. فَلَمَّا أَصْبَحَ احْتَمَلْتُهُ فَانْطَلَقْتُ بِهِ إِلَى رسولِ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم. وَذَكَرَ تَمَامَ الحَدِيثِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ئوغلى ئاغرىپ قالغان ئىدى. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەلۇم ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندە ئۇنىڭ ئوغلى ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايتىپ كېلىپ ئايالىدىن: «ئوغلۇم قانداقراق؟» دەپ سورىدى. بالىنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سۇلەيىم: «بۇرۇنقىدىن شۈك بولۇپ قالدى» دېدى. ئاندىن ئايالى ئۇنىڭغا كەچلىك تاماق ئەكەلدى. ئەبۇ تەلھە تاماق يېدى، كەچ كىرگەندە ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولدى. ئۇ ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇممۇ سۇلەيىم: «بالىنى كۆمۈڭلار» دېدى.

تاڭ ئاتقاندا ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇ ئىشتىن ئۇنى خەۋەرلەندۇردى. پەيغەمبەر ﷺ: «كېچىدە بىر تۆشەكتە بولدۇڭلارمۇ؟» دېدى. ئەبۇ تەلھە: «ھەئە» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئى الله ! ئۇ ئىككىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. كېيىن ئۇممۇ سۇلەيىم بىر ئوغۇل تۇغدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ تەلھە ماڭا: «بالىنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا بارغىن» دېدى ۋە بالا بىلەن بىرگە بىر نەچچە تال خورما ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ﷺ: «بالىنى ئېغىزلاندۇرغىدەك بىرنەرسە بارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ھەئە، بىر نەچچە تال خورما بار» دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ خورمىلارنى ئېلىپ چاينىدى، ئاندىن ئۇنى ئاغزىدىن چىقىرىپ،

بالىنىڭ ئاغزىغا سىلىپ ئىغىزلاندۇردى ۋە ئۇنىڭغا «ئابدۇللاھ» دەپ ئىسىم قويدى.

ئىمام بۇخارىدىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ: «ئەنسارىلاردىن بىر كىشى: <مەن توققۇز بالىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننى ئوقۇيالايدىغان بولۇپ، ئاشۇ كۈنى تۇغۇلغان ئابدۇللاھنىڭ بالىلىرى ئىدى> دېگەن».[1]

ئىمام مۇسلىمدىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: ئەبۇ تەلھەنىڭ ئۇممۇ سۇلەيمدىن تۇغۇلغان بىر ئوغلى ئۆلۈپ كەتتى. ئۇممۇ سۇلەيم ئائىلىسىدىكىلەرگە: «سىلەر ئەبۇ تەلھەگە بالىسى توغرۇلۇق مەن ئىغىز ئاچمىغۇچە گەپ قىلماڭلار» دېدى. ئەبۇ تەلھە قايتىپ كەلدى. ئايالى ئۇنىڭغا كەچلىك تاماق ئېلىپ كەلدى. ئۇ يېدى ۋە ئىچتى. ئاندىن ئۇممۇ سۇلەيم بۇنىڭدىن ئىلگىرى ياسانغاندىنمۇ چىرايلىقراق ياساندى. ئەبۇ تەلھە ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولدى.

ئەبۇ تەلھە قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئاندىن ئايالى بىلەن بىرگە بولغاندىن كېيىن، ئايالى: «ئى ئەبۇ تەلھە! ئېيتىپ باققىنە، ئەگەر كىشىلەر بىر ئائىلىدىن بىرەر نەرسىنى ئارىيەت ئالغان بولسا، ئاندىن شۇ ئائىلە ئارىيەت بەرگەن نەرسىسىنى تەلەپ قىلسا، ئۇنى رەت قىلسا بولامدۇ؟» دېدى. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياق» دېدى. ئايالى: «ئۇنداقتا، سەن ئوغلۇڭنىڭ ئىشىغا سەۋر قىلىپ ساۋاب ئۈمىد قىلغىن» دېدى. ئەبۇ تەلھەنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «سەن مېنى جۇنۇپ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن ئوغلۇمنىڭ ئىشىنى ماڭا خەۋەر قىلدىڭمۇ؟» دېدى. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئىككىڭلارنىڭ كېچىسىگە الله

[1] بۇخارى توپلىغان.

بەرىكەت ئاتا قىلسۇن» دېدى. ئۇممۇ سۇلەيىم شۇ كېچىسى ھامىلىدار بولغان ئىدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىر سەپەردە ئىدى، ئەبۇ تەلھە ئەر-ئايال پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرلىكتە سەپەرگە چىققان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ سەپەردىن قايتىپ كەلسە، ئۆيىگە تۇيۇقسىز كىرىشنى خالىمايتتى. ئۇلار مەدىنىگە ئاز قالغاندا ئۇممۇ سۇلەيىمنى تولغاق تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بىلەن تۇرۇپ قالدى. پەيغەمبەر ﷺ يولىغا مېڭىۋەردى.

ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەببىم! پەيغەمبەر ﷺ قاچان سەپەرگە چىقسا، مېنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىشنى، ئۇ قاچان قايتىپ كەلسە، مېنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە قايتىشنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغىنىمنى ياخشى بىلىسەن. سەن كۆرۈپ تۇرغىنىڭدەك، مەن يولۇمدىن توختاپ قالدىم» دېدى. شۇ ئاردا ئۇممۇ سۇلەيىم: «ئى ئەبۇ تەلھە! تولغىقىم توختاپ قالدى، مېڭىۋەرگىن» دېدى. ئاندىن بىز يولىمىزنى داۋام قىلدۇق.

بىز مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇممۇ سۇلەيىمنى يەنە تولغاق تۇتتى. نەتىجىدە بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. ئانام ماڭا: «ئى ئەنەس! سەن ئەتىگەندە بۇ بالىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ بارمىغۇچە ھېچكىمگە ئەمگۈزمىگىن» دېدى. تاڭ ئاتقاندا مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ: «بالىنى ئېغىزلاندۇرغىدەك بىرنەرسە بارمۇ؟» دېدى. مەن: «ھەئە، بىر نەچچە تال خورما بار» دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ خورمىلارنى ئېلىپ چاينىدى، ئاندىن ئۇنى ئاغزىدىن چىقىرىپ، بالىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ ئېغىزلاندۇردى ۋە ئۇنىڭغا «ئابدۇللاھ» دەپ ئىسىم قويدى.

## شەرھىسى

بۇ ھەدىس ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان ھەدىس بولۇپ، ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر بالىسى ئاغرىپ قالغان ئىدى. ئۇ مەلۇم بىر ئىش تۈپەيلى سەپەرگە چىقىپ كەتكەندە ھېلىقى بالا ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايتىپ كېلىپ، ئايالىدىن بالىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئايالى ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتماستىن، بالىسىنىڭ بۇرۇنقىدىن بەكرەك ئارام تېپىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئايالى ئېيتقاندەك، بالىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ئىلگىرىكىدىن بەكرەك ئارام تېپىپ قالغانىدى. ھەقىقەتەن، ئۆلۈمدىنمۇ چوڭراق ئارامچىلىق يوق.

ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «بالىنىڭ كېسىلى ساقىيىپ ئارام تېپىپ قاپتۇ» دەپ چۈشەنگەن ئىدى. ئايالى ئۇنىڭغا كەچلىك تاماق ئېلىپ كەلدى. ئۇ كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، ئايالى بىلەن بىللە بولدى. كېيىن ئايالى ئۇنىڭغا بالىنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. تاڭ ئاتقاندا ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بالىنى دەپنە قىلىپ بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ گە ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى.

پەيغەمبەر ﷺ: «كېچىدە بىللە بولدۇڭلارمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەئە» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئىككىسىگە بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپ: «اللهم بارك لهما في ليلتهما» «الله ئىككىڭلارنىڭ كېچىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن!» دېدى. كېيىن ئۇممۇ سۇلەيم بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭغا «ئابدۇللاھ» دەپ ئىسىم قويدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن بۇ بالىنىڭ تۇققۇز ئوغۇل پەرزەنتى بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارى ئىدى.

بۇ ھەدىستىن ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تولىمۇ سەۋرچان ئايال

ئىككەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى يولدىشىغا ئۇقتۇرماستىن، ئۇنىڭغا كەچلىك تاماقنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتتى.

بۇ ھەدىس قوش بىسلىق گەپ قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا دەلىلدۇر. قوش بىسلىق گەپ دېگىنىمىز سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز نىيىتىنى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىشى بولۇپ، سۆزلىگۈچى بۇ سۆز ئارقىلىق ئەسلى مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىسا، ئاڭلىغۇچى بۇ سۆزدىن باشقا بىر مەنىنى چۈشىنىدۇ.

قوش بىسلىق گەپ قىلىش بىرەر مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى بىرەر زىياننى يوقىتىش ئېھتىياجى ئۈچۈنلا دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما ھاجەتسىز قوش بىسلىق گەپ قىلىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، قوش بىسلىق گەپ باشقىلارنى يامان گۇمانغا سېلىپ قويغاننىڭ ئۈستىگە، قوش بىسلىق گەپ قىلغۇچىنىڭ ئوبرازىغا سەلبىي تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما، ھاجەت مىقدارى دۇرۇستۇر.

ناۋادا بىر كىشى باشقىلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق ئېلىۋالىدىغان بىر زالىمدىن خەۋپسىرەپ، سىزگە مېلىنى ئامانەت قويۇپ: «مەن بۇ زالىمنىڭ قولۇمدىكى نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، بۇ مېلىم سەندە ئامانەت بولۇپ تۇرسۇن» دېگەن بولسا، ئاندىن ھېلىقى زالىم كىشى يېنىڭىزغا كېلىپ سىزدىن: «يېنىڭدا پالانىنىڭ مېلى بارمۇ؟» دەپ سورىسا، سىز «ما له عندي شيء» دەيسىز. ئاڭلىغان كىشى بۇنى بولۇشسىز جۈملە دەپ قاراپ «يېنىمدا ئۇنىڭ ھېچنەرسىسى يوق» دەۋاتىدۇ دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن سىز «ما» بىلەن «الذي» دېگەن مەنىنى مەقسەت قىلىسىز. يەنى، «مېنىڭ يېنىمدا ئۇ كىشىنىڭ كۆپ نەرسىسى بار» دېگەن بولىدۇ. ئاندىن بۇ سۆز بولۇشسىز ئەمەس، بولۇشلۇق جۈملە بولىدۇ. مانا بۇ يوللۇق بولغان قوش بىسلىق سۆزنىڭ قاتارىدىن بولۇپلا قالماي، بەلكى بەزى ۋاقىتلاردا ھاجەت ئۈچۈن ئېيتىلىشى زۆرۈر بولغان سۆزگە

ئايلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلاردا دۇرۇس ئەمەس.

ھەدىسكە كەلسەك، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇكىسىنى بىرقانچە تال خورما بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ بالىنى ئېلىپ خورمىلارنى چاينىدى. ئاندىن ئۇنى بالىنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ بالىنى ئېغىزلاندۇردى. يەنى، پەيغەمبەر ﷺ خورمىنى بارمىقىغا چىقىرىپ، ئۇنى بالىنىڭ تاڭلىيىغا سۈركەپ قويدى. بۇنىڭدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ شۆلگىيى بالىنىڭ قورسىقىغا كىرگەن تۇنجى نەرسە بولاتتى ۋە بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بالىغا بەرىكەت تىلەش مەقسەت قىلىناتتى. ساھابىلەر ئادەتتە يېڭى تۇغۇلغان بالىلىرىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئېغىزلاندۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلەتتى.

«بالىنى بۇنداق ئېغىزلاندۇرۇشتا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۈكۈرۈكىنىڭ خاسىيىتى مەقسەت قىلىنامدۇ ياكى بالىنىڭ ئۈچەيگە تۇنجى بولۇپ كىرگەن نەرسىنىڭ خورما بولۇشى مەقسەت قىلىنامدۇ؟» دەپ سورىلىشى مۇمكىن. بىز مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى ھەر ئىككى مۇددىئانى مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى:

ئەگەر بىز «بالىنى ئېغىزلاندۇرۇشتا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۈكۈرۈكى ئارقىلىق بەرىكەت تىلەش مەقسەت قىلىنىدۇ» دېسەك، بالىنى ئېغىزلاندۇرۇش رەسۇلۇللاھ ﷺ گە خاس بولغان خۇسۇسىيەت بولۇپ قالىدۇ-دە، ھېچبىر ئادەم كىچىك بالىنى ئېغىزلاندۇرمايدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن باشقا ھېچبىر كىشىنىڭ تۈكۈرۈكى ۋە تەرى بەرىكەت ئېلىپ كەلمەيدۇ.

ئەگەر بىز «بالىنى ئېغىزلاندۇرۇشتا خورما يېگۈزۈش مەقسەت قىلىنىدۇ» دېسەك، بالىنىڭ ئۈچەيگە كىرگەن تۇنجى نەرسە خورما بولىدۇ ۋە خورما بۇۋاقنىڭ ئۈچەيىنى تازىلاش رولىنى ئۆتەيدۇ. شۇڭا بىز ھەرقانداق بۇۋاق

ئىبغىزلاندۇرۇلىدۇ دەيمىز.

بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان مۆجىزىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن الله تائالا ئۇ بالىغا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا بەرىكەت بەردى. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭ جەمئىي توققۇز پەرزەنتى بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان ئوقۇيالايتتى.

بۇ ھەدىس «ئابدۇللاھ» دەپ ئىسىم قويۇشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى «ئابدۇللاھ» ۋە «ئابدۇراھمان» دېگەن ئىسىملار ئەڭ ئەۋزەل ئىسىملاردۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن أحب أسمائكم إلى اللَّه عبد اللَّه وعبد الرحمن» «ئىسىملارنىڭ الله قا ئەڭ سۆيۈملۈكى ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇراھماندۇر».① ئەمما، «ئىسىملارنىڭ ئەڭ ياخشىسى <ھەمدى ئېيتقۇچى ۋە قۇل> دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسىملاردۇر» دېگەن ھەدىسكە كەلسەك، بۇنىڭ ئەسلى يوق.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇنۇ ھەدىس نەقىل قىلىنغان: «وأحب الأسماء إلى اللَّه عبد اللَّه وعبد الرحمن، وأصدقها حارث وهمام» «ئىسىملارنىڭ الله قا ئەڭ سۆيۈملۈكى ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇراھماندۇر. ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە ئەڭ ئۇيغۇنى ھارىس ۋە ھەممامدۇر».② بۇ ئىسىملار رېئاللىققا ئۇيغۇن ئىسىملار ھېسابلىنىدۇ.③ چۈنكى ئادەملەر تىرىكچىلىك ئۈچۈن زىرائەت تېرىيدۇ، غەم-ئەندىشە قىلىدۇ ۋە قەلبىگە تۇرلۇك نىيەت-مەقسەتلەرنى پۈكىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الْإِنْسَانُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَى رَبِّكَ كَدْحًا فَمُلَاقِيهِ﴾ «ئى ئىنسان! سەن ھەقىقەتەن

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان. ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

③ «حارث» «تېرىقچىلىق قىلغۇچى» ۋە «همام» «مەقسەت قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىسىملار رېئاللىققا ئۇيغۇن ئىسىملار دەپ قارىلىدۇ — تەرجىماندىن.

پەرۋەردىگارىڭغا مۇلاقات بولغىنىڭغا قەدەر (ئۆز ئىشىڭدا) سەئيى ـ ئىجتىھات قىلىسەن (يەنى ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن)»[1]. ئادەملەرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئەمەل قىلىش بولۇپ، شۇڭا ئىسىملارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئەڭ ئۇيغۇنى ھارىس ۋە ھەممام دېگەن ئىسىم بولسا، الله قا ئەڭ سۆيۈملۈكى ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇراھماندۇر. شۇڭا ئىنسان پەرزەنتلىرىگە گۈزەل ئىسىملارنى تاللاپ قويۇش ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشىلىققا ئېرىشىشىگە ۋەسىلە بولۇشى كېرەك.

ئەمما، باشقىلارنى تەئەججۇپكە سالىدىغان ۋە جەمئىيەت تەرىپىدىن كەمسىتىلىشكە سەۋەب بولىدىغان ئىسىملارنى قويۇش ئارقىلىق ئوغۇل ـ قىز پەرزەنتلىرىنى غەم ـ قايغۇ ۋە روھىي پەرىشانلىققا دۇچار قىلغان ئاتا ـ ئانىلار خاتا ئىسىم تاللىغانلىقىنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئۇلار، پەرزەنتلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن كەمسىتىلىشىگە سەۋەبچى بولغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنتلەرگە ئەڭ گۈزەل ئىسىملارنى تاللاپ قويۇش كېرەك.

مۇسۇلمان كىشىنىڭ كاپىرلارغا قويۇلىدىغان جورج ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىسىملارنى قويۇشى ھارام بولۇپ، بۇ شەرىئەتتە چەكلەنگەن كاپىرلارغا ئوخشىۋېلىش ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «من تشبه بقوم فهو منهم» «كىمكى بىر قەۋمگە ئوخشىۋالسا، ئۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر».[2]

مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن كاپىرلار ھەرقانچە دوستلۇق ئىزھار قىلىپ يېقىن دوست قىياپىتىدە كۆرۈنگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى يامان كۆرۈش

[1] سۈرە ئىنشىقاق 6 ـ ئايەت.
[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

ۋە ئاداۋەت ساقلاش ھەمدە ئۇلارنىڭ الله نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ دۈشمەنلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ۋاجىب. ئۇلارنىڭ ئاغزىدا كۈلكە-چاقچاق قىلىپ قوينىدا پالتا-پىچاق يوشۇرىدىغان خاراكتېرىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار دۈشمەنلەردۇر. شۇڭا ئۇلارغا ھەمىشە قارشى يول تۇتۇشىمىز ۋاجىب بولۇپ، بىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قايسى تەبىقىدە بولۇشى ۋە ئەر ياكى ئايال بولۇشىنىڭ ھېچبىر پەرقى يوق. ھەتتا شەھىرىمىزدە خىزمەت قىلىۋاتقان كاپىر ئەر-ئايال خىزمەتچىلەرنىڭ يېنىمىزدا بولۇشىنى يامان كۆرۈشىمىز ۋاجىب. بولۇپمۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ «أخرجوا اليهود والنصارى من جزيرة العرب» «يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىرىۋېتىڭلار»[1] دېگەن ھەدىسى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «لأخرجن اليهود والنصارى من جزيرة العرب فلا أترك فيها إلا مسلمًا» «مەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى ئەلۋەتتە چىقىرىۋېتىمەن. ئۇنىڭدا پەقەت مۇسۇلمانلىلا قالدۇرۇپ قويىمەن» دېگەن[2] ھەدىسلىرى؛ شۇنداقلا پەيغەمبەر ﷺ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۇممەتكە ۋەسىيەت قىلىپ: «أخرجوا المشركين من جزيرة العرب» «مۇشرىكلارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىرىۋېتىڭلار» [3] دېگەن ھەدىسلىرى بۇ سۆزىمىزنىڭ تەستىقىدۇر.

ھازىر بەزى كىشىلەرگە خىزمەتچى لازىم بولۇپ قېلىپ، مۇسۇلمان ياكى كاپىر خىزمەتچىدىن بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلسە، ئۇلار ئىككىلەنمەي كاپىرلارنى تاللاۋاتىدۇ. دىلى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كەتكەن، كاپىرلارنىڭ قىلىقلىرى كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان قەلبى كور كىشىلەرلا مۇشۇنداق قىلىدۇ. ئۇلار ئۇيالماستىن: «كاپىرلار دېگەن مۇسۇلماندىن

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

سەمىمىيرەك بولىدۇ» دېيىشىدۇ. الله قا سېغىنىپ بۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. ئۇلار يەنە كاپىرلارنىڭ ناماز ئوقۇماي، روزا تۇتماي ۋە ئۆمرە ياكى پەرز ھەج قىلماي ۋاقىتلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئۆزىگە قىممەت يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى باھانە قىلىۋاتىدۇ.

الله تائالا: ﴿وَلَعَبْدٌ مُؤْمِنٌ خَيْرٌ مِنْ مُشْرِكٍ وَلَوْ أَعْجَبَكُمْ أُولَئِكَ يَدْعُونَ إِلَى النَّارِ وَاللَّهُ يَدْعُو إِلَى الْجَنَّةِ وَالْمَغْفِرَةِ بِإِذْنِهِ﴾ «(ھۆر) مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ مۇئمىن قۇل، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. ئەنە شۇلار (يەنى مۇشرىك ئەر ۋە ئاياللار سىلەرنى) دوزاخقا چاقىرىدۇ، الله ئۆز ئىرادىسى بويىچە (سىلەرنى) جەننەتكە، مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ»[1] دەۋاتسا، مۇسۇلمان خىزمەتچىلەرنىڭ ئورنىغا كاپىرلارنى يىراقتىن تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كىرىشىمىز ئوپئوچۇق شەيتاننى خۇشال قىلىدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلارغا ياردەم قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى، بۇ كاپىرلار تاپقان پۇللىرىنى ئۆزىنىڭ كاپىر ھۆكۈمەتلىرىگە باج قىلىپ تاپشۇرۇپ دۆلەتلىرىنىڭ كۈچلىنىشىگە ھەسسە قوشىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ ھەرقانداق نەرسىسىدىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى دوراپ قويماسلىقىمىز، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرمەسلىكىمىز، ئاۋۋال سالام قىلماسلىقىمىز، دوست تۇتماسلىقىمىز ۋە يولنى كەڭرى قىلىپ بەرمەسلىكىمىز ۋاجىبتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا تبدأوا اليهود ولا النصارى بالسلام، فإذا لقيتم أحدهم في طريق فاضطروه إلى أضيقه» «يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا ئاۋۋال سالام قىلماڭلار. ئۇلارنى يولدا ئۇچرىتىپ قالساڭلار، يولنىڭ چېتىگە قىستاڭلار».[2]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تەلىماتى بىلەن بىزنىڭ ھالىتىمىز نەقەدەر ئۇزاقتا-

[1] سۈرە بەقەرە 221- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

ھە؟! ئىچىمىزدە بۇزۇقچىلىق ۋە پىتنە-پاسات كۆپىيىپ كەتسە الله تائالانىڭ ھالاك قىلىۋېتىشىدىن نېمىشقا قورقمايمىز؟! پەيغەمبەر ﷺ بىر كېچىسى يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ھالدا ئويغىنىپ: «لا إله إلا اللَّه، ويل للعرب من شر قد اقترب فتح اليوم من ردم يأجوج ومأجوج مثل هذه، وحلق بإصبعيه الإبهام والتي تليها» «<بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر. ئەرەبلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلارغا يامانلىقلار يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، بۈگۈن يەجۈج-مەجۈجنىڭ توسۇقىدىن مۇشۇنچىلىك يەر ئېچىلىپ كەتتى> دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارمىقىنى دۈگىلەك ھالقا قىلىپ كۆرسەتكەندە، زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئارىمىزدا سالىھ كىشىلەر تۇرۇقلۇقمۇ ھالاك بولۇپ كېتەمدۇق؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ «نعم، إذا كثر الخبث» «ھەئە، بۇزۇقچىلىق كۆپىيىپ كەتسە» دەپ جاۋاب بەرگەن.[①] بۇ ھەدىستە مۇسۇلمانلارغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە بۇنىڭدىن پەخەس بولۇش كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

بىر يۇرتتا بۇزۇق ئەمەللەر ۋە رەزىل ئىنسانلار كۆپىيىپ كەتسە، شۇ يۇرتنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى تېزلەشكەن بولىدۇ. الله تائالانىڭ يۇرتىمىزنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن دۈشمەنلىرىمىزدىن ھىمايە قىلىشىنى، مۇناپىق ۋە كاپىرلارنىڭ تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ساقلاپ قېلىشىنى سورايمىز.

ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «ئى ئەبۇ تەلھە! ئېيتىپ باققىنە، ئەگەر كىشىلەر بىر ئائىلىدىن بىرەر نەرسىنى ئارىيەت ئالغان بولسا، ئاندىن شۇ ئائىلە ئارىيەت بەرگەن نەرسىسىنى تەلەپ قىلسا، ئۇنى رەت قىلسا بولامدۇ؟» دېگەن سۆزى «پەرزەنتلىرىمىز الله تائالانىڭ بىزگە بەرگەن ئامانىتى بولۇپ، ئۇنى الله تائالا قاچان خالىسا، شۇ ۋاقىتتا ئېلىپ كېتىدۇ» دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ.

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۇممۇ سۇلەيم بۇ مىسالنى ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قانائەتلەندۈرۈش ۋە ﷲ تىن ئەجىر ئۈمىد قىلىش ئۈچۈن بايان قىلغان.

بۇ بىر جۈملە سۆز ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ زېرەك، ئەقىللىق، سەۋرچان ۋە تەقۋادار ئايال ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەسلىدە ئانا بولغۇچى بالىسىغا دادىسىدىن بەكرەك كۆيۈنىدۇ. يەنە كېلىپ ئايال كىشى ئەر كىشىگە قارىغاندا ئاجىز ۋە چىدامسىزراق كېلىدۇ.

بۇ ھەدىستىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. چۈنكى ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ بالىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن توققۇز بالىلىق بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان ئوقۇيالايتتى.

بۇ ھەدىستە ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدىغان كارامەتلىك ساھابە ئىكەنلىكىگە دەلىل بار. ھەدىستە تىلغا ئېلىنغاندەك، ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھامىلدار ھالەتتە بىللە سەپەرگە چىققان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ سەپەردىن قايتقاندا، ئۇلار مەدىنىگە يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇممۇ سۇلەيمنى تولغاق تۇتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆيىگە كېچىسى ئۇشتۇمتۇت كىرىشنى ياخشى كۆرمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەببىگە دۇئا قىلىپ: «ئى ﷲ ! پەيغەمبەر ﷺ قاچان سىرتقا چىقسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىشنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ۋە پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە قايتىشنىمۇ شۇنچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئەلۋەتتە بىلىسەن. ھەقىقەتەن، سەن كۆرۈۋاتقان بۇ ئىش بىلەن يولۇمدىن توختاپ قالدىم» دېدى. ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى ئەبۇ تەلھە! مەن بۇرۇن تارتقان تولغاق ئازابىنى تارتمىدىم» دېدى. يەنى، ئۇ خۇددى تولغاق ئازابى تارتمىغاندەك تولغىقىنىڭ يەڭگىللەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئېرى ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

«مېڭىشۋەرگىن» دېدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇممۇ سۇلەيىم رەزىيەللاھۇ ئەنھا بالىنى تۇغدى. الله تائالا ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭ تولغىقىنى يەڭگىللەشتۈرۈپ بەرگەن ئىدى.

ئۇممۇ سۇلەيىم رەزىيەللاھۇ ئەنھا بوۋاقنى ئوغلى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تۇتقۇزۇپ: «بۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغىن» دېدى. ساھابىلەر ئادەتتە بىرەر بالىسى تۇغۇلسا، ئۇنى بىرقانچە تال خورما بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ خورمىلارنى ئېلىپ ئېغىزىدا چايناپ يۇمشىتىپ ئۇنىڭ بىلەن بالىنى ئېغىزلاندۇراتتى. بۇنداق قىلىشتا ئاساسلىق تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك پايدا نەزەردە تۇتۇلىدۇ:

بىرىنچىسى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۈكۈرۈكىنىڭ بەرىكىتى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۈكۈرۈكى ۋە تەرى بىلەن بەرىكەت تەلەپ قىلاتتى. ھەتتاكى كىچىك بالىلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قول يۇيۇشى ئۈچۈن ئۆيلىرىدىن سۇ تولدۇرۇلغان قاچىلارنى ئېلىپ كېلەتتى ۋە پەيغەمبەر ﷺ قولىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېتەتتى. ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاشقان سۇدىمۇ بەرىكەت بار دەپ قارىغانلىقتىن، پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاشقان تاھارەت سۈيىنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالغىلى تاس قالاتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تەرى ۋە چېچى بىلەنمۇ بەرىكەت تەلەپ قىلاتتى.

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى قاتارىدىندۇر) نىڭ يېنىدا بىر دانە كۈمۈش قاچا بار ئىدى. ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىرقانچە تال چېچى بار بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ

بىلەن كېسەللىرىگە شىپالىق تەلەپ قىلاتتى. يەنى، ئىككى ياكى ئۈچ تال چاچنى ئېلىپ، سۇغا قوشۇپ چايقايتتى. لېكىن بۇ پەيغەمبەر ﷺ گىلا خاستۇر. بۇ ھەقتە «سەھىھ بۇخارى»دا ھەدىس بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ باللارنى خورما بىلەن ئېغىزلاندۇرۇشى. خورما ياخشىلىق ۋە بەرىكەتنىڭ مەنبەسى بولۇپلا قالماي، ئاشقازانغا پايدىلىق يېمەكلىكتۇر. يېڭى تۇغۇلغان بالىنى خورما بىلەن ئېغىزلاندۇرۇشنىڭ ئۇچەيگە بولغان پايدىلىق رولى تولىمۇ زور. پەيغەمبەر ﷺ بالىنى ئېغىزلاندۇرۇپ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى. بۇ ھەدىسنىڭ بابقا مۇناسىۋەتلىك يېرى ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا «ئوغلۇڭ ئۈچۈن ساۋاب ئۈمىد قىلغىن» دېگەن سۆزىدۇر. بۇنىڭ مەنىسى، ئوغلۇڭدىن ئايرىلىپ قېلىش سەۋەبلىك ساڭا يەتكەن مۇسىبەتكە سەۋر قىلغىن ۋە الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلغىن دېگەنلىك بولىدۇ. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 45 ـ ھەدىس

وعن أبي هريرةَ - رضي اللَّه عنه - أنّ رسولَ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - قَالَ: «لَيْسَ الشَّدِيدُ بالصُّرَعَةِ، إنَّمَا الشَدِيدُ الَّذِي يَملكُ نَفْسَهُ عِنْدَ الغَضَبِ» مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «باتۇرلۇق چېلىشىش بىلەن ئەمەس، پەقەت ئاچچىقى كەلگەندە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش بىلەن بولىدۇ».[1]

## 46 ـ ھەدىس

وعن سُلَيْمَانَ بن صُرَدٍ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: كُنْتُ جالِسًا مَعَ النَّبيّ - صلى اللَّه عليه وسلم - وَرَجُلانِ يَسْتَبَّانِ، وَأَحَدُهُمَا قد احْمَرَّ وَجْهُهُ، وانْتَفَخَتْ أوْدَاجُهُ، فَقَالَ رَسُول اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «إنِّي لأَعْلَمُ كَلِمَةً لَوْ قَالَهَا لَذَهَبَ عَنْهُ مَا يَجِدُ، لَوْ قَالَ: أعُوذ باللَّه منَ الشَّيطَانِ الرَّجِيمِ، ذَهَبَ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مِنْهُ مَا يَجِدُ». فَقَالُوا لَهُ: إِنَّ النَّبِيَّ - صلى الله عليه وسلم - قَالَ: «تَعَوَّذْ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ». مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

سۇلايمان ئىبنى سۇرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ئولتۇراتتىم. شۇ ئارىدا ئىككى ئادەم تىللىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ يۈزى قىزىرىپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ كېتىپتۇ. پەيغەمبەر ﷺ: «مەن ھەقىقەتەن بىر سۆزنى بىلىمەن، ئەگەر ئۇ ئادەم شۇ سۆزنى ئېيتسا، ئۇنىڭ ئاچچىقى يانىدۇ، ئەگەر ئۇ: ‹أعوذ بالله من الشيطان الرجيم› دېسە، ئۇنىڭ ئاچچىقى يانىدۇ» دېدى. ساھابىلەر ئۇ ئادەمگە: «پەيغەمبەر ﷺ سېنىڭ: ‹أعوذ بالله من الشيطان الرجيم› دېيىشىڭنى ئېيتتى» دېدى.[1]

## شەرھىسى

مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ بايان قىلغان بۇ ئىككى ھەدىس غەزەپلىنىشتىن توسۇش ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەزەپلىنىش شەيتاننىڭ ئادەم بالىلىرىنىڭ قەلبىگە تاشلايدىغان چوغى بولۇپ، بۇ چوغ سەۋەبلىك ئىنساننىڭ غەزىپى تېشىپ، بەدىنى قىزىپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ، يۈزى قىزىرىپ كېتىدۇ ۋە بەزىدە ئەقىلگە سىغمايدىغان سۆز ياكى قىلىقلارنى قىلىپ سالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ماڭا نەسىھەت قىلغىن» دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ «لا تغضب» «غەزەپلەنمە» دېگەن. ئۇ ئادەم يەنە: «ماڭا نەسىھەت قىلغىن» دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ «لا تغضب» «غەزەپلەنمە» دېگەن. ئۇ ئادەم بىرقانچە قېتىم تەكرارلاپ: «ماڭا نەسىھەت قىلغىن» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ يەنىلا «لا تغضب» «غەزەپلەنمە» دېگەن.[2]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ﷺ باتۇرلۇقنىڭ

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم تونىلغان.
[2] بۇخارى توپلىغان.

چېلىشىش بىلەن بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: «ليس الشديد بالصرعة» «باتۇرلۇق چېلىشىش بىلەن ئەمەس» دېگەن. يەنى، چېلىشىشتا كۆپ كىشىلەرنى يەڭگەن كىشى باتۇر ئەمەس. لېكىن كۆپىنچە كىشىلەر چېلىشىشتا ھەممە ئادەمنى يېڭەلىگەن كىشىنى باتۇر دەپ قارايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ھەقىقىي باتۇرلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا تەبىر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «إنما الشديد الذي يملك نفسه عند الغضب» «باتۇرلۇق دېگەن غەزەپلەنگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان كىشىدۇر». يەنى، ھەقىقىي كۈچلۈك ئادەم دېگەن ئاچچىقىنى بېسىپ، ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان كىشىدۇر. ھەقىقىي قۇۋۋەت بىلەكنىڭ قۇۋۋىتى ئەمەس، بەلكى ئۆز نەپسىگە غالىب كېلەلەيدىغان مەنىۋىي قۇۋۋەتتۇر. ئىنسان مانا بۇ مەنىۋىي قۇۋۋەت ئارقىلىقلا شەيتان تاشلىغان غەزەپ چوغىنى پەسەيتەلەيدۇ ۋە شەيتاننىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ.

بۇ ھەدىس بىزگە غەزىپىگە بېرىلمەسلىك ۋە ئۆزىنى بېسىۋېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئورۇنسىز غەزەپلىنىش كىشىنى مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا سېلىپ قويىدۇ. مەسىلەن: بەزى كىشىلەر ئاچچىقىدا ئايالىنى ياراشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىپ سالىدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئاچچىقىدا مال-مۈلۈكلىرىنى ئۇرۇپ-چېقىپ، ئۆزىگە بەزىبىر ئىقتىسادىي زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بالىلارنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ قويۇشمۇ زىيادە غەزەپلىنىش تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ قازىنىڭ غەزەپلەنگەن ھالىتىدە ئىككى ئادەم ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشىنى توسقان بولۇپ، بۇ ھەقتە «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم» دا سەھىھ ھەدىسلەر نەقىل قىلىنغان. چۈنكى، غەزەپلەنگەن كىشى مەسىلىلەرگە ئىنچىكە قاراشتىن ۋە ئەمەلىي ھالەتلەرگە شەرئىي ھۆكۈملەرنى تەتبىقلاشتىن ئاجىز كېلىدۇ-دە، كىشىلەر ئارىسىدا ناھەق ھۆكۈم چىقىرىپ قويىدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك، مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدا

تىللىشىپ قالغان ئىككى ئادەم ھەققىدىكى سۇلايمان ئىبنى سۇرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىنى بايان قىلغان. ئىككىيلەن گەپ تالىشىپ قېلىپ، بىرىنىڭ غەزەپلەنگىنىدىن بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ «إني لأعلم كلمة لو قالها لذهب عنه ما يجد، لو قال: أعوذ بالله من الشيطان الرجيم» «مەن ھەقىقەتەن بىر سۆزنى بىلىمەن، ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ سۆزنى ئېيتسا، ئۇنىڭ ئاچچىقى يانىدۇ، ئەگەر ئۇ: <أعوذ بالله من الشيطان الرجيم> دېسە، ئۇنىڭ ئاچچىقى يانىدۇ» دېدى. چۈنكى، ئۇنى غەزەپكە كۈشكۈرتكەن نەرسە شەيتاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم غەزەپلەنگەندە، ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ: «أعوذ بالله من الشيطان الرجيم» دەپ، الله قا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلىشى، تاھارەت ئېلىشى (چۈنكى تاھارەت غەزەپنى ئۆچۈرىدۇ)، ئۆرە تۇرغان بولسا ئولتۇرۇۋېلىشى، ئولتۇرغان بولسا يېنىچە يېتىۋېلىشى، ئەگەر يەنىلا قايتا غەزىپى تېشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسە، شۇ ئورۇندىن چىقىپ كېتىشى لازىم. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 47 ـ ھەدىس

وعن معاذِ بنِ أَنسٍ - رضي اللَّه عنه: أَنَّ النَّبيَّ - صلى اللَّه عليه وسلم - قَالَ: «مَنْ كَظَمَ غَيظًا، وَهُوَ قَادِرٌ عَلَى أَنْ يُنْفِذَهُ، دَعَاهُ اللَّهُ سُبحَانَهُ وَتَعَالى عَلَى رُؤُوسِ الخَلائِقِ يَومَ القِيامَةِ حَتَّى يُخَيِّرُهُ مِنَ الحُورِ العِينِ مَا شَاءَ». رواه أَبو داود والترمذي وَقالَ: «حديث حسن».

مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆچىنى ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ئاچچىقىنى يۇتسا، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەمنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چاقىرىپ، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەردىن خالىغاننى تاللىۋېلىش ھەققىنى بېرىدۇ».[①]

## 48 ـ ھەدىس

[①] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

وعن أبي هريرةَ - رضي اللَّه عنه: أنَّ رَجُلًا قَالَ للنبي - صلى اللَّه عليه وسلم: أوصِني. قَالَ: «لا تَغْضَبْ» فَرَدَّدَ مِرارًا، قَالَ: «لاَ تَغْضَبْ». رواه البخاري.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ گە: «ماڭا نەسىھەت قىلغىن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئاچچىقلانمىغىن!» دېدى. ئۇ ئادەم بۇ سۆزنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىدى. پەيغەمبەر ﷺ ھەر قېتىمدا: «ئاچچىقلانمىغىن» دېدى.[1]

## 49 ـ ھەدىس

وعن أبي هريرة - رضي اللَّه عنه - قَالَ: قَالَ رَسُول اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «مَا يَزَالُ البَلاَءُ بِالمُؤمِنِ وَالمُؤْمِنَةِ فِي نَفسِهِ ووَلَدِهِ وَمَالِهِ حَتَّى يَلْقَى اللَّه تَعَالَى وَمَا عَلَيهِ خَطِيئَةٌ». رواه الترمذي وَقالَ: «حديث حسن صحيح».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئايالنىڭ ئۆزىگە، بالا ـ ۋاقىسىغا، پۇل ـ مېلىغا داۋاملىق مۇسىبەت يېتىپ تۇرىدۇ. ئاخىرىدا، ئۇلار اللە تائالا بىلەن ھېچقانداق گۇناھى يوق ھالەتتە ئۇچرىشىدۇ».[2]

## شەرھىسى

بۇ ھەدىسلەر سەۋرنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەدىسلەر ھېسابلىنىدۇ. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ: «من كظم غيظا، وهو قادر على أن ينفذه، دعاه اللَّه سبحانه وتعالى على رؤوس الخلائق يوم القيامة حتَّى يخيِّره من الحور العين ما شاء» «كىمكى ئۆچىنى ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ئاچچىقىنى يۇتسا، اللە تائالا قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەمنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چاقىرىپ، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەردىن خالىغىنىنى

---

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] تىرمىزى توپلىغان.

تاللىۋېلىش ھەققىنى بېرىدۇ» دېگەن.

«الغيظ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «قاتتىق ئاچچىق» دېگەنلىك بولىدۇ. «غەزەپلىنىش» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇكى، ئۆچ ئېلىشقا قۇدرىتى يەتكەن كىشى غەزەپلىنىدۇ. چۈنكى، ئۆچ ئېلىشقا قادىر بولالمىغان كىشى غەزەپلەنمەيدۇ بەلكى غەمكىن بولىدۇ. قايغۇ-ھەسرەت كەمتۈكلۈك ۋە نۇقسانىنىڭ ئالامىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالاغا قايغۇ ۋە ھەسرەت سۈپىتى نىسبەت بېرىلمەيدۇ. ئەكسىچە غەزەپلىنىش سۈپىتى نىسبەت بېرىلىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇپ، الله رازىلىقى ئۈچۈن ئاچچىقىنى يۇتسا، ئۇ كىشى قىيامەتتە كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ ۋە قىيامەت كۈنى خالايىقلار ئالدىدا چاقىرتىلىپ، خالىغان ھۆرلەرنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى ھەدىستە بىر ئادەم: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا نەسىھەت قىلغىن» دېگەندە پەيغەمبەر ﷺ: «لا تغضب» «غەزەپلەنمە» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم سوئالنى يەنە بىرقانچە قېتىم تەكرارلىغاندا پەيغەمبەر ﷺ ئوخشاشلا: «لا تغضب» «غەزەپلەنمە» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ھەدىس ھەققىدىكى ئىزاھاتلار ئىلگىرىكى مەزمۇنلاردا بايان قىلىنىپ ئۆتتۇلدى.

ئۈچىنچى ھەدىسكە كەلسەك، بۇ ھەدىستىمۇ الله تىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلغان كىشىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى الله تائالانىڭ ئۆچۈرۈپ تاشلايدىغانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. الله تائالا ئىنساننى دائىم سىناپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئىنسان بەدىنىدە، پەرزەنتلىرىدە ياكى مال-مۈلۈكلىرىدە ئۇچرىغان مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلسا، ئۇنىڭغا يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت خاتالىقلىرىغا كەففارەت بولىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ كىشى ھېچبىر گۇناھى قالمىغان ھالەتكە كېلىدۇ. ئەمما، بۇ يەنىلا شۇ كىشىنىڭ قانچىلىك سەۋر قىلىشىغا باغلىق بولۇپ، ئەگەر سەۋرسىزلىك قىلىپ الله تائالانىڭ

ئورۇنلاشتۇرۇشىغا غەزەپلەنسە، الله ئۇ كىشىنى غەزىپىگە دۇچار قىلىدۇ. الله توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 50 ـ ھەدىس

وعن ابْنِ عباسٍ رضي اللَّه عنهما، قَالَ: قَدِمَ عُيَيْنَةُ بْنُ حِصْنٍ، فَنَزَلَ عَلَى ابْنِ أَخِيهِ الحُرِّ بنِ قَيسٍ، وَكَانَ مِنَ النَّفَرِ الَّذِينَ يُدْنِيهِمْ عُمرُ - رضي اللَّه عنه - وَكَانَ القُرَّاءُ أَصْحَابَ مَجْلِس عُمَرَ - رضي اللَّه عنه - وَمُشاوَرَتِهِ كُهُولًا كانُوا أَوْ شُبَّانًا، فَقَالَ عُيَيْنَةُ لابْنِ أَخيهِ: يَا ابْنَ أَخِي، لَكَ وَجْهٌ عِنْدَ هَذَا الأَمِيرِ فَاسْتَأْذِنْ لِي عَلَيهِ، فاسْتَأْذَن فَأَذِنَ لَهُ عُمَرُ. فَلَمَّا دَخَلَ قَالَ: هِي يَا ابنَ الخَطَّابِ، فَواللَّه مَا تُعْطِينَا الْجَزْلَ وَلا تَحْكُمُ فِينَا بالعَدْلِ. فَغَضِبَ عُمَرُ - رضي اللَّه عنه - حَتَّى هَمَّ أَنْ يُوقعَ بِهِ. فَقَالَ لَهُ الحُرُّ: يَا أَميرَ المُؤْمنينَ، إنَّ اللَّه تَعَالَى قَالَ لِنَبيِّه - صلى اللَّه عليه وسلم: **{خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ}** [الأعراف: 198] وَإِنَّ هَذَا مِنَ الجَاهِلِينَ، واللَّه مَا جَاوَزَهاَ عُمَرُ حِينَ تلاَهَا، وكَانَ وَقَّافًا عِنْدَ كِتَابِ اللَّه تَعَالَى. رواه البخاري.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ھۇر ئىبنى قەيسنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشتى. ھۇر ئىبنى قەيس ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىدى. قارىلار مەيلى قېرى ياكى ياش بولسۇن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەمسۆھبەت كىشىلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى ئىدى. ئۇ قېرىندىشىنىڭ ئوغلىغا: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سېنىڭ بۇ خەلىپە ئالدىدا خېلى ئىناۋىتىڭ بار، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىجازەت ئېلىپ بەرگەن بولساڭ» دېدى. ھۇر ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇيەينەگە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. خەلىپە ئۆمەر ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. ئۇيەينە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرىپ: «ھوي خەتتابنىڭ ئوغلى! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن بىزگە كۆپ نەرسە بەرمىدىڭ، ئارىمىزدا ئادىللىق قىلمىدىڭ» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى، ھەتتا ئۇنى ئۇرۇشنى ئويلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھۇر ئىبنى

قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! الله تائالا قۇرئان كەرىمدە: <ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)>① دېگەن. ھەقىقەتەن ئۇيەينە نادانلاردىندۇر دېدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئايەت ئوقۇلۇۋاتقان چاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈكۈتتە تۇردى. چۈنكى، ئۇ الله نىڭ كىتابى ئوقۇلغان چاغدا ھەرقانداق ئىشتىن توختايتتى».②

## شەرھىسى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان بۇ ھەدىس ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان ھەدىستۇر. مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىنكى ئىككىنچى خەلىپە بولۇپ، ئۇ پۇقرالار ئارىسىدا ئادالەتپەرۋەرلىكى ۋە ھەقكە بويۇن ئېگىشتىكى كەمتەرلىكى بىلەن مەشھۇر. ھەرقانداق بىر كىشى ئۇنىڭغا الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئەسلەتسە، ئۇ شۇ ھامان ئۇنى قوبۇل قىلاتتى. ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى قەۋمىنىڭ چوڭلىرىدىن بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا: «ھوي خەتتابنىڭ ئوغلى!» دېدى. مانا بۇ تاپا ـ تەنە قىلىشنى ئۇقتۇرىدىغان سۆزدۇر.

بۇ ئادەمنىڭ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك ئادالىتى بىلەن ھەممىگە مەشھۇر بولغان خەلىپىگە بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىدى. بىراق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقاندەك، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سورۇنداشلىرى ئاساسلىق قارىلارنى تەشكىل قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ

① سۈرە ئەئراف 199 ـ ئايەت.
② بۇخارى توپلىغان.

ساھابىلىرىدىن بولغان قارىلار مەيلى ئۇلار ياشتا چوڭ ياكى ئوتتۇرا ياش ۋە ياكى ياش يىگىتلەر بولسۇن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سورۇنداشلىرى ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەرقانداق ئىشتا ئۇلارغا مەسلىھەت سالاتتى ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىن تۇتاتتى. مانا شۇنىڭدەك، ھەربىر ئەمىر-مەسئۇلنىڭ سورۇنداشلىرى چوقۇم سالىھ كىشىلەر بولۇشى كېرەك. پاسىق ۋە نادان كىشىلەرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان ئەمىر-مەسئۇل ئۆزىنى ۋە قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىمۇ ھالاك قىلىدۇ.

ئۆزىگە سالىھ كىشىلەرنى ئۇلپەتداش قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۇممەتكە يېتىدىغان پايدىسى تولىمۇ كۆپ بولىدۇ. شۇڭا مەسئۇلىيەت ئىگىلىرى پەزىلەتلىك ئالىملارنى ۋە پىكرى ئۆتكۈر كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇشى كېرەك. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەتراپىدىكى قارىيلار پەقەت قۇرئاننىڭ نوقۇل لەۋزىنى يادلاپ قويغان كىشىلەر ئەمەس، بەلكى ھەربىر ئايەتنى ئۆگەنسە، مەنىسىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ «سەن بىزگە كۆپ نەرسە بەرمىدىڭ، ئارىمىزدا ئادىل ھۆكۈم قىلمىدىڭ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، غەزەپتىن ئۇنى ئۇرۇشقا ياكى جازالاشقا تاسلا قالغانىدى.

لېكىن ھۇر ئىبنى قەيس ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ھەقىقەتەن الله تائالا: ﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ﴾ <ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)>[1] دېگەن. بۇ كىشى ئاشۇنداق نادانلارنىڭ قاتارىدىندۇر» دېدى.

[1] سۈرە ئەئراف 199- ئايەت.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر ئىبنى قەيسنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سېلىپ، ئۇنى ئەدەپلەش نىيىتىدىن ياندى. چۈنكى، ئۇ الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلىسىلا توختايتتى. ساھابىلەر ئادەتتە الله تائالانىڭ چەكلىگەن نەرسىلىرىدىن دەرھال ياناتتى، بۇيرۇقلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنلايتتى.

الله تائالانىڭ ﴿خُذِ الْعَفْوَ﴾ «ئەپۇنى دوست تۇتقىن» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلغان مەنە «كىشىلەردىن قولاي ۋە ئاسان بولغىنىنى قوبۇل قىلغىن. ھەققىڭنىڭ ھەممىسىنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالما، چۈنكى ئۇنداق قىلىش باشقىلارغا مۇشەققەت تۇغدۇرۇپ قويىدۇ» دېگەنلىكتۇر. ئايەتتىكى ﴿وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ﴾ «ياخشىلىققا بۇيرۇغىن» دېگەن سۆزگە كەلسەك، شەرىئەتتە ۋە كىشىلەرنىڭ ئادىتىدە «ياخشىلىق» دەپ تونۇلغان ئىشلارغا بۇيرۇغىن، گۇناھ ۋە يامانلىقلارغا بۇيرۇمىغىن دېگەنلىكتۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى شەرىئەتتە مۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىپ قارىلىدۇ:

بىرىنچى، توسۇش ۋاجىب بولغان مۇنكەر؛ ئىككىنچى، بۇيرۇلغان ياخشىلىق؛ ئۈچىنچى، ھەر ئىككىلىسىگە تەۋە بولمىغان مۇباھ ئىشلار.

لېكىن دىنىنىڭ نەسىھەتنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئىنسان پەقەت ياخشى سۆزلەرنىلا قىلىشى كېرەك.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من كان يؤمن بالله واليوم الآخر فليقل خيرا أو ليصمت» «كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈتتە تۇرسۇن».[1] ئەمما، الله تائالانىڭ: ﴿وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ﴾ «نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇنىڭ مەنىسى «كىمكى ساڭا ئەدەپسىزلىك قىلسا ياكى ھەق ـ ھوقۇقلىرىڭغا دەخلى ـ تەرۇز قىلسا، ئۇنىڭدىن

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يىراقلاشقىن. شەرت شۇكى، سىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولماسلىقىڭ ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنىڭ ئاجىز ۋە بوزەك كىشىدەك تۇيغۇ بېرىپ قويماسلىقىڭدۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ كىشىنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى ئۆتۈۋېتىشىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ناھەق بوزەك بولۇشتەك ھالىتى ئەكس ئەتمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇپمۇ، نادانلار بىلەن تەڭ بولماسلىقتەك ئېسىل خاراكتېرى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. «الجهل» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار: بىرى، بىرنەرسىنى بىلمەسلىك؛ يەنە بىرى، نادانلىق ۋە ئۆكتەملىكتۇر. جاھىلىيەت شائىرىنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ شۇنىڭ قاتارىدىن:

بىراۋ بىزگە قىلسا يامانلىق،

ھېچ ئويلىماي ئاقىۋىتىنى.

ئۆلگۈرەلمەس پۇشايمانىغا،

ئۇچراتقاندا ھالاكىتىنى.

ناھايىتى روشەنكى، بۇ شېئىردا جاھىلىيەت ئەخلاقىنىڭ يۇقۇندىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئىسلام دىنىدىكى ئەخلاق تەشەببۇسى تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَسْتَوِي الْحَسَنَةُ وَلَا السَّيِّئَةُ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ﴾ «ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ»[1].

ئەگەر سىز بىلەن بىر كىشى ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بولسا سىز ئۇنىڭغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭ. چۈنكى، يامانلىق قىلغان كىشىگە

[1] سۈرە فۇسسىلەت 34ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياخشىلىق قىلىش ئاخىرەتلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ساۋابى كاتتا ئىش بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسى مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلىنغاندەكتۇر: ﴿فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ﴾ «(شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ». ئايەتتىكى ﴿وَلِيٌّ حَمِيمٌ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بىر-بىرى بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن ئۆتىدىغان يېقىن دوستلارنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا قەلبلەرنى ئۆزگەرتكۈچى زات بولۇپ، قەلبلەرنىڭ تىزگىنى الله نىڭ قولىدىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن قلوب بني آدم كلها بين إصبعين من أصابع الرحمن، كقلب واحد، يصرفه حيث يشاء» «ھەقىقەتەن ئادەم بالىلىرىنىڭ قەلبى رەھمان تائالانىڭ ئىككى بارمىقى ئارىسىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قەلبكە ئوخشايدۇ. الله ئۇنى خالىغانچە ئۆرۈيدۇ».[①] سىزگە ئاداۋىتى بار كىشىگە ياخشى خىسلەت بىلەن مۇئامىلە قىلسىڭىز ئۇ سىزنىڭ دوستىڭىزغا ئايلىنىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ﴾ «ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ».

خۇلاسە شۇكى، مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ﴾ «ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)»[②] دېگەن ئايەت بىلەن نەسىھەت قىلىنغاندا، نەسىھەتنى قوبۇل قىلىپ ھېلىقى ئادەمنى ئەپۇ قىلىۋەتكەن.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەنىسى شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، ئاچچىقلىنىش يۈز بەرگەندە ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرىپ ئېزىپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن، الله نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىنىڭ

---

[①] مۇسلىم توپلىغان.

[②] سۈرە ئەئراف 199 ـ ئايەت.

كۆرسەتمىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَنِ اتَّبَعَ هُدَايَ فَلَا يَضِلُّ وَلَا يَشْقَى﴾ «كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقىي بولمايدۇ»[1]. ﷲ تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 51 ـ ھەدىس

وعن ابن مسعود - رضي اللَّه عنه: أن رَسُول اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - قَالَ: «إنَّهَا سَتَكونُ بَعْدِي أثَرَةٌ وأُمُورٌ تُنْكِرُونَها!» قَالُوا: يَا رَسُول اللَّه، فَمَّا تَأْمُرُنا؟ قَالَ: «تُؤَدُّونَ الْحَقَّ الَّذِي عَلَيْكُمْ، وَتَسألُونَ اللَّه الَّذِي لَكُمْ». مُتَّفَقٌ عَلَيهِ

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «مەندىن كېيىن شەخسىيەتچىلىك ۋە سىلەر يامان كۆرىدىغان بىرمۇنچە يامان ئىشلار مەيدانغا كېلىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى، ئۇ چاغدا بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «سىلەر ئۇستۇڭلاردىكى ھەقنى ئادا قىلىڭلار، سىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلار ئۈچۈن ﷲ تىن ياردەم سوراڭلار» دېدى.[2]

## 52 ـ ھەدىس

وعن أبي يحيى أُسَيْد بن حُضَير - رضي اللَّه عنه: أنَّ رَجُلًا مِنَ الأنْصارِ، قَالَ: يَا رسولَ اللَّه، ألاَ تَسْتَعْمِلُني كَمَا اسْتَعْمَلْتَ فُلانًا، فَقَالَ: «إنكُمْ سَتَلْقَونَ بَعْدِي أَثَرَةً فَاصْبِرُوا حَتَّى تَلْقَوني عَلَى الحَوْضِ». مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

ئەبۇ يەھيا ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر كىشى: «ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! پالانى، پالانىلارغا ئەمەل بەرگىنىڭگە ئوخشاش ماڭىمۇ ئەمەل بەرمەمسەن؟» دېدى.

[1] سۈرە تاھا 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ: «سىلەر ھەقىقەتەن مەندىن كېيىن شەخسىيەتچىلىكلەرگە ئۇچرايسىلەر، بۇ ئىشتا تاكى ھەۋزى كەۋسەرنىڭ بويىدا ماڭا ئۇچراشقۇچە سەۋر قىلىڭلار» دېدى.[①]

## شەرھىسى

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن نەقىل قىلىنغان بۇ ئىككى ھەدىسمۇ سەۋر ھەققىدىكى مۇھىم ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «إنها ستكون بعدي أثرة» «مەندىن كېيىن شەخسىيەتچىلىك مەيدانغا كېلىدۇ» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. «الأثرة» دېگەن سۆزدىن «ئۆزى ھەقلىق بولمىغان نەرسىلەرنى ئىگەللىۋېلىش» دېگەن مەنە چىقىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇ سۆزدە مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق ئىگىلىۋېلىپ ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن خىراجەت قىلىدىغان ۋە شۇ مالغا ئەڭ ھەقلىق كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىپ قويىدىغان ئەمىر- مەسئۇللارنى كۆزدە تۇتقان.

ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىنى مونوپول قىلىۋېلىشى ۋە ئۇنى شەخسىي غەرىزى ئۈچۈن ئۆزى خالىغانچە خىراجەت قىلىشى شەخسىيەتچىلىك ۋە زۇلۇمنىڭ ئىپادىسىدۇر. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ «تؤدون الحق الذي عليكم» «سىلەر ئۈستۈڭلاردىكى ھەقنى ئادا قىلىڭلار» دېگەن. يەنى، ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىك قىلىشى سىلەرنى ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشتىن ۋە ئۈستۈڭلاردىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشتىن توسۇپ قويمىسۇن، شۇنداقلا بۇنى دەستەك قىلىپ ئۇلار ئۈستىدىن قوزغىلاڭ قىلىش ۋە ئارقىسىدىن سۆز- چۆچەك

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تارقىتىشىڭلارغا ۋاستە بولۇپ قالمىسۇن. ئەكسىچە، سەۋر قىلىڭلار، سۆزىنى ئاڭلاڭلار، ئىتائەت قىلىڭلار ۋە ئۇلاردىن ھوقۇق تالاشماڭلار. «وتسألون اللّٰه الذي لكم» «سىلەرگە تېگىشلىك ھەقلەر ئۈچۈن اللّٰه تىن ياردەم سوراڭلار». يەنى، ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ھەقلىرىڭلارنى ئادا قىلىدىغان بولۇشى ئۈچۈن، اللّٰه تىن ئۇلارنى ھىدايەت قىلىشىنى سوراڭلار.

پەيغەمبەر ﷺ بۇ سۆزلەرنى تولىمۇ ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئېيتقان بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاچكۆزلۈكى سەۋەبىدىن ئەمىر-مەسئۇللاردا كۆرۈلىدىغان شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىككە ئۈممەتنىڭ سەۋر قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشىلەرنى ئىتائەتتىن چىقىشقا ۋە ئەمىرلىكنى تالىشىشقا ئۈندىمەستىن، ئەكسىچە ئۈممەتنى ئۆزى ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا ۋە ئەمىر-مەسئۇللارنىڭ ئىنساپ-ھىدايىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغان. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ ھەقلىرىمىزنى بېرىشى ئۈچۈن اللّٰه تائالاغا ئۇلارنى ھىدايەت قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلساق بۇنىڭدا ئىككى تەرەپتىن ياخشىلىققا ئېرىشەلەيمىز.

بۇ ھەدىس رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ئەمەلىي يۈز بېرىدىغان ئىشنى خەۋەر قىلغان ئىدى. بىلگىنىمىزدەك، توغرا يول ئۈستىدىكى خەلىپىلەر دەۋرىدىن كېيىن ئۈممەتنىڭ بېشىغا بىر تۈركۈم چىرىكلەشكەن شەخسىيەتچى ئەمىر-مەسئۇللار چىقىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ئۈممەتنىڭ بايلىقىنى خۇددى ئۆزىنىڭ شەخسىي مۈلۈكىدەك يەپ-ئىچىۋاتىدۇ ۋە شەخسىي ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئىتائەتتىن قول ئۈزۈشىمىزگە ياكى ئۇلار بىلەن جېدەل-ماجىرا قىلىشىمىزغا سەۋەب بولالمايدۇ. ئەكسىچە، پەيغەمبەر ﷺ بۇيرۇغان نەرسە پەقەت ئۈستىمىزدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ۋە اللّٰه تائالادىن بىزگە ياردەم بېرىشىنى سوراپ دۇئا

قىلىشتۇر.

بۇ ھەدىستىن پۇقرالارنىڭ نارازىلىقىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئىش ـ ئىگىلىرىنىڭ پۇقرالارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا خالىغانچە تاجاۋۇز قىلىشى پۇقرالارنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئىسيان قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەرنى سەۋر قىلىشقا، زىممىسىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا ۋە ھەققىنى پەقەت الله تىن سوراشقا بۇيرۇغان.

ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەيرنىڭ ھەدىسىنىڭ مەزمۇنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىگە ئوخشاش بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەدىستە: «إنكم ستلقون بعدي أثرة» «سىلەر ھەقىقەتەن مەندىن كېيىن شەخسىيەتچىلىككە ئۇچرايسىلەر» دېگەن ۋە بۇنداق ئىشلارغا ئۇچرىغاندا «فاصبروا حتى تلقوني على الحوض» «تاكى ھەۋزى كۆلۈمنىڭ بويىدا ماڭا ئۇچراشقۇچە سەۋر قىلىڭلار» دېگەن. يەنى، ھەۋزى كۆلۈمنىڭ بويىدا ماڭا ئۇچراشقۇچە سەۋر قىلىڭلار، ئەمىرلىكنى تالاشماڭلار.

بۇ ھەدىستىن شۇ مەنە چىقىدۇكى، سەۋر قىلغۇچىلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەۋزى كۆلىدىن سۇ ئىچىش شەرىپىگە ئېرىشىدۇ (ئى الله ، ھەممىمىزنى ھەۋزى كۆلىدىن سۇ ئىچىدىغان كىشىلەردىن قىلغىن!). قىيامەت كۈنىدىكى دەھشەتلەر سەۋەبىدىن ئادەملەرنى تۈرلۈك غەم ـ قايغۇ ۋە مۇشەققەتلەر ئورىۋالىدۇ. كىشىلەر بۇ ۋاقىتتا ناھايىتى كۆپ تەرلىگەنلىكتىن، سۇسىزلىنىپ چاڭقاشقا باشلايدۇ ۋە سۇغا زار بولىدۇ. مۆئمىنلەر بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەۋزى كۆلىگە سۇ ئىچكىلى كېلىدۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ كۆل بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر ئايلىق، كەڭلىكى بىر ئايلىق مۇساپىدۇر. ھەۋزى كۆلىگە جەننەتتىكى كەۋسەر[1] ناملىق ئۆستەڭدىن ئىككى ئېرىق ئارقىلىق رەڭگى

[1] ئالىملار: «<ھەۋزى كەۋسەر> توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بىر قىسىم

سۈتتىن ئاق، تەمى ھەسەلدىن شېرىن ۋە پۇرىقى ئەنبەردىن خۇشپۇراق سۈپسۈزۈك سۇلار قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇ كۆلنىڭ قاچىلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ سانىدەك كۆپ بولۇپ ئۇنىڭدىن بىر يۇتۇم ئىچكەن كىشى، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ. (ئى الله ! بىزلەرنى ھەۋزى كۆلىدىن سۇ ئىچىدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغىن!).

دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ ئىش ئىگىلىرىدە شەخسىيەتچىلىك ۋە زۇلۇم كۆرۈلگەندە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە سەۋر قىلغۇچىلارغا مۇكاپات سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ھەۋزى كۆلىدىن سۇ ئىچىشنى ۋەدە قىلغان.

بۇ ئىككى ھەدىس پۇقرالارنىڭ ھەقلىرىنى تارتىۋالىدىغان زالىم مۇسۇلمان ئەمىرلەرگە قارشى چىقماسلىققا ۋە زۇلۇملارغا سەۋر قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. لېكىن شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، كىشىلەرگە ئۆزلىرىگە ئوخشاش كىشىلەر مەسئۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئادەملەر بىلەن الله نىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ناچارلىشىپ كەتسە، الله ئۇلارغا زالىم ئەمىرلەرنى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَذَلِكَ نُوَلِّي بَعْضَ الظَّالِمِينَ بَعْضًا بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾ «شۇنىڭغا (يەنى ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى ئۆزئارا پايدىلاندۇرغىنىمىزغا) ئوخشاش، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن زالىملارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە مۇسەللەت قىلىمىز».①

دېمەك، پۇقرالار ئىسلاھ بولسا، الله تائالا ئۇلارغا سالىھ ئىش ئىگىلىرىنى چىقىرىپ بېرىدۇ. مەسئۇللارنىڭ ھالىتى پۇقرالارغا باغلىق بولىدۇ. ئەگەر پۇقرالار ناچار بولسا شۇنىڭغا ماس ھالدا ناچار كىشىلەر مەسئۇل بولىدۇ. نەقىل قىلىنىشىچە، خاۋارىجلاردىن بىر ئادەم ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ

---

ئالىملار <ھەۋزى كەۋسەر> بىر كۆلنىڭ ئىسمى دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار <ھەۋزى> قىيامەت مەيدانىدىكى بىر كۆل، ئەمما <كەۋسەر> بولسا جەننەتتىكى بىر ئۆستەڭنىڭ ئىسمى دەپ قارايدۇ. شەيخ ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ بۇ ئورۇندا كېيىنكى ئالىملارنىڭ قارىشىنى تاللىغان» ــ تەرجىماندىن.

① سۈرە ئەنئام 129ـ ئايەت.

ئەنھۇغا: «ئى ئەلى! ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ دەۋرىدە بۇنچە كۆپ پىتنە ۋە قالايمىقانچىلىقلار يۈز بەرمىگەنىدى، ھالبۇكى سەن خەلىپە بولغاندىن بۇيان پىتنىلەر ئۇزۇلمەيۋاتىدۇ» دېگەندە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ ئەتراپىدا مەن ۋە ماڭا ئوخشاش كىشىلەر بار ئىدى. ئەمما، مېنىڭ ئەتراپىمدىكى كىشىلەر سەن ۋە ساڭا ئوخشاش كىشىلەردۇر» دېگەن. يەنى، مەن ساڭا ئوخشاش يامان نىيەتلىك كىشىلەرگە مەسئۇل بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بۆلۈنۈش ۋە توپىلاڭ كۆپىيىپ كەتتى. ھەتتاكى كىشىلەر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى تىغ كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش دەرىجىسىگە بارغان.

بايان قىلىنىشىچە، ئۇمەۋىيلەر پادىشاھلىرىنىڭ بىرى (مەن ئۇنى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانمىكىن دەپ قارايمەن) ئۆزى ھەققىدە تارقىلىۋاتقان سۆز- چۆچەكلەردىن خەۋەر تېپىپ، كىشىلەر ئىچىدىكى شەرەپلىك ۋە ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى توپلاپ: «ئى خالايىق! سىلەر بىزنىڭ ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا ئوخشاش بولۇشىمىزنى خالامسىلەر؟» دەپ سورىغاندا. ئۇلار: «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىشكەن، ئۇ: «ئەگەر سىلەر بۇنى خالىساڭلار، سىلەرمۇ خۇددى ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش بولۇڭلار» دېگەن.

دېمەك، الله تائالا كىشىلەرگە ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ئەمىرلەرنى مەسئۇل قىلىدۇ. ئەگەر خەلق ناچارلىشىپ كەتسە، الله تائالا ئۇلارغا ناچار ئەمىرلەرنى مەسئۇل قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر خەلقنىڭ ھالىتى ياخشىلانسا، الله تائالا ئۇلارغا ياخشى ئەمىرلەرنى باش قىلىپ قويىدۇ. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئىش ئىگىلىرىگە سالىھ ۋە تەقۋادار كىشىلەر تەيىنلىنىشى زۆرۈر. پۇقرالارنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئىش ئىگىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە باغلىقتۇر. چۈنكى ئىش ئىگىلىرىدە كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىش ۋە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش كۈچ

قۇۋۋىتى بار. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 53 ـ ھەدىس

وعن أبي إبراهيم عبدِ اللَّه بن أبي أوفى رضي اللَّه عنهما: أنَّ رَسُول اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم - في بعْضِ أيامِهِ التي لَقِيَ فِيهَا العَدُوَّ، انْتَظَرَ حَتَّى إِذَا مالَتِ الشَّمْسُ قَامَ فيهِمْ، فَقَالَ: «يَا أَيُّهَا النَّاسُ، لا تَتَمَنَّوا لِقَاءَ العَدُوِّ، وَاسْأَلُوا اللَّه العَافِيَةَ، فَإِذَا لقيتُمُوهُمْ فَاصْبِرُوا، وَاعْلَمُوا أنّ الجَنَّةَ تَحْتَ ظِلالِ السُّيوفِ». ثُمَّ قَالَ النَّبيُّ - صلى اللَّه عليه وسلم: «اللَّهُمَّ مُنْزِلَ الكِتَابِ، وَمُجْرِيَ السَّحَابِ، وَهَازِمَ الأَحْزَابِ، اهْزِمْهُمْ وَانصُرْنَا عَلَيْهِمْ». متفق عليه.

ئەبۇ ئىبراھىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۈشمەننى تاكى كۈن قايرىلغۇچە ساقلىدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى خالايىق! دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار! الله تىن ئامانلىق تىلەڭلار! ئەگەر دۈشمەنلەرگە ئۇچرىشىپ قالساڭلار، چىداملىق بولۇڭلار! بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ: «ئى كىتابنى چۈشۈرگۈچى، بۇلۇتلارنى ماڭدۇرغۇچى، ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنى ھالاك قىلغۇچى الله ! ئۇلارنى ھالاك قىلغىن، ئۇلارغا قارشى بىزگە ياردەم ئاتا قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى.[1]

## شەرھىسى

پەيغەمبەر ﷺ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھاۋا سوۋۇن بولغاندا ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كۈن قايرىلغۇچە دۈشمەننى ساقلاپ تۇردى. پەيغەمبەر ﷺ شۇ ئەسنادا خۇتبە سۆزلەش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ جۈمە كۈنلىرى مەخسۇس خۇتبە قىلسا، بەزى ئالاھىدە زۆرۈرىيەتلەر ئۈچۈنمۇ خۇتبە

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئورۇنلاشتۇراتتى.

پەيغەمبەر ﷺ خۇتبە ئارىسىدا: «لا تتمنوا لقاء العدو» «دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار!» دېگەن. ئىنسانىنىڭ دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ: «ئى الله ! مېنى دۈشمىنىمگە ئۇچراشتۇرغىن» دېيىشى دۇرۇس ئەمەس.

«واسألوا اللَّه العافية، فَإِذَا لقيتُمُوهُمْ فَاصْبِرُوا» «الله تىن ئامانلىق تىلەڭلار! ئەگەر دۈشمەنلەرگە ئۇچرىشىپ قالساڭلار، چىداملىق بولۇڭلار!». بۇنىڭ مەنىسى، «الله تىن خاتىرجەملىك تىلەڭلار، ئەگەر دۈشمەنلەرگە ئۇچرىشىش بىلەن سىنالساڭلار، سەۋر قىلىڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ. مانا بۇ ھەدىسنىڭ بۇ بابقا مۇناسىۋەتلىك يېرىدۇر. ئەگەر بىر كىشى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۇچۇن جەڭلەرگە ئىشتىراك قىلىپ، دۈشمەنلەر بىلەن روبىرو بولۇپ قالسا، الله تىن ياردەم تىلەپ ئۇرۇش قىلىشى كېرەك.

«واعلموا أن الجنة تحت ظلال السيوف» «بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر». يەنى، جەننەت الله يولىدىكى ئۇرۇشقا ئاتلانغان مۇجاھىدنىڭ قىلىچى سايىسى ئاستىدىدۇر. ھەقىقەتەن، الله يولىدىكى مۇجاھىد ئۆلتۈرۈلسە، جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ (الله تائالانىڭ پەزلى- ئېھسانىنى سورايمىز). الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ۞ فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُوا بِهِمْ مِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ۞ يَسْتَبْشِرُونَ بِنِعْمَةٍ مِنَ اللَّهِ وَفَضْلٍ وَأَنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُؤْمِنِينَ۞﴾ «الله نىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن-ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ) [169]. ئۇلار الله نىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن

پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شەھىد بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ [170]. ئۇلار الله تەرىپىدىن بېرىلگەن نېئمەت ۋە پەزلىنى، مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى الله نىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ [171]»①.

الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ شەھىد بولغان كىشى نەيزە سانجىلىش ياكى قىلىچ ئۇرۇلۇشنىڭ ئاغرىقىنى ھېس قىلماستىن مەڭگۈلۈك نېئمەت دىيارىغا يۆتكىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «واعلموا أن الجنة تحت ظلال السيوف» «بىلىپ قويۇڭلاركى، جەننەت قىلىچلار سايىسى ئاستىدىدۇر» دېگەن.

ساھابىلەر ئىچىدىن ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «إني لأجد ريح الجنة دون أحد» «مەن ئۇھۇد تەرەپتىن جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتىمەن» دېگەن.② قاراڭ، ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەننەتنىڭ ھىدىنى ئۆزىنىڭ خىيالى تۇيغۇسىغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى الله تائالا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان جەننەتنىڭ ھەقىقىي ھىدى بىلەن پۇرىغان ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ شۇ قەدەر شجائەت بىلەن ئۇرۇشتىكى، بەدىنىنىڭ 80 نەچچە يېرى يارىلانغان بولسىمۇ، جەڭ مەيدانىدىن بىر قەدەممۇ چېكىنمەستىن تا شەھىد بولۇپ يىقىلغۇچە جەڭ قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ: «واعلموا أن الجنة تحت ظلال السيوف» «بىلىپ قويۇڭلاركى، جەننەت قىلىچلار سايىسى ئاستىدىدۇر» دېگەن.

ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ «اللَّهُمَّ مُنْزِلَ الْكِتَابِ وَمُجْرِيَ السَّحَابِ وَهَازِمَ الأَحْزَابِ

---

① سۈرە ئال ئىمران 169-، 170- ۋە 171- ئايەت.

② بۇخارى توپلىغان.

اهْزِمْهُمْ وَانْصُرْنَا عَلَيْهِمْ» «ئى كىتابنى چۈشۈرگۈچى، بۇلۇتلارنى ماڭدۇرغۇچى، ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنى ھالاك قىلغۇچى الله ! ئۇلارنى ھالاك قىلغىن، ئۇلارغا قارشى بىزگە ياردەم ئاتا قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلغان. بۇ بولسا ھەربىر مۇجاھىد دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا قىلىشى كېرەك بولغان مۇھىم دۇئا ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ شەرئىي ۋە كەۋنى (تەبىئىي) سەۋەبلەرنى ۋەسىلە قىلىش ئارقىلىق الله تىن غەلىبە ـ نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلغان. بۇ ۋەسىلىنىڭ بىرىنچىسى الله تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر. بۇ يەردىكى كىتاب قۇرئان كەرىم ياكى قۇرئان كەرىمدىن ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

«ومجري السحاب» «بۇلۇتلارنى ماڭدۇرغۇچى». بۇ يەردە ۋەسىلە قىلىنغان بۇلۇت كەۋنى (تەبىئىي) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرىدىغان بۇلۇتلارنى پەقەت يەككە ـ يېگانە الله ماڭدۇرىدۇ. كائىناتتىكى بارچە مەخلۇقاتلار توپلانغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ماڭدۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدۇ، ھەتتا ئۇلار ماڭغان بۇلۇتنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكىمۇ قادىر بولالمايدۇ. لېكىن بۇ الله تائالانىڭ قۇدرىتى ئالدىدا پەقەت بىر كەلىمە سۆز ئارقىلىقلا ھەل بولىدىغان ئاسان ئىشتۇر.

«وهازم الأحزاب» «ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنى ھالاك قىلغۇچى». يەنى، الله تائالا ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنى ئۆزى يالغۇز مەغلۇب قىلىدۇ. ئەھزاب غازىتىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇننى الله تائالا ئۆزى مەغلۇب قىلغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَرَدَّ اللَّهُ الَّذِينَ كَفَرُوا بِغَيْظِهِمْ لَمْ يَنَالُوا خَيْرًا﴾ «الله كاپىرلار (يەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن)نى خاپا قايتۇردى، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى»[①]. ھەقىقەتەن، الله تائالا ئۇلارغا قاتتىق سوغۇق شاماللارنى ئەۋەتىش بىلەن قازانلىرى ھەمدە چېدىر ـ بارگاھلىرىنى ئۆرۈپ

[①] سۈرە ئەھزاب 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تاشلىدى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ جەڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَرَدَّ اللَّهُ الَّذِينَ كَفَرُوا بِغَيْظِهِمْ لَمْ يَنَالُوا خَيْرًا وَكَفَى اللَّهُ الْمُؤْمِنِينَ الْقِتَالَ﴾ «الله كاپىرلار (يەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن)نى خاپا قايتۇردى، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى، الله (دۈشمەنگە بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئاپىرىدە قىلىپ) مۆئمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى»[1].

دېمەك، غەلىبە قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى الله قا تايىنىش ۋە الله تىن ياردەم سوراشتۇر. بىز مۇباھ بولغان ماددىي سەۋەبلەرنى تۇتۇشقا بۇيرۇلغانمىز. ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئىمكانىيەتلىرى بەزىدە ئۈنۈم بەرسە بەزىدە ئۈنۈم بەرمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت الله نىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئىشتۇر.

## بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

**دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماسلىق كېرەك.** شاھادەتنى ئارزۇ قىلىش بىلەن دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىش ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ. شاھادەتنى ئارزۇ قىلىش دۇرۇس بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇلغاندۇر. ئەمما، دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىش شەرىئەتتە چەكلەنگەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا تتمنوا لقاء العدو» «دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار».

**الله تائالادىن خاتىرجەملىكنى سوراش كېرەك.** چۈنكى، خاتىرجەملىككە ھېچنەرسە باراۋەر كەلمەيدۇ. شۇڭا سىز ئۇرۇشقا چىقىشنى ئارزۇ قىلماڭ، لېكىن دۈشمەنگە ئۇچراشقان ۋاقىتتا سەۋر قىلىڭ.

**جەڭ مەيدانىدا دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان كىشىنىڭ سەۋر قىلىشى ۋاجىبتۇر.**

[1] سۈرە ئەھزاب 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَاثْبُتُوا وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ۞ وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ وَاصْبِرُوا إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار [45]. (پۈتۈن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭلاردا) الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇ [46]»①.

**قوشۇن ئەمرى قول ئاستىدىكىلەرگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە جەڭنى مۇۋاپىق پەيتلەردە باشلىشى كېرەك.** جەڭنى مۇجاھىدلارغا قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلمەيدىغان مۇۋاپىق شارائىت تاللاپ ئېلىپ بېرىش، ئەگەر مۇمكىن بولسا، قول ئاستىدىكىلەرگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن قەھرىتان سوغۇق ياكى پىژغىرىم ئىسسىقتا جەڭ قىلماسلىق كېرەك. جەڭنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتلىرى ئەتىياز ياكى كۈز مەزگىللىرىدۇر.

**جەڭ پەيتلىرىدە: «اللَّهُمَّ مُنْزِلَ الْكِتَابِ وَمُجْرِيَ السَّحَابِ وَهَازِمَ الأَحْزَابِ اهْزِمْهُمْ وَانْصُرْنَا عَلَيْهِمْ» «ئى كىتابنى چۈشۈرگۈچى، بۇلۇتلارنى ماڭدۇرغۇچى، ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنى ھالاك قىلغۇچى الله ! ئۇلارنى ھالاك قىلغىن، ئۇلارغا قارشى بىزگە ياردەم ئاتا قىلغىن!» دېگەن دۇئانى كۆپ ئوقۇش كېرەك.**

**دۈشمەنلەرگە مەغلۇبىيەت تىلەپ دۇئا قىلىش كېرەك.** كاپىرلار يالغۇز سىزنىڭلا دۈشمىنىڭىز ئەمەس، بەلكى ئۇ الله تائالانىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ھەربىر مۇئمىننىڭ دۈشمىنىدۇر. شۇڭا سىز داۋاملىق الله

① سۈرە ئەنفال 45ـ ۋە 46ـ ئايەت.

تائالادىن كاپىرلارنىڭ مەغلۇب بولۇشىنى ۋە ئۇلارغا قارشى سىزگە ياردەم بېرىشىنى سورىشىڭىز كېرەك. ﷲ تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

۞ ۞ ۞

# 4 ـ باب: راستچىللىق توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَكُونُوا مَعَ الصَّادِقِينَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار»①. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالصَّادِقِينَ وَالصَّادِقَاتِ﴾ «راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا»②. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَوْ صَدَقُوا اللَّهَ لَكَانَ خَيْرًا لَهُمْ﴾ «ئۇلار الله قا سادىق بولۇشسا ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى»③.

## شەرھىسى

تۆۋەندە توختىلىدىغىنىمىز «راستچىللىق» توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ھەققىدە بولۇپ، «الصدق» «راستچىللىق» دېگەن سۆزدە خەۋەرنىڭ رېئاللىققا ئۇيغۇن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر سىز بىراۋغا بىرەر نەرسىدىن مەلۇمات يەتكۈزسىڭىز، يەتكۈزگەن مەلۇماتىڭىز رېئاللىققا ئۇيغۇن بولسا «ئۇ راست ئېيتتى» دېيىلىدۇ. مەسىلەن، سىز «بۈگۈن يەكشەنبە» دېگەن بولسىڭىز بۇ راست خەۋەردۇر. چۈنكى، بۈگۈننىڭ يەكشەنبە ئىكەنلىكى رېئال ھەقىقەتتۇر. ئەگەر ئۇنداق دېمەي «بۈگۈن دۈشەنبە» دېگەن بولسىڭىز، مانا بۇ يالغان مەلۇماتتۇر. شۇڭا خەۋەر ياكى مەلۇمات رېئاللىققا ئۇيغۇن بولسا «راست» دەپ تەستىقلىنىدۇ، ئەگەر رېئاللىققا قارشى كەلسە «يالغان» دەپ قارىلىدۇ. ھەقىقىي راستچىللىق مەلۇماتلارنىڭ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتكە ئۇيغۇنلىشىشى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئادەمدىكى راستچىللىق بولسا ئىنسان ئىچكى دۇنياسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشكە مۇۋاپىق بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، تاشقى ئەزالىرى ئارقىلىق بېجىرىلىدىغان ئەمەللەرنىڭ نىيەتلەر بىلەن

① سۈرە تەۋبە 119 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەھزاب 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە مۇھەممەد 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىردەك بولۇشى دېمەكتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن رىياخور كىشى راستچىل ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى باشقىلارغا ئىبادەتگۆي كىشىلەردەك كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۆزىدە يوق نەرسىنى باردەك قىلىپ كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنى مۇۋەھھىد قىلىپ كۆرسىتىدىغان مۇشرىكمۇ راستچىل ئەمەس. مۇناپىقنىڭ راستچىللىق بىلەن قارىمۇقارشى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. بىدئەتخور كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىدىغانلىقىنى داۋراڭ قىلىدىغان، لېكىن قىلىقى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يولىغا مۇخالىپ كېلىدىغان يالغانچىدۇر.

مۇھىمى، راستچىللىق دېگەن يەتكۈزۈلگەن مەلۇماتنىڭ رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلىشى بولۇپ، راستچىللىق مۇئمىنلىقنىڭ، يالغانچىلىق مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر (الله قا سېغىنىپ بۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمىز).

الله تائالانىڭ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَكُونُوا مَعَ الصَّادِقِينَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار»[①] دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ ئايەت تەبۇك غازىتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۈچ كىشىنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن نازىل بولغان. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ ئۈچ كىشىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، بۇ ھەقتە ئىلگىرىكى بابلاردا ئىزاھ بېرىپ ئۆتتۇق. مانا بۇ ئۈچ كىشى تەبۇك غازىتىدىن ئۆزرىسىز ئايرىلىپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىز جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشىنى چەكلەپ قويغان.

﴿وَعَلَى الثَّلَاثَةِ الَّذِينَ خُلِّفُوا﴾ «جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ الله قوبۇل قىلدى»[②] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىگە كەلسەك، بۇ ئۈچ كىشى

---

[①] سۈرە تەۋبە 119 ـ ئايەت.

[②] سۈرە تەۋبە 118 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆزرىسىز جىھادتىن قىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش تاكى الله تەرەپتىن ۋەھيي نازىل قىلىنغۇچە كېچىكتۈرۈلدى. ئەمما، تەبۇك غازىتىغا چىقمىغان مۇناپىقلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ يالغان ئۆزرىلەرنى كۆرسىتىپ قەسەم قىلىشتى. الله تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَيَحْلِفُونَ بِاللَّهِ لَكُمْ إِذَا انْقَلَبْتُمْ إِلَيْهِمْ لِتُعْرِضُوا عَنْهُمْ فَأَعْرِضُوا عَنْهُمْ إِنَّهُمْ رِجْسٌ وَمَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ۞ يَحْلِفُونَ لَكُمْ لِتَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنْ تَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنَّ اللَّهَ لَا يَرْضَى عَنِ الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ۞﴾ «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ)، الله بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار (يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار)، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر [95]. سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ)، چۈنكى الله پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ [96]»①.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ كىشىگە كەلسەك، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەمەلىي ئەھۋالىنى راستچىللىق بىلەن بايان قىلدى. ئۇلارنىڭ تەۋبىسى جەمئىي ئەللىك كۈن كېچىكتۈرۈپ قويۇلدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿حَتَّى إِذَا ضَاقَتْ عَلَيْهِمُ الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ وَضَاقَتْ عَلَيْهِمْ أَنْفُسُهُمْ وَظَنُّوا أَنْ لَا مَلْجَأَ مِنَ اللَّهِ إِلَّا إِلَيْهِ﴾ «شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، ئۇلار الله قا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ الله نىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى» ②. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى نازىل قىلدى.

① سۈرە تەۋبە 95- ۋە 96- ئايەت.
② سۈرە تەۋبە 118- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَكُونُوا مَعَ الصَّادِقِينَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار»[①]. الله تائالا مۇئمىنلەرنى الله تىن قورقۇشقا ۋە يالغانچىلار بىلەن ئەمەس، بەلكى راستچىللار بىلەن بىللە بولۇشقا بۇيرۇدى.

الله تائالانىڭ: ﴿وَالصَّادِقِينَ وَالصَّادِقَاتِ﴾ «راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللار»[②] دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ الله تائالا سۈرە ئەھزابتا بايان قىلغان ئۇزۇن ئايەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۇ ئايەتنىڭ تولۇق قىسمى تۆۋەندىكىچە: ﴿إِنَّ الْمُسْلِمِينَ وَالْمُسْلِمَاتِ وَالْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَالْقَانِتِينَ وَالْقَانِتَاتِ وَالصَّادِقِينَ وَالصَّادِقَاتِ وَالصَّابِرِينَ وَالصَّابِرَاتِ وَالْخَاشِعِينَ وَالْخَاشِعَاتِ وَالْمُتَصَدِّقِينَ وَالْمُتَصَدِّقَاتِ وَالصَّائِمِينَ وَالصَّائِمَاتِ وَالْحَافِظِينَ فُرُوجَهُمْ وَالْحَافِظَاتِ وَالذَّاكِرِينَ اللَّهَ كَثِيرًا وَالذَّاكِرَاتِ أَعَدَّ اللَّهُ لَهُمْ مَغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًا﴾ «مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا، تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسىلىرىنى هارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسىلىرىنى هارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، الله نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە الله نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا الله مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى»[③]. الله تائالا بۇ ئايەتتە راستچىل ئەر ۋە راستچىل ئاياللارنى مەدھىيىلىگەن ۋە ئۇلار ئۇچۇن كاتتا ئەجىرلەرنى ۋەدە قىلغان.

الله تائالانىڭ: ﴿فَلَوْ صَدَقُوا اللَّهَ لَكَانَ خَيْرًا لَهُمْ﴾ «ئۇلار الله قا سادىق بولۇشسا

[①] سۈرە تەۋبە 119 ـ ئايەت.
[②] سۈرە ئەھزاب 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[③] سۈرە ئەھزاب 35 ـ ئايەت.

ئەلۋەتتە ئۇلار ئۇچۇن ياخشى ئىدى»[1] دېگەن سۆزىگە كەلسەك، مۇناپىقلار اللە قا راستچىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولسا، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولاتتى. لېكىن ئۇلار يالغانچىلىق بىلەن قەلبلىرىدىكىنى يوشۇرۇپ، ئىچىدىكىلىرىدا اللە قا ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىشتى. ئەمەلىيەتتە بولسا پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەرگە دۈشمەنلىك قىلاتتى. ناۋادا ئۇلار چىن قەلبىدىن، ئەمەللىرى ۋە سۆزلىرىدە اللە قا راستچىل بولغان بولسا، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولاتتى. ئەمما، ئۇلار اللە قا يالغانچىلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ھۆججەت تۇرغۇزۇشتى. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لِيَجْزِيَ اللَّهُ الصَّادِقِينَ بِصِدْقِهِمْ وَيُعَذِّبَ الْمُنَافِقِينَ إِنْ شَاءَ أَوْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ﴾ «اللە راستچىللارغا راستچىللىقى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى) مۇكاپات بېرىدۇ، مۇناپىقلارنى (ئەھدىنى بۇزغۇچى مۇناپىقلارنى مۇناپىق پېتى بۇ دۇنيادىن كەتكۈزۈپ) ئەگەر خالىسا ئازابلايدۇ، يا ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ»[2].

اللە تائالانىڭ: ﴿لِيَجْزِيَ اللَّهُ الصَّادِقِينَ بِصِدْقِهِمْ﴾ «اللە راستچىللارغا راستچىللىقى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى) مۇكاپات بېرىدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ راستچىللىقنىڭ كاتتا پەزىلەت ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ اللە تەرەپتىن بولغان مۇكاپاتقا سەۋەب بولىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەممە ئىشتا ئۈچۈق-يورۇق بولۇشىمىز كېرەككى، باشقىلارنى رازى قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن كۆڭلىمىزدە يوق نەرسىلەرنى سۆزلەشتىن پەخەس بولۇشىمىز زۆرۈر. كۆپىنچە كىشىلەر ياخشى بولمىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ سالسا، سىز شۇنداق قىلدىڭىزمۇ؟ دەپ سورالسا، مەن ئۇنداق قىلمىدىم دەپ يالغان ئېيتىدۇ.

ئەي قېرىندىشىم! نېمە ئۈچۈن مەخلۇقتىن ھايا قىلىپ ياراتقۇچىغا

[1] سۈرە مۇھەممەد 21- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەھزاب 24- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يالغانچىلىق قىلىسىز؟! دۇرۇس سۆزلۈك كىشى بولىمەن دەيدىكەنسىز، ئادەملەرنىڭ رازىلىقىنى اللہ نىڭ رازىلىقىدىن مۇھىم سانىماڭ. ئۆزىڭىزنى راستچىللىققا ئادەتلەندۇرسىڭىز، يامان ئىللەتلىرىڭىز بارا ـ بارا ئىسلاھ بولىدۇ. ئەمما ئەيىبلىرىڭىزنى كىشىلەردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن يالغانچىلىققا جۈرئەت قىلسىڭىز ئازغۇنلۇقتا داۋاملىق مېڭىشىڭىز مۇمكىن.

ھەقىقىي نىجاتلىق يولى نېمە ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر راستچىل بولۇشتۇر، راستچىل بولۇشقا تۈرتكە بولىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى راستچىللار بىلەن بىرگە بولۇشتۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَكُونُوا مَعَ الصَّادِقِينَ**﴾ «ئى مۇئمىنلەر! اللہ تىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار»[1].

## 54 ـ ھەدىس

عن ابن مسعود - رضي اللَّه عنه - عن النَّبيّ - صلى اللَّه عليه وسلم - قَالَ: «إنَّ الصِّدقَ يَهْدِي إِلَى البرِّ، وإنَّ البر يَهدِي إِلَى الجَنَّةِ، وإنَّ الرَّجُلَ لَيَصدُقُ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللَّه صِدِّيقًا. وَإنَّ الكَذِبَ يَهْدِي إِلَى الفُجُورِ، وَإنَّ الفُجُورَ يَهدِي إِلَى النَّارِ، وَإنَّ الرَّجُلَ لَيَكْذِبُ حَتَّى يُكتَبَ عِنْدَ اللَّه كَذَّابًا». مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق ھەقىقەتەن ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. بىر ئادەم ھەقىقەتەن راست سۆزلەۋېرىپ، اللہ نىڭ دەرگاھىدا <راستچىل> دەپ پۈتۈلىدۇ. يالغانچىلىق ھەقىقەتەن گۇناھقا باشلايدۇ، گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ. بىر ئادەم ھەقىقەتەن يالغانچىلىق قىلىۋېرىپ، اللہ نىڭ دەرگاھىدا <يالغانچى> دەپ پۈتۈلىدۇ».[2]

---

[1] سۈرە تەۋبە 119 ـ ئايەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## شەرھىسى

مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ بۇ بابتا راستچىللىق ھەققىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى بايان قىلغان بولۇپ، ئايەتلەرنىڭ ئىزاھاتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. نۆۋەتتە ھەدىسلەرنىڭ شەرھىسى ھەققىدە توختىلىمىز. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىس مۇنۇ جۈملە بىلەن باشلىنىدۇ: «إن الصدق يهدي إلى البر، وإن البر يهدي إلى الجنة» «راستچىللىق ھەقىقەتەن ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ».

«الصدق» دېگەن سۆز خەۋەرنىڭ رېئاللىققا ئۇيغۇن بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، بۇ يەتكۈزۈلگەن مەلۇماتنىڭ رېئاللىق بىلەن ئوخشاش بولۇشى دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، بىر كىشى سىزدىن: «بۈگۈن قايسى كۈن؟» دەپ سورىسا، ئەگەر بۇ كۈن ئەمەلىيەتتە چارشەنبە كۈنى بولسا، سىزنىڭ «چارشەنبە» دېيىشىڭىز راست سۆز بولغان بولىدۇ. ئەمما، «سەيشەنبە» دېگەن بولسىڭىز، بۇ يالغان سۆز بولىدۇ. چۈنكى، ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، راستچىللىق دېگەن خەۋەرنىڭ رېئاللىققا ئۇيغۇن بولۇشى دېگەنلىكتۇر.

ھەقىقەتەن، كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىنىڭ قىسسىسىدىن راستچىللىقنىڭ ئىنساننىڭ ماقامىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان، دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ياخشىلىققا ۋاستە بولىدىغان گۈزەل خىسلەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. يالغانچىلىق سۇدىكى كۆپۈككە ئوخشاش تېز يوقۇلۇپ تۈگەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كونىلار: «راست سۆزلىگەن قۇتۇلار، يالغان ئېيتقان تۇتۇلار» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان.

شۇنى بىلىڭكى، خەۋەر ۋە مەلۇماتلار تىل ياكى ئىش ـ ھەرىكەتكە ئالاقىدار بولىدۇ. سۆزلەش تىل ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى كۆرسەتسە، ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئادەملەرنىڭ قىلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆز

نىيىتىنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىشى ئىش-ھەرىكەتلەردىكى يالغانچىلىق دېيىلىدۇ. مەسىلەن، مۇناپىق كىشى گەرچە قەلبىدە ئىسلامنى ئەستىن چىقىرىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنى مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ناماز ئوقۇيدۇ، ھەج قىلىدۇ، روزا تۇتىدۇ ۋە زاكات بېرىدۇ. ئۇ سىرتقى قىياپەتتىن تەقۋادار مۇئمىندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىلىقى نىيىتى بىلەن بىردەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن يالغانچى بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، راستچىللىق تىل ۋە ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئۆزئارا ماسلىشىشى ئارقىلىق رويابقا چىقىدۇ. تىل ئەمەلىي رېئاللىققا ئۇيغۇن بولغان خەۋەرنى يەتكۈزگەن بولسا، بۇ سۆزدىكى راستچىللىق دېيىلىدۇ. خەۋەرنىڭ رېئاللىققا ئۇيغۇنلىشىشى سۆزنىڭ راستلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەمەللىرى قەلبتىكى نەرسىگە ئۇيغۇنلاشسا، ئۇ ئىش-ھەرىكەتتە راستچىل بولغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ راستچىللىقنىڭ ياخشىلىققا يېتىشنىڭ مۇھىم سەۋەبچىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «إن الصدق يهدي إلى البر، وإن البر يهدي إلى الجنة» «راستچىللىق ھەقىقەتەن ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ». «البر» دېگەن سۆز «كۆپ ياخشىلىق» دېگەنلىكتۇر. ئۇ الله نىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، الله نىڭ ئىسمى بولۇپ كەلگەندە «ياخشىلىقلىرى ۋە ئېھسانى كۆپ زات» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. دېمەك، «البر» دېگەن سۆزدىن «كۆپ ياخشىلىق» دېگەن مەنە چىقىدۇ. كىشى ئۆزىنىڭ راستچىللىقى ئارقىلىق كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشىدىغان بولۇپ، ئۇ راستچىللىقنىڭ نەتىجىلىرى قاتارىدىندۇر.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «وإن البر يهدي إلى الجنة» «ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق جەننەتكە كىرگىلى بولىدۇ. جەننەتكە كىرىش بولسا غايە-مەقسەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان جەننەتنى سوراشقا ۋە دوزاختىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇلغان. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَنْ زُحْزِحَ عَنِ النَّارِ وَأُدْخِلَ الْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَ وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا مَتَاعُ الْغُرُورِ﴾ «كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ)»[1].

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «وإن الرجل ليصدق حتى يكتب عند اللّٰه صديقا» «بىر ئادەم ھەقىقەتەن راست سۆزلەۋېرىپ، ﷲ نىڭ دەرگاھىدا <راستچىل> دەپ پۈتۈلىدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، (يەنە بىر نەقىلدە «لا يزال الرجل يصدق ويتحرى الصدق حتى يكتب عند اللّٰه صديقا» «بىر كىشى ھەمىشە راست سۆزلەپ، راستچىل بولۇشقا تىرىشىدۇ ۋە ئاخىرى ﷲ نىڭ دەرگاھىدا <سىددىق> دەپ پۈتۈلىدۇ» دەپ كەلگەن). «الصديق» «سىددىق» دېگەن سۈپەت ﷲ تائالا ئۆزى خالىغان كىشىلەرگە ئاتا قىلىدىغان پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىدىن قالسىلا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئالاھىدە مەرتىۋىدۇر. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَالرَّسُولَ فَأُولَئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ مِنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاءِ وَالصَّالِحِينَ﴾ «كىملەركى ﷲ قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ﷲ نىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ[69]»[2]. داۋاملىق راست سۆزلىگەن كىشى ﷲ نىڭ دەرگاھىدا راستچىل دەپ يېزىلىدۇ. راستچىللىقنىڭ ئازغىنە كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدىغان كاتتا دەرىجە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇملۇقتۇر.

بۇ دەرىجە ئەر-ئايال ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن ئورتاقتۇر. ﷲ تائالا مۇنداق

[1] سۈرە ئال ئىمران 185- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا 69- ئايەت.

دەيدۇ: ﴿مَا الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُ وَأُمُّهُ صِدِّيقَةٌ﴾ «مەريەم ئوغلى ئىسا پەقەت (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش) پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل ئايالدۇر»[1]. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇممىتى ئىچىدە راستچىللارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ ئىبنى ئوسمان ئىبنى ئەبۇ قۇھافە بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋىتىگە قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئاۋاز قوشۇپ مۇسۇلمان بولغان. باشقىلار پەيغەمبەر ﷺ نى يالغانغا چىقىرىپ، ئۇنىڭغا قارشى چىققاندا ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا مۇسۇلمان بولۇپ پەيغەمبەر ﷺ گە ئىشەنگەن ۋە ئۇنى قوللىغان. باشقىلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىسرا ۋە مىئراج ھەققىدىكى سۆزلىرىگە چىن پۈتمەي: «ئى مۇھەممەد! سىنىڭ بىر كېچىدە مەككىدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ قايتىپ كېلەلىشىڭ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ سىنىڭ <ئاسمانغا ئۆرلىدىم> دېگىنىڭ تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟!» دېيىشكەندە، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ خەۋىرىنىمۇ بىرىنچى بولۇپ تەستىقلىغان ۋە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن سىددىق دەپ ئاتالغان.

يالغانچىلىق ھەققىدە پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن: «إياكم والكذب» «يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭلار»[2] . سىددىقلىقنىڭ قارشىسى بولغان يالغانچىلىققا كەلسەك، ئۇ مەيلى سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن بولسۇن، رىئاللىقنىڭ قارشىسىنى خەۋەر قىلىشتۇر. يۇقىرىدا تەكرار ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئەگەر بىر ئادەم سىزدىن: «بۈگۈن قايسى كۈن؟» دەپ سورىغان بولسا، سىز شۇ كۈننىڭ چارشەنبە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۈگۈن پەيشەنبە كۈنى ياكى سەيشەنبە كۈنى دېگەن بولسىڭىز، مانا بۇ يالغانچىلىقنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ.

---

[1] سۈرە مائىدە 75 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مۇناپىق سىرتقى كۆرۈنۈشتە مۇسۇلماندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن يالغانچى دەپ ئاتىلىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «وإن الكذب يهدي إلى الفجور» «يالغانچىلىق ھەقىقەتەن گۇناھقا باشلايدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، «الفجور» دېگەن الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كېتىش دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، پاسىق كىشى الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئاسىي بولىدۇ. ئەڭ چوڭ پاسىقلىق كۇفۇرلۇقتۇر (الله ساقلىسۇن). ھەقىقەتەن كاپىرلار فاجىرلاردۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أُولَئِكَ هُمُ الْكَفَرَةُ الْفَجَرَةُ﴾ «بۇلار بولسا كاپىرلاردۇر، فاجىرلاردۇر»①، الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَلَّا إِنَّ كِتَابَ الْفُجَّارِ لَفِي سِجِّينٍ۞ وَمَا أَدْرَاكَ مَا سِجِّينٌ۞ كِتَابٌ مَرْقُومٌ۞ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِلْمُكَذِّبِينَ۞ الَّذِينَ يُكَذِّبُونَ بِيَوْمِ الدِّينِ۞﴾ «ئۇلار (تارازىدا، ئۆلچەمدە) كەم بېرىشتىن يانسۇن، يامان ئادەملەرنىڭ نامە-ئەمالى چوقۇم سىججىندا بولىدۇ [7]. سىججىن دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانداق بىلەلەيسەن؟ [8] ئۇ (يامان ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرى) خاتىرىلەنگەن بىر دەپتەردۇر [9]. بۇ كۈندە ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي! [10] ئۇلار قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدۇ [11]»②. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ. ﴿وَإِنَّ الْفُجَّارَ لَفِي جَحِيمٍ﴾ «كاپىرلار شەك-شۈبھىسىز دوزاختا بولىدۇ» ③ . دېمەك يالغانچىلىق فاجىرلىققا، فاجىرلىق دوزاخقا باشلايدۇ (الله قا سېغىنىپ ئۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمىز).

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «وإن الرجل ليكذب حتَّى يكتب عند اللَّه كذَّابا» «بىر ئادەم ھەقىقەتەن يالغانچىلىق قىلىۋېرىپ، الله نىڭ دەرگاھىدا <يالغانچى> دەپ پۈتۈلىدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، (يەنە بىر نەقىلدە «ولا يزال الرجل يكذب،

---

① سۈرە ئەبەسە 42- ئايەت.
② سۈرە مۇتەففىفىن 7- ئايەتتىن 11- ئايەتكىچە.
③ سۈرە ئىنفىتار 14- ئايەت.

ويتحرى الكذب، حتى يكتب عند اللّٰه كذابا» «بىر كىشى ھەمىشە يالغان ئېيتىپ يالغانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ ۋە ئاخىرى الله نىڭ دەرگاھىدا <يالغانچى> دەپ پۈتۈلىدۇ» دېيىلگەن)، يالغانچىلىق ھارام قىلىنغان ئىشلار قاتارىدىن بولۇپلا قالماي، بەلكى بەزى ئالىملار ئۇنى چوڭ گۇناھلار قاتارىدا سانىغان. چۈنكى، بۇ ھەدىستە يالغان سۆزلىگەن كىشىگە الله نىڭ دەرگاھىدا «يالغانچى» دەپ يېزىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەھدىتلەر كەلگەن.

كۈنىمىزدە بەزى كىشىلەرنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن قىلىۋاتقان سۆزلىرى ئەڭ چوڭ يالغانچىلىقنىڭ قاتارىدىندۇر. بۇ ھەقتىكى يالغانچىلىقتىنمۇ ئاگاھلاندۇرۇلغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ويل للذي يحدث فيكذب، ليضحك به القوم، ويل له ويل له» «كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلىگەن كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي!».[1] مانا بۇ كۆپىنچە كىشىلەر يەڭگىل سانايدىغان بىر ئىش بولۇپ، بۇنىڭدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان.

دېمەك، چوڭ-كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يالغانچىلىقنىڭ ھەممىسى ھارام بولۇپ، ئۇلار كىشىنى گۇناھكار ۋە فاجىر قىلىۋېتىدۇ. ئەمما، ئىمام بۇخارىدىن يېتىپ كەلگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە پەقەتلا جەڭدە، كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش مەقسىتىدە ۋە ئەرنىڭ ئايالىغا، ئايالنىڭ ئېرىگە كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈنلا يالغان سۆزلىشى دۇرۇستۇر. لېكىن بەزى ئالىملار بۇ ھەدىستىكى «يالغان ئېيتىش»نى «ئوچۇق يالغان سۆزلەش ئەمەس، بەلكى تەۋرىيە (قوش بىسلىق گەپ) قىلىشتۇر» دەپ ئىزاھلايدۇ. جۇمھۇر ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىغا ئاساسەن، يۇقىرىقى ئۈچ ئىشتىن باشقا ئىشلاردا يالغان سۆزلەش دۇرۇس ئەمەس.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لم يكذب إبراهيم عليه السلام قط إلا ثلاث كذبات، ثنتين في ذات اللّٰه، قوله إني سقيم، وقوله بل فعله كبيرهم هذا وواحدة في شأن سارة» «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەقەت ئۈچ قېتىملا يالغان ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ ئىككىسى الله يولىدا ئېيتىلغان بولۇپ، بىرىنچىسى، ئۇنىڭ «مەن ئاغرىق» دېگەن سۆزى، ئىككىنچىسى، «بەلكى بۇنى مۇشۇ بۇتلارنىڭ چوڭى قىلدى» دېگەن سۆزى، ئۈچىنچىسى، سارە ھەققىدە قىلغان سۆزى».[①] ئەمەلىيەتتە، ئۇ يالغان سۆزلىمەستىن، قوش بىسلىق گەپ قىلغان بولۇپ، بۇنداق گەپ قىلىش يالغانچىلىق قاتارىغا كىرمەيدۇ.

بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دېگەن: «يالغانچىلىق قەستەن بولسۇن ياكى چاقچاق قىلىش مەقسىتىدە بولسۇن، باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن بولسۇن ياكى ئۇنداق بولمىسۇن مۇتلەق دۇرۇس ئەمەستۇر. يالغانچىلىقنىڭ ئەڭ چوڭى كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى يەۋېلىش ئۈچۈن يالغان قەسەم قىلىشتۇر. مەسىلەن، بىر كىشى ئۇستىدىن باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالغانلىقى دەۋا قىلىنسا، ئۇ كىشى بۇنى ئىنكار قىلىپ: «الله بىلەن قەسەمكى، ئۇستۇمدە سېنىڭ ھەققىڭ يوق» دېسە، ياكى باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش مەقسىتىدە: «سەندە مېنىڭ مۇنداق، مۇنداق ھەققىم بار» دەپ يالغان ئېيتىپ بۇ ھەقتە الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسا، بۇ كىشى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان بولىدۇ (الله ساقلىسۇن). پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من حلف على يمين صبر يقتطع بها مال امرئ مسلم هو فيها فاجر لقي اللّٰه وهو عليه غضبان» «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ مېلىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قەستەن يالغان قەسەم ئىچسە، ئۇ الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلىنغان ھالەتتە الله قا ئۇچرىشىدۇ». [1]

خۇلاسە شۇكى، ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ئۈچ تۈرلۈك ھالەتتىن سىرت ھەرقانداق ۋاقىتتا يالغان سۆزلەش مۇتلەق ھارامدۇر.

## 55 ـ ھەدىس

عن أبي محمد الحسن بنِ عليٍّ بن أبي طالب رضي اللّه عنهما، قَالَ: حَفِظْتُ مِنْ رَسُول اللّه - صلى اللّه عليه وسلم: «دَعْ مَا يَرِيبُكَ إِلَى مَا لاَ يَرِيبُكَ؛ فإنَّ الصِّدْقَ طُمَأْنِينَةٌ، وَالكَذِبَ رِيبَةٌ». رواه الترمذي وَقالَ: «حديث صحيح».

ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇنۇ سۆزلەرنى ئېسىمدە تۇتۇۋالغان ئىدىم: «سەن شەكلىنىدىغان نەرسىنى قويۇپ، شەكلەنمەيدىغان نەرسىنى تۇتقىن. راستچىللىق چوقۇم خاتىرجەملىكتۇر، يالغانچىلىق دېلىغۇللۇقتۇر». [2]

## شەرھىسى

نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھنىڭ قىرىق ھەدىسلىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بۇ ھەدىس تەقۋالىق ۋە ئېھتىيات ھەققىدىكى ساھەلەرگە چېتىلىدىغان كۆپ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەدىستۇر.

فىقھشۇناس ئالىملار مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىشتا ئېھتىيات يولىنى تۇتۇشنى مۇھىم پرىنسىپ قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە مىساللار تولىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

- ئۇنىڭ قاتارىدىن ـــ نىجاسەت تېگىپ قالغان كىيىمنىڭ قايسى ئورۇنغا نىجاسەت تېگىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولمىسا، كىيىمنىڭ ئىگىسىدە:

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان.

«كىيىمنىڭ ئالدىنى يۇيۇش كېرەكمۇ ياكى كەينىنى يۇيۇش كېرەكمۇ؟» دېگەن شۇبھە پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئېھتىيات يولىنى تۇتۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن كىيىمنىڭ ئالدى ۋە كەينىنى يۇيۇپ، قەلبىدىكى شەكنى يوقىتىش كېرەك بولىدۇ.

• يەنە شۇنىڭ قاتارىدىن ـــ ناۋادا بىر كىشى نامازنىڭ رەكئەت سانلىرىدا شۇبھىلىنىپ قالغان بولسا، شەكلىنىپ قالغىنىدىن ۋاز كېچىپ جەزم قىلغىنىنى بويىچە ناماز ئوقۇيدۇ. مەسىلەن، ئىككى رەكئەت ياكى ئۈچ رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىدا شەك قىلىپ جەزم قىلالمىغان كىشى ئەگەر ئىككى رەكئەت ئوقۇسا: «بىر رەكئەت كەم قىلىپ قويغاندىمەنمۇ؟» دەپ شۇبھىلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۈچ رەكئەت ئوقۇسا «كۆپ ئوقۇپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن» دەپ يەنە شەك پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ كىشى مانا بۇنداق ۋاقىتتا ئاز شەك قىلغىنى بويىچە ناماز ئوقۇيدۇ.

مانا بۇ ھەدىس فىقھى قائىدىلەردىن بولغان چوڭ بىر قائىدىنىڭ مۇھىم ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قائىدە شۇكى، «شۇبھىلىك ئىشنى تەرك ئېتىپ، شۇبھە بولمىغان ئىشنى قىلىش».

ئادەمدە ساغلام روھىي ھالەتنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن بۇ تولىمۇ مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە قائىدە ھېسابلىنىدۇ. قەلبتىكى تەشۋىش ۋە شەك ـ شۇبھىلەر كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى قالايمىقان قىلىدىغان ئامىللار بولۇپ، شەك ـ شۇبھىلەر يوقالماستىن قەلب خاتىرجەملىكى ئىشقا ئاشمايدۇ. قەلبتىكى شەكنى يوقىتىشنىڭ مۇھىم چارىسى ھەدىستە دېيىلگىنىدەك، شەك ـ شۇبھىلىك نەرسىنى قويۇپ، جەزم قىلغان نەرسىگە ئەگىشىشتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ: «فإن الصدق طمأنينة» «راستچىللىق چوقۇم خاتىرجەملىكتۇر» دېگەن. مانا بۇ جۈملە ھەدىسنىڭ بۇ بابقا مۇناسىۋەتلىك قىسمى بولۇپ، راستچىللىق خاتىرجەملىك ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ مۇھىم سەۋەبى

ھېسابلىنىدۇ. راستچىل كىشى قىلغانلىرىدىن مەڭگۈ پۇشايمان قىلمايدۇ ۋە كەلگۈسىدە ھەسرەتلەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز راستچىل كىشىلەرنىڭ ھەمىشە خاتىرجەم يۈرىدىغانلىقىنى بايقايسىز.

ئەمما يالغانچىلىققا كەلسەك، پەيغەمبەر ﷺ يالغانچىلىقنىڭ شەك ـ شۈبھە ۋە گۇمان بىلەن يانمۇيان مەۋجۇد بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. شۇڭا سىز يالغانچى كىشىنىڭ كىشىلەر ئىشىنەرمۇ ياكى ئىشەنمەسمۇ دەپ شەكلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىسىز، شۇنىڭدەك يالغانچى كىشى بىرەر خەۋەرنى يەتكۈزسە باشقىلارنىڭ شەكلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ. مەسىلەن، سىز مۇناپىقلارنىڭ باشقىلارنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئەنسىزلىك ئىچىدە تۇرۇپ اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدىغانلىقىنى بايقايسىز. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَحْلِفُونَ بِاللَّهِ مَا قَالُوا وَلَقَدْ قَالُوا كَلِمَةَ الْكُفْرِ وَكَفَرُوا بَعْدَ إِسْلَامِهِمْ وَهَمُّوا بِمَا لَمْ يَنَالُوا﴾ «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ھېچنېمە دېمىگەنلىكى توغرىسىدا اللە بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن كۇفرى سۆزىنى ئېيتتى، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن كاپىر بولدى، ئۇلار ئىشقا ئاشمايدىغان ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىدى)»[①].

دېمەك، يالغانچىلىق دېگەن ئىنساندا خەۋپسىرەش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدىغان مەنىۋي كېسەللىكتۇر. بۇنداق كىشى يالغانچىلىقنىڭ چېنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، قەلبى گۇمان ۋە ئىزتىراپ قارماقلىرى ئارىسىدا قىسىلىپلا يۈرىدۇ. بىز بۇ ھەدىستىن يالغانچىلىقتىن ساقلىنىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. چۈنكى، يالغانچىلىق

[①] سۈرە تەۋبە 74 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شەك ـ شۈبھىنىڭ، راستچىللىق خاتىرجەملىكنىڭ مەنبەسىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ: «دع ما يريبك إلى ما لا يريبك» «سەن شەكلىنىدىغان نەرسىنى قويۇپ، شەكلەنمەيدىغان نەرسىنى تۇتقىن» دېگەن. اللہ تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 56 ـ ھەدىس

عن أبي سفيانَ صَخرِ بنِ حربٍ - رضي اللَّه عنه - في حديثه الطويلِ في قصةِ هِرَقْلَ، قَالَ هِرقلُ: فَمَاذَا يَأْمُرُكُمْ - يعني: النَّبيّ - صلى اللَّه عليه وسلم - قَالَ أبو سفيانَ: قُلْتُ: يقولُ: «اعْبُدُوا اللَّه وَحدَهُ لا تُشْرِكوُا بِهِ شَيئًا، وَاتْرُكُوا مَا يَقُولُ آبَاؤُكُمْ، ويَأْمُرُنَا بالصَلاةِ، وَالصِّدْقِ، والعَفَافِ، وَالصِّلَةِ» مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

ئەبۇ سۇفيان سەخر ئىبنى ھەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ ھىرەقلى قىسسىسىدىكى ئۇزۇن ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: ھىرەقلى مەندىن: «سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى نېمىگە بۇيرۇيدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئۇ بىزنى <بىرلا اللہ قا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار. ئاتا ـ بوۋاڭلار دەپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى تاشلاڭلار> دەيدۇ ۋە بىزنى ناماز ئوقۇشقا، راست سۆزلەشكە، ئىپپەتلىك بولۇشقا ۋە ئۆزئارا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ» دېدىم.[1]

## شەرھىسى

بۇ ــ ئەبۇ سۇفيان سەخرى ئىبنى ھەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرىكى قىسسىسى بايان قىلىنغان ھەدىس ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا ئەبۇ سۇفيان مۇشرىك ئىدى. لېكىن ئۇ كېيىنچە ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن ۋە مەككە فەتھىسىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ھۇدەيبىيە سۇلھىسى ھىجرىيىنىڭ ئالتىنچى يىلى، مەككە فەتھىسى ھىجرىيىنىڭ سەككىزىنچى يىلى بولغان. ئەبۇ سۇفيان قۇرەيشلىك بىرقانچە كىشى بىلەن شامدىكى ناسارالارنىڭ پادىشاھى ھىرەقلىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئۇ تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن مەلۇماتى تولۇق زىرەك پادىشاھ ئىدى. ئۇ ئەبۇ سۇفيانىنىڭ بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلەن ھىجازدىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ ئۇلاردىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەھۋالى، نەسەبى، ساھابىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ۋاپادارلىقى ھەققىدە سوئال سوراشقا باشلىدى. ھىرەقلى ئەبۇ سۇفيان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خەۋەر قىلغان مەلۇماتلاردىن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى كىتابلاردا خەۋىرى كەلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەمما ئۇ، (الله ساقلىسۇن) پادىشاھلىقى ۋە ھوقۇق ـ مەنسەپكە بولغان زىيادە ئاچكۆزلۈكى ھەمدە الله ئىرادە قىلغان باشقا ھېكمەتلەر تۈپەيلى مۇسۇلمان بولمىدى.

ھىرەقلى ئەبۇ سۇفياندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلارنى نېمىگە بۇيرۇيدىغانلىقىنى سورىغانىدى. ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر ﷺ نىڭ الله قا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، الله تىن باشقا ھەرقانداق نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلماسلىققا بۇيرۇيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. دېمەك، يەككە ـ يېگانە الله قا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد چاقىرىقى بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېلىپ كەلگەن تەۋھىدتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: <مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار> دەپ ۋەھيي قىلدۇق»[1]، الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولًا أَنِ

[1] سۈرە ئەنبىيا 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿اعْبُدُوا اللَّهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: ‹اللە قا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار› دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق»[1]. يەنى، بارچە پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى اللە قا ئىبادەت قىلىش ۋە شېرىكتىن يىراق تۇرۇشتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھېچقانداق شېرىكى بولمىغان يەككە-يېگانە اللە قىلا ئىبادەت قىلىش چاقىرىقىنى ئېلىپ كەلگەن. مۇشرىكلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاتىلىرىنىڭ دىنىنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇپ: «ئاتىلىرىڭلارنىڭ دىنىنى تەرك ئېتىڭلار!» دەپ ھەقنى قورقماستىن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى ئەجدادلىرىنىڭ باتىل دىنىدىن ۋاز كېچىشكە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا ئۇچرايدىغان بەزى گۈزەل خۇلقلارنى تاشلاشقا بۇيرۇغىنى يوق. اللە تائالا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ خاتالىق ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً قَالُوا وَجَدْنَا عَلَيْهَا آبَاءَنَا وَاللَّهُ أَمَرَنَا بِهَا﴾ «ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) بىرەر يامان ئىشنى قىلغان چاغلىرىدا: ‹ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق، اللە بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان› دەيدۇ»[2]. اللە تائالا ئۇلارنى يالغانغا چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنَّ اللَّهَ لَا يَأْمُرُ بِالْفَحْشَاءِ﴾ «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹اللە (بەندىلىرىنى) ھەقىقەتەن يامان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ›»[3].

خۇلاسە كالام، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈممىتىنى اللە قا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئاتىلىرىنىڭ دىنىنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇدى.

---

[1] سۈرە نەھل 36- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئراف 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەئراف 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەبۇ سۇفياننىڭ «ويأمرنا بالصلاة» «بىزنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن سۆزگە كەلسەك، ناماز بەندە بىلەن ئۇنىڭ رەببى ئوتتۇرىسىنى باغلايدىغان، مۇئمىن بىلەن كاپىرنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغان، كەلىمە شاھادەتتىن قالسىلا ئىسلامنىڭ ئەڭ كۈچلۈك رۇكۇنلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «العهد الذي بيننا وبينهم الصلاة، فمن تركها فقد كفر» «بىز بىلەن ئۇلارنىڭ (كاپىرلارنىڭ) ئارىسىدىكى پەرق نامازدۇر. كىمكى ئۇنى تەرك ئەتسە، ئۇ كاپىر بولىدۇ».[1]

بۇ يەردە رەسۇلۇللاھ ﷺ «العهد الذي بيننا وبينهم الصلاة» «بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ناماز» دەپ ئېنىق ئېيتقان بولۇپ، نامازنىڭ مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا ئىكەنلىكى ئوپئوچۇق ھەقىقەتتۇر. بىر قىسىم ئالىملار ھەدىستىكى كۇفۇرلۇقنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «اثنتان في الناس هما بهم كفر» «كىشىلەر ئىچىدە ئىككى تۈرلۈك ئىش بولۇپ، بۇ ئىككىسى كىمدە بولسا، شۇ كىشىدە كۇفۇرلۇق بولغان بولىدۇ»[2] دېگەن سۆزىدىكىگە ئوخشاش كىچىك كۇفۇرلۇقتۇر دەپ قارايدۇ. ئالىملارنىڭ بۇ ھەدىس ھەققىدىكى تەئۋىللىرى پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان ئاجىز قاراش بولۇپ، ھەدىستە ئەكس ئەتكەن ئوچۇق مەنە دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ كۇفۇرلۇقتۇر. چۈنكى، ھەدىستە نامازنىڭ ئىمان بىلەن كۇفۇرنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىل ئىكەنلىكى ئېنىق ئېيتىلغان. ئىككى نەرسىنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، بۇ ئىككى نەرسە چوقۇم بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئايرىپ تۇرغۇچى پاسىل بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ خۇددى ئىككى كىشىنىڭ زېمىنى ئوتتۇرىسىدىكى پاسىلغا ئوخشايدۇ. بۇ پاسىل ئىككى زېمىننىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىككى كىشىنىڭ زېمىنى بىر-

[1] ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى توپلىغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

بىرىگە قېتىلىپ كەتمەيدۇ. مانا شۇنىڭدەك، نامازمۇ ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى بىر-بىرىگە قېتىلىپ كەتمەيدۇ. ھەرقانداق نەرسە چېگرانىڭ سىرتىدا بولسا، ئۇ بۇ چېگرانىڭ ئىچىگە تەۋە بولمايدۇ.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن نامازنى تەرك ئەتكەن كىشى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. بىراق رامىزان روزىسىنى تۇتمىسا، زاكات ئۆلچىمىگە توشسىمۇ زاكاتنى ئادا قىلمىسا، ھەج قىلىشقا قادىر تۇرۇپمۇ ھەج قىلمىسا كاپىر بولمايدۇ. ئەمما نامازنى تەرك ئەتكەن بولسا كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. مەشھۇر تابىئىنلار قاتارىدىن بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىق رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەد ﷺ نىڭ ساھابىلىرى ئەمەللەر قاتارىدىن نامازدىن باشقا بىرەر ئەمەلنى تەرك ئېتىشنى كۇفۇرلۇق دەپ قارىمايتتى». [1]

بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ بۇيرۇغان نامازنى تەرك ئەتسە، ئۇ كىشى تەۋھىدنى تەرك ئەتكەنگە ئوخشاش كاپىر مۇشرىك بولۇپ كېتىدۇ (الله ساقلىسۇن). جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن نەقىل قىلغان بۇ ھەدىسمۇ شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بين الرجل وبين الشرك والكفر ترك الصلاة» «مۇسۇلمان بىلەن مۇشرىك ۋە كاپىر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك ئېتىشتۇر». [2]

ئەبۇ سۇفيانىنىڭ «والصدق» «راستچىللىق»قا بۇيرۇيدۇ دېگەن سۆزىگە كەلسەك، مانا بۇ ھەدىسنىڭ بۇ بابقا مۇناسىۋەتلىك قىسمىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ ئۈممىتىنى راستچىللىققا بۇيرۇيتتى. بۇ الله تائالانىڭ ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَكُونُوا مَعَ الصَّادِقِينَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە

---

[1] تىرمىزى توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

بولۇڭلار»[1] دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ.

راستچىللىق اللهقا ۋە بەندىگە سەممىمىي بولۇش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. راستچىللىق گۈزەل ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، راستچىللىقنىڭ قارشىسى مۇناپىقلىق ۋە يالغانچىلىقتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «آية المنافق ثلاث» «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ تۈرلۈك».[2] پەيغەمبەر ﷺ يالغان سۆزلەشنى مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتى قاتارىدا بايان قىلغان. بەزى كىشىلەردە (الله ساقلىسۇن!) بۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئالامىتى خېلىلا ئېغىر بولۇپ، ئۇلار يالغانچىلىق قىلمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرقانداق سۆزىدىن يالغانچىلىق تېمىپلا تۇرىدۇ. سورۇندا ئولتۇرسا كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن ھەرخىل قىلىقلارنى ئويدۇرۇپ چىقىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ: «ويل للذي يحدث ويكذب ليضحك به القوم، ويل له ويل له» «كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلىگەن كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي!» دېگەن.[3]

ئەبۇ سۇفيانىنىڭ «والعفاف» «ئىپپەتلىك بولۇش»قا بۇيرۇيدۇ دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئىپپەتلىك بولۇش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، جىنسىي شەھۋەتلەردىن ئىپپەتلىك بولۇش؛ ئىككىنچىسى، قورساق شەھۋىتىدىن ئىپپەتلىك بولۇش. ئەمما بىرىنچى ئىپپەتلىك بولۇشقا كەلسەك، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە ھارام قىلىنغان زىنا ۋە ئۇنىڭغا ۋاستە بولىدىغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشىدۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَقْرَبُوا الزِّنَا إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَسَاءَ سَبِيلًا﴾ «زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان

---

[1] سۈرە تەۋبە 119 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

بولىدۇ»[1].

ئەگەر زىنا قىلغان كىشى ئۆيلىنىپ باقمىغان بولسا، ئۇنىڭغا يۈز قامچە ئۇرۇلۇپ، شەھەردىن تولۇق بىر يىل سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئەمما، ئۆيلىنىپ ئائىلە بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن زىنا قىلسا چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇنداق جازالار كىشىلەرنى بۇ قەبىھ قىلمىشلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئۇنۇملۇك توسۇپ قالىدۇ. چۈنكى بۇ قىلمىش ئەخلاقنى، دىنىنى ۋە نەسەبنى بۇلغايدۇ، شۇنداقلا بەزى ساقايماس يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

الله تائالا زىنانى ۋە زىناغا سەۋەب بولىدىغان بارچە نەرسىلەرنى هارام قىلغان بولۇپ، ئايال كىشىنىڭ ياسانغان هالەتتە سىرتقا چىقىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن چەكلەنگەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَرْنَ فِي بُيُوتِكُنَّ وَلَا تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ الْجَاهِلِيَّةِ الْأُولَى﴾ «ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار»[2].

ئايال كىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئورۇن ئۆزىنىڭ ئۆيى، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى هالىتى هاجەت ياكى زۆرۈرىيەت بولمىسا سىرتقا چىقماسلىقتۇر. ئەگەر چىقىشقا زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ قالسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتقاندەك، خۇشپۇراق ئىشلەتمەستىن ۋە زىننەتلەنمەستىن چىقسا بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، ئايال كىشى سىرتقا چىققاندا ياكى نامەھرەملىرى ئالدىدا شەرىئەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كىيىملەر بىلەن يۆگىنىشى لازىم. بۇنىڭ ئىچىدە يۆگەشكە ئەڭ لايىق ئورۇن يۈز قىسمىدۇر. نامەھرەملەردىن يۈزنى يۆگەش باشنى، بىلەكنى ۋە پۇتنى يۆگىگەندىنمۇ بەكرەك ۋاجىبتۇر. يۈزنى ئېچىش دۇرۇس دېگەن كىشىلەرنىڭ

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل 32- ئايەت.
[2] سۈرە ئەھزاب 33- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۆزىدە زىتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇ كىشىلەرگە دەيمىزكى، نېمىشقا ئايال كىشىنىڭ پۈتىنى يېپىشى ۋاجىب بولۇپ، يۈزىنى ئېچىشى دۇرۇس بولۇپ قالىدۇ؟ ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى پىتنىگە ۋە زىناغا چۈشۈپ قېلىشقا بەكرەك سەۋەب بولىدۇ؟ ئايال كىشىنىڭ يۈزى بەكرەك جەلپ قىلامدۇ ياكى پۈتىمۇ؟ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بىر كىشى ئۈچۈن بۇنىڭ جاۋابى ئېنىق. يەنى، زىناغا ۋە پىتنىگە ئەڭ يېقىن ئىش يۈزنى ئېچىشتۇر.

بۇنىڭ قاتارىدىن ـــ ئايال كىشى سىرتقا خۇشپۇراق ئىشلەتكەن ھالدا چىقماسلىقى كېرەك. خۇشپۇراق ئىشلەتكەن ھالەتتە سىرتقا چىقىش ئۇ ئايال كىشىنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ پىتنىگە دۇچار قىلىدۇ. الله تائالادىن سالامەتچىلىك سورايمىز. ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئايالى، قىزى ۋە باشقا ئاچا ـ سىڭىللىرى ئۈچۈن بۇنداق ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى ھەرگىز دۇرۇس ئەمەس. ئەكسىچە، مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى ئاياللارنىڭ شەرئەت كۆرسەتمىلىرىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، نازارەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، قورساق شەھۋىتىدىن ئىپپەتلىك بولۇش. بۇ باشقىلارنىڭ قولىدىكى نەرسىدىن ئىپپەتلىك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَحْسَبُهُمُ الْجَاهِلُ أَغْنِيَاءَ مِنَ التَّعَفُّفِ﴾ «ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ»[1]. ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان بۇ كىشىلەر باشقىلاردىن بىرنەرسە سوراشتىن ئىپپەتلىك بولغان كىشىلەردۇر.

باشقىلاردىن بىرنەرسە سوراشتا سورىغۇچىنىڭ قولى ئاستىدا، بەرگۈچىنىڭ

[1] سۈرە بەقەرە 273 ـ ئايەت.

قولى ئۈستىدە بولغاچقا، بۇ تەبىئىيلا سورىغۇچى ئۈچۈن خارلىقنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىپپەتلىك كىشى ھېچبىر ئادەمدىن بىرنەرسە سورىمايدۇ. باشقىلاردىن ئۆزرىسىز بىرنەرسە تىلەش دۇرۇس ئەمەس. ئەمما، شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىپ شارائىت شۇنىڭغا قىستىسا، كۆپايىلەنگۈدەك بىرنەرسە سوراش دۇرۇستۇر. باشقىلاردىن زۆرۈرىيەتسىز بىرنەرسە سوراشنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ﷺ دىن بەزى تەھدىت مەزمۇنىدىكى ھەدىسلەر بايان قىلىنغان. ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ «ھاجەتسىز بىرنەرسە سورىغان كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى يۈزىدە گۆش يوق ھالەتتە كېلىدىغانلىقىنى» خەۋەر قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلەر پەيغەمبەر ﷺ گە كىشىلەردىن ھېچنەرسە سورىماسلىققا بەيئەت قىلغان بولۇپ، ھەتتا بەزى ساھابىلەر قامچىسى مىنگەن ئۇلىغىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كەتسىمۇ، ئۇلىغىدىن چۈشۈپ قامچىنى ئۆزى ئالاتتى. الله تائالا بىھاجەتلىك ۋە ئىپپەت بىلەن شەرەپلەندۈرگەن كىشى باشقىلاردىن بىرنەرسە سوراشنى شەرەپلىك ئىش دەپ قارىمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ مەخلۇق ئالدىدا خار بولۇش ئېكەنلىكىنى بىلىدۇ. سىز قانداقمۇ مەخلۇققا قولىڭىزنى سوزۇپ ئۆزىڭىزگە ئوخشاش بىر كىشىگە خارلىقىڭىزنى ئىزھار قىلىسىز؟ پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا سألت فاسأل الله، وإذا استعنت فاستعن بالله» «ئەگەر بىرنەرسە سورىماقچى بولساڭ الله تىن سورىغىن. ئەگەر ياردەم تەلەپ قىلماقچى بولساڭ الله تىن ياردەم تەلەپ قىلغىن».[①]

ئەمما، ئەبۇ سۇفيانىنىڭ «والصلة» «سىلە-رەھىمنى ئۇلاش»قا بۇيرۇيدۇ دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ سۆز الله تائالا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇغان بىر ئائىلە كىشىلىرى ۋە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلارنى كۆرسىتىدۇ. سىلە-رەھىمنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئاتا-ئانىغا قىلىنىدىغان سىلە-رەھىم بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىق

---

[①] تىرمىزى توپلىغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دەرىجىسىمۇ ئۆرۈق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىغا قاراپ ئۆلچىنىدۇ. بىر تۇغقان قېرىنداشلارغا قىلىنىدىغان سىلە ـ رەھىم تاغا ياكى هاممىغا قارىغاندا بەكرەك مۇھىم بولىدۇ، دادا تەرەپتىكى ئۆرۈق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش ئانا تەرەپتىكى تۇغقانلارغا قارىغاندا بەكرەك تەكىتلىنىدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىستە ئۆرۈق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇق ئومۇم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى تەتبىقلاشتا ئۆرپ ـ ئادەتكە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. بۇ قائىدىگە ئاساسەن، سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ شەكلى ۋە ماھىيىتى ئۆرپ ـ ئادەتكە ئاساسەن ئۆلچىنىدۇ. مەلۇم يۇرتتا سىلە ـ رەھىم قىلىش دەپ قارىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى شەرىئەتتە بۇيرۇلىدىغان ئىشلارنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ مەزمۇنىمۇ شەخس، ھالەت، ماكان ۋە ۋاقىتلارنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ.

مەسىلەن، سىزنىڭ مەلۇم بىر تۇغقىنىڭىز تېنى ساغلام ۋە باي كىشى بولۇپ، سىز ئۇنىڭ بىرەر نەرسىگە موھتاج ئەمەسلىكىنى بىلسىڭىز، سىز بىر ئاي ياكى بىر يېرىم ئاي ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىشىڭىز بىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىمىزدە سىلە ـ رەھىم قىلىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، الله قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، ھاجەتمەنلەر يوق دېيەرلىك. لېكىن ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ئۇكا ۋە تاغا ـ ھاممىغا ئوخشىغان يېقىن تۇغقانلار كۆپرەك غەمخورلۇق قىلىشقا موھتاج بولىدۇ. ئەگەر ئۇلاردا پېقىرلىق ياكى ئاغرىق ـ سىلاق كۆرۈلۈپ قالسا، تېخىمۇ كۆپرەك سىلە ـ رەھىم قىلىشىمىز مۇھىم. قىسقىسى، سىلە ـ رەھىمنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ھالەتنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، قۇرئاندا كەلگەن سىلە ـ رەھىم قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇقلار

ئۆرپ ـ ئادەتكە قايتۇرۇلىدۇ. بۇ شەخس، ۋاقىت ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشىگە بېقىپ ئۆزگىرىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتتە سىلە ـ رەھىم قىلىش ياكى سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈش دەپ تونۇلىدىغان ئىشلار شەرىئەتتىمۇ ئەينەن شۇنداق قارىلىدۇ. ھەقىقەتەن، دىنىمىزدا سىلە ـ رەھىم قىلىش كۆپ تەكىتلەنگەن پەزىلەتتى كاتتا ئەمەل بولۇش بىلەن بىرگە، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈش قەبىھ ئەمەل سانىلىپ كەلگەن ۋە بۇنىڭدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان.

### 57 ـ ھەدىس

عن أبي ثابت، وقيل: أبي سعيد، وقيل: أبي الوليد، سهل ابن حُنَيْفٍ وَهُوَ بدريٌّ رضي اللَّه عنه: أنَّ النَّبيّ - صلى اللَّه عليه وسلم - قَالَ: «مَنْ سَأَلَ اللَّه تَعَالَى الشَّهَادَةَ بِصِدْقٍ بَلَّغَهُ اللَّهُ مَنَازِلَ الشُّهَدَاءِ وَإِنْ مَاتَ عَلَى فِرَاشِهِ». رواه مسلم.

ئەبۇ سابىت (ئەبۇ سەئىدمۇ دېيىلگەن، ئەبۇ ۋەلىدمۇ دېيىلگەن، ئۇ بەدرگە قاتناشقان ساھابە ئىدى) سەھل ئىبنى ھۇنەيىف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله تائالادىن راستچىللىق بىلەن شەھىدلىكنى سورىسا، ناۋادا ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتسىمۇ، الله ئۇ كىشىنى شەھىدلەرنىڭ دەرىجىسىگە يەتكۈزىدۇ».[1]

### شەرھىسى

مۇئەللىپ رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى راستچىللىق ھەققىدىكى بابتا بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىسنىڭ بابقا مۇناسىۋەتلىك قىسمى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «من سأل الله تعالى الشهادة بصدق» «كىمكى الله تائالادىن راستچىللىق بىلەن شەھىدلىكنى سورىسا» دېگەن سۆزىدۇر. شەھىدلىك ماقامى سىددىقلار (راستچىللار) دىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئەڭ ئالىي ماقامدۇر. الله تائالا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَالرَّسُولَ فَأُولَئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ مِنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاءِ وَالصَّالِحِينَ﴾ «كىملەركى اللە قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) اللە نىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شەھىدلەر)، شەھىدلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ»[1]. شەھىدلىكنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

• ۋابا كېسىلىدە، قورساق ئاغرىقىدا، ئوتتا كۆيۈپ، سۇغا غەرق بولۇپ ۋاپات بولغان كىشىلەرمۇ شەھىدلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم» دا بۇ ھەقتە ھەدىسلەر بايان قىلىنغان.

• اللە يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەر شەھىدلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

• ماللىرى ۋە جانلىرىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرمۇ شەھىدلەردىن ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر كىشى مېلىمنى ئېلىۋالماقچى بولسا، قانداق قىلىمەن؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ «لا تعطه مالك» «مېلىڭنى ئۇنىڭغا بەرمىگىن» دېدى. ھېلىقى ئادەم: «ئەگەر ئۇ مەن بىلەن ئۇرۇشسىچۇ؟» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ «فقاتله» «سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقىن» دېدى. ئۇ ئادەم: «ئەگەر ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىچۇ؟» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «فأنت شهيد» «ئۇنداقتا سەن شەھىد» دېدى. ئۇ ئادەم: «ئەگەر مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەمچۇ؟» دېگەنىدى. پەيغەمبەر ﷺ «هو في النار» «ئۇنىڭ ئورنى دوزاختا بولىدۇ» دېدى.[2]

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «من قتل دون ماله فهو شهيد، ومن قتل دون دمه فهو شهيد، ومن قتل دون دينه فهو شهيد، ومن قتل دون أهله فهو شهيد» «كىمكى مېلىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر. كىمكى جېنىنى قوغداش يولىدا

[1] سۈرە نىسا 69 ـ ئايەت.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر. كىمكى دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر. كىمكى ئەھلىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە ئۇمۇ شەھىدتۇر».①

• باشقىلارنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىمۇ شەھىدلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. لېكىن شەھىدلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسى الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەردۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ۝ فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُوا بِهِمْ مِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ۝ يَسْتَبْشِرُونَ بِنِعْمَةٍ مِنَ اللَّهِ وَفَضْلٍ وَأَنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُؤْمِنِينَ۝**﴾ «الله نىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ) [169]. ئۇلار الله نىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شەھىد بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ [170]. ئۇلار الله تەرىپىدىن بېرىلگەن نېئمەت ۋە پەزلنى، مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى الله نىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ [171]»②.

ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلىدىغان شەھىدلەر نام قازىنىش، مال ـ دۇنياغا ئېرىشىش ۋە ياكى تەرەپبازلىق ئۇچۇن ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەر بولماستىن، بەلكى الله نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشىلەردۇر. پەيغەمبەر ﷺ دىن: «باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىش، گۇرۇھۋازلىق قىلىش ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۇچۇن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ ئىچىدە

① ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.
② سۇرە ئال ئىمران 169 ـ ئايەتتىن 171 ـ ئايەتكىچە.

قايسىسى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟» دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ «من قاتل لتكون كلمة اللَّه هي العليا فهو في سبيل اللَّه» «كىمكى الله نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ سۆزى شەھىدلىكنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى بولۇپ، ئەمەللەر بۇ ئۆلچەم ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. كىمكى بۇ ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلسە، ئەنە شۇ كىشى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلسە شەھىد بولىدۇ. هايات قېلىپ غەنىيمەتكە ئېرىشسە، دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا بەختلىك كىشى هېسابلىنىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ هَلْ تَرَبَّصُونَ بِنَا إِلَّا إِحْدَى الْحُسْنَيَيْنِ﴾ «ئېيتقىنكى، <سىلەر پەقەت بىزنىڭ (غەلىبە قىلىش ياكى شەھىد بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى خىل ياخشى ئاقىۋەتنىڭ بىرىگە ئېرىشىشىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر>»[2] بۇ يەردە مۇئمىنلەرنىڭ شاھادەت ياكى غەلىبە ـ نۇسرەتتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. ئايەتنىڭ ئاخىرىدا بولسا: ﴿وَنَحْنُ نَتَرَبَّصُ بِكُمْ أَنْ يُصِيبَكُمُ اللَّهُ بِعَذَابٍ مِنْ عِنْدِهِ أَوْ بِأَيْدِينَا﴾ «بىزمۇ الله نىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرۈشىنى ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى كۈتۈۋاتىمىز»[3] دېيىش ئارقىلىق، الله تائالانىڭ كاپىرلارنى دۇنيادا مۇئمىنلەرنىڭ قولى ئارقىلىق ۋە ئاخىرەتتە الله تائالانىڭ دەرگاھىدا تەييارلانغان ئازابلار ئارقىلىق جازالايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرى شۇكى، الله تائالا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مەدىنە ئەتراپىغا توپلاشقان كاپىرلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىغا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] سۈرە تەۋبە 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەۋبە 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىدىن بىرى بولغان كىچىك شامالنى ئەۋەتتى ۋە قەلبلىرىگە قورقۇنچ تاشلاش ئارقىلىق كاپىرلارنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلدى. ﴿أَوْ بِأَيْدِينَا﴾ (ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى كۈتۈۋاتىمىز) بۇنىڭغا ئوخشاش ئىش بەدر غازىتىدىمۇ يۈز بەرگەن بولۇپ، ھەقىقەتەن، الله تائالا مۇشرىكلارنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ قوللىرى ئارقىلىق ئازابلىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، الله نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشى شەھىدتۇر.

ئەگەر بىر كىشى الله تائالادىن: «ئى الله ! مەن سېنىڭ يولۇڭدا شەھىد بولۇشنى سورايمەن» دەپ دۇئا قىلسا (شەھىدلىك دېگەن پەقەت الله نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش بىلەنلا بولىدۇ)، الله تائالا ئۇنىڭ بۇ سۆزىدە سەمىمىيەت ۋە راستچىللىق بارلىقىنى بىلسە، گەرچە ئۇ كۆرپىسى ئۈستىدە ۋاپات بولسىمۇ، الله تائالا ئۇنى شەھىدلىك مەرتىۋىسىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ.

«ئۆز يۇرتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان ھېسابلىنامدۇ؟» دېگەن سوئالغا شۇنداق جاۋاب بېرىمىزكى، ئەگەر يۇرتىنىڭ ئۆزى ئىسلام دىيارى بولۇپ، ئىسلام دىيارىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىنسا، ئۇ الله نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالىي بولۇشى مەقسەت قىلىنغان ئۇرۇشنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ ۋە الله يولىدا قىلىنغان ئۇرۇش دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەمما، پەقەت ۋەتىنىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۇرۇش قىلىنسا، بۇ الله يولىدا قىلىنغان ئۇرۇش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئۇرۇش پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «كىمكى الله نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ بەرگەن ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نىيەت الله يولىغا نىسبەت بېرىلمەيدۇ.

شۇڭلاشقا ئۇرۇش قىلىشتىكى مۇددىئاسى ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈنلا بولغان كىشىلەرنىڭ نىيىتىنى توغرىلاپ قويۇشىمىز كېرەك. توغرا نىيەت شۇكى، ئىسلام يۇرتى بولغانلىقى ۋە شۇ يۇرتتىكى ئىسلامنى ھىمايە قىلىش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىنلا ۋەتەننى قوغداپ ئۇرۇش قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ يولدا ئۆلتۈرۈلسە، شەھىدلىك شەرىپىگە نائىل بولىدۇ، غەلىبە قازانسا ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ياشايدۇ. ئومۇمەن، ھەر ئىككى نەتىجە مۇئمىن ئۈچۈن خەيرلىك بولىدۇ. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 58 ـ ھەدىس

عن أبي هريرةَ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «غَزَا نبيٌّ مِنَ الأنْبِياءِ - صَلَوَاتُ اللَّه وَسَلاَمُهُ عَلَيْهِمْ - فَقَالَ لِقَومِه: لا يَتْبَعَنِّي رَجُلٌ مَلَكَ بُضْعَ امْرَأةٍ وَهُوَ يُرِيدُ أَنْ يَبْنِي بِهَا وَلَمَّا يَبْنِ بِهَا، وَلا أحَدٌ بَنَى بُيُوتًا لَمْ يَرْفَعْ سُقُوفَهَا، وَلا أحَدٌ اشْتَرَى غَنَمًا أَوْ خَلِفَاتٍ وَهُوَ يَنْتَظِرُ أَوْلادَها. فَغَزا فَدَنَا مِنَ القَرْيَةِ صَلاةَ العَصْرِ أَوْ قَرِيبًا مِنْ ذلِكَ، فَقَالَ لِلشَّمْسِ: إنَّكِ مَأمُورَةٌ وَأنَا مَأمُورٌ، اللَّهُمَّ احْبِسْهَا عَلَيْنَا، فَحُبِسَتْ حَتَّى فَتَحَ اللَّه عَلَيهِ، فَجَمَعَ الغَنَائِمَ فَجَاءتْ - يعني النَّارَ-لِتَأكُلَهَا فَلَمْ تَطعَمْها، فَقَالَ: إنَّ فِيكُمْ غُلُولاً، فَلْيُبَايِعْنِي مِنْ كُلِّ قَبِيلَةٍ رَجُلٌ، فَلَزِقَتْ يَدَ رَجُلٍ بِيَدِهِ فَقَالَ: فِيكُمُ الغُلُولُ فَلتُبَايِعْنِي قَبِيلَتَكَ، فَلَزقَت يَدُ رَجُلَين أو ثَلاَثَة بيده، فقال: فيكم الغُلُول، فَجَاؤُوا بِرَأْسٍ مثلِ رَأسِ بَقَرةٍ مِنَ الذَّهَبِ، فَوَضَعَهَا فَجَاءَت النَّارُ فَأكَلَتْها. فَلَمْ تَحلَّ الغَنَائِمُ لأحَدٍ قَبْلَنَا، ثُمَّ أحَلَّ اللَّهُ لَنَا الغَنَائِمَ لَمَّا رَأَى ضَعْفَنا وَعَجْزَنَا فَأَحَلَّهَا لَنَا». مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەرلەردىن بىرى (ئۇلارغا الله نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن!) بىر غازاتقا چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەۋمىگە: ‹يېڭىدىن توي قىلىپ ئايالى بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇشنى خالاپ تۇرغان تېخى بىرگە بولمىغان كىشى، ئۆي سېلىپ ئۆينىڭ ئۈستىنى يېپىپ بولالمىغان كىشى ۋە بوغاز قوي ياكى تۆگە سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ تۇغۇشىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان كىشى ماڭا

ئەگىشىپ (غازاتقا) چىقمىسۇن› دېدى. ئاندىن ئۇ غازاتقا يۈرۈش قىلدى. ناماز ئەسىر ۋاقتىدا ياكى ئۇنىڭغا ئاز قالغاندا بىر شەھەرگە يېقىنلاشتى. ئۇ قۇياشقا: ‹سەنمۇ بۇيرۇق بىلەن ماڭىسەن، مەنمۇ بۇيرۇق بىلەن ماڭىمەن، ئى اللە! قۇياشنى بىزگە توختىتىپ بەرگىن!› دەپ دۇئا قىلدى. نەتىجىدە، اللە ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلغانغا قەدەر قۇياش توختىتىپ قويۇلدى.

پەيغەمبەر غەنىيمەتلەرنى يىغدى. يىغىلغان غەنىيمەتلەرنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن ئوت كەلدى، لېكىن ئوت ئۇنى كۆيدۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر: ‹ئىچىڭلاردا خىيانەتچى بار ئىكەن، ماڭا ھەربىر قەبىلىدىن بىر كىشى قولىنى بەرسۇن› دېدى. شۇنداق قىلىپ بىر كىشىنىڭ قولى ئۇنىڭ قولىغا چاپلىشىپ قالدى. پەيغەمبەر: ‹سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا خىيانەتچى بار ئىكەن. سېنىڭ قەبىلەڭدىكىلەر قولىنى ماڭا بەرسۇن› دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ قەبىلىسىدىن ئىككى ياكى ئۈچ كىشىنىڭ قولى پەيغەمبەرنىڭ قولىغا چاپلىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ‹سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا خىيانەتچى بار ئىكەن› دېدى. ئاندىن بۇ ئۈچ كىشى كالىنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان بىر ئالتۇن باشنى ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن ئوت كېلىپ ئۇنى كۆيدۈردى. غەنىيمەتلەر بىزدىن ئىلگىرى ھېچكىمگە ھالال ئەمەس ئىدى. اللە بىزگە غەنىيمەتلەرنى بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزنى ۋە كەمبەغەللىكىمىزنى كۆرۈپ ھالال قىلىپ بەردى».[1]

## شەرھىسى

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەدىستە ئىلگىرى ئۆتكەن بىر پەيغەمبەرنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگەن. ئۇ پەيغەمبەر جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلۇپ، بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. لېكىن ئۇ يېڭى توي قىلىپ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئايالى بىلەن بىرگە بولمىغان، ئۆي سېلىپ ئۆگزىسىنى ياپمىغان، بوغاز قوي ياكى تۆگە سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ تۇغۇشىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بىلەن بىرگە چىقىشتىن چەكلىدى. چۈنكى بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىگە مۇھىم بولغان ئىشلارنىڭ ۋەسۋەسىسىدە قالىدۇ. مەسىلەن، يېڭى ئۆيلەنگەن ئادەم بىرگە بولمىغان ئايالىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئىشتىياقىدا قالىدۇ. ئۆي سېلىپ ئۆگزىسىنى ياپمىغان كىشىمۇ شۇنداق بولۇپ، ئۇمۇ بالا-چاقىلىرىنى ئۆيگە خاتىرجەم يەرلەشتۈرۈۋېلىش ئىستىكىدە دېلىغۇل بولۇپ قالىدۇ. بوغاز تۆگە ۋە قوي سېتىۋالغان كىشىمۇ شۇنداق. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەت ئىنسان جىھاد قىلماقچى بولسا، قەلبىدىكى دۇنيا غەملىرىنى چىقىرىۋېتىپ نىيەتلىرىنى ساپلاشتۇرۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا فَرَغْتَ فَانْصَبْ﴾ «(ئى مۇھەممەد! دەۋەتتىن) بوشىغان چېغىڭدا (اللّٰه قا) ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن»[1]. بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان مەنە ئىنسان دۇنيا غەملىرىدىن بىرئاز بوشانغۇدەك بولغاندا اللّٰه قا ئىبادەت قىلىشى كېرەكتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا صلاة بحضرة الطعام، ولا هو يدافعه الأخبثان» «تاماق تەييار بولغاندا ۋە چوڭ-كىچىك تەرەت قىستىغاندا ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ». [2] بۇ شۇنىڭغا دەلىل بولىدۇكى، ئىنسان ئىبادەت قىلىشتىن ئاۋۋال قەلب ۋە بەدەن ئەزالىرىنى ئىبادەتتىن چالغىتىپ قويىدىغان نەرسىلەردىن خالاس بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئىبادەتلەرنى خۇشۇ ۋە قەلب ئازادىلىكى بىلەن ئادا قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇ پەيغەمبەر قوشۇننى باشلاپ ئەسىر نامىزىدىن كېيىن دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىدىغان جايغا يېتىپ كەلدى. ئەگەر بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جەڭ

---

[1] سۈرە ئىنشىراھ 7- ئايەت.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

باشلىنىدىغان بولسا تېزلا كەچ كىرىپ قالاتتى ـ دە، كېچىدە جەڭ قىلىش مۇشكۇل بولاتتى. پەيغەمبەر قۇياشقا: «سەنمۇ بۇيرۇق بىلەن ماڭىسەن، مەنمۇ بۇيرۇق بىلەن ماڭىمەن» دەپ خىتاب قىلدى. لېكىن قۇياشنىڭ ھەرىكىتى الله تائالا بېكىتكەن تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە بولىدۇ. ئەمما، پەيغەمبەرنىڭ ئىشى شەرئىي بۇيرۇق بولۇپ، الله تائالا ئۇنى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان. شۇنىڭدەك، قۇياشمۇ ئۆزى بۇيرۇلغاندەك ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالشَّمْسُ تَجْرِي لِمُسْتَقَرٍّ لَهَا ذَلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ﴾ «كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر»[①]. قۇياش يارىتىلغاندىن بۇيان، ئۇنىڭ ھەرىكىتى تېز ياكى ئاستا بولۇپ كەتمەستىن الله تائالا بېكىتىپ قويغان قانۇنىيەت بويىچە مېڭىۋاتىدۇ.

ئۇ پەيغەمبەر: «اللهم احبسها علينا» <ئى الله ! قۇياشنى بىزگە توختىتىپ بەرگىن!> دېۋىدى، الله تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ قۇياشنى توختىتىپ بەردى. قۇياش تاكى ئۇلار غەلىبە قازانغانغا قەدەر شۇ پېتى تۇرۇپ بەردى. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلىپ كۆپلىگەن غەنىيمەتلەرنى قولغا چۈشۈردى. لېكىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە غەنىيمەت ھارام قىلىنغان بولۇپ، الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۈممىتىگە مەرھەمەت قىلىپ غەنىيمەتلەرنى ھالال قىلىپ بەرگەن. بۇ بىزنىڭ باشقا ئۈممەتلەردىن پەرقلىنىدىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىمىزنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ (الله قا ھەمدىلەر بولسۇن).

ئەمما، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئېرىشكەن غەنىيمەتلەرنى بىر ئورۇنغا توپلايتتى ۋە ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ ئۇنى كۆيدۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار غەنىيمەتلەرنى بىر يەرگە توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئوت ئۇنى كۆيدۈرمىدى.

① سۈرە ياسىن 38 ـ ئايەت.

بۇ پەيغەمبەر: «ئىچىڭلاردا خىيانەت بار ئىكەن» دېدى ۋە شۇنىڭ بىلەن ھەربىر قەبىلە ۋەكىلىدىن خىيانەت قىلمىغانلىقى ھەققىدە قولىنى تۇتۇپ ۋەدە بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار ئېيتىلغان بويىچە بۇ پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلمىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىۋاتقاندا ئۇلار ئىچىدىن بىر ئادەمنىڭ قولى پەيغەمبەرنىڭ قولىغا چاپلىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر: «بۇ قەبىلىنىڭ ئىچىدە خىيانەت بار ئىكەن» دېدى ۋە بۇ قەبىلىدىكى ھەربىر ئادەمدىن ئايرىم-ئايرىم ۋەدە ئالدى. ئۇلار ئىچىدىن ئىككى-ئۈچ ئادەمنىڭ قولى پەيغەمبەرنىڭ قولىغا چاپلىشىپ قالدى. بۇ پەيغەمبەر: «سىلەردە خىيانەت باركەن» دېگەندى، ئۇلار خىيانەت قىلغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ كەلدى.

ھەدىستىكى «الغلول» دېگەن سۆز غەنىيمەتتىن بىرەر نەرسىنى يوشۇرۇپ قويۇپ ئوغرىلاشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇلار يوشۇرۇپ قويغان كالىنىڭ بېشىچىلىك ئالتۇننى ئېلىپ كېلىپ غەنىيمەتلەر قاتارىغا قوشقاندىن كېيىن ئاسماندىن ئوت كېلىپ غەنىيمەتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. مانا بۇ الله تائالانىڭ مۆجىزىسىدۇر.

## ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

**جىھاد مۇشۇ ئۈممەتكىلا پەرز قىلىنغان ئىبادەت بولماستىن، بەلكى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئىچىدىمۇ يولغا قويۇلغان ئىبادەت ئىدى.** بۇنىڭغا الله تائالانىڭ: ﴿**وَكَأَيِّنْ مِنْ نَبِيٍّ قَاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُوا لِمَا أَصَابَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَمَا ضَعُفُوا وَمَا اسْتَكَانُوا**﴾ «نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۆي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار الله يولىدا يەتكەن كۆلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى»[1] دېگەن سۆزى ۋە سۈرە بەقەرەدىكى تالۇت ۋە داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ

[1] سۈرە ئال ئىمران 146- ئايەت.

جالۇت بىلەن بولغان قىسسىسىمۇ بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

**بۇ ھەدىستە اللہ نىڭ پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى ئىكەنلىكى، پەيغەمبەرنى كۈچلەندۈرۈش ياكى ئۇنىڭغا كېلىدىغان خەتەرلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئىسلامنىڭ كاتتا مەنپەئەتى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان قانۇنىيەتلەرنى ئۆزگەرتىشكىمۇ قادىر ئىكەنلىكى بىلىندۇ.** مۇھىمى، اللہ تائالا پەيغەمبەرلەرگە نۇسرەت بېرىشنى ئىرادە قىلسا كائىنات قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتىش بىلەنمۇ دۈشمەنلىرىگە قارشى ياردەم بېرىدۇ. قۇياش ئادەتتە اللہ تائالا ئۇنىڭغا بېكىتكەن تەبىئىي ئۆلچەم بويىچە كەم ياكى ئارتۇق بولماستىن داۋاملىق ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمما، اللہ تائالا پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن قۇياشنى توختاشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسىر بىلەن شام نامىزىنىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىت ئۇزاردى. نەتىجىدە، اللہ تائالا ئۇ پەيغەمبەرنىڭ قولى ئارقىلىق شۇ زېمىننى فەتھ قىلدى.

بۇ ھەدىستە «پلانېتلاردا ئۆزگىرىش بولمايدۇ» دەپ قارايدىغان ماددىزىمچىلارغا رەددىيە بار. ئەجەبا، ئاسمان ـ زېمىننى كىم ياراتتى؟ ئۇنى ياراتقان زات ئۇنى ئۆزگەرتەلمەسمۇ؟! ئۇلار ياراتقۇچىسىنى ئىنكار قىلىدىغان دىنسىزلار بولۇپ، كائىناتتىكى نەرسىلەرنى تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىدۇ، ھېچبىر تاشقى كۈچ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ (اللہ ساقلىسۇن). ھەقىقەتەنمۇ قۇرئان ۋە سۈننەتتە كائىناتتىكى جىسىملارنىڭ اللہ نىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزگىرىدىغانلىقى ھەققىدە دەلىللەر كەلگەن.

بۇ پەيغەمبەر قۇياشنىڭ توختاپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىپ اللہ قا دۇئا قىلغاندا، اللہ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ قۇياشنى توختىتىپ بەرگەن. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ﷺ دىن ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل بولىدىغان بىرەر مۆجىزە تەلەپ قىلغاندا اللہ تائالا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئاينى ئىككى پارچە قىلىپ بەرگەن

ئىدى. ئۇلار ئۆز كۆزلىرى بىلەن ئاينىڭ بىر پارچىسىنىڭ سەفا تېغى ئۈستىدە، يەنە بىرسىنىڭ مەرۋە تېغى ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اقْتَرَبَتِ السَّاعَةُ وَانْشَقَّ الْقَمَرُ۞ وَإِنْ يَرَوْا آيَةً يُعْرِضُوا وَيَقُولُوا سِحْرٌ مُسْتَمِرٌّ۞﴾ «قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى [1]. (قۇرەيش كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ <داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر> دېيىشىدۇ [2]»①.

ئۇلار: «مۇھەممەد بىزنى سېھىرلەپتۇ، ئاي يېرىلمىغان، بەلكى مۇھەممەد بىزنى سېھىرلەپ ئاي يېرىلغاندەك تۇيغۇغا ئەكەلدۈرۈپ قويۇپتۇ» دېيىشتى. چۈنكى (الله ساقلىسۇن) ئۇلار الله نىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغان كاپىرلار بولۇپ، ھەرگىزمۇ الله قا ئىمان ئېيتمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ حَقَّتْ عَلَيْهِمْ كَلِمَتُ رَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ۞ وَلَوْ جَاءَتْهُمْ كُلُّ آيَةٍ۞ حَتَّى يَرَوُا الْعَذَابَ الْأَلِيمَ۞﴾ «شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ [96]. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگۈچە (ئىمان ئېيتمايدۇ) [97]»②. الله تائالادىن تېنىمىزگە سالامەتچىلىك ۋە قەلبلىرىمىزگە ھىدايەت ۋە تەۋپىق سورايمىز.

قەلبلەر رەھمان تائالانىڭ بارماقلىرىدىن ئىككى بارماقنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، الله ئۇنى قانداق خالىسا شۇنداق ئۆرۈپ قويىدۇ. شۇڭا الله نىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغان كىشىلەرگە ھەرقانداق مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ مەڭگۈ ئىمان ئېيتمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۆجىزە كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلىپ، مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرمىگەن. الله تائالا ئۇلارنىڭ ھالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ يَرَوْا آيَةً يُعْرِضُوا وَيَقُولُوا سِحْرٌ مُسْتَمِرٌّ۞ وَكَذَّبُوا وَاتَّبَعُوا أَهْوَاءَهُمْ وَكُلُّ أَمْرٍ مُسْتَقِرٌّ۞﴾ «(قۇرەيش

① سۈرە قەمەر 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەت.
② سۈرە يۇنۇس 96 ـ ۋە 97 ـ ئايەت.

كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ (داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر) دېيىشىدۇ [2]. ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى) ئىنكار قىلدى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، (ياخشىلىقتىن يا يامانلىقتىن بولسۇن) ھەر ئىش (شۇ ئىشنىڭ ئەھلىنى جەننەتكە يا دوزاخقا) ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر [3]»[①].

**بۇ ھەدىستە الله تائالانىڭ ئۇممەتكە ئاتا قىلغان نېئمىتى بايان قىلىنغان.** الله تائالا بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە ھارام قىلىنغان غەنىيمەتلەرنى بىز ئۈچۈن ھالال قىلىپ بەرگەن. غەنىيمەتلەردە ئىسلام ئۇممىتى ئۈچۈن كۆپ ياخشىلىقلار يوشۇرۇنغان بولۇپ، غەنىيمەتلەر جىھاد ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇممىتى باشقا ئۇممەتلەردىن پەرقلىق ھالدا كاپىرلاردىن ئېلىنغان غەنىيمەتلەر ئارقىلىق كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. مانا بۇ ـــ الله تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان پەزلى ـ ئېھسانىنىڭ قاتارىدىندۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «أعطيت خمساً لم يعطهن أحد من الأنبياء قبلي وأحلت لي الغنائم ولم تحل لأحد قبلي» «مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن ھېچبىرىگە بېرىلمىگەن بەش خۇسۇسىيەت ماڭا بېرىلدى. (شۇنىڭ قاتارىدىن) غەنىيمەتلەر ماڭا ھالال قىلىندى. ئۇ مەندىن ئىلگىرىكى ھېچكىمگە ھالال قىلىنمىغان ئىدى»[②].

يۇقىرىقى ھەدىستە الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئاتا قىلغان بىر مۆجىزىسى سۆزلىنىدۇ. الله تائالا ھەر نەرسىگە قادىر زات بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبئىي قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتىپ غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغان كىشىلەرنىڭ قوللىرىنى پەيغەمبەرنىڭ قولىغا چاپلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر غەيبنى بىلمەيدىغان بولغاچقا، الله تائالا پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىپ خىيانەتكار كىشىنىڭ قولىنى چاپلاشتۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق، پەيغەمبەرگە خىيانەتچىنىڭ

---

① سۈرە قەمەر 2 ـ ۋە 3 ـ ئايەت.

② بۇخارى توپلىغان.

كىملىكىنى ئاشكارىلاپ بەرگەن.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرى قاتارىدىن ـــ پەيغەمبەرلەر غەيبنى بىلمەيدۇ.** لېكىن الله تائالا بىلدۈرگەن ئىشلارنى بىلەلەيدۇ. بۇنىڭغا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئىشلار دەلىلدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قَالَتْ مَنْ أَنْبَأَكَ هَذَا قَالَ نَبَّأَنِيَ الْعَلِيمُ الْخَبِيرُ**﴾ «ئۇ (يەنى ھەفسە): ‹بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟› دېدى، پەيغەمبەر: ‹ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار الله خەۋەر قىلدى› دېدى»[①]. دېمەك، پەيغەمبەرلەرمۇ الله تائالا بىلدۈرگەن ئىشلاردىن باشقىنى بىلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرى يوشۇرغان ئىشلارنىمۇ بىلمەيتتى. مەلۇم بىر كۈنى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە ئىدى. ئەمما، ئۇ جۇنۇب بولغانلىقى ئۈچۈن غۇسلى قىلىش مەقسىتىدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئارقىسىدا قېلىپ، غۇسلى قىلىپ بولۇپ قايتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! قەيەرگە كەتتىڭ؟» دەپ سورىغان. دېمەك، پەيغەمبەرلەر، ھەتتا پەرىشتىلەردىن تارتىپ دۇنيادىكى بارچە مەخلۇقاتلار غەيبنى بىلەلمەيدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**عَالِمُ الْغَيْبِ فَلَا يُظْهِرُ عَلَى غَيْبِهِ أَحَدًا۝ إِلَّا مَنِ ارْتَضَى مِنْ رَسُولٍ فَإِنَّهُ يَسْلُكُ مِنْ بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِ رَصَدًا۝**﴾ «الله غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ [26]. پەقەت الله ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا كۆزەتچى (پەرىشتە) سېلىپ قويىدۇ [27]»[②].

**بۇ ھەدىستە الله نىڭ قۇدرىتى ۋە روشەن ئالامەتلىرى بايان قىلىنغان.** توپلانغان غەنىيمەتلەرنى يوق قىلىۋېتىدىغان ئوت زېمىندىكى ھېچبىر ماددىي جىسىملاردىن ھاسىل بولماستىن، ئاسماندىن بىۋاسىتە چۈشۈپ غەنىيمەتلەرنى

---

[①] سۈرە تەھرىم 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[②] سۈرە جىن 26 ـ ۋە 27 ـ ئايەت.

يوقىتىۋېتىدۇ. بۇمۇ الله نىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۈز بەرگەن تەبىئەت قانۇنىيىتىدىن ھالقىغان روشەن مۆجىزىلەر ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

## 59 ـ ھەدىس

عن أبي خالد حَكيم بنِ حزامٍ - رضي اللَّه عنه - قَالَ: قَالَ رسولُ اللَّه - صلى اللَّه عليه وسلم: «البَيِّعَانِ بالخِيَار مَا لَمْ يَتَفرَّقَا، فَإنْ صَدَقا وَبيَّنَا بُورِكَ لَهُمَا في بيعِهمَا، وإنْ كَتَما وَكَذَبَا مُحِقَتْ بركَةُ بَيعِهما». مُتَّفَقٌ عَلَيهِ.

ئەبۇ خالىد ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سودا قىلغۇچى ئىككى تەرەپ ئايرىلىپ كەتمىسىلا، ئۇلارنىڭ سودىسى ئىختىيارلىق بىلەن بولىدۇ. ئەگەر ئىككى تەرەپ راست سۆزلىسە ۋە مالنىڭ ئەيىبىنى ئوچۇق بايان قىلسا، ئۇلارنىڭ سودىسىدا بەرىكەت بولىدۇ. ئەگەر يالغانچىلىق قىلسا ۋە مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرسا، سودىنىڭ بەرىكىتى يوق بولۇپ كېتىدۇ».[1]

## شەرھىسى

«البيعان» دېگەندە سودىگەر ۋە خېرىداردىن ئىبارەت ئىككى كىشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بۇ يەردە ئىككىسىنى جۈپلەپ بىرىنىڭ نامىدا ئاتاش ئۇسۇلى قوللىنىلغان (تەغلىب قىلىش ئۇسۇلى) بولۇپ، بۇ خۇددى قۇياش ۋە ئايغا «القمران» «ئىككى ئاي»، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرگە «العمران» «ئىككى ئۆمەر» دېگەنگە ئوخشاش ئىشتۇر. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «بالخيار» «ئىختىيارلىقى بار» دېگەن سۆزى «ئىككى تەرەپنىڭ ئىختىيارلىقى بار» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «ما لم يتفرقا» «ئىككى تەرەپ ئايرىلىپ كەتمىسىلا» دېگەن

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

سۆزى «ئۇ ئىككىسى سودا قىلغان ئورۇندىن ئايرىلىپ كەتمىگەن بولسا» دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ. سودىگەر ۋە خېرىدار سودا قىلغان ئورۇندىن ئايرىلىپ كەتمىگەن بولسا، سودا ئىختىيارلىق بىلەن بولىدۇ.

مەسىلەن، ماشىنا ساتقۇچى ماشىنىنى بىر خېرىدارغا ئون مىڭ دوللارغا ساتقان بولسا، ئۇ ئىككىسى سودا قىلغان ئورۇندىن ئايرىلىپ كەتمىگەن بولسىلا ساتقۇچى ياكى سېتىۋالغۇچىنىڭ سودىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىختىيارلىقى بولىدۇ. مانا بۇ الله تائالانىڭ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان نېئمىتى ۋە ئىسلام شەرىئىتىدىكى كەڭرىچىلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. چۈنكى ئادەم ئۇچۇن باشقىلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەر قىممەتلىك بىلىنىدىغان بولغاچقا، قانداق قىلىپ بولمىسۇن، باشقىلارنىڭ قولىدىكى شۇ نەرسىگە ئېرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمما شۇ نەرسىگە ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ نەرسىگە بولغان قىزىقىشىمۇ بەزىدە يوقىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ نەرسىنى سېتىۋالغان كىشى سېتىۋالغان نەرسىسىنى ئېلىش-ئالماسلىق ئۈستىدە سالماقلىق بىلەن چوڭقۇر ئويلىنىشى ئۇچۇن سودا ئىختىيارلىقى يولغا قويۇلغان. ئەگەر ئالغۇچى ۋە ساتقۇچى سودا قىلىشقان ئورۇندىن ئايرىلىپ كەتمىگەنلا بولسا، گەرچە ۋاقىت ئۇزىراپ كەتكەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «ما لم يتفرقا» «ئايرىلىپ كەتمىسىلا» دېگەن سۆزى بويىچە ئۇ ئىككى تەرەپتە ئىختىيارلىق بولىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە: «أو يخير أحدهما الآخر» «ياكى ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىگە ئىختىيارلىقنى بەرسە» دېيىلگەن. [1] يەنى، ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىگە سودىدىكى ئىختىيارلىقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا سودىدىكى ئىختىيارلىق

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يالغۇز بىر تەرەپنىڭلا ئىشى بولۇپ، ئىككىنچىسىنىڭ ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. ياكى بولمىسا ئىككىسى ئۆزئارا كېلىشىپ ئوتتۇردا ئىختىيارلىق يوق ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كېلىدۇ. ئىختىيارلىقنىڭ تۆت تۈرلۈك شەكلى بار:

بىرىنچى، ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن ئىختىيارلىق بولۇش. بۇ شەرت قوشۇلمىغان ئەركىن سودىنىڭ خاراكتېرى بولۇپ، بۇ خىل سودىدا سودىگەر ۋە خېرىدار ئۈچۈن، سودىنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى سودىنى بىكار قىلىش ئىختىيارلىقى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئۆزئارا كېلىشىش ئارقىلىق ئارىدىكى ئىختىيارلىقنى بىكار قىلىش. بۇ چاغدا پۈتۈشۈش بىلەنلا سودا تاماملىنىدۇ ۋە ھېچبىر كىشىنىڭ ئىختىيارلىقى بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، خېرىدارنىڭ ئىختىيارلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىختىيارلىقنىڭ ھەممىنى سودىگەرگە تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن سودا قىلىش. بۇ ۋاقىتتا قىلىنغان سودىدا خېرىدارنىڭ ئىختىيارلىقى يوقۇلۇپ، ئىختىيارلىق سودىگەرگىلا تەۋە بولىدۇ.

تۆتىنچى، سودىگەرنىڭ ئىختىيارلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىختىيارلىقنى پەقەت خېرىدارغا تاپشۇرۇش شەرتىگە ئاساسەن سودا قىلىش. بۇ چاغدا بارچە ئىختىيارلىق خېرىدارغا بېرىلىدىغان بولۇپ، سودىگەرنىڭ ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. ئەسلى قائىدە بويىچە، سودىگەر ۋە خېرىداردىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپتە ئىختىيارلىق ھوقۇقى بولىدۇ. ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بۇ ھەقتىن چۈشۈپ بېرىشكە كېلىشىشى شەرئەن يوللۇقتۇر. چۈنكى ھەق شۇ ئىككىسىنىڭ مەنپەئىتىگە تەئەللۇقتۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «والمسلمون على شروطهم، إلا شرطا حرم حلالا، أو أحل حراما» «مۇسۇلمانلارنىڭ شەرتلىرى ئىناۋەتلىكتۇر، ئەمما ھالالنى ھارام ياكى ھارامنى

ھالال قىلىدىغان شەرتلەر ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ». ①

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «ما لم يتفرقا» «ئايرىلىپ كەتمىسىلا» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ ھەدىستىكى مۇھىم شەرت شۇكى، ئالغۇچى ۋە ساتقۇچىنىڭ سودا قىلىشقان ئورۇندىن ئايرىلمىغان بولۇشىدۇر. ئەگەر ھەر ئىككىسى ئايرىلىپ كەتسە، سودىدىكى ئىختىيارلىق تامامەن بىكار بولۇپ سودا پۈتۈلگەن بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «فإن صدقا وبينا بورك لهما في بيعهما» «ئەگەر ئىككى تەرەپ راست سۆزلىسە ۋە مالنىڭ ئەيىبىنى ئوچۇق بايان قىلسا، ئۇلارنىڭ سودىسىدا بەرىكەت بولىدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ ھەدىس راستچىللىق ھەققىدىكى بابتا سۆزلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ جۈملە سۆز ھەدىسنىڭ بۇ بابقا مۇناسىۋەتلىك يېرىدۇر.

بۇ يەردىكى «فإن صدقا» «ئەگەر ئىككى تەرەپ راست سۆزلىسە» دېگەن سۆزدىن «مالنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى سۆزلەپ ئالغۇچىنى قىزىقتۇرسا» دېگەن مەنە مەقسەت قىلىنىدۇ. «وبينا» «مالنىڭ ئەيىبىنى ئوچۇق بايان قىلسا» دېگەن سۆزدىن «مالنىڭ يامان كۆرۈلىدىغان سۈپەتلىرىنى ئېيتىش» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم ماشىنىسىنى ئۇنىڭدا يوق سۈپەتلەر بىلەن داڭلاپ ئالغۇچىنى قىزىقتۇرىدىغان گەپلەرنى قىلغان بولسا، بۇ ئوچۇق يالغانچىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ماشىنىسىدىكى ئەيىبلەرنى ئېيتمىغان بولسا، بۇ ئادەم مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرغان بولىدۇ. بەرىكەت دېگەن راستچىللىق ۋە مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرماسلىقتا بولىدۇ. «راستچىللىق» ۋە «بايان قىلىش» نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، «راستچىللىق» دېگەن خېرىدارنى مالنىڭ ئۆزىدىكى بار سۈپەتلەر ئارقىلىق ئېلىشقا قىزىقتۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ. «بايان قىلىش» بولسا مالدىكى ئەيىب ـ نۇقسانلارنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىشنى

① تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئەيىبىنى يوشۇرۇش «بايان قىلىش» قا زىت بولسا، مالنى ئۇنىڭدا يوق سۈپەت بىلەن سۈپەتلەش «راستچىللىققا» قارشىدۇر.

يەنە بىر مىسال: بىر ئادەم قويىنى «بۇ قويدىن مۇنچىلىك سۈت چىقىدۇ» دەپ يوق سۈپەتنى قوشۇپ ساتقان بولسا، ئۇ يالغان ئېيتقان بولىدۇ. مانا بۇ راستچىللىقنىڭ قارشىسىدۇر. چۈنكى، ئۇ كىشى سېتىۋالغۇچىنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يوق سۈپەتلەرنى قوشقان. ئەمما، قويدىكى ئېنىق كۆرۈنمەيدىغان بىرەر كېسەللىك ياكى ئەيىبنى يوشۇرغان بولسا، بۇ ئادەم ھەقىقەتنى بايان قىلمىغان بولىدۇ. خېرىدارلارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن قويىدا يوق سۈپەتلەرنى قوشۇپ ماختاپ ساتقان بولسا، بۇ ئادەم يالغان ئېيتقان بولىدۇ.

ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، «بايان قىلىش» دېگەن مالدىكى ئەيىب ـ نۇقسانلار ئۈچۈن، «راستچىللىق» دېگەن مالنىڭ بار ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆزلەپ خېرىدارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن بولىدۇ. ئەگەر مالدا يوق بولغان سۈپەتلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق خېرىدارنى جەلپ قىلىش مەقسەت قىلىنسا، بۇ ئادەم يالغان ئېيتقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ مالدىكى ئەيىب ـ نۇقسانلارنى تىلغا ئالمىغان بولسا، بۇ ئادەم مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرغان بولىدۇ.

بەزى كىشىلەرنىڭ (الله تائالادىن سالامەتچىلىك سورايمىز) ياخشى مالنى ئۈستىگە، ناچار مالنى ئاستىغا قويۇپ قويۇشى كۆز بويامچىلىق ۋە سودىدا راستچىل بولمىغانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى، ئەيىبلىك خورمىنى ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپ ئېسىل خورمىلارنى ئەڭ ئۈستىگە قويۇپ باشقىلارنى جەلپ قىلىشتۇر.

بەزى كىشىلەر ماشىنا ساتقاندا ماشىنىدا ئەيىب بارلىقىنى ئېنىق بىلسىمۇ، لېكىن ئۇنى يوشۇرۇپ: «ماشىنىدا نۇقسان بارمۇ ـ يوق ئوبدان قاراپ ئېلىڭ» دەپ ماشىنىنى كۆرسىتىدۇ. تەبىئىيكى، خېرىدار ماشىنىدىكى ئەيىب ـ نۇقسانلارنى ئېنىق بىلسە، ھەرگىز سېتىۋالمايدۇ. كۆپىنچە سودىگەرلەر

كىشىلەرنى ئالداپ: «ماشىنىدا ھېچبىر ئەيىب بولمىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئالاھىدە سېتىش مەركەزلىرىدە ساتىمەن» دەيدۇ. ئەمما ماشىنىسىدىكى ئەيىب ـ نۇقسانلارنى ھەرگىزمۇ ئېيتمايدۇ. بۇنداق ئۇسلۇبتا تىجارەت قىلىش سالاچى ۋە ماشىنا ئىگىسىگە ئوخشاشلا ھارامدۇر. ئەكسىچە، خېرىدارغا ماشىنىدىكى ئەيىبلەرنى ئېنىق ئېيتىش كېرەك.

ئەمما، ساتقۇچى مېلىدىكى ئەيىبنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالسا ۋە ھەرقانداق ئەيىبتىن ئادا ـ جۇدا ئىكەنلىكىنى شەرت قىلسا بۇنداق ھالەتتە مال ئىگىسى ئۈچۈن ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ.